# تەڭرىتاغ

2005·2

• ئالۋۇن • يازغۇچىنىڭ ۋاقتى • قىش بىلەن يازنىڭ ئارىلىقىدا

• يۈرەك يۈرەكنى تونۇيدۇ • ماكومبىنىڭ كۆڭۈللۈك تۇرمۇشى



ISSN 1004-1745

国际标准刊号：ISSN1004-1745 国内统一刊号:CN65-1012/I 邮发代号:58-83 零售价:6.00




## شىنجاڭ خەلقئارا چوڭ بازىرى

خەلقئارا چوڭ بازار ئىسلام بىناكارلىقى ئۇسلۇبىدا سېلىنغان بولۇپ، ئىگىلىگەن يەر مەيدانى 40 مىڭ كۋادرات مېتىر. قۇرۇلۇش ئومۇمىي كۆلىمى 100 مىڭ كۋادرات مېتىر كېلىدۇ. بۇ بازاردا 80 مېتىر ئېگىزلىكتىكى مۇنار، بىر مەسچىت، 1000 كىشىلىك رېستوران، 3000 كۋادرات مېتىرلىق يېمەك - ئىچمەك بازىرى، 3000 كۋادرات مېتىرلىق دۇكان ئورنى، 500 مېتىرلىق پىيادىلەر ئارامگاھ كوچىسى، 50 ماشىنا سىغدۇرغان يەر يۈزى ماشىنا توختىتىش مەيدانى، 170 ماشىنا سىغدۇرغان يەر ئاستى ماشىنا توختىتىش مەيدانى، ئىككى سەيلە لىفتى، 55 مال سېتىۋېلىش لىفتى، 24 زامانىۋى تازىلىق ئۆيى، 18 كىرىش - چىقىش ئېغىزى بار.

ئادرېسى: ئۈرۈمچى شەھىرى جەنۇبىي ئازادلىق يولى 8 - نومۇر شىنجاڭ خەلقئارا چوڭ بازىرى

پوچتا نومۇرى: 830001 تېلېفون: 8558800، 8555519، 8555485، 8559900 _ 0991

تور ئادرېسى: www.gjdbz.com تور نامى: 国际大巴扎 新疆国际大巴扎




# تەڭرىتاغ

دەۋر روھى، يەرلىك خۇسۇسىيەت،
ياشلار ئالاھىدىلىكى، مىللىي ئۇسلۇب

# 2005.2

(ئومۇمىي 109 - سان)

ئۈرۈمچى شەھەرلىك ئەدەبىيات - سەنئەتچىلەر بىرلەشمىسى چىقاردى
«تەڭرىتاغ» ژۇرنىلى تەھرىر بۆلۈمى تۈزۈپ نەشر قىلدى



# تەڭرىتاغ

## مۇندەرىجە

### تۇرمۇش تەسۋىرلىرى

4 ئالۋۇن (پوۋېست) ........................ تۇرسۇنجان مۇھەممەت

### ئەدەبىيات ھەققىدە پاراڭلار

52 يازغۇچىنىڭ ۋاقتى ........................ ياسىنجان سادىق چوغلان

86 دۇردانىلەر ........................ ۋىلىيام گاردون

75 تاڭ دەۋرى نەزمىستانىدىن ئەقىل ـ پاراسەت دەستۇرىغىچە ........................ مۇسا ئەھەد

### شېئىرلار

33 لىرىكىلار ........................ مۇختەر بۇغرا

34 چىن دوستلۇق ........................ مەريەم ئەھەت

### «ئاقىول» ناملىقى مۇكاپاتلىق ئەسەرلەر

66 شېئىرلار ........................ ئاسىمجان ئوبۇلقاسىملار

### نەزەر

35 قىش بىلەن يازنىڭ ئارىلىقىدا ........................ ئابدۇقادىر جالالىدىن

نەشرىيات باشلىقى :
**ھەبىبۇللا مۇھەممەت**
باش مۇھەررىر :
**بولات ھېۋزۇللا**

مەسئۇل مۇھەررىر : **ئەركىن نۇر**
بۇ سانىنىڭ مۇھەررىرلىرى: **ئەكبەر سالىھ، ئىمىرھەسەن مەخمۇت**
مەسئۇل كوررېكتور : **خەلچەم ئابلىمىت**
ئىشخانا خادىمى : **سەنەۋەر ئۆمەر**
مەسئۇل تارقاتقۇچى : **ئىمىرھەسەن مەخمۇت**

主管:乌鲁木齐市文联　　主办:《天尔塔格》杂志社

## ئەدىبلەر مەخسۇس سەھىپىسى


57 شېئىرلار ............ چىمەنگۈل ئاۋۇت
59 يۈرەك يۈرەكنى تونۇيدۇ ............ ئايىسمە ئىدرىس
63 تۈيغۇ دۇنياسىغا سىغدالىغان «تاش ياپراق» ............ ئايىسمە ئىدرىس


## مائارىپ ۋە تەرەققىيات


70 مائارىپ ھەققىدە پاراڭلار ............ ئوسمانجان زۇنۇن


## مەشھۇر شەخس ۋە مەشھۇر ئەسەر


89 فىرانسىس ماكومبىنىڭ قىسقىغىنە كۆڭۈللۈك تۇرمۇشى ............ ئېرنىست ھېمىڭۋاي


## جۇڭگو ئەدەبىياتىدىكى نامايەندىلەر


83 تاڭ دەۋرى شېئىرلىرى ............ ياسىن ھاۋازى


## ئاپتور، ئوقۇرمەن، مۇھەررىر


112 «ئاقىيول» مۇكاپاتىغا ئېرىشكەن ئەسەرلەر ............


مۇقاۋا1 ـ بەتتە: سىردىشىش    ئۆتكۈر نىجات فوتۇسى
قىستۇرما رەسىملەرنى ئەنۋەر ئابدۇرىشىت سىزغان


ئادرېس : ئۈرۈمچى شەھىرى شەرقىي شىخۇڭ يولى 52 ـ نومۇر
地址: 乌鲁木齐市西虹东路 52 号
تور ئادرېسى : http:// www. tangritagh. net E - mail: editor@ tangritagh. net
تېلېفون : 4658897 ، 4696807 ـ 0991    پوچتا نومۇرى : 830063
ئۈرۈمچى لۇكىيىدا باسما مۇلازىمىتى چەكلىك شىركىتىدە بېسىلدى
جۇڭگو خەلقئارا نەشرىيات سودا باش شىركىتى چەت ئەللەرگە تارقىتىدۇ (782 ـ خەت ساندۇقى)
خەلقئارادا بىرلىككە كەلگەن نومۇرى : ISSN1004- I745
مەملىكەت بويىچە بىرلىككە كەلگەن نومۇرى : CN65- 10012/ I
پوچتا ۋاكالەت نومۇرى : 83 ـ 58    پارچە سېتىلىشى : 6.00 يۈەن



# ئالۋۇن

(پوۋېست)

تۇرسۇنجان مۇھەممەت

1

ئەڭ ئاخىرقى مېھمان ئۇزاپ بولغاندا كېچە تەڭدىن ئاشقانىدى . داۋۇت مەيچى ئاسمانغا قاراپ ، كۆكسىنى تولدۇرۇپ ئېغىر نەپەس ئالدى . ئۇنىڭ ھاراق ، تاماكا ۋە ئاللىقانداق نەرسىلەرنىڭ ھىدى سىڭىپ كەتكەن ئىچكى ئەزالىرىدىن سېسىغان گۆشنىڭكىدەك بىر خىل قاڭسىق پۇراق ئېتىلىپ چىقتى . «گارت» قىلغان كېكىرىك بىلەن كۆكسى ـ قارنى بوشاپ ، ئۆزىنى يەڭگىل سەزدى . ئۇ يۇلتۇزلار جىمىرلىشىپ تۇرغان ئاسمان بېتىدىن نەزىرىنى ئۆيى تەرەپكە ئاغدۇرغىنىدا ، كۇندىكىدەك غەللە ساناش تەقەززاسى كۈچىيىپ ئۆزىنى قازناققا ئاتتى.

قازناقنىڭ بۇلۇڭىغا قويۇلغان كىچىككىنە تۆمۈر ساندۇق بەئەينى ئالائىدىنىنىڭ سېھىرلىك چىرىغىدەك ، ئۇنىڭغا چەكسىز ۋەدىلەرنى بېرىپ قۇچىقىنى ئېچىپ قاراپ تۇراتتى . ئاشۇ تۆمۈر ساندۇقتا ئۇنىڭ بۈگۈنكى ئۈمىد ـ ئارزۇلىرى سولىنىپ ياتاتتى . ئۇ ئاشۇ ئۈمىد ـ ئارزۇ ئۈچۈن بۈگۈن ھېرىپ چارچىدى ، تۇتقان ـ قويغىنىنى بىلمەي ، پۇتى پۇتىغا تەگمەي شاپاشلىدى ، مانا ئەڭ ئاخىرقى مېھمانمۇ ھازىر ئۇزىدى ، پېشكەل ئوغرىنىڭ قىلىقلىرى ئۇنىڭ جان ـ پېنىنى چىقارغان بولسىمۇ ، كېتەر چاغدا غەللىگە تاشلىغان بىرمۇنچە پۇل ئۇنىڭ ھەممە ھاردۇقلىرىنى ، رەنجىشلىرىنى بىراقلا يوققا چىقاردى.

داۋۇت مەيچى بىر بۇلۇڭغا تۈرتۈلۈپ كەتكەن ئورۇن ـ كۆرپىلەرنى يىغىشتۇرۇۋاتقان تاز چىراي خوتۇنىغا مۇنداقلا بىر قارىۋەتكەندىن كېيىن ، غەللە ساندۇقنى قۇچىقىغا ئالدى .

— كېچە بىر يەرگە بارغاندىمۇ ساندۇققا قاراپ باقمىسلا كۆزلىرىگە ئۇيقۇ كىرمەمدۇ؟ — دېدى ئايال نارازى بولغاندەك ئالىيىپ.

— كېچە بىر يەرگە بارغان بولسا كۆزۈڭگە كۆپچىمەمسەن؟ — داۋۇت مەيچى خوتۇنىغا گۆلەيدى .

— ئۇنداق دېگەنبىلەن ئادەمنىڭ كۆزى ئۇيقۇغا بارار ـ بارمايلا كاچكۇلغا سەكرىگەن ئىتتەك دۈگدەرەپ ئادەمنىڭ قوينىغا كىرسىلە ئويغىنىپ كېتىمەن، — ئايال نارازىلىق چىقىپ تۇرغان ئۇيقۇچان كۆزلىرىنى داۋۇت مەيچىگە تىكتى، — بىرلا ئويغىنىپ كەتسەم قايتا ئۇخلىيالمىقىم تەس.

— خوتۇن دېگەننىڭ پوقى دورا ئەمەس، — دېدى داۋۇت مەيچى خىر ـ خىر ھىجىيىپ، — ئاشۇنداق ھېرىپ ـ ئاچقاندا ، توڭۇپ ـ تەرلىگەندە قوينىغا كىرەرمىز دەپ ئالمىساق نېمە قىلىمىز سىلىنى قېرى كالىدەك بورداپ؟

دەل شۇ چاغدا قازناققا ئون يەتتە ـ ئون سەككىز ياشلار چامىسىدىكى بىر قىز كىرىپ كەلدى . ئۇنى كۆرۈپ ئايال باشقا گەپ ـ سۆز قىلماستىن ، بىر قۇچاق يوتقان ـ كۆرپىنى قولتۇقلىغىنىچە سىرتقا ماڭدى . قىزمۇ چىنە ـ قاچا ، قاپاق ـ تاۋاقلارنى جالاقلىتىپ ئېلىپ ماڭدى . ئۇنىڭ كۆزلىرىدىن بىر خىل خالىماسلىق ، نارازىلىق ئىپادىلىرى چىقىپ تۇراتتى .

داۋۇت مەيچى قازناقنىڭ ئىشكىنى ئىچىدىن دەم- لىدى ، ئاندىن «بىسمىللا» دېگىنىچە ساندۇقنىڭ ئاغ- زىنى ئاچتى . ساندۇقتا ھەقىقەتەن ئۇنىڭ پەرەز قىلغى- نىدەك خېلىلا پۇل بار ئىدى . قالايمىقان چېچىلىپ تۇرغان ھەررەڭ - سەررەڭ پۇللارنى قاماللىغاندا ، ئۇنىڭ كۆز جىيەكلىرىدىكى ئۇششاق قورۇقلار يەنىمۇ كۆپەيدى ، يىرىك ساقاللىرى دىر - دىر تىترىدى ، ئىسلاشقىنىدىن قارامتۇل كۆرۈنىدىغان چىرايىغا ئاشۇ بىر تۇتام پۇلدىن تارىغان ئاجايىپ بىر خۇشاللىقنىڭ يارقىن نۇرلىرى ۋىل- لىدە تېپىپ چىقتى . داۋۇت مەيچىنىڭ بۈگۈن ھەقىقە- تەن ئامىتى كەلگەنىدى.

ئۇ پۇللارنى ئاۋۋال چوڭلىرىدىن باشلاپ سايلاشقا باشلىدى ، ئاخىرىدا موچەن - سىنتلىرىغىچە بىلىنى باغلىدى . ئۇ خۇددى قانداقتۇر بىر ئىگىلىكنىڭ ماگنات- لىرىدەك ، قولىدىكى پۇللارنىڭ ھېسابىنى مەڭگۈ ئېلىپ بولالمايدىغاندەك بىر ھېسسىياتتا بارمىقىغا تۈكۈرۈپ ئولتۇرۇپ بىرمۇبىر ساناپ چىقتى . ھەممىسى 255 يۈەن ئالتە مو سەككىز پۇڭ ئىدى.

— قايسى تېجىمەلنىڭ ئىشكىنە بۇ؟ — داۋۇت مەيچى پارچە پۇللارنى سانىغاندا بىردىنلا كۆڭلى يېرىم بولدى . دېمىسىمۇ بۇ پۇللار كىمدۇ بىرىنىڭ يەنىلا ھې- سابىنى چالا قىلغىنىنى ، يېگەن - ئىچكىنىنىڭ پۇلىنى پۈتۈنلەي تاپشۇرمىغىنىنى بىلدۈرەتتى،— ھەي ، ئۆزىنى بىلمەيدىغان سىيىت نوچىدىن يەنە بىرسى تېپىلىپتۇ - دە، — داۋۇت مەيچى رەتلىنىپ بېلى باغلانغان پۇللارنى كەڭ ئاغلىق رەسمانى ئىشتاننىڭ ئىچىگە ئورنىتىۋالغان يانچۇققاسېلىپ،ئاغزىنى ئىلغوچ بىلەن ئېتىپ قويدى،— بۇيرۇتاردا يانچۇق بىلەن ھېسابلاشماي نوچىلىق قى- لىپ ، ھېساب - كىتاب قىلغاندا بەزگە تويمىغان ئاچ مۈشۈكتەك كۆزىنى پارقىرىتىپ تۇرۇپ تىل چاينايدىغان ، ھەتتا ئىشتانىنى سېلىپ ئادەمنىڭ ئالدىدا دوم يېتىشتىنمۇ يانمايدىغان بىنومۇسلار ھەجەپ كۆپىيىپ كەتتى مۇشۇ كۈندە . نېمە ئامال «نېسى بولمىغان تىجارەت يوق» دې- گىنى راست ئوخشىمامدۇ؟ — ئۇ تاماكا ئىسى ۋە بۇزۇلغان ئۈزۈم پۇراپ تۇرىدىغان قازناقتىن دالان ئۆيگە چىقتى . ئايال بەكلا چارچىغانلىقتىنمۇ ياكى شۇنداق ياتسىلا ئۇي- قۇسى تەييارمۇ ، ئەيتاۋۇر خارقىراپ ئۇيقۇغا كەتكەنىدى . داۋۇت مەيچى تامبىلىنى سېلىپ پۈرلەپ - تۈرمەكلەپ بېشىغا قويغاندىن كېيىن ، خوتۇنىنىڭ يوتقىنىنى قاي- رىدى - دە ، سوغۇردەك بىرلا دەۋرەپ كىرىپ كەتتى . ئا- يال ئۇيقۇلۇق ھالدا يىلاندەك تولغىنىپ گۇڭگۇرلىدى:

— بېشىنى يېگۇر داۋۇت تاز ، يەنە ئۇيقۇنى ھارام قىلىپ...

داۋۇت مەيچى مۇزدەك ئالقىنى بىلەن ئايالىنىڭ خالتىلىشىپ ، بېقىنىغا ساڭگىلاپ قالغان كۆكسىنى مۇجۇپ تۇتۇپ قويدى ، ئايال يىلان چاقىقاندەك تولغىنىپ يۇلقۇندى . شۇ ئەسنادا ئۇنىڭ جەينىكى داۋۇت مەيچىنىڭ نەق كۆزىگە كېلىپ تەگدى ، «پال» قىلىپلا چاچرىغان بىر پارچە ئوت ئۇنىڭ كۆز گۆھىرىنى كۆيدۈرۈپ ئۆتتى.

— نېمىگە چېچاڭشىيسەن قېرى چوشقا؟ — دا- ۋۇت مەيچى ئوت چىقىپ كەتكەن كۆزىنى تۇتقىنىچە ئايالىغا تىل سالدى،— پۈرلىشىپ قالغان بەز خالتاڭنى ساۋاپ بولار دەپ تۇتۇپ قويسام ، كۆكۈيۈن چاقىقان غو- نجىنىدەك سەكرەپ مۆڭسەنغۇ؟ مانا ئەمىسە،— ئۇ شۇنداق دەپلا ئايالىنىڭ ساغرىسىغا كۈچ بىلەن بىرنى تەپتى - دە ، ياستۇق ئاستىدىكى ئىشتانىنى قولتۇقلاپ يەنە قازناققا ماڭدى.

— مېنى تەپكەن پۇتلىرىڭ دوزاختا تۇتۇرۇق بولار خۇدايىم،— ئايالنىڭ بوغۇق ئاۋازدا قىلغان نىدالىرى ئۆي ئىچىدە ياڭراپ كەتتى،— ئادەمگە يا كېچىسى ئارامچى- لىق يوق ، يا كۈندۈزى ، مەن تويدۇم ، بۇنداق كۈندىن تويدۇم ، ھۇ ھاراقكەش ، تۈز يولدا كېتىۋېتىپ ماشىنى- نىڭ ئاستىغا كىرىپ كېتەرسەن ئىلاھىم ، ئىت ئۆلۈمىدە ئۆلەرسەن قېرى لەقۋا...

داۋۇت مەيچى ئاغرىغان كۆزىنى تۇتقىنىچە يوتقان - كۆرپىسى يىغىۋېتىلگەن قازناق سۇپىسىغا كېلىپ ، ئىشتانىنى بېشىغا قويۇپ قىيسىيىپ ياتتى . ئەمما ئۇنىڭ كۆزىدىكى دەھشەت ئاغرىق ئۇيقۇسىنى قاچۇرغانىدى . ئۇ يەنە ئىشتانىنى كىيىپ قازناقتىن سىرتقا ماڭدى . كەچكۈز كىرىپ قالغانىدى ، كېچىنىڭ كىشىگە ئارام بېرىدىغان سالقىن ھاۋاسىنىڭ ئورنىنى چىداپ بولماس ئاچچىق سوغۇق ئىگىلىگەنىدى . قاياقتىندۇر سوقۇپ تۇرغان ئىزغىرىن شامال داۋۇت مەيچىنىڭ بىر جەينەك زەربىسىدە مەستلىكىدىن يېشىلگەن ۋۇجۇدىنى تېنىنى شۈركەندۈرۈ- ۋەتتى . ئاسماندا بۈگۈن نېمىشقىدۇر يۇلتۇزلار كۆپىيىپ قالغانىدى . بىر تاغار سامانىنى چېچىۋەتكەندەك كۆرۈنى- دىغان يۇلتۇزلار توپىنىڭ سەل نېرىسىدا بەكمۇ يارقىن نۇرلىرى بىلەن چاقناپ تۇراتتى . باشقىچە پارقىراپ كەتكەن چولپان يۇلتۇز بۈگۈن ئەسلى ئورنىدىن تېخىمۇ پەسلەپ كەتكەندەك ، ئۇنىڭ باش ئۈستىدىلا ساڭگىلاپ تۇرغاندەك كۆرۈنەتتى . داۋۇت مەيچى قول سوزسىلا ئۇنى تۇتۇۋېلىپ قوينىغا سالىدىغاندەك بىر تۇيغۇدا چولپانغا

تىكىلدى . يۇلتۇز بىر قارىسا ئۇنىڭ بىچارە ھالىتىگە ئىچ ئاغرىتىۋاتقاندەك ، يەنە بىر قارىسا ئۇنىڭ ھالىدىن كۈلۈۋاتقاندەك جىمىرلاپ تۇراتتى.

دەل شۇ چاغدا ئۇنىڭ قوشنىسى كامىلجاننىڭ قوش قاناتلىق دەرۋازىسى غارقىراپ ئېچىلىپ ، ئىشىك ئارىلىقىدىن قىلىچنىڭ بىسىدەك يالتىراپ كېچە باغرىنى تىلىپ تۇرغان چىراغ يورۇقى ئېتىلىپ چىقتى . ئاشۇ يورۇقلۇقتا ئۈچ كىشىنىڭ چىرايى غىل ـ پال كۆرۈنۈپ قالدى . سېمىز بەستى قېلىن دۇراپ پەلتۇ ئىچىگە ئاران سىققان ، بېشىغا بايۋەچچىلەردەك قاما تۇماق كىيىۋالغان ، پارقىراپ تۇرغان مەڭزىدىن ۋە شامال سوققان قومۇش پۈپۈكىدەك ئىرغاڭلىشىدىن خۇش كەيپىلىكى بىلىنىپ تۇرغان بىر جاناب يېشى تېخى 18 لەردىن ئاشمىغان ، چىرايلىق بىر قىزنى قولتۇقلىۋالغانىدى . ئۇلارنى ئۇزىتىپ چىققان كامىلجانىڭمۇ خۇشاللىقتىن چىرايى پارقىراپ كەتكەنىدى.

— يەنە كېلىشەرلا با جوجاڭ، — دېدى كامىلجان سېمىز كىشىنىڭ پەلتۇسىنى ئوڭشىغاچ، — سىلىگە ئىشىكىمىز ھەر ۋاقىت ئوچۇق.

— مۇلازىمىتىڭلاردىن بەكلا رازى بولدۇم، — قاراڭغۇلۇقتىن كىشىنىڭ يۈرىكىگە بېرىپ تېگىدىغان غاراڭ ـ غۇرۇڭ ئاۋاز ئاڭلاندى، — بۇ يەرنىڭ مۇھىتى بولىدىكەن ، شۇنداق تېپتىنچ ، ئەتراپىڭدا كۆز ـ قۇلاقمۇ يوق . مەن ئەتە يەنە كېلىمەن ، پۇلدىن غەم قىلماي ئاشۇ خانىنى يەنىلا ماڭا ئېلىپ قويۇڭ.

— ئوبدان، — كامىلجاننىڭ ھاياجان ئارىلاش تىترەك ئاۋازى ئاڭلاندى، — سىلى دائىم كېلىپ تۇرسىلا مېنىڭ سوداممۇ روناق تاپىدۇ با جوجاڭ ، چۈنكى سىلە دېگەن ئالدى يوللۇق ئادەم ، تىجارەتتە يول بولمىسا بىزنىڭ تۈگەشكىنىمىز شۇ . ئەتىگىچە باللار ئۇ خانىنى يەنىمۇ سەرەمجانلاشتۇرۇپ ، كۆڭۈللىرىدىكىدەك جابدۇپ قويسۇن . خاتىرىلىرىنى جەم قىلىپ كېلىۋەرسىلە.

— خوش ئەمىسە، — ھېلىقى يوغان گەۋدە شۇنداق دەپلا مەستلىكتىنمۇ ياكى چارچاپ ، پۇت ـ قولىدا جان قالمىغانلىقتىنمۇ ، ئەيتاۋۇر لىڭشىپ ئاران تۇرغان قىزنى قولتۇقلىغىنىچە قاراڭغۇلۇق ئىچىگە كىرىپ كەتتى . كامىلجاننىڭ قوش قاناتلىق دەرۋازىسى يەنە سەت غاراسلاپ يېپىلدى . ئۇياقتىن كامىلجاننىڭ قانداقتۇر بىر كۈيگە ئىسقىرتقان ئاۋازى ئاڭلاندى.

— كاساپەتنىڭ سودىسى ياخشى بولغان ئوخشىمامدۇ؟ — داۋۇت مەيچى بۇ قوشنىسىنى ئوبدان بىلەتتى . كامىلجان بىرەر ئىشتىن كۆڭۈلدىكىدەك پايدا ئالالىسا مانا مۇشۇنداق ئىسقىرتىپ قوياتتى . ئۇ بارچە خۇشاللىقىنى ئاشۇ ئىسقىرتىشىدا ئىپادىلەيتتى.

داۋۇت مەيچى ئىشىكنى كۈچ بىلەن قاتتىق يېپىۋەتكەندىن كېيىن ، ھويلىنىڭ بىر بۇرجىكىدىكى ئۈجمە كۆتىكىنىڭ ئۈستىگە كېلىپ ئولتۇردى . ئۇنىڭ خىيالى چېچىلىپ ، مۇشۇ بىرنەچچە ئايدىن بېرى بولۇپ ئۆتكەن ئىشلار يەنە كۆز ئالدىدىن ئۆتۈشكە باشلىدى...

## 2

قاينۇق مەھەللىسى ناھىيە بازىرىنىڭ بۇرنىغىلا جايلاشقان قەدىمىي مەھەللە . شەھەردىن باشلانغان ئاسفالت يول مەھەللىنىڭ قاپ ئوتتۇرىسىدىن كېسىپ ئۆتىدۇ . بۇ يەردە ئولتۇرىدىغانلارمۇ ئاساسەن ناھىيە بازىرىنى تەشكىل قىلىدىغان سان ـ ساناقسىز ۋېنتىلار — باققال ، موزدۇز ، ساتىراش ، ۋاپۇرۇش ، ئاشپەز ، ناۋاي ، تۈنىكىچىلەردىن ئىبارەت . مۇشۇ كىچىككىنە ناھىيە بازىرىنى ئاۋاتلاشتۇرۇپ يۈرگەن بۇ كىشىلەر خۇددى ئۆلچەمسىز قويۇلۇپ يا تۈزۈك ئىشلىتىلمەي ، يا تاشلىۋېتىلمەي قالغان ۋېنتىلاردەك سۆرۈلۈپ يۈرۈپ مۇشۇ كۈنگىچە كەلگەنىدى . بۇ مەھەللىنىڭ يەرلىرىنى كەنت مەسئۇللىرى دۆلەت ئىشچى ـ خىزمەتچىلىرىنىڭ ئولتۇراق ئۆي سېلىشىغا سېتىپ بېرىپ ، يەردىن ئايرىلىپ قالغان دېھقانلار قىلارغا تۈزۈككىنە ئىش تاپالماي ، شەھەر كوچىلىرىدا لالما ئىتلاردەك لاغايلاپ يۈرۈشكە ئادەتلىنىپ قېلىشقانىدى . كېيىن نېمە بولغان ، بۇ مەھەللىدە ئازدۇر ـ كۆپتۇر گازىر ـ پۇرچاق ، كاۋا ـ قاپاق ، لوۋۇيا ـ ماش ساتىدىغان ئۇششاق يايمىكەشلەر پەيدا بولۇپ قالدى . سودا قىلىنغانىكەن ، خەقنىڭ قولىدا پارچە ـ پۇرات بولسىمۇ پۇل پەيدا بولىدۇ . «ئاچنىڭ كۆزى ئاشتا» دېگەندەك سىنتىرغا زار كىشىلەر مەھەللىداشلىرىنىڭ قولىدىكى پارچە ـ پۇرات بولسىمۇ شىرىقلاپ ، قۇلاققا ئاجايىپ يېقىملىق ئاڭلىنىدىغان پۇلنىڭ شەپىسىنى ئاڭلىغىنىدا ، ئۆز تەبىئىتىگە ماس ھالدا چىدىمايلا قېلىشتى . شۇنىڭغا ئەگىشىپ مەھەللىدە بەس ـ بەستە غالتەك ھارۋا ياساش قىزغىنلىقى كۆتۈرۈلۈپ ، باققاللار ، گازىرچىلار ، كاۋىچىلار ۋە تۈرلۈك ئۇششاق تىجارەتچىلەر بىراقلا بازارغا يۈرۈش قىلدى . ئۇلار ھەر كۈنى بامدات نامىزىدىن كېيىن خۇددى بىرى كوماندا بەرگەندەكلا مايسىرىغان غالتەكلىرىنى غىچىرلىتىپ بازارغا پالاقلايدىغان بولدى.

داۋۇت مەيچىمۇ ئەتراپقا ئەلەڭلەپ قاراپ ، مەھەللىداشلىرىنىڭ قىلىپ يۈرگەن تىجارىتىگە يىراقتىن كۆز سېلىپ ، بىرنەچچە يىلنى ئۆتكۈزۈۋەتتى . دېمىسىمۇ ئۇ ئاشۇ كىچىك ، قىستاڭ بازارغا قانداق كىرىشنى ، نېمە تىجارەت قىلىشنى ، قانداق پايدا ئېلىشنى بىلەلمەي دېلىغۇللۇقتا قالغانىدى . ئۇ كۆزىتەتتى ، باشقىلاردىن بازار ئەھۋالىنى تىڭ - تىڭلايتتى . بازاردا قانداق تىجارەتنىڭ ئېقىۋاتقانلىقىنى ، نېمىنىڭ پۇل بولۇۋاتقانلىقىنى سۈرۈشتۈرەتتى . ئەمما بىر ناننى ئىككى قىلىپ بولالماي يۈرگەن كىشىلەرنىڭ ئۆز رىزقىغا چاڭ سېلىش غەرىزىدە سورالغان سوئالىغا قانائەتلىنەرلىك جاۋاب بېرىشى ، مۇشۇ بازارنى مارىلاپ يۈرگەن ئادەمگە راست گەپ قىلىشى مۇمكىنمۇ؟

— ھەي ئىست ، نېمىشقىمۇ بۇنداق پۇقنى يېگەن بولغىيدىم؟ سالغان دەسمايىنى قايتۇرالماي يۈرىكىم ئېقىپ كېتىۋاتىدۇ داۋۇتتاي ، تىجارەت قىلدىم دەپ ئۆز بېشىمغا ئۆزۈم پىت سالغانىكەنمەن . بۇ كوچىغا خۇدايىم بەندەم دېسە ھەرگىز يولاتمىسۇن!

— بازارغا كىرىپ بولغۇچە تۆت تەرەپتىن بازار باشقۇرغۇچىلار ، باجگىرلار ، شەھەر قۇرۇلۇش ئىدارىسىدىكىلەر ، ئامانلىق ساقلىغۇچىلار ، تازىلىق قىلغۇچىلار ، يەر ئورنى ھەققى يىغقۇچىلار شىۋاقلىقتىكى ئېشەك يېغىرىغا ئۆزىنى ئاتقان چىۋىنلاردەك ئەتراپىڭدا پەيدا بولۇشىدۇ ، تاپقان بىر - ئىككى تەڭگەڭ قايسىبىرىگە توشايدۇ دەيسەن؟ ئاشۇ تويمىغۇرلارنى بېقىپ بولالماي پاتاڭغىچە قەرزگە بوغۇلدۇق . سىلە بولساڭلىمۇ تىنچ ياشاڭلا داۋۇتئاخۇن.

— مۇشۇ كۈندە ئالارمەندىن ساتارمەن كۆپ بولۇپ كەتتى ، بىز تېشىمىزدا ھېيت ئوينىغان بىلەن دەردىمىز ئىچىمىزدە! ئاۋۇينىڭ بارىدا بىرنېمىلەرنى قىلىپ تىمىسقىلاپ يۈرىمىز.

گەپ - سۆزلەر بەكمۇ قورقۇنچلۇق ، ئىگىلىگەن ئۇچۇرلار ئەندىشىلىك ئىدى . شۇڭا داۋۇت مەيچى تاپقان زاغرىسىغا شۈكۈر قىلىپ يەنە بىرنەچچە يىلنى ئۆزدىتىۋەتتى . ئۇنىڭ كۈنلىرى يىلسېرى كەينىگە ماڭماقتا ئىدى . قىلىدىغان ئىشىنىڭ تايىنى بولمىغاندىكىن ، ئەلۋەتتە يانچۇقلارىڭمۇ ھالى بوش ، تۇزغا تاپسا گۈگۈتقا يوق ، قازانغا تاپسا چۆمۈچكە يوق كۈنلەر ئۇنىڭ يەلكىسىدىن غايەت زور تاغدەك باسماقتا ئىدى.

— بۇ قانداق كۈن بولۇپ كەتتى - ھە؟ — بىر كۈنى ئۇ قوشنىسى كامىلجان بىلەن موخۇركا چېكىشكەچ ئولتۇرۇپ پاراڭغا چۈشتى . دېمىسىمۇ ئەينى چاغدا داۋۇت مەيچىگە قوقاق سالغان يايمىكەشلەر بىرەردىن موتسىكلىتلىق بولۇپمۇ قېلىشقانىدى . كونىلىقىدىن ئاۋازىمۇ ئايروپىلانىڭكىدەك گۈركىرەيدىغان بۇ جانىۋارلارغا مىنىۋالغان نوچىلار توپىلىق يولدا بوغىناق چىقىرىشىپ چېپىپ يۈرەتتى . ئۇلار ئەبجەق موتسىكلىتتا ئەمەس ، زۇڭتۇڭنىڭ مەخسۇس ئايروپىلانىدا ئولتۇرغاندەك كۆرەڭلەيتتى . ئىلگىرىكى سېرىق سىنتىنىڭ تۈۋشۈكىدىن مىڭ ئۆتىدىغان كۈنلىرىنى ئۇنتۇغان ھالدا ھېچكىمنى كۆزگە ئىلىپمۇ قويۇشمايتتى . بۇ ھال داۋۇت مەيچىنىڭ ئىچىنى لازا سۈيى قۇيغاندەك ئېچىشتۇراتتى.

— بازاردىكى ھەر نېمىلەرنى دېگەنبىلەن ئاز - تولا مىدىرىغاننىڭ زېيىنى بولمىسا كېرەك، — دېدى كامىلجان چېكىلىپ بولاي دەپ قالغان موخۇركىسىنىڭ كۆلىنى پۈۋلىگەچ، — بىز كىشىلەرنىڭ ئەپقاچتى گەپلىرىگە ئىشىنىپ نۇرغۇن ۋاقىتنى قولدىن بېرىپ قويۇپتۇق ، ھېلىمۇ كېيىن ئەمەس ، زادى بىر ئىش قىلمىساق بولمىدى.

— نېمە قىلاي دەيسىلە كامىلاخۇن؟ — داۋۇت مەيچى قىزىقىپ سورىدى.

— تىجارەتكە دەسمايە يوق قوشنام ، چوڭراق بىر ئىش قىلالمايمەن ، ياش قىرىققا تاقىغاندا بىرەر ھۈنەرنىڭ كەينىدىن مېڭىشمۇ ئەپلەشمەيدۇ ، خۇدا بەرگەن تەۋەرۈك دەسمايە — مۇشۇ نىمكەش چاپانغا ئورالغان ئاۋاق تەندىكى ئىسسىق قان بىلەن ئاز - تولا كۈچتىن باشقا ھېچنېمەم يوق . شۇڭا ، ئاتا كەسپىنى داۋام قىلىپ ساتىراشلىق قىلايمىكىن دەيمەن.

— مېنىڭمۇ ئاتا كەسپىگە ۋارىسلىق قىلىپ ياماقچىلىق قىلىش ئويۇم بار، — داۋۇت مەيچى قولىدىكى موخۇركا كۆتىكىنى خۇددى يەۋېتىدىغاندەك كۈچەپ بىر - ئىككىنى شورىغاندىن كېيىن ، يەرگە تاشلاپ پۇتىدا توپىغا ئىلەشتۈردى، — ئاز - تولا يىپ - يىڭنە ، ئالىقاندەك ياماقلىق ، بىرنەچچە تال ئۇششاق مىخ ، بىرەر كالىلەك موم تېپىۋالسام ، دادامدىن قالغان تەۋەرۈك بولقىنىڭ ھىممىتىدە نان تېپىپ يېيەلەيمەنمىكىن دەيمەن . ئاشۇ كىشىلەر مىسىلداپ يۈرگەن رەستىلەردە خۇدانىڭمۇ بىزگە ئاتىغىنى باردۇ كامىلاخۇن.

— توغرا ، ھەركىم يېسە ئۆزىنىڭ رىزقىنى يەيدۇ، — كامىلجان قەتئىيەت بىلەن بېشىنى كۆتۈردى . ئۇنىڭ ئۆسكىلەڭ قاشلىرى تېگىدىكى چوڭقۇر كۆزلىرىدە يېڭىدىن پەيدا بولغان بىر ئۈمىد ئۇچقۇندىدى، — قېنى

بۇرادەر ، بىزمۇ بىر ھە - ھۇ قىلىپ باقمايمىزمۇ؟

شۇ سۆھبەت بولۇپ ھەپتىدىن كېيىن ، ئىككى قوشنا ئەسۋابلىرى قاچىلانغان سومكىلىرىنى كۆتۈرۈپ «يا تەۋەككۇل» دېيىشىپ بازارغا مېڭىشتى . شەھەرگە تۇتىشىدىغان ئاسفالت يول ، يولدىن تەرەپ - تەرەپكە خۇددى دەريانىڭ تارامارلىرىدەك سوزۇلغان ئەگرى - بۈگرى تار كوچىلار ، ئاسمانغا بوي سوزۇشقان قەۋەت - قەۋەت ئىمارەتلەر ، غۇيۇلداپ كېتىشىۋاتقان ماشىنىلار ئۇلارغا ئاجايىپ كاتتا ۋەدىلەرنى بېرىۋاتقاندەك ئىدى . خۇدادىن رىزىق تىلەپ ، زور ئۈمىدلەر بىلەن كېلىشىۋاتقان بۇ ئىككى قوشنا ئۇششاق ئوقەتچىلەر يايما ئاچىدىغان كەڭرىرەك بىر مەيدانغا كەلگەندە ھەيرانلىقتىن تۇرۇپ قېلىشتى . چۈنكى ، بازارنىڭ يەر ئاستى ئەۋرەز يولى بولمىغاچقا بۇ مەيدان ئاشپەز - زاسۇيچىلەرنىڭ ئاخشىمى تۆككەن مەنتاڭ - يۇندىلىرى بىلەن مىلىچلاپ تۇراتتى . يۈرەك- لىك قەدەم ئالماقمۇ بەسى مۇشكۇل ئىدى.

كاملجان ئەسۋابلىرىنى كۆتۈرۈپ ساتىراشلار قاتارىغا يۈرۈپ كەتتى . داۋۇت مەيچى پاسىرى چېپىۋېلىنغان قوناق كۆتەكلىرىدەك قاتار ئولتۇرۇشقان ياماقچىلار ئارى- سىدىن ئۆزىگە ئورۇن تېپىش ئۈچۈن خېلىلا قاتىرىدى . سومكىدىكى لاقا - لۇقىلارنى يامىتىش ئۈچۈن ئېلىپ كېلىنگەن ئاياغ دەپ بىلگەن ياماقچىلار ئۇنىڭغا ئۈمىد بىلەن بېقىشىپ ، ياسالما كۈلكىلىرى چىقىپ تۇرۇشقان كۆزلىرىدە ئىشارەت قىلىشتى.

— كوننى كونا دېمەيمەن ، قانچە كونا بولسا شۇنچە يېڭىلايمەن...

— تىكىشى ئەرەبىستاندىن ، ھۈنىرى باغداتۇ - رۇمدىن...

— رازى بولمىساڭ پۇل ئالمايمەن خېرىدار...

داۋۇت مەيچى سەپىنىڭ ئايىغىغا بېرىپ ، بالا كۆرپە- سىچىلىك بوش يەرنى تاپتى - دە ، بىسمىللا دەپ ياي- مىسىنى يايدى . ئۇنىڭغا ئۈمىدلىك بېقىلغان چىرايلار- دىكى خۇش تەبەسسۇم دەرھال ئۆچۈپ ، يامغۇرلۇق ئاس- ماندەك تۇتۇلدى . كەلگۈچىنىڭ بىر خېرىدار ئەمەس ، ئاغزىدىكى لوقمىنى تارتىۋېلىشقا كەلگەن كالتە - كۆ- سەي ھۈنەرۋەن ئىكەنلىكىنى بىلىشكىنىدە ، ياماقچىلار ئارىسىدىن غۇلغۇلا كۆتۈرۈلدى . ھەممەيلەن داۋۇت مەي- چىگە يەۋەتكۈدەك ئالىيىپ ، ئاڭلىتىپ تۇرۇپ دوق قى- لىشماقتا ئىدى:

— نەدىن كەلگەن سۇپىرا تاپان بۇ؟ خۇددى بۇ يەردە ئانىسىنىڭ ئېلىشى باردەك ، كېلىپلا تۈگىدەك چۆكۈپ ئولتۇرىدىغۇ؟

— ئۇنىڭسىزمۇ ئاران جان ئېتىۋاتقان خەق تۇرساق ، ئەمدى كېلىپ يەنە بىر ئاجناق كۆز قېتىلدىغۇ بۇ سەپكە؟

— بىر ئوبدان كېتىۋاتقان بازار ئىدى ، قازاندىكى ئاشقا چىۋىن چۈشكەندەك بولدىغۇ ئەمدى.

داۋۇت مەيچى قۇلىقىغا كىرىۋاتقان بۇ گەپ - سۆز- لەرگە پەرۋا قىلماستىن كونا مىخ ، لاتپۇرۇشلىرىنى ئال- دىرىماي رەتلەشكە تۇتۇندى . ئۇنىڭچە بولغاندا بىر ئاز چىدىسا ، بۇ غۇلغۇيلۇق قارا بورانمۇ ئۆتۈپ كېتەتتى . چۈنكى ، جاھاندا مەڭگۈ قاۋاپ ھارمايدىغان ئىت يوق ئىدى . شۇڭا ، ئۇ بېشىنىمۇ كۆتۈرمەستىن نەرسە - كې- رەكلىرىنى ئەستايىدىل رەتلەشكە باشلىدى.

— كىمسەن؟ — ئاجايىپ ھەيۋەتلىك ، خۇددى تۇيۇقسىز بومبا پارتلىغاندەك گۈمبۈرلەپ ئاڭلانغان بىر ئاۋازدىن داۋۇت مەيچىنىڭ يۈرىكى جىغىلداپ ، پۇت - قولىدا جان قالمىدى . ئۇ بېشىنى كۆتۈرۈپ ، ئۆزىگە مىختەك قادىلىپ تۇرغان كاسا چىراي بىرىنى كۆردى . كۆزلىرى چەكچەيگەن ، چىشلىرى غۇچۇرلاپ ، يىرىك ساقىلى دىردايغان ، خۇددى بىچارە چاشقاننى بوغۇشقا تەييار تۇرغان سۈرلۈك مۈشۈكتەك بەستىدىن دەھشەت يېغىپ تۇرغان بۇ كىشى كېلىپلا داۋۇت مەيچىنىڭ چا- پان - چارلىرىنى بېشىدىن ئايلاندۇرۇپ ئېتىشقا باشلى- دى، — نەدىن كەلگەن ھابدالسەن؟ بۇ يەرنىڭ كىمنىڭ ئىكەنلىكىنى بىلمەمسەن؟

— بۇ يەرنىڭ خان بازىرى ئىكەنلىكىنى بىلىمەن ئۇكام ، بىزمۇ ھۆكۈمەتكە پۇقرا بولغاندىكىن بىر كىشى- لىك يەر چىقار دەپ ئويلاپ...

— نېمە؟ ھۆكۈمەتكە پۇقرا بولساڭ ماڭا نېمىدى؟ — ئۇياق قوزۇققا ئولتۇرۇپ قالغان مايمۇندەك چىرقىرىدى، — بۇ يەرنى بارغۇ ، شەھەرلىك قۇرۇلۇش ئىدارىسى غوجا- كاڭغا تەقسىم قىلىپ بەرگەن ، ئاللىقانداق كەلگىندى- لەرنىڭ ئۆزى خالاپ ئولتۇرۇۋېرىدىغان مەسچىت ئالدى ئەمەس ، ئىگىسى بار يەر بۇ! قوپە تېز قوڭ ئوغرى ، سەپرايىم ئۆرلىمەستە ئىت جېنىڭنى ياقىغا ئال ، ھېلى بولمىسا سېسىق جېنىڭ ھارام بولىدۇ.

داۋۇت مەيچى كىملەردىندۇر مەدەت تىلىگەندەك ئەت- راپقا قارىدى ، ھېلىلا غۇتۇلداپ چىرايىدىن مۇز ياغدۇرۇپ ، ئۇنى يەۋېتىدىغاندەك قىلىپ كېتىشكەن ياماقچىلار بايرام تەنتەنىسىگە چۆمۈشكەندى . قانداقتۇر بىر ئاتا مىراس ئۆچىنى ئېلىپ بېرىۋاتقاندەك مەمنۇنلۇق ئىلكىدە ھې- لىقى پور كۆتەككە قاراپ كۈلۈشەتتى . باش لىڭشىتىپ ،

«بۇ قىلغىنىڭ تامامەن توغرا بولدى ، بۇ بازارغا بىزدىن باشقا ھېچكىمنى يېقىن ئەكېلىدىغان ئىش ئەمەس ، ئەجەب جايىدا ئىش قىلدىڭ ، ياشاپ كەت!» دېگەندەك مەنىلەردە ئىلھام بېرىشەتتى.

— يوقال، — ئۇياق تېخىچە تىترەپ - تەمترەپ تۇرغان داۋۇت مەيچىنىڭ بىلىكىدىن تۇتۇپ ، كونا لاتىنى چۆرگەندەك ئىتتىرۋەتتى . نەچچە سەنتۇرۇلۇپ ، يەرنى قۇچاقلاپ ئورنىدىن قوپقان داۋۇت مەيچىنى يىغا تۇتتى . شۇنچە كىشىلەرنىڭ — بىر يۇرتتا ياشاپ، بىر ئېقىننىڭ سۈيىنى ئىچىپ يۈرگەن بۇ ئوقەتچىلەرنىڭ بىر نان ئۈچۈن قىلىپ كېتىشكەن بۇ قىلىقىنى ئۇ زادىلا ئەقلىگە سىغدۇرالمىدى . ئەجەبا ، بازار بۇلارنى شۇنچىلىك بۇزۇۋەتتىمۇ؟ «ھەر كىم ئۆزىنىڭ رىزقىنى يەيدۇ» دېگىنى قېنى؟ شۇنچە ئادەم مىغىلداپ يۈرگەن بۇ بازارغا داۋۇت مەيچى سىغماسمۇ؟ ئۇ ئاشۇ ئەبگا ھالىتى بىلەن بۇ يەردىكى ئوقەتچىلەرنىڭ قانچىلىك نېنىنى تارتىۋالار؟ ھەي نان!

داۋۇت مەيچى ئۇياقنىڭ چاقچاق قىلمايۋاتقانلىقىنى ، ئۆزىنىڭ ھەقىقەتەن بۇ بازارغا ، مۇشۇ كىشىلەر ئارىسىغا سىغمايدىغانلىقىنى چۈشىنىپ يەتتى . ئىت جېنىدا «چاغ» دېسە كېتىدىغۇ ، ئۇ لاقا - لۇقىلىرىنى تېرىپ تىقىشتۇرۇپ ، ئۆزىنىڭ بۇ ھالىغا ئېچىنىش ئەمەس ، خۇشاللىق بىلەن كولۇلشۇپ تۇرغانلارغا نەپرەت بىلەن قاراپ قويغاندىن كېيىن ئاستا يۈرۈپ كەتتى.

شۇ ئىشتىن كېيىن ئۇ بىرنەچچە كۈنگىچە تالا - تۈزگىمۇ چىقمىدى ، خوتۇنى گەپ سورىسا جاۋابمۇ بەرمىدى ، ئاچچىق موخۇركىسىنى ئۇلاپ چېكىپ تورۇسقا قاراپ ياتقىنى ياتقاندى . ئۇنىڭ بۇ ھالىغا قاراپ خوتۇنى ئىچ ئاغرىتىش ، ھالىغا يېتىش ئۇياقتا تۇرسۇن ، ئەكسىچە تىنماي كوتۇلداپ بېشىنى ئوچاق قىلاتتى.

— ھە ، يېنى ئاجراپ كەتكەن مايماق ئېشەكتەك يېتىۋېرەمدۇق؟ ئوسۇرۇپ - چېچىپ ياتقان بىلەن نېمىلىرى ھەل بولاتتى؟ بازارغا بارىمەن دېدىلە ، ھە دېدىم ، بىرېپلا دەككىلىرىنى يەپ ، پالتا - كەكىلىرىنى قاقتۇرۇپ كەپلا ، ئەمدى بۇ دەردنى بىزدىن ئالامدا؟ كۆچلىرى يەتسە ئاشۇ نىجىسنىڭ بىرنېمىسىدىن ئېلىپلا ئاللا باركاللىسىنى چىقارسىلا بولمامدۇ؟ قاچانغىچە يېتىپ بېرىدىلا ئەمدى؟ خالتىنىڭ تېگى كۆرۈنۈپ قالغىلى نېكەم؟ مەرىكىنىڭ پولۇسىدىكى بىر تىكە گۆشتەك ياتماي قوپىلى ئەمدى...

ئۇ ئايالىغا ئالىيىپ قاراپ قويدىيۇ ، ئارتۇق گەپ قىلمىدى.

— قىزىمىز بىر ساۋاقداشىدىن گەپ ئېيتىپتۇ ، مەكتەپتىن كىتاب پۇلىنى تاپشۇرۇۋېتىڭلار دېگەنمىش . دادام 30 يۈەن ئەۋەتسۇن دەپتۇ.

— پۇل يوق، — دېدى داۋۇت مەيچى تولىمۇ زەئىپ ئاۋازدا، — مەكتەپتە ئوقۇما دېسەك ئۇنىمىدى . ئەمدى كېلىپ پۇل - پۇل دەۋەرسە مەن قانداق قىلىمەن؟ يا خانىمدىن ئالسۇن ، يا مېنى 30 يۈەنگە ئالىدىغان ئادەم بولسا ساتسۇن.

— ۋاييەي ، سىلىنى 30 يۈەنگە ئەمەس ، ئۈچ موچەنگە ئالىدىغانمۇ ئادەم چىقمايدۇ.

— ئەمىسە مەندە پۇل يوق.

— ھەي ، ئۇ دېگەن قىز بالا تۇرسا ، دېگىنىنى قىلىپ بەرمىسەك ئالمادىس بىرەر پۇلدار ئوغرى كۆز سېلىپ قالسا ئىش چاتاق بولمامدۇ؟

— قېنى شۇنداق قىلىپ باقسۇنچۇ ، ئاۋۋال ئۇنىڭ ، ئاندىن كېيىن سىلىنىڭ توڭكىيىڭلارنى چېقىپ ، بويىنۇڭلارنى قوشقاچنىڭكىدەك ئۈزۈۋېتىمەن.

شۇ كۈنى كەچتە ئۆيگە ئىسقىرتقىنىچە كامىلجان كىرىپ كەلدى ، ئۇنىڭ روھىي ھالىتى خېلىلا كۆتۈرەڭگۈ ئىدى . كامىلجان كىرىپلا ئېغىزىدىكى يېرىمى چېكىلىپ بولغان ئاچچىق موخۇركىسىنى داۋۇت مەيچىگە سۇندى.

— قانداقراق؟ — دېدى ئۇ ئاچكۆزلۈك بىلەن موخۇركا شوراۋاتقان قوشنىسىغا قاراپ، — ئاچچىق بىر ئاز بېسىلغاندەكمۇ؟

— قويۇڭلا كاملاخۇن ، بىر مۇسۇلمان دېگۈچەلىكى قالماپتۇ بۇ كىشىلەرنىڭ.

— ھەي... شۇ ئەمەسمۇ؟ سىلە ئاچچىق يۇتۇپ ياتقىنىڭلا بىلەن ھېچكىمنىڭ بىر يېرى غىڭ قىلىپ قويمايدۇ ، ھەر كىمنىڭ قازىنى ئۆزى ئۈچۈن قايناپدىغان زامانكەن بۇ ، نېمانچە قىلسىلە دەيمەن؟ قوپۇڭلا بۇرادەر.

— سىلىنىڭ ئوقەتچۇ كاملاخۇن؟ ئۇستىرا - كاپقا ئېسىلىدىغان بىرەرسى چىقمىغاندۇ؟

— كۆزدە مىخ قاقىدىغانلار بار ئىكەن ، ئەمما ئاشكارا بىرنەرسە دېيىشمىدى . بولمىسا مېنىڭ ئاچچىقىمنىمۇ بىلىسىلە ، بىر ئىش نېرۋامغا تەگكەندە كۆزۈمگە ھېچنەرسە كۆرۈنمەي قالىدۇ ، خۇدا ساقلىسۇن ، بىرەرى غىدى - پىدىڭ قىلىدىغان بولسا ، ئۇستىرىنى نەق گېلىغا سۈركىۋېتىمەن.

ــــ بىر دەملىك ئاچچىقنىڭ كەينىگە ئـالـدىـراپ كىرىپ سالماقلا كاملاخۇن ، يورۇق ئاپتاپ بولمىسىمۇ كۈن كۆرمىسەك بولماس، ــــ داۋۇت مەيچى شۇنداق دېگىنىچە ئورنىدىن تۇرۇپ پوتىسىنى باغلىدى، ــــ نەگە بارىمىز قوشنام؟

ــــ يىراققا ئەمەس، ــــ دېدى كاملجان ئۇنىڭ قولىقىغا پىچىرلاپ، ــــ يىراق يېزىدا بىر تونۇشۇم بار ئىدى ، شۇ بۇرادەر كۆڭلى تۈيغاندەكلا بىر قاپاق مەيزاپ كۆتۈرۈپ چىقىپتۇ ، نەپىسىم تاقىلداپ ھۈنەرنى تېزلا يىغىشتۇرۇدۇم ـ دە ، ئۆيگە كەلدۇق . سىلىنىڭمۇ كۆڭلۈڭلا جايىدا ئەمەس ، نەچچە كۈندىن بېرى ھۈنەر بىلەن بولۇپ كېتىپ تۈزۈكرەك ھال ـ ئەھۋالمۇ سورىيالمىغاندىم ، شۇڭا بىرەر ـ يېرىمدەم گۇڭگۇر ـ مۇڭگۇر بولۇشايلى دەپ كىرىشىم.

ــــ رەھمەت! ــــ داۋۇت مەيچىنىڭمۇ لولىسىغا ئوت كەتتى . ئۇ شۇنداق دەپلا كاملجاننىڭ ئالدىدا ئۆيدىن چىقتى . چۈنكى ، نەچچە كۈندىن بېرى ئۇمۇ بىر ـ ئىككى سىر قېتىقۋېلىش بىلەن يۈرىكىدىكى بۇ ئىچ پۇشۇقىنى چىقىرىشنى ئويلىغان بولسىمۇ ، يانچۇقىنىڭ ھالى خاراب بولغاچقا ئىچىگە تىنىپ ، دەردىنى ئاچچىق موخۇركىسىدىن ئېلىپ يېتىۋەرگەنىدى.

3

كاملجاننىڭ ئۆيىمۇ داۋۇت مەيچىنىڭكىدىن ئانچە پەرقلەنمەيتتى . ئىسلاشقان تاملار ، ئۈمۈچۈكلەر قالايمىقان تور تارتىشقان تورۇس ، بىر قەۋەت توپا ئاستىدا سۇس يۈرۈپ تۇرغان تۆۋەن قۇۋۋەتلىك لامپۇچكا ، مانتا ئوچاقتا شىڭىلداپ تۇرغان قۇمچۇگۈن ، داستىخاندىكى قىڭغىر ـ قىيسىق كاكچا نان ، بىر تەخسىدە يېرىمى يېيىلىپ بولغان بەسەي قورۇمىسى ، ھەر ھالدا كاملجان ساتىراشلىق قىلىپ يۈرۈپ پۇل تاپقاننىڭ نىشانى بولۇپ ، بىر ـ ئىككى تەخسە پۇرچاقلىق لەمپۇڭ... داستىخاننى چۆرىدەپ ئولتۇرغان ئۈچ ئەرنىڭ خېلىلا كەيپى كۆتۈرۈلۈپ قالغانىدى . ئەلۋەتتە ، بۇلارنى كەسپىي ھاراقكەش دەپ ئاتاش ئارتۇقچە ، چۈنكى «كاناي ياغلىغىلى يوق تۇرسا ، سۇنايغا نەدە تۇرۇپتۇ» دېگەندەك ، تاپقان ـ تەرگىنى نانغا ئۇلگۇرمىگەن بۇ بىقۇۋۇللارغا ھاراق ئېلىش ئانچە ئاسان ئىش ئەمەس . ئەمما ، ھويلىسىدىكى تاللىرى ئوبدان ئوخشاپ قالغان يىللىرى ئانچە ـ مۇنچە سىركە ـ مەيزاپ سىلىشۋالىدىغان ئادىتى بار . بەزىدە ناھەق دەشنام

تېپىپ يەپ قورسىقى كۆپكەن چاغلاردا قازناققا شۇڭغۇشۇپ ، خۇدادىن ئەيمەنمىگەن بىلەن ئاۋامدىن نومۇس قىلىشىپ ، ھېچقانداق ئىس ـ بۇسىنى چىقارمايلا بىرەر قېتىم ياشاپ قويىدۇ . ئۇلارغا شۇ نەرسىمۇ ئايانكى ، ئۆزىمنى خۇدا ياراتقان ، سۈيىنىمۇ بىللە ئاپىرىدە قىلغان ، خۇدانىڭ نېمىتىدە ياسالغان بۇ مەيزاپ دېگىنى ئەلۋەتتە ھارام ئەمەس ، شۇڭا ئەقلىنى يوقاتمىغان ھالدا ئاز ـ تولا ئىچىپ قويغاننىڭ زىيىنى يوق...

مانا ، كاملجاننىڭ يىراق يېزىلىق ئاغىنىــــسىــــ ئۆزۈن يەكتىكىنىڭ پىشنى تېزىنىڭ ئاستىغا قىستۇرۇپ ، ئىككى قولىنى قولتۇقىدىن ئاجراتماي ئـەدەپ ساقـلاپ ئولتۇرغان سايىمجان قىرىقلارنىڭ قارىسىنى ئېلىپ قالغان تەمبەل يىگىت . ئۇنىڭ ئارتۇق ـ تۆشۈك سۆزىمۇ يوق ، ئۇلپەتلىرىنىڭ سۆزىگە كۈلۈمسىرەپلا قويىدۇ . نۆۋەتنى بېشنى تۆۋەن سالغىنىچە جىمجىتلا ئىچىدۇ . غورتۇلدىغان ئاۋازغا ئەگىشىپ ئۇنىڭ گېلىدا يـوگـۇرۇپ يۈرگەن بۇغدىيەك كىشىگە بەكمۇ كۈلكىلىك تۇيۇلىدۇ . ئۇ مەيزاپنى ئىچىپ بولۇپ ، لەۋلىرىنى تامشىغىنىچە پىيالىنى چىڭ تۇتۇپ بىرئاز ئولتۇرۇۋالغاندىن كېــيــن ساقىيغا قاراپ بىرنى ھەجىيىدۇ ـ دە ، پىيالىنى بېشىدىن ئېگىز كۆتۈرۈپ ، ئەدەپ بىلەن ئېگىلىپ تۇرۇپ قايتۇرۇپ بېرىدۇ . ئۇنىڭ بېشنى تۆۋەن قىلىپ ، پىيالىنى مەھكەم تۇتۇپ ئولتۇرۇپ كەتكەن ئاشۇ ھالىتى ئادەمگە نۇرغۇن دەردى بار كىشىدەك تەسىرات بېرىدۇ.

ــــ شۇنداق قىلىپ ، شۇنداق قىلىپ، ــــ دېدى داۋۇت مەيچى بىر پىيالىنى كۆتۈرۈۋەتكەندىن كېيىن ، يىرىك ساقاللىرى ئارىسىغا يۇگۇرگەن مەيزاپ ساقىندىلىرىنى ئالقىنى بىلەن سۈرتۈپ، ــــ نەچچە كـۈنـدىن بېرى يۈرىكىمنى غاجاپ كېلىۋاتقان دەرد ـ ئەلەملەردىن بىراقلا قۇتۇلغاندەك بولدۇم ـ يا!

ــــ بۇ ئەسلى ئۈنچىۋالا دەرد تارتقۇدەك ئىشمۇ ئەمەس، ــــ كاملجان ئۇنىڭ قولىدىن پىيالىنى ئـالـغـاچ قوشۇپ قويدى، ــــ سىلە بىزنىڭ مۇشۇ يېشىمىزغىچە تارتقان نۇرغۇن دەردلىرىمىزنىڭ ئالدىدا ، بىر توگگۇزنىڭ دەشنىمى دېگەن قانچىلىك ئىشتى؟ ناھايىتى ياماق بازىرىدىن قوغلاپتۇغۇ شۇ؟

ــــ سىلە شۇنداق دېگىنىڭلا بىلەن ، بىرمۇنچە ئادەمنىڭ كۆزىچە كونا چاپاننى ئاتقاندەك نېرى ـ بېرى قىلىپ يۈرسە ، ساقال ئاقارغاندا ئادەمگە ئېغىر كېلىدىكەن . نېمىلا كۆرسەك مەيلى دەيدىغان يەردىن ئۆتۈپ كەتتۇق كاملاخۇن.

— ئۆتۈپ كېتىپ نەگە باردۇق بۇرادەر؟ — سايىمجان ئالقىنىغا جىرتتىدە تۈكۈرۈپ ، ئۇنى يەكتىكىنىڭ ئىچ ئەستىرىگە سۈرتۈۋەتكەندىن كېيىن ، تولىمۇ ئىنچىكە ئاۋازدا ئۇن قاتتى، — بىز دېگەن شەھەرلىك ئەمەس ، ئۇلار دېگەن بىزنى نېمە قىلسا قىلىۋېتەلەيدۇ.

— ئۇنداق ئەمەس ، ئۇلار نەدە يۈرۈپ شەھەرلىك بولۇپ قاپتىكەن؟ ناھايىتى شۇ شەھەرنىڭ كىندىك ئاستىدىن قوپقان بىرنېمىلەر ئۇ، — داۋۇت مەيچى شالىسىنى چېچىپ قايناپ كەتتى، — شەھەرلىك دېسە بىزنى دېسە بولىدۇ ، مانا ، ئاتا ـ بوۋىمىزدىن تارتىپ مۇشۇ بازار ئەتراپىدا ياشاپ كەلگەنمىز ، كىندىك قېنىمىزدىن باشلاپ تۇنجى ئۇغۇز پوقىمىزغىچە مۇشۇ يەرگە سىڭگەن...

— هاي... نېمە دېگىنىڭلا بۇ داۋۇتاخۇن؟ — كامىلجان بېشىنى چايقىدى، — نەدىكى گەپنى قىلىۋاتىسىلە؟ سىلە شۇنداق دېگەنبىلەن پوقلۇق قوڭۇڭلىنى ئېرتقىلىمۇ ئۇدۇل كەلگەن يەردىن خالىغانچە بىرەر كاللەك چالما ئالالمايسىلەر ، قويۇڭلا ئۇنداق گەپنى...

— راست دېدىلە، — سايىمجان يەنە شۇنداق يەرگە قاراپ ئولتۇرغىنىچە پەس ئاۋازدا سۆزىنى داۋام قىلدى،— بىز بازارغا كېيىن قالغان ، شۇڭا ئاسانلىقچە پاتمايمىز . ئەمما ، بازار دېگەننى قۇربىڭ يەتسە نەدە قىلساڭ بولىۋېرىدىغۇ . مەسىلەن ، مۇشۇ يەردە ، مۇشۇ ئۆيىنىڭ ئىچىدە...

— سايىمجان ، ئاغىنە ، بىر ـ ئىككى پىيالە ئارتۇق كەتتىمۇ نېمە؟ ئىشتانىسىز تۇرۇپ يۇپتاق كالىغا مىنىپ چۇش كۆرگەندەك جۆيلۈپ قوپتۇڭلىغۇ ئەمدى.

داۋۇت مەيچى بىلەن كامىلجان قاقاقلىشىپ كۈلۈپ كېتىشتى.

— مېنى مازاق قىلىشمىسىلا، — سايىمجان سۇس كۈلۈمسىرەپ ئۇلارغا ئايانچلىق نەزىرى بىلەن قاراپ قويدى، — سىلى ، بىزنى مۇشۇ ئۆيگە جەم قىلغان نېمە؟ خۇمار! مەيزاپ خۇمارى! ھەئە ، دەل ئۆزى شۇ . بۇنداق خۇمار مۇشۇ ئۈچىمىزدىلا بار دەپ قارىشاملا؟ ھازىر دېگەن بارغۇ ، خۇدانىڭ بەيئىتىنى كۆرۈپ ، بىلىپ ـ بىلمەي شەيتانغا تاشنى تەتۈر ئېتىپ كەلگەن ھاجىلىرىمىز جې-

نىدا قاپاق بىلەن مۇڭدىشىپ كەيپ سۈرۈۋاتىدۇ . كىشىلەر ئارىسىدا «ئاق هاراق— شەربىتى مېيىپ ، پىۋا دېگىنى— شەربىتى زەئىپ ، مەيزاپ ـ مۇسەللەس — شىددىتى زىۋىت» دېگەن بىر قىزىق چاقچاق كېزىپ يۈرۈپتۇ ، شۇنىڭدىنلا ئىشنىڭ نەگىچە بېرىپ قالغىنىنى بىلىشمىدىلىما؟ ھازىر كۆپ سانلىق ئىچەرمەنلەر ئاق هاراقتىن كېچىپ ، مەيزاپ ـ مۇسەللەسلەرگە تۈرلۈك دورا ـ دەرمەكلەرنى قوشۇپ ئىسسىقىنى ئاشۇرۇپ ، پىلىك ئەشكەن شوينىدەك لىڭتاسما بولۇپ قالغان جىسمىغا قۇۋۋەت تولۇقلىماقتا . مەيزاپ ـ مۇسەللەسلەرنىڭ ئېخىمۇ بازىرى چىققىدۇ بۇرادەرلەر . بىزنىڭ مەھەللىدىمۇ بىر مەيزاپچى بار . ئۇ شارابنى ئاتا ـ بوۋىسىنىڭ مەخپىي رېتسېپى بويىچە قەدىمىي ئۇسۇلدا تەييارلىغاچقا يېقىن ـ يىراققا داڭقى كەتكەن ، ناھىيە بازىرىدىن تارتىپ ۋىلايەت مەركەزلىرىگىچە ھەممىلا ئادەم ئۇنىڭ مەيزىپىغا يۈگۈرۈشىدۇ . ئاڭلىسام ئۇنىڭ مەيزاپلىرى ۋالىي بىلەن ھاكىمدىن ئاشماسمىش... مانا ، بۇ مەيزاپمۇ شۇ زاتى مۇبارەك ئۇستىنىڭ تەۋەرۈك قولىدا ياسالغان ، تەمى قانداقراق ئىكەن؟



كامىلجان ئۇنىڭ چىرايىغا قاراپ بىر ئاز تۇرغاندىن كېيىن ، ئىتتىكلا بىر پىيالىگە لىقلاپ مەيزاپ قۇيدى ـ دە ، ئاچكۆزلۈك بىلەن غۇرتۇلدىتىپ ئىچىشكە باشلىدى . داۋۇت مەيچىمۇ لەۋلىرىنى تامشىپ ، پىيالىدىن كۆزىنى ئۈزەلمەيلا قالدى.

— قانداق ، گېپىم راستمىكەن؟ — سايىمجان مەغرۇرلۇق بىلەن كۈلۈپ قويدى، — بىلسەڭلار ، سىلەر ۋالىي بىلەن ھاكىمدەك ئىلتىپاتقا سازاۋەر بولدۇڭلار.

— تېز ، تېززەك بولۇڭلا كاملاخۇن، — داۋۇت مەيچى تۈكۈرۈكىنى يۇتقىنىچە كاملجانغا ئىلتىجا قىلدى، — قېنى ، بىزمۇ تېتىپ باقىلى.

كاملجان پىيالىنى قۇرۇقداپ ، تاڭلىيىنى چاكىلدىتىپ ، خۇددى داڭلىق ھاراق ـ شاراب باھالىغۇچىلاردەك بىر ئاز تۇرۇۋالغاندىن كېيىن تەنتەنىلىك ھالدا جاكارلىدى:

— راست ، تەمى بۆلەكچە ئىكەن ، ھەقىقەتەن داڭلىغۇچىلىكى بار ئىكەن ، رەھمەت سايىمجان ئاغىنە ، شۇنچە يىراقتىن بىزنى دەپ كۆتۈرۈپ كەلگەن بىر قاپاق مەيزىپىڭغا مىڭ ـ مىڭ رەھمەت!

— تولا ئەزمىلىك قىلماي بىر پىيالە قۇيۇڭلا كاملاخۇن ، بىزمۇ ئۇسساپ كەتتۇق، — داۋۇت مەيچى سۈت خۇمارى تۇتقان كىچىك بالىدەك قەغىشلىك قىلىپ تېپچەكلىدى، — قېنى ، بىزمۇ بىر پىيالە...

كاملجان قاپاقنى يېنى قىلىپ ، چوڭ پىيالىگە بۇلدۇقلىتىپ مەيزاپ قۇيۇشقا باشلىدى . داۋۇت مەيچى تېخىچە تولۇپ بولالمىغان پىيالىگە دەممۇ دەم قول سۇنماقتا ئىدى . سايىمجان ئەتىدىن بېرى نېمە ئىچكەنىنگە ئانچە ئېرەن قىلماي ، ئەمدىلىكتە داڭقىنى ئاڭلاپلا تۇرالماي قالغان بۇ ئىككىسىگە قاراپ مىيىقىدا كۈلۈپ قويدى . ئاخىر داۋۇت مەيچىنىڭ قولىغىمۇ بىر پىيالە مەيزاپ تەگدى . ئۇ چىنىدىكى شارابقا بىر پەس قاراپ تۇرغاندىن كېيىن ، تولىمۇ نازۇك بىر ھەرىكەتتە ئاستا كۆتۈرۈپ سەللا دىققەت قىلمىسا مەيزاپنى تۆكۈۋېتىدىغاندەك ئېھتىيات بىلەن پىيالىنى لېۋىگە يېقىپ يەنە سەل تۇرۇۋالغاندىن كېيىن ، كىرت ـ كىرت ئاۋاز چىقىرىپ سۈمۈرۈشكە باشلىدى.

— ئەزمەڭلىنى ئېزىپ ئادەمنى ھەجەپ تىت ـ تىت قىلدىڭلىغۇ داۋۇتاخۇن؟ خاتىرەڭلىنى جەم قىلىپ ، لېۋىڭلىنى قورۇپراق ئىچىۋېرىڭلا ، كوماك چىشىڭلا ئارىدىن ئېقىپ كەتمەيدۇ .

داۋۇت مەيچىنىڭ بۇنداق چاقچاقلارغا بىرنەرسە دېيىشكە پۇرسىتى يوق ، ئۇ پۈتۈن ئىشقى بىلەن چىنىنى دەممۇدەم يۇقىرى كۆتۈرۈپ مەيزاپ ئىچمەكتە . ئۇ ھاسىراپ تۇرۇپ چىنىنى پەسكە چۈشۈرگەندە چىرايى ئالمىدەك قىزىرىپ كەتكەنىدى.

— راست ، راست ئىكەن ، سايىمجان دوستىمىزنىڭ دېگەنلىرى راست ئىكەن، — دېدى داۋۇت مەيچى لەۋلىرىنى تامشىپ تۇرۇپ، — ئېغىزىمغا چىش چىققاندىن بېرى بۇنداق تېتىملىق مەيزاپنى ئىچىپ بېقىشىم تۇنجى قېتىم . يەنە بارمۇ؟ — ئۇ ئاچكۆزلۈك بىلەن قاپاققا تىكىلدى.

— ئەمدى بولدى قىلساڭلىمىكىن، — دېدى سايىمجان تېزىغا مۇشتلىغىنىچە خىر ـ خىر كۈلۈپ، — بۇ مەيزاپنىڭ ھەممە سىرى ئەسرارلىرىدىن تولۇق خەۋەر تېپىپ بولۇشمىدىڭلا تېخى .

— نېمە ، ئۇنىڭ يەنە بىز بىلمەيدىغان خاسىيىتى بارمۇ؟

— ئەمەلىيەتتە، — سايىمجان ئۆزىگە قاراپ كۆزلىرىنى چەكچەيتىپ ئولتۇرۇشقان ئىككى ئۆلپىتىگە قاراپ قويۇپ سۆزىنى داۋاملاشتۇردى، — ئەكەلگەن بىر قاپاق مەيزىپىنى داڭلاپ ھاۋادا ئۇچۇرۇۋاتىدۇ دەپ قېلىشمىسىلا ، مەيزاپچى قوشنىمىز ئۇنىڭ كۈچىنى ئاشۇرۇش ئۈچۈن ، يەنە چېكىملىكنىڭ ئاكىسىدىن ئاز ـ تولا ئارىلاشتۇرۇۋەتكەنىكەن ، ئۇنى ئىچكەن ئادەم تۇرماق سۈيدۈك پۇراشقىمۇ ماجالى قالمىغان قېرى ھاڭگىلارغا شۇنداقلا پۇرىتىپ قويسا ، ئارغامچىسىنى ئۈزۈپ مەھەللىنى بېشىغا كىيەرمىش ، ئۇچۇرغانلا مادىنى چىشلەپ تالاپ ، ئارقىسىدىن قوغلاپ ئارام بەرمەسمىش . ناۋادا سىلىمۇ ئىچىپ كەيپ بولۇپ قالسىلا ، باغلانجا تۇشلماسمىكىن دەپ ئەنسىرەپ قالدىم.

— بۇ مەيزاپنىڭ راستىلا شۇنداق ھېكمەت ـ سىرلىرى بارمىكەن؟ — ئىككىسى تەڭلا سوراشتى .

— بولمىسا ئۇنىڭ شۇنداق داڭقى چىقىپ كېتەمدۇ؟ —سايىمجان ھەييارلىق بىلەن كۆزىنى قىسىپ قويدى، — بىلىپ قېلىشسىلا ، كۈچىنى كۆرۈپ قېلىشسىلا ، نېچاغدىن بېرى مۆگدەپ يۈرگەن خوتۇنلىرىنىڭ بۈگۈن ئۇيقۇسى ئېچىلىپ ، «جان ئانا» دېمىسە بۇ مەيزاپ ھارام بولۇپ كەتسۇن.

كاملجان يەنە بىر پىيالە قۇيدى ، داۋۇت مەيچى ئىتتىكلا قولىنى سۇندى .

— ئىنساپ داۋۇتاخۇن ، ئىنساپ! ئازراقلا گېلىم سىقىلىپ چاقىرىپ قويسام ، ئەمدى ئاشقا تاشلانغان پوكانايدەك قول سۇنۇپ ئولتۇرالماي كەتتىلىغۇ؟ توختىسىلا ، ئالدىرىماي نۆۋەتتە كېلىدۇ دەيمەن، — كاملجان ئات سۇغۇرغاندەك ئىسقىرتىپ تۇرۇپ چىنىدىكى مەيزاپنىڭ ھەممىسىنى بىر كۆتۈرۈشتە ئىچىۋەتتى . ئۇنىڭ ئورا كۆزلىرى خۇمارلىشىپ بارغانسېرى تېشىغا تەپمەكتە ئىدى . داۋۇت مەيچى ئەمدى قاپاقتىكى شارابتا ئۆزىنىڭ نېسىۋىسى قالمىغاندەك ، ھەرقانچە يېلىنىپ يالۋۇرسىمۇ بىرەر پىيالە شارابقا ئېرىشەلمەيدىغاندەك

لەسسىدە ئولتۇرۇپ قالدى.

— مانا ، بازار دېگەن مۇشۇ، — سايىمجان ئۆز نۆۋىتىنى بىر تەرەپ قىلىپ بولغاندىن كېيىن ، ئالىقىنى بىلەن دىردىيىپ تۇرغان قارامتۇل لەۋلىرىنى سۈرتۈپ قويدى، — مېلىڭ جىڭ بولسا ، بازارغا بىرىپ كىشلەر بىلەن بىر موچەننىڭ ئۈستىدە تاك ـ تاك ئويىنىماي كۆرپەڭنى قات ـ قات سېلىپ ، ئاللا يارىمغا دۆڭ تۇۋلاپ ياتساڭمۇ خېرىدار دېگەن ئۆزى بوسۇغاڭنى ئاۋات قىلىپ بازارغا ئايلاندۇرىدۇ . ئالىلىكمىلەرنىڭ ئالدىدا سارغىيىپمۇ يۈرمەيدىغان گەپ ، سىلەر نېمىشقا بۇ ئىشنىڭ كەينىگە كىرىپ باقمايسىلەر؟ ئۇنىڭ ئۈستىگە بۇ دېگەن بازار يېرى تۇرسا ، تىجارەتنى قانداق قىلساڭلارمۇ ئېقىۋېرىدۇ ئەمەسمۇ؟

سايىمجان بارغانسېرى قىزىشىپ ، بۇ ئىشتىن كىرىدىغان پايدىنى كونا چوتاكەشتەك ھېسابلاشقا باشلىدى ، ئۇنىڭ ئېغىزىغا قاراپ ئولتۇرغان ئىككى ئۈلپەتنىڭ بېشى ۋاڭشىپ كەتتى.

— شۇنداق پايدا چىقىدىغان ئىش بولسا ، سىلە نېمىشقا قىلمىدىڭلا؟ — ئاسماقچىلاپ سورىدى كاملجان ئىشەنمىگەندەك قىلىپ.

— مېنى شۇنداق قىلىشنى ئويلىمىدى دەمسىلە؟ — ئۇ كاملجاننىڭ بۇ سوئالدىن رەنجىگەندەك چىرايىنى پۈرۈشتۈرۈپ قويدى، — لېكىن بىزنىڭ ئۆي مەسچىتكە يېقىن ، ئىمامنىڭ كۆزىدىن ھېچقانداق ئىشنى يوشۇرۇپ قىلىش مۇمكىن ئەمەس ، ناۋادا سېزىپ قالغۇدەك بولسا ئۆيۈمگە ئوت قويۇۋېتىشتىن يانمايدۇ.

— مېنىڭ بىر ئوبدان تىجارىتىم بار، — كاملجان قاپاقىقا قول سوزدىيۇ ، داۋۇت مەيچىنىڭ بىلىنى رۇسلاپ، ئۇۋغا تەييارلانغان بۈركۈتتەك بېشىنى كۆتۈرگىنىنى كۆرۈپ ئىتتىكلا قولىنى تارتىۋالدى، — مەن بازاردا ساتىراشلىق قىلىمەن ، ھېچكىم مېنى ئۇيان تۇر ، بۇيان تۇر دېيەلمەيدۇ . قولۇمدىكى نانىمۇ تارتىۋالالمايدۇ . شۇنداق قىلىشقا ھەددىمۇ؟ مەن ئاشۇ ئۈستىرامغا تايىنىپ نان تېپىپ يەيمەن.

داۋۇت مەيچى كاملجانغا قاراپ ئالىيىپ قويدى ، چۈنكى ئۇ داۋۇت مەيچىنىڭ نەق يۈرىكىدىكى جاراھەتنى تاتىلاشقا باشلىغانىدى . شۇ ئىش يادىغا يەتسىلا سەپرايى ئۆرلەيتتى . ئۆزىنى غايەت زور قورام تاشنىڭ ئاستىدا قالغاندەك ، ئاشۇ تاشنى ھېلىقى پور كۆتەك ئوغرى دەسسەپ تۇرغاندەك ، ئۇنىڭ پۇتكۈل ۋۇجۇدى ئاشۇ قورام تاشنىڭ ۋەزنىدىن ئەمەس ، نومۇس كۆچىدىن پارە ـ پارە بولغاندەك ھېس قىلاتتى.

— خەقنىڭ ئېڭىكىنى سىلاپ يۈرۈشنىمۇ بىر ئوبدان ئوقىتىم بار دەپ كەتكۈلۈكمۇ؟ — داۋۇت مەيچى مەنسىتمىگەندەك بېشىنى چايقىدى، — سوپۇن ماغزىپىغا چىلىنىپ ، ھە دېسە قىل ـ چۇپۇر يەپ يۈرىدىغان گەپقۇ ئۆزى.

— خەقنىڭ ئېڭىكىنى سىلاش قاغا چوقۇۋالغان تاپىنىڭ كونا تېرىسىدە ئىشلەنگەن لاتىپۇرۇشلارنىڭ ئارىسىدا بىخسىپ ئولتۇرغاندىن كۆپ ياخشى ـ دە، — مەيزاپىنىڭ كەيپىدە قىزىشقان كاملجانمۇ تېرىكتى، — ماكچىيىپ كەتكەن ئىسكەتسىز ئاياغىنىڭ قونجىغا تۇكۇلۇپ ـ مىشقىرىپ يۈرگەندىن قىل ـ چۇپۇر يېگەنىمۇ ياخشىراق!

ئۆز ھۈنىرىنىڭ مۇنداق مەسخىرە قىلىنىشىغا چىداپ تۇرالمىغان داۋۇت مەيچى پەشلىرىنى قېقىپ ئورنىدىن تۇردى ۋە سايىمجاننىڭ «ھاي ، ھوي» لىرىغىمۇ پەرۋا قىلماستىن سىرتقا ماڭدى.

## 3

دەرد ئۈستىگە دەرد ئارتىۋالغان داۋۇت مەيچىگە بەكمۇ ئۇزۇن بىلىنگەن بۇ كېچە ئاخىر ئۆتۈپ كەتتى . تاڭ ئاتتى ، ياز مەۋسۇمىنىڭ ئوچۇق ئاسمىنىدا قىپقىزىل چوغلانغان شەپەق ئاستا ـ ئاستا كۆتۈرۈلمەكتە ئىدى . ئۇنىڭدىن تارىغان تالا ـ تالا قىزغۇچ نۇر كوكاتلار بىغىشدىكى شەبنەم تامچىلىرىنىمۇ قىزارتىپ ، بەئەينى تۇنجى توي كېچىسىنى ئۆتكۈزگەن كېلىنچەكنىڭ مۇنچىدىن چىقىپ ئېرىگە قارىغاندىكى يۈزلىرىگە ئوخشىتىپ قويغانىدى . ئەتراپتىن تاڭ پەيزىگە چۈمگەن قۇشلارنىڭ شادلىق ناخشىسى ياڭرايتتى.

داۋۇت مەيچى ئۇيقۇسىزلىقتىن ئېغىرلىشىپ ، قاپاقتەك ۋاڭشىپ تۇرغان بېشىنى تەستە كۆتۈرۈپ ئۆيىدىن چىقتى . ھويلا ئالدىدىكى توپىلىق يولدىن ھېلىلا بىرسى پادا ھەيدەپ ئۆتتىمىكىن ، ئەتراپتىن نېپىز بىر قەۋەت توپا بۇخسۇپ تۇراتتى . ئۇ نېمىشقىكىن كاملجاننىڭ ھويلىسى تەرەپكە قاراپ قويدى . ئېغىر قوش قاناتلىق دەرۋازا ھەم ئېتىلگەن ، كاملجاننىڭ بازارغا ماڭغان ـ ماڭمىغانلىقى ، سايىمجاننىڭ كەتكەن ـ كەتمىگەنلىكىنى بىلگىلى بولمايتتى . ئۇ ئاخشامقى سۆھبەتنى يەنە بىر قېتىم ئەسلەپ ئۆتتى . گەرچە كاملجاننىڭ كەيپىلىكتە دېگەن گەپلىرى ئۇنىڭ زەردىسىنى قايىنىتىپ

تۇرسىمۇ ، لېكىن سايىمجاننىڭ دېگەنلىرى ئويلىنىپ بېقىشقا ئەرزىيتتى . مىياڭلىمىغان مۈشۈكنىڭ گۆشنى ئاز يېگىنى نەدە بار؟ ئىشنى جىمجىتلا ، شەپىسىزلا بىر تەرەپ قىلسا كىم بوران چىقىرىپ بىرنەرسە دېيەلەيدۇ؟ لېكىن ، ھەر ھالدا يېتەرلىك مەبلەغ ، بەزىبىر شارائىت بولمىسا بۇ ئىشنى ھە دەپلا باشلىغىلى بولمايتتى . ئۇ ئەترابقا ئالاڭلاپ قاراپ ، مەھەللە يولىدا بىر پەس ئايلاندى . كىچىك ئېرىقتا شوخلىنىپ ئېقىۋاتقان بىر تارام سۇ ، غوۋچىدە مېۋىلىرى قىزىرىشقا باشلىغان قەدىمىي جىگدىلەر ، سۆيدۈك پۇراپ باش بىغىنى ئۆزەلمەي تېپىرلاۋاتقان ياش ھاڭگا ، يول بويلىرىدا مېكىيان قوغلاپ يۈگۈرۈپ يۈرگەن چۈجە خوراز... بۇ مەنزىرىلەر ئۇنىڭ خىيالىغا كىرىپ چىقمايتتى . تۇيۇقسىز ئۇنىڭ يادىغا يەنە سايىمجاننىڭ ئاشۇ بىمەززە سۆزلىرى كېلىپ قالدى.

— بۇ شارابنىڭ شۇنچىلىك خاسىيىتى باركى ، نېچاغدىن بېرى ئۇيقۇسى ئېچىلمىغان خوتۇنلىرىڭلا «جان ئانكا» دېمىسە ھېساب ئەمەس...

ئۇ ئاخشام ئۆزىنىڭ ئاچچىق يۇتۇپ جىمجىتلا ياتقىنىنى ، بىمەھەل يۇتقان ئاچچىقنىڭ شارابنىڭ خاسىيىتىنى كېسىپ يوقىتا چىقارغىنىنى ئويلاپ سوغۇق كۈلۈپ قويدى.

— دەسلىپىدە ئېتىكاپتا ئىستىقامەت قىلىۋاتقان مۆنەججىمدەك مىسلداپ ئولتۇرغان سايىمجاننىڭ بىردىنلا شارابنىڭ خاسىيىتى ئۈستىدە شۇنچىۋالا كاپشىغىنى قىزىقتە ، ئۇ نېمە مەقسەتتە شۇنداق دەيدىغاندۇ؟ ياكى مەيزاپچى بۇ يەردىمۇ بىر بازار ئېچىش ئۈچۈن ئۇنى ئاتايىن قايىنۇقتا ئەۋەتكەنمىدۇ؟ ناۋادا مېنىڭ شۇنداق بىر تىجارەتنى باشلىۋالغىنىمنى ئۇقسا ، قايىنۇقلۇقلار نېمە دەپ قالار؟ مېنىڭ جان بېقىش ئۈچۈن شۇنداق يولنى تاللىغىنىمنى ئۇلار چۈشىنەرمۇ؟

داۋۇت مەيچى باش ــ ئايىغى يوق خىياللار بىلەن مەھەللە ئېچىنى نەچچە ئايلانغان بولسىمۇ ، كاللىسىدا ھېچبىر پىلان شەكىللەنمىدى . شۇنىڭ بىلەن ئۇ لىڭشىپ مېڭىپ ئاسفالت يولغا چىقتى ــ دە ، سەۋدا كېسىپ كېلىش ئۈچۈن بازارغا قاراپ يۈرۈپ كەتتى.

ناھىيە بازىرى ئاۋۋالقىدەكلا بىر تەرىزدە كىشىلەرنىڭ شاۋقۇن ــ سۈرەنلىرى بىلەن گۇڭۇرلاپ تۇراتتى . ئالارمەندىن ساتارمەن كۆپ بۇ بازاردا ھەقىقەتەن بىر خىل ئېچىرقاش ، تەمە ، بىر ــ بىرىگە يوشۇرۇن خىرىس قىلىشلار ھۆكۈم سۈرمەكتە.

داۋۇت مەيچى نېمە ئۈچۈندۇر ياماقچىلار رەستىسىگە قاراپ يول ئالدى . ئۇ ئاشۇ كۈنى ئۆزىنى كونا چاپاندەك چۆرۈۋەتكەن پور كۆتەكنىڭ قايسى ھالدا ئىكەنلىكىنى كۆرۈپ بېقىشنى ئويلىدىمىكىن ، ياكى ئۆزى پاتمىغان ئاشۇ بازاردا ياماقچىلارنىڭ قانچىلىك ھاللىنىپ ، قانچىلىك نەپدار بولغانلىقىنى بىلىپ باقماقچىمىكىن؟ ئىشقىلىپ شۇنىڭغا ئوخشاپراق كېتىدىغان بىر قىزىقىش ئۇنى يەلكىسىدىن ئىتتىرىپ ، مىچىلداپ تۇرغان مەيدانىكى ياماق بازىرىغا ئېلىپ كەلدى . ئۇ ئاستا ئايلىنىپ قايسى كۈنى ئۆزى ئورۇن راسلىغان يەرگە كەلگەندە ئاشۇ پور كۆتەكنىڭ بېشىنى چاتىرىقىغا ساڭگىلىتىپ خىيال سۈرۈپ ئولتۇرغانلىقىنى كۆردى . خېرىدارسىز بازاردا ئۇ بەكمۇ بىچارە كۆرۈنەتتى . داۋۇت مەيچى قەستەن گېلىنى ياساپ يۆتىلىپ قويدى . ئېغىر خىياللار قوينىدىن سۇغۇرۇلۇپ چىققان پور كۆتەك ئىتتىكلا بېشىنى كۆتۈرۈپ ئۇنىڭغا ئىلتىجالىق نەزەردە تىكىلدى.

— كەلسىلە مېھمان ، ئاياغ دېگەننى يالىغاندەك پارقىرىتىمەن ، ھۈنەر دېگەننى يىپ ماڭمىغاندەك قىلىمەن ، ئەرزىمىسە پۇل ئالمايمەن ، كەلسىلە...

داۋۇت مەيچى بىردىنلا ئۇنىڭغا قاراپ توختاپ قالدى . ھەيرانلىقتىن كۆزلىرىنى چوڭ ئاچقىنىچە ئۇنىڭغا تىكىلدى . ئۆز دۇكىنى ئالدىدا توختىغان بىرىنى كۆرگەن پور كۆتەكنىڭ چىرايىغا ئىللىق تەبەسسۇم ، خۇشال كۈلكە يامرىدى . ئۇ ئىتتىكلا ئورنىدىن تۇرۇپ داۋۇت مەيچىنى يېنىغا چاقىرىپ ئورۇن كۆرسەتتى.

— كەلسىلە ، ياماق بولسا سۇ كىرمىگۈدەك ، شامال ئۆتمىگۈدەك ياماپمەن ، ئاياغنى يالىغاندەك پارقىرىتىمەن ، بۇ بازاردا مېنىڭ ئالدىمغا ئۆتىدىغان كاسىپ يوق ، كەلسىلە...

داۋۇت مەيچىنىڭ ھەقىقەتەن ئۇنىڭغا ئىچى ئاغرىدى . بۇ بازاردا ئۇنىڭ ئالدىغا ئۆتىدىغان ھۈنەرۋەننىڭلا ئەمەس ، ئۇنىڭدىن ئېشىپ چۈشىدىغان بىچارىنىڭمۇ يوقلۇقىغا شەكسىز ئىشەندى . شۇ تۇرقىدا پوركۆتەك ئۇنىڭ كۆزىگە بىر ھۈنەرۋەن ئەمەس ، ئۆزىگە قاراپ قول سوزۇۋاتقان قەلەندەردەك كۆرۈندى . ناۋادا ، يانچۇقىدا سېرىق سىنتنىڭ پارچىسى بولغان بولسا ، ئۇ بېشىدىن ئۆرۈپ پور كۆتەكنىڭ ئالدىغا تاشلىغان بولسا ، ئۇ خۇشاللىق بىلەن قوبۇل قىلارمىدى ياكى قايسى كۈندىكىدەك غەزەپكە كېلىپ داۋۇت مەيچىنى كونا چاپاندەك چۆرۈۋېتەرمىدى؟ ياق ، پور كۆتەكتە ئۇنداق جاسارەت بۈگۈن كۆرۈنمەيتتى.

— يامايدىغان يۈرەك بار ، دەرد كىرمىگۈدەك ئېتە-

لەمدىلا؟

— نېمە؟ يۈرەك؟ — پور كۆتەك ئۇنىڭغا قاراپ دەقىقە ئىچىدە تۇرۇپ قالدى، — ساراڭ بولۇپ قالغان ئوخشىمامدىلا؟ نەدىمۇ يۈرەك دېگەننى يامغىلى بولسۇن؟ قىلىپ كۆرمىگەن ھۈنەرگۇ بۇ؟ مېنى كولدۇرلاتماي يوللىرىغا ماڭسىلا، ئا... نەدىكى بىر دەلدۈشكە ئېغىز ئۇپراتقىنىمنى كۆرمەمدىغان، — پور كۆتەك لاسىسىدە ئولتۇرۇپ قالدى.

داۋۇت مەيچىنىڭ ئىچى بوشاپ، ئۆزىنى قۇش پېيىدەك يەڭگىل سەزدى. ئۇ شۇ تۇرقىدا سەللا يۈگۈرسە قانات قېقىپ ئۇچامدىكىن؟ ئادەم دېگەنگە خۇشاللىق شۇنداق يارىشامدىغاندۇ؟ قايسى كۈنى ئۇ بىر ئۆزى دادىسىنىڭ تاۋۇتىنى كۆتۈرۈپ ماڭغاندەك، قەدەملىرى بەكمۇ ئېغىر بىلىنگەن بولسا، ئەمدىلىكتە ئۆزىنى ئۇچۇشتىن ئاران ـ ئاران تۇتۇۋېلىۋاتقاندەك يەڭگىل چامدىماقتا ئىدى.

— توغرا، پۇل تېپىش كېرەك. چوقۇم پۇل تېپىش كېرەك! قانداق يولدا بولمىسۇن بىرەر ئوقەتنىڭ بېشىنى تۇتۇپ يانچۇقنى تومۇلىغاندا، ئاشۇ پور كۆتەكلەرنى ئاياغنى يالىغاندەك مايلاتقىلى، گىدىيىپ ئولتۇرۇپ ئالدىدا باش ئەگدۈرگىلى بولىدۇ. مەن بىر ئىش قىلاي، ئۆيدە مەيزاپ ساتسامۇ مەيلى، پۇللا تاپىدىغان ئىش بولسا ئەمدى ھەرگىز قاچمايمەن، كىمنىڭ نېمە دېيىشى بىلەن پەرۋايىم پەلەك!

ئۇ شۇ خىيال بىلەن كامىلجاننى ئىزدەپ ساتىراشلار قاتارىغا كەلدى.

— ھە، كەپقاپتۇققۇ؟ — ئۇستىرا كېسىۋەتكەن تازنىڭ بېشىغا ماز چاپلاۋاتقان كامىلجان ئۇنىڭغا سوغۇققىلا قاراپ قويدى.

— مۇنداقمۇ ھۈنىرىم بار دەڭلا قوشنام، — داۋۇت مەيچى پەرۋايىغا ئالمىغان قىياپەتتە ئۇنىڭغا چاقچاق قىلدى، — مېنىڭ سۈننەتىمنى كەسكەندە نەدە قالغان بولغىيدىڭلا كامىلاخۇن؟ ھەجەپ ئوبدان مازلايدىكەنسىلە ئەمەسمۇ؟ ۋاي ئىسىت، ئانام رەھمەتتى قان شۇنداق كۆپ چىقىپ كەتكەن دەۋاتقان...

— ئەتىگەندە بىر يېرىڭلا قىچىشىپ، مېنىڭ بېسىقتۇرۇپ قويۇشۇمنى تىلەپ كەلگەن ئوخشىمامسىلە؟ — ئۇنىڭ بۇ چاقچىقىغا يا ئاچچىقلىنىشنى، يا كۈلۈشنى بىلمىگەن كامىلجان پوكاندەك قىزاردى.

— خاسىيەتلىك دورىنى بىزدىن قىزغىنىپ بىر ئۆزۈڭلا ئىچىۋالغاندىن كېيىن، ئۇنچىلىك ئىشنىڭ قولۇڭلىدىن كېلىدىغانلىقىغا ئىشەنمەيمەن، — داۋۇت مەيچى يامغۇردا قالغان ساماندەك ساپسېرىق چىشلىرىنى كۆرسىتىپ ھىجايدى، — قانداق، ئاخشام بىر يوللا «جان ئانا» دېگۈزگەنسىلە؟

— شۇ ئىشنى بىلمەك بولۇپ كېچىچە كۆزۈڭلىگە ئۇيقۇ كىرمىگەن ئوخشىمامدۇ؟ ئوغرى كۆزۈڭلىنىڭ چاپاقلىشىپ تۇرغىنى بىكار ئەمەسكەن ـ دە، ئۇنداق ئادەم دېگەن بىزنىڭ تۈڭلۈككە قۇلاق يېقىپ ياتساڭلا بولماسمىدى؟! — كامىلجانمۇ كۈلۈپ قويدى.

— بولدى قوشنام، ھەرقانچە چىچاڭشىپ بىرىمىزنىڭ ئۈستىگە بىرىمىز يۇندا چېچىپ يۈرسەكمۇ يەنىلا ئىشىكتىن چىققاندا دوقۇرۇشۇپ قالىمىز. ئۇنىڭدىن كۆرە نېمە خاپىلىقىڭلا بولسا كۆڭلۈڭلىدىن چىقىرىۋېتىڭلا، ئاخشام مەن ئوبدان قىلماپتىمەن، شۇڭا ئەتىگەندىلا سىلىدىن ئەپۇ سوراشقا كەلدىم. قوشنا دېگەن قىيامەتكىچە دەپتىكەن، ئاغرىنىپ ماي تارتىشىپ يۈرسەك، ناھايىتى كەلسە بىلىدىغانلارغا قىلىشقىلى گەپ تېپىپ بېرىمىز شۇ. قانداق دېدىم؟

— دېگىنىڭلا راست، — دېدى كامىلجانمۇ ئەستايىدىل قىياپەتتە، — خۇدا قوشقان قوشنىلار تۇرۇپ ئىت ـ مۈشۈكتەك خىرقىرىشىپ يۈرسەك، ئەھلى مەھەللە ئالدىدىمۇ سەت. مەندىن ئۆتكەن يەر بولسا سىلىمۇ رەنجىمەڭلا داۋۇتاخۇن.

— ئەتىگەن ئىش باشلىۋاپسىلە، يول بولسۇن قوشنام، مەن سىلىنى بىكارغا گەپكە تۇتۇپ، تېپىپ يەيدىغان نېنىڭلىدىن قۇرۇق قويماي، — داۋۇت مەيچى ئاستا كەينىگە ياندى ۋە بىر ئىش ئېسىگە كەلگەندەك چېپىدە توختاپ كامىلجاندىن سورىدى، — سايىمجان كېتىپ بولدىما؟

— ھەئە، ماڭغىلى بىر چۆگۈن قاينىمچىلىك ۋاقىت بولدى، — دېدى كامىلجان خېرىدارىنىڭ يۈزىدىكى چاچ توزۇندىلىرىنى سۈرتۈۋېتىپ، — قانداق، ئۇنى ئىزدەپ قاپتىمىزغۇ؟ يا ئاخشام مەيزاپىنىڭ كەيپى ئوبدان تۇتقان بولسا، قوشناچىم يەنە شۇندىقىدىن تېپىپ كەل دەپ قوغلىغان ئوخشىمامدۇ؟

— مەنمۇ بىر ئىش قىلايمىكىن دەيمەن، — دېدى داۋۇت مەيچى ئۇنىڭ چاقچىقىغا ئۇدۇللا جاۋاب بېرىپ، — ئۆيدە مەيزاپخانا ئاچسام، سىلىچە بولارمۇ؟

— بولمايدىغان نېمىسى بار؟ ئۇمۇ بىر تىجارەتقۇ؟ — كامىلجان خېرىدار سۇنغان پۇلنى تەكەللۇپ قىلىپ بىرئاز تۇرغاندىن كېيىن، «بىسمىللا» دەپ يەرگە بىر سۈرۈۋېتىپ يانچۇققا سالدى، — ھە داۋۇتاخۇن، ئاخشامقى

مەيزاپ راستلا تېتىپتۇ ـ دە ، شۇنداقمۇ؟

— تېتىشقۇ بىر گەپ ، سايىمجاننىڭ مەسلىھەتى مېنى شۇنداق خىيالغا كەلتۈرۈپ قويدى . ئۇنىڭ ئۇستىگە پۇلنىڭ كۈچىنى مەن يېڭىۋاشتىن كۆرۈپ قويدۇم كاملاخۇن ، شۇڭا بىر ئىش قىلىپ پۇل تاپاي دەيمەن.

— بۇ ئىشقا سايىمجاندىن مەسلىھەت ئالماقچىكەنسىلەر، — داۋۇت مەيچىنىڭ مەقسىتىنى چۈشەنگەن كاملجان بىكار بولغان پەلتەڭنى ئۇنىڭغا سۇندى، — بۇ ئاسان ، ئۇنىڭغا مەن خەۋەر قىلاي ، هايت دېسەملا ئۇنۇپ بولىدىغان نوچام ئۇ.

— ئەمىسە خەۋىرىڭلىنى كۈتىمەن ئاغىنە ، كەچتە سىلىنى ئۆيدىلا ساقلاي، — داۋۇت مەيچى ئۇنىڭ بىلەن خوشلىشىپ مەھەللىگە قاراپ يول ئالدى.

**4**

بىر مەزگىللىك ئالدىراشلىقتىن كېيىن ، كاملجاننىڭ ھە ـ ھۇلىرى بىلەن بۇ مەيزاپخانا داۋۇت مەيچىنىڭ ئىسلاش تاملىق ئاددىي ئۆيىدە پەيدا بولدى . ئەلۋەتتە ئۇمۇ ئاز رىيازەت تارتمىدى . بىر تەخەيلىك ئېشەك ، تۆت تۇياق قوي ، يەنە خوتۇنىنىڭ بىر دانە تەۋەرۈك ئۈزۈكى مەبلەغ قىلىپ سېلىندى . دەسلىپىدە ئىچەرمەنلەرنى كاملجان بىر ـ ئىككىدىن باشلاپ كەلدى . سايىمجان ئەكېلىپ بەرگەن ئون قاپاق مەيزاپنىڭ تەمى ئىچەرمەنلەرنىڭ تامىقىدا قالدى . ئاندىن بۇ ئالاھىدە مەيزاپخانىنىڭ داڭقى ئاستا ـ ئاستا يېقىن ئەتراپقا تاراشقا باشلىدى . ئاردىن ھېچقانچە ئۆتمەيلا ئۇنىڭ كەلتۈرگەن مەيزاپلىرى پاك ـ پاكىز تۈگىدى.

— ئىش چاتاق، — دېدى داۋۇت مەيچى بىر كۈنى ئەتىگەن يەنە كاملجاننى ئىزدەپ بازارغا كېلىپ، — ئۆيدە بۇرۇتنى نەمدىگۈچىلىكمۇ بىرنەرسە قالمىدى ، سايىمجان بۈگۈنلا يەنە بىرنەچچە قاپاق مەيزاپ كەلتۈرۈپ بەرمىسە ، كەچتە چۈپقەتلەر ئالدىدا سارغىيىپ قالىمەن .

— بازار كۆڭۈلدىكىدەك ئوخشىمىدۇ؟ — كاملجان ئۇنىڭغا ھەيرانلىق بىلەن تىكىلدى، — قايسى كۈندىكى ئون قاپاق مەيزاپنىڭ ھەممىسى تۈگىدىمۇ!

— ھېچنېمە قالمىدى كاملاخۇن ، ھەممىنى ئىچىپ بولۇشتى، — ئۇ ئۆتۈنۈش تەلەپپۇزىدا يېلىندى، — ئەمدى قوشنام ، ياخشىلىقنى ئاخىرغىچە قىلىپ سايىمجانغا بىر تونۇۋەتسەڭلا ، بۈگۈنلا يەتكۈزۈپ بېرىشىنىڭ ئامالىنى قىلسا ، بۇدا ئىككىڭلارغا ئېيتىدىغان ئوبدان بىر رەھمىتىم بار.

— ماقۇل داۋۇتاخۇن ، مەن ھازىرلا تونۇۋېتەي.

— ئەمىسە مەن تولۇق خاتىرجەم بولدۇم قوشنام، — ئۇ كاملجان بىلەن خوشلىشىپ توخۇ بازىرىغا باردى ۋە ئىچەرمەنلەرگە قورداق تەييارلاش ئۈچۈن بىرنەچچە توخۇ سېتىۋالدى . ئاندىن يەنە سەي ـ كۆكتات دېگەندەك لازىملىق نەرسىلەرنى ئېلىپ بىر ئېشەك ھارۋىسىنى كىرا قىلىپ مەھەللىگە قايتتى .

كەچكە يېقىن سايىمجانمۇ ئون قاپاق مەيزاپنى بىر كىرا موتسىكلىتىگە بېسىپ ئېلىپ كەلدى . بۇ چاغدا نەپسى تاقىلداپ ، كۈنى كەچ قىلىشقا تاقىتى قالمىغان بىرنەچچىسى ئاللىقاچان ئۇنىڭ يەرلىك «يازور» لىرىدىن ئورۇن ئېلىپ ، مەيزاپ جېدىلىنى باشلىغانىدى . ئاچقان يەرگە بارغان ئاشتەك يېتىپ كەلگەن مەيزاپنى كۆرۈپ داۋۇت مەيچىنىڭ گۇلقەقەلىرى ئېچىلىپ كەتتى . ئۇ سايىمجاننىڭ قولىنى تۇتۇپ ئۇزۇنىغىچە قويۇپ بەرمىدى.

— رەھمەت ، رەھمەت سايىمجان بۇرادەر ، قېرىندىشىم ، مېنى بىر تەڭلىكتىن چىقاردىڭىز . شۇ تۇرقىدا ئۇلار مېنى مەيزاپ چىچارتىش ئالدىدا تۇرغانىدى . قېنى كېلىڭ ، ئاۋۋال مەن سىزگە بىر چاي بېرەي.

— ياق داۋۇتاخۇن ، سىلى ئىشنى ئوڭ قىلىپ ئاۋۋال مېھمانلارغا قارىسىلا ، بىز دېگەن قېچىپ كەتمەيمىز، — سايىمجان ئۇنىڭ يەلكىسىدىن ئىتتەردى، — قېنى ، جېدەلخورلارنىڭ ئوتىنى ئۆچۈرۈش ئۈچۈن ئاۋۋال مەيزاپ ئەكىرسىلە.

داۋۇت مەيچى بىر قاپاق مەيزاپنى كۆتۈرگىنىچە قازناققا يۈگۈردى.

ھېرىپ چارچىغان كەچكى شەپەق يەنە ئەتىگەندىكى قىزىللىقى بىلەن تاغ ئارقىسىغا باش قويدى . كۆيگەن بۇلۇتلارمۇ ئاستا ـ ئاستا قىزىللىقىنى يوقىتىپ ، ئەتراپ كۆگۈم پەردىسى ئىچىدە بارا ـ بارا قاراڭغۇلاشتى . مەھەللە يولىدا پۇرۇقلاپ ئۆرلەۋاتقان توپا ـ چاڭمۇ بېسىققانىدى . ئەتراپتىن ئوت ـ بوغۇزغا تويمىغان ئېشەكلەرنىڭ جەھلى بىلەن ھاڭراشلىرى ، كىملەرنىڭدۇ ئۈنلۈك ئاۋازدا قىلىشقان پاراڭلىرى ، بەڭۋاش ئوغلىنى قىچقىرىپ تولاۋاتقان ئانىنىڭ بوغۇق ئاۋازى ، بازاردىن يانغان ئۇششاق يايمىكەشلەرنىڭ غالتەك ھارۋىسىدىن كېلىۋاتقان چاقنىڭ سۈركىلىش ئاۋازى قوشۇلۇپ ئاجايىپ بىر شاۋقۇنلۇق سىمفونىيىنى ھاسىل قىلغانىدى.

قاراڭغۇ كوچىلاردا ئوغرى مۈشۈكتەك ئەتراپقا ئەندىشىلىك بېقىپ كېلىۋاتقان قارا گەۋدىلەر بارغانسېرى

كۆپىيىشكە باشلىدى . بىردىن ـ ئىككىدىن كېلىشۋاتقان بۇ مەيخورلار دوقمۇشتىن قايرىلىپ داۋۇت مەيچىنىڭ غېرىبانە ھويلىسى ئالدىغا كەلگەندىلا «ئۇھ» دېيىشىپ ، ئەتراپقا بىر قارىۋەتكەندىن كېيىن ئۆزىنى ھويلا ئىچىگە ئېتىشاتتى.

ئىشلار ئەنە شۇنداق داۋاملاشماقتا . بىر ھەپتىگە قالمىغان ۋاقىت ئىچىدە ئىككى يول مەيزاپ كەلتۈرگەن داۋۇت مەيچىنىڭ قولىدا ئوبدانلا پايدا قالدى . بۇنى كۆرۈپ تاش چىراي خوتۇنىنىڭمۇ قاپىقى ئېچىلىپ ، چىرايىدا كۈلكە پەيدا بولدى . ئۇ زىرىسى ئۇچۇن ئالەمنى مالەم قىلىپ ، داۋۇت مەيچىنىڭ ياقىسىدا ئىلەڭگۈچ ئۇچقىنىنى ئويلىغىنىدا بىرئاز خىجىلچىلىقمۇ تارتقان بولدى.

ـــ شۇ چاغدا كەم ئەقىللىق قىلغانىكەنمەن، ـــ دېدى بىر كۈنى خوتۇنى داۋۇت مەيچىنى قۇچاقلاپ يېتىپ، ـــ ئوقىتمىزنىڭ مۇنداق بازار تېپىشىغا پەقەت كۆزۈم يەتمەي ، بىر زىرە ئۇچۇن كۆزۈمنىڭ يوندىسىنى ئېقىتىپ كېتىپتىمەن . رەنجىمىسىلە دادىسى ، مەن سىلىنىڭ ئالدىلىرىدا بەكمۇ خىجىل ، كەلسىلە ، شۇ كۈندىكى گۇناھىمنى بۇگۈن بىر يۇياي...

ـــ توختاڭلا ئانىسى.

ـــ نېمىشقا؟

ـــ مەيزاپتىن ئازراق...

ـــ بولدى ، بولدى ، بۈگۈن مانا مەن مەيزاپ ، قانچىلىك ئىچىمەن دېسىلە ئىختىيارلىرى...

ئۆي ئىچىدىن مۈشۈك سۇ ئىچىۋاتقاندەك يېنىك ئاۋاز كېلىشكە باشلىدى.

ـــ خۇ... خۇدا بۇيرىسا، ـــ قاراڭغۇلۇقتىن داۋۇت مەيچىنىڭ ھاسىراش ئارىلاش ئۈزۈك ـ ئۈزۈك ئاۋازى كەلدى، ـــ سو... سودىمىزدىن كۆز چىقماي مۇ... مۇشۇنداق يۈرۈشسە ، بىر يىلغا قالماي تە... تەۋەرۈك زىرەڭلىنى بىر ، ئۇ... ئۈزۈكىڭلىنى ئىككى قىلىپ بېرىمەن خوتۇن . مە... مەھەللىدە ھە... ھەممىنىڭ كۆ... كۆزىدىن ئوت چىقىرىۋېتىمەن ئوت...

ـــ بۇنداق چاغدا خۇدانىڭ ئىسمى سۈپاتىنى تىلغا ئالمىسىلا دادىسى ، يامان بولىدۇ.

ـــ نېمىشقا؟

ـــ چۈنكى سىلە ھازىر جۇنۇپ ، پاكىز ئەمەس.

ـــ ئەمىسە سىلىمۇ دېدىڭلىغۇ؟

ـــ نېمە ، مەنمۇ دېدىممۇ؟ ۋاي خۇدايىم...

ـــ يەنە خۇدا دەۋاتىسىلەغۇ؟ ـــ قاراڭغۇلۇقتىن داۋۇت مەيچىنىڭ خىر ـ خىر قىلىپ كۈلگەن ئاۋازى ئاڭلاندى.

ـــ بېشىنى يەيدىغان داۋۇتۇم ، ئادەمنى ئازدۇرۇپ گۇناھقا شېرىك قىلغانلىرى نېمىسى؟

ـــ سىلىنىڭ شۇنداق پات ـ پات ئېرىپ تۇرۇشۇڭلىنى بەكمۇ ئارزۇ قىلىمەن خوتۇن.

ـــ ھەشىلە دەپ بەرسەم ئېشىۋالمىسىلا ئەمدى، ـــ ئايال داۋۇت مەيچىنىڭ بېقىنىنى چىمدىدى.

ـــ ھە راست ، قىزىمىزنى كېلەر ئايدا مەكتەپتىن قويۇۋېتىدىكەن . نەرسە ـ كېرەكلىرىمنى ئەكېلىشكە دادام ئۆزى كەلسۇن دەپ بىر ساۋاقدىشىدىن تۇنۇپتۇ.

ـــ ئاخىر ئەپەندىم دېگەن دەيۈزلەردىن قۇتۇلۇپتۇ ـ دە! بىزنىڭ قۇلىقىمىزمۇ ئەمدى تىنجىپ قالغۇدەك، ـــ داۋۇت مەيچى يىرگىنىشلىك بىر ئىشنى تىلغا ئېلىۋاتقاندەك ئاۋازىنى غەلىتە چىقىرىپ خۇرسىنىدى، ـــ ئاشۇ يىلى ئۇنى مەكتەپكە بەرمەي سەيپۇڭ قىلىلى دەپ تۇرۇۋالغىنىمدا ، ئۇ كىراكەش ئەپەندىلەر مېنى مەكتەپكە ئاپىرىپ مۇزدەك ئىشخانىغا بىر كېچە سولىمىدىمۇ؟ ھازىرغىچە ئېسىمدىن چىقمايدۇ خوتۇن.

ـــ بىراق ، مەكتەپكە بارغاندىن كېيىن ئوقۇتقۇچىسى ئاسىيە خانىم ئۇنىڭغا بەك كۆپ ياخشىلىقلارنى قىلدى دادىسى ، بۇ ياخشىلىقلارنىمۇ ئەسلىرىدىن كۆتۈرۈۋەتمىگەنلىرى تۈزۈك .

ـــ بۇ خانىم بەك قاقۋاش ئىكەن ، ئۇ قىزىمىزغا ياخشىلىق قىلىپ ، بىرەر تال كونا كىيىم ، ئانچە ـ مۇنچە پۇل ـ پىچەك دېگەندەك نەرسىلەرنى تۇتقۇزۇپ قويۇپ ، ئۇنى ئۆزىگە يامان ئۆگىتىۋالدى ، ئەمەلىيەتتە بۇلارنىڭ قىزىمىزنى كۆندۈرۈۋېلىش ئۇچۇن قۇرۇلغان بىر قىلتاق ئىكەنلىكىنى كىم بىلمەيدۇ؟

ـــ بوپتۇ ، شۇنداقمۇ بولسۇن دەيلى ، ئەمدى قىزىمىز ئاشۇ قىلتاقتىن قۇتۇلۇپ قايتىپ كەلمەكچى ، ئۇنى يەنە سەيپۇڭ قىلىمىزمۇ نېمە؟ ـــ ئايال يەنە قوشۇپ قويدى، ـــ ھۈنەر ئۆگىتىدىغان ئىش بولسا قايسى ئۇستىغا تۇتقۇزىمىز؟

ـــ كىم ئۇنى ھۈنەرگە بېرىمىز دەپتۇ؟ ـــ قاراڭغۇلۇقتىن داۋۇت مەيچىنىڭ قوپال ئاۋازى ئاڭلاندى،ـــ ھۈنەرگە بېرىمىز دېگەنبىلەن قىز بالىنىڭ ئاتىقى يامان ، تۆشۈك تورلاشنى ئۆگىنىپ بولغۇچە قۇلىقىمىز ساق تۇرمايدۇ . ئەڭ ياخشىسى ئۇ يېنىمىزدا تۇرۇپ بىزنىڭ تىجارەتكە قارىشىپ بەرسۇن . ئىككى قولنى تۆت قىلالماي تۇرغاندا ، ئۇنى تەييار مەدىكار قىلىپ خەققە تۇتقۇزۇپ قويىمىزمۇ؟ ئۇنداق ئەخمەق داۋۇتاخۇن تېخى ئانىسىنىڭ

قورسىقىدىن يەرگە چۈشمىدى.

— لېكىن ئۇ قىز بالا تۇرسا ، مەستلىكتىن شەيـ-
تىنى ئۆرلەپ تۇرغان ھاڭگىلارنىڭ يېنىدا ئۇنى ساقلىماق
تەس بولارمىكىن؟

— بىز يېنىدا بارغۇ ، كۆز - قۇلاق بولىمىز خوتۇن .
ئەمدى ئۇخلايلى ، ئەتە يەنە قىلىدىغان ئىش بار . سەھەر
تۇرمىساق بولمايدۇ.

بىر پەستىن كېيىن بىرى قوپال ، يەنە بىرى تولىمۇ
رايىش ، يۇمشاق ، قوش كىشىلىك خورەك ئۆي ئىچىنى
لەرزان كېزىشكە باشلىدى.

5

تىجارەت دېگەن شۇنداق نەرسە . قىلىپ كۆرمىگەن
ئادەمگە نىسبەتەن ئۇنىڭ ئالغان ھەربىر قەدىمى پۇل!
ئەمما تىجارەتكە كىرىشكەن ئادەمگە نىسبەتەن ئۇنىڭ ئا-



ۋارىچىلىقلىرىمۇ يېتىپ ئاشىدۇ.

غىڭگىدە چىققان ئۇسۇرۇقنى ئىشتاننىڭ ئىچىدە
تۇتۇپ قالغىلى بولمىغاندەك ، قاينۇق مەھەللىسىدە ئاچا-
يىپ داڭلىق بىر مەيزاپخانىنىڭ دەۋر سۈرۈۋاتقانلىقىمۇ

كۆپ ئۆتمەي كىشىلەر تەرىپىدىن سېزىۋېلىندى . مە-
ھەللىنىڭ ئارامبەخشلىك كېچىلىرى مەيزاپ كەيپىدە
تەڭشەلگەن مەستلەرنىڭ بار ئاۋازى بىلەن چىڭقىلىپ
تۇرۇپ ئالتاغىل توۋلاشلىرى ، بىر - بىرى بىلەن كىمـ-
نىدۇر تالىشىپ ياقا سىقىشىپ مۇشتلىشىشلىرى ، يولدا
ئۇچرىغانىنى ئۇرۇپ سوقۇپ ، كېچىدە بىمالال سىرتقا
چىقىدىغان قىز - جۇۋانلارغا ساقال تاشلاشلىرى قاينۇق-
لۇقلارنى ساراسىمىگە سېلىپ قويىدى . كۆنلىرىنى تاپقان
نېسىۋىسىگە شۈكرى قىلىپ ئۆتكۈزۈپ ئۆگىنىپ قالغان
بۇ كىشىلەرگە ئۆز مەھەللىسىدە بىر مەيزاپخانىنىڭ
ئېچىلىشى — قىيامەتنىڭ باشلىنىشىدىن ، خاتىرجەم-
سىزلىكنىڭ ئەۋج ئېلىشىدىن دېرەك بېرەتتى . شاراب-
خورلۇقنى ھەممە جىنايەتلەرنىڭ مەنبەسى دەپ بىلىد-
غان قاينۇقلۇقلارغا نىسبەتەن بۇ مەيزاپخانىنىڭ ئېچىلـ-
شى كەچۈرگىلى بولمايدىغان جىنايەت ھېسابلىناتتى.

بىر كۈنى مەھەللە مەسچىتىنىڭ ئىمامى ئابلىز قارى
ئۇنىڭ يولىنى توستى.

— بۇ قىلغانلىرى بولماپتۇ داۋۇتاخۇن، — دېدى
ئىمام ئۇنىڭ كۆرۈشۈشكە تەڭلىگەن قوللىرىنى ئېتىبار-
سىز قالدۇرۇپ، — بىز سىلىنى خېلى دۇرۇس ئادەم دەپ
بىلىپ يۈرگەن ، ئۇنداق قىلىدۇ دەپ ھەرگىزمۇ ئويلى-
مىغان.

— مەن نېمە قىپتىمەن؟ — ئىمامنىڭ كۆرۈشۈشكە
قول بەرمەسلىكى ئۇنىڭ ئوغىسىنى قايناتىپ قويىدى —
خەقنىڭ ئېمىنى ئېشىپتىمەنمۇ؟ بىر كىمنىڭ كېلىنىگە
چاقچاق قىپتىمەنمۇ؟ يا بىرسىنىڭ ئارپىسىنى خام ئو-
رۇپتىمەنمۇ؟ قايسى قىلغىنىم ئوبدان بولماپتۇ؟

ئىمامنىڭ كۆزلىرى چەكچىيىپ كەتتى.

— ئىشتانغا چىققان كۆڭگۈلگە تايىن دېگەندەك ،
قايسى ئىشنى خاتا قىلغانلىرى ئۆزلىرىگە مەلۇملۇق ، بىز
يەنە ئەزمىسىنى ئېزىپ چۈشەندۈرۈپ يۈرمىسەكمۇ بولار، —
ئىمام ئۇنىڭغا مىختەك تىكىلدى، — لېكىن ، ئەلمـ-
ساقتىن بېرى پاك - پاكىز تۇرغان مەھەللىمىزدە سىلى-
نىڭ شارابخانا ئېچىپ ، كىشىلەرنىڭ ئەقلى - ھوشىدىن
ئېزىشىغا شارائىت يارىتىپ بەرگەنلىكلىرى پەقەتلا بول-
مىدى . گۇناھقا پاتتىلا داۋۇتاخۇن.

— خۇدا ھەرقانداق بەندىگە ئۆز رىزىق - نېسىۋـ-
سىنى تېپىپ يېيىشنىڭ يولىنى بەرگەن . ماڭا رىزىق
ئاشۇ مەيزاپخانىدىن كېلىۋاتىدۇ.

— سىلە دېھقان بولغاندىكىن ، رىزقىنى تېپىپ
يېيىش يەردىن بولسا تېخىمۇ ياخشى بولاتتى . ئەمما

سىلە...

— ھۆرمەتلىك ئىمامىم، — داۋۇت مەيچى ئۇنى مەسخىرە قىلغاندەك چىشلىرى ئارىسىدىن دانىمۇ دانە چىقىرىپ سۆزلىدى، — مەن ئاشۇ يەر بىلەن ھەپىلىشىپ يۈرگەندىن بېرى ھېچقاچان نېنىم بۇگۈنكىدەك پۈتۈن بولۇپ باقمىغان . خۇدا ماڭا ناننى پۈتۈنلەپ يېيىشنى مۇشۇ ئوقەتتىن ئىرادە قىلغان بولسا كېرەك . مەن مەيزاپ ساتتىم . لېكىن ھەرگىز ئىمان ساتمىدىم...

— سىلى... — ئىمام ئۇنىڭغا غەزەپ بىلەن ئالىيىپ قارىدى ، ئۇنىڭ كۆيە چۈشۈپ كەتكەندەك كۆرۈنىدىغان كۆتمەك ساقىلى دىر ـ دىر تىترىدى . ئۇ يەنە نېمىلەرنىدۇ دېمەكچى بولدىيۇ ، توختاپ قالدى . بىر ـ بىرىگە تىكىلگەن كۆزلەر ئۇستۇنلۈك تالىشىپ خېلى ئۇزۇن قارىشىپ تۇردى ، قارىچۇقلار تېلىپ ، كۆزلەر خىرەلىگەندىلا ئىمام يېشىنى قېقىپ يولغا راۋان بولدى.

كىچىككىنە مەھەللىدە نېمىنى يوشۇرۇپ بولۇش مۇمكىن؟ خاپىچىلىقتا ئۇدۇللا مەسچىتكە ماڭغان ئىمام ئارقىلىق بۇ سۆھبەتنىڭ مەزمۇنىدىن كىشىلەر بىردەمدىلا خەۋەر تېپىشتى . گۇناھقا پاتقان قارا يۈز داۋۇتنىڭ ئۇيالماستىن ئىمامغا دېگەن سۆزلىرى ھەقىقەتەن مەھەللىدىكىلەرنىڭ ئوغىسىنى قايىنىتىۋەتتى.

— نېمە دېگىنى بۇ؟ داۋۇت مەيچى ئۆلمەمدىغاندۇ؟

— قاراپ تۇرۇپ ئىمامغا شۇنداق ھۆرمەتسىزلىك قىلسا بولامدۇ؟

— ئاشۇ سولامچىنىڭ مەيزاپخانىسى ئېچىلغاندىن بېرى بۇ مەھەللە تىنجىپ باقتىمۇ؟

— قىلغۇلۇقنى ئۆزى قىلىپ بولۇپ يەنە ئىمامغا تەنە قىلغىنى نېمىسى؟

— بۇنداق ئېبلىسلارنى قوغلىۋېتىش كېرەك!

— ئاشۇ گۇناھى ئۈچۈن سولىۋېتىش كېرەك.

— ئوت قويۇپ كۆلىنى كۆككە سورۇش كېرەك...

— تېخى شۇنىمۇ رىزىق دەمدۇ كىشى؟ ھاراق سېتىپ تاپقان پۇل گالدىن تۆڭگۈزنىڭ پوقى بولۇپ ئۆتىدۇ جامائەت.

— ئەينى شۇنداق...

ھەر كىم ھەر نېمىلەرنى دېيىشەتتى ، غەزەپ ـ نەپرەت ۋۇلقاندەك پارتلايتتى . مەھەللە ئاسمىنىدا كىشىلەرنىڭ غەزەپلىك نىدالىرى گۈرۈلدىمەكتە ئىدى.

— پاھ ، نېمە قىلدىڭلاھوي، — كەچ كىرگەندە داۋۇت مەيچىنىڭ ئۆيىگە كىرىپ كەلگەن كاملىجان بوسۇغىدا تۇرۇپلا سوئالىنى تۆكۈۋەتتى، — ئاڭلىسام ئىمامغا شالىڭلىنى چېچىپسىلىغۇ؟

— ئاڭلىغاندىكىن سورىمايلا قويۇڭلا كاملاخۇن، — داۋۇت مەيچى يېرىمىنى چېكىپ بولغان موخۇركىسىنى ئۇنىڭغا سۇندى، — ئۆچەي دەپ قالغان قوقاسنى ئەمدى كوچىلىماڭلا . مېنىڭ شۇ تۇرقىدا ئۆتۈم تېشىپ تۇرىدۇ ، ئۇنى قايتا تىلغا ئالغۇم يوق.

— ھەممىنى ئاڭلىدىم قوشنام ، سەل ئېتىتكىلىك قىلدىڭىلمۇ نېمە؟ — كاملىجان موخۇركىنى شورىغاچ ئايۋاندىكى سۇپىنىڭ لېۋىگە كېلىپ ئولتۇردى، — قانداقلا بولمىسۇن ئىمام دېگەننىڭ جامائەت ئالدىدا ھۆرمىتى چوڭ ، ئالدىراپ مازارغا تاش ئاتىدىغان ئىش ئەمەس . بولمىسا تەخسىرات كېتىسىلەر ئەمەسمۇ؟!

— نېمە بولسام مەن بولاي، — دېدى داۋۇت مەيچى بىر قاپاق مەيزاپنى كۆتۈرۈپ قازناققا مېڭىۋېتىپ، — بىزمۇ يولدا كېتىۋاتقان ئات ـ ئېشەكنىڭ كۆتىدىن چۈشۈپ قالغان توك تېزەك ئەمەس ، ئۆزىمىزگە تۇشلۇق كۆڭلىمىز بار ئادەممىز . موللا تۇرۇپ بەندە بەندىدىن نومۇس قىلسا گۇناھ ئىكەنلىكىنى بىلمىسە ، بىر چىرايلىق كۆرۈشەيلى دەپ قول بەرسەم كۆرەر كۆزى يوق . ئۇنداق موللىدىن ئالدۇرمىغان ماۋۇ سۇنەت توكۇم ياخشى.

— ھاي ـ ھاي ، ئېغىزغا ئىگە بولىلى داۋۇتاخۇن، — كاملىجان قولىدىكى موخۇركىنىڭ قالدۇقىنى يەرگە تاشلاپ ، پۇتى بىلەن ئەزگەندىن كېيىن ئورنىدىن تۇرۇپ كەتتى، — ئالمادىس بىرەر ئىش چىقىپ قالسا...

— نېمە ئىش چىقاتتى؟ ئىش چىقسا يوغىنى پۇل ئالار؟ ئۇنداق مىتە ساقاللارنى سېتىۋالغۇچىلىكىم بار مېنىڭ، — داۋۇت مەيچى چۆپۈر باسقان مەيدىسىگە مۇشتلاپ قويدى.

— تاپقىنىڭلا بېقىنىڭلىغا ئۇسۇۋاتقان ئوخشىمامدۇ؟ — كاملىجان ئۇنىڭغا ھەيرانلىق بىلەن تىكىلدى، — ئۆتكەن كۈنى ئۇنتۇش ئادەمنى غەپلەتكە ئېلىپ بارىدۇ قوشنام . تېخى نەچچە كۈننىڭ ئالدىدا ياماق بازىرىدىن قانداق قوغلانغىنىڭلىنى ئۇنتۇپ قالماڭلا، ئۇزۇن جاھان بۇ.

داۋۇت مەيچى ئۇنىڭ سۆزلىرىنى جاۋابسىز قالدۇرۇپ يەنە قازناققا ماڭدى.

كاملىجان قوشنىسىنىڭ ئۆيىدىن كۆڭۈلسىزلا قايتىپ چىقتى . ئۇ ئاشۇ مىسلىداپ ، يەرنىڭ قوۋۇرغىسىنى دەسسىۋېتىشتىن ئېھتىيات قىلىپ قۇرتەك ياشاپ كەلگەن بۇ ئادەمنىڭ شۇنچە قىسقا ۋاقىت ئىچىدە يۈرىكىنىڭ بۇنچىلىك يوغىناپ ، ئۆزگىرىپ كەتكەنلىكىنى زادىلا ئەقلىگە سىغدۇرالمىدى.

«داۋۇت مەيچىنىڭ بۇنچە يۇرەكلىك بولۇپ كەتكىنىگە قارىغاندا ، تاپقان پۇلى ئاز بولمىسا كېرەك» دەپ ئويلىدى كاملجان، ئادەمنى سەكرەتكەنمۇ پۇل ، بار بىلەن يوقنىڭ ئارىسىدا قىلغانمۇ يەنىلا شۇ پۇل! ھەي ، دەسلەپىدىلا ئۈستىرا ـ كاپنى پۇلاڭلىتىپ يۈرگىچە ، سايىمجاننىڭ مەسلىھەتى بىلەن ئىشنى ئۆزۈملا باشلىۋالسامچۇ؟ مانا ، ساتىراشلىق قىلىپ تاپقىنىم تېخىچە قورساقتىن ئاشمايۋاتىدۇ . داۋۇت مەيچى بولسا جەرىمانە تۆلەشنىڭ كويىدا . بۇ قانداق بولغىنى؟ مەسلىھەت بىزنىڭ ئۆيدە بولسۇنۇ ، راھىتىنى باشقىلار كۆرسۇن . بۇ قاملاشمىدى . مەنمۇ... بىر ئىش قىلسام بولارمۇ؟ مەيزاپخانا . قاينۇقلۇقلارمۇ ئارقىدا غۇتۇلدىغان بىلەن داۋۇت مەيچىنىڭ بىر تال مويىغا تېگەلمىدىغۇ؟ ھەر كىم ھەر نېمە دېگەنبىلەن خەق تاپىدىغان پۇلنى ئوبدانلا تېپىپ ، تېخى ھېيىقماستىن ئۇنى ـ بۇنى دېگەننىڭ ئاغزىغا قاتلاپ تىقىپ يۈرمەمدۇ؟ مەيزاپخانا ئاچسام ، سايىمجان دېگەن مېنىڭ ئالىقىنىمدىكى ئادەم . ئۇنىڭغا ھايتلا دېسەم ئىش پۈتىدۇ . مەيزاپنىڭ ئەڭ ياخشىسى مېنىڭ بولىدۇ . توغرا ، يوغانلا بىر قاينۇق يېزىسى بىر داۋۇت مەيچىگە قاراشلىقمىدى؟ ھەركىمنىڭ رىزقىنى بەرگۈچى ياراتقان ئىگەم ئەمەسمۇ؟ توغرا ، مەن نېمىشقا بۇرۇنراق شۇنداق بىر خىيالنى قىلمىدىم؟ بۇرنۇمنىڭ ئاستىدىلا بىرسى رىزقىمنى قىرقىپ يۈرسە ، مەن ھېچ ئىش بولمىغاندەك ئاق يەردە كىشىلەرنىڭ ساقىلىنى قىرىپ نېمە قىلىمەن؟ ئاشۇ داۋۇت مەيچىنىڭ قولىدا قايىنىغان تىجارەتنى مەن قىلالمامدىمەن؟ ياق ـ ياق ، ۋاي ئەقىلسىزلىقىم...

ھەپتىدىن كېيىن داۋۇت مەيچى بىردىنلا چۆپقەتلىرىنىڭ ئازلاپ بېرىۋاتقانلىقىنى سەزدى . كۈندە لىققىدە ئولتۇرۇپ ، بەزىدە نۆۋەت كۈتۈپ ئۆيىنى بازار قىلىدىغانلارنىڭ ئايىغى ئۈزۈلۈپ بېرىۋاتاتتى . چاتاقنىڭ نەدىن چىققىنىنى ، ئىشنىڭ قەيەردىن ئوسەي كەتكىنىنى بىلەلمەي بىرنەچچە كۈنى ئۆتكۈزۈۋەتكەن داۋۇت مەيچى بىر كۈنى كەچتە سايىمجاننىڭ يوغان ـ يوغان كومزەكلەرگە قاچىلانغان مەيزاپلارنى كاملجاننىڭكىگە توشۇۋاتقانلىقىنى كۆرۈپ قالدى.

نېمە ئىش بۇ؟ كاملجان بىر ئۆزى ئۈچۈن مۇنچە مەيزاپنى نېمە قىلىدۇ؟ يا مەيزاپنىڭ باھاسى ئۆسىدىغان ئىش بولسا ، ئالدىن بېسىۋالاي دېدىمىكىنە؟ بىراق ، سايىمجان ئۇنداق بىر گەپنىڭ ئىس ـ بۇسىنى چىقارمىغانىدىغۇ؟ يا...

داۋۇت مەيچىنىڭ ئۇنىڭ نېرىسىنى ئويلاشقا كۆڭلى بارمىدى . يېقىن قوشنىسىنىڭ يەۋاتقان ئېشىغا چاڭ سېلىشنى ئۇ ھەرگىزمۇ خىيالىغا كەلتۈرمەيتتى . بەلكىم ، سايىمجاننىڭ توشۇۋاتقىنى باشقا بىر نەرسە بولۇشى مۇمكىن . ئۇ شۇ خىيال بىلەن كاملجاننىڭ ئۆيىنىڭ ئالدىغا باردى.

— نېمە توشۇۋاتىسىلە سايىمجان ئاداش؟ — سورىدى ئۇ كوپلەرگە قىزىقىپ قاراپ، — نېمە بۇ؟

— مەيزاپ! — غېمىدە يوق جاۋاب بەردى سايىمجان.

— نېمە؟ مەيزاپ؟ — دىككىدە چۆچۈگەن داۋۇت مەيچى ئىتتىكلا ئۆزىنى تۇتۇۋالدى، — كاملجانغا بۇنچە كۆپ مەيزاپ نېمىگە لازىم بولۇپ قاپتۇ؟

— سىلىنى يالغۇزچىلىق تارتىپ قالمىسۇن دېدىم داۋۇتاخۇن، — شۇ سوئالنىڭ ئۈستىگە چىققان كاملجان جاۋاب بەردى، — مەنمۇ تىجارەت قىلاي دېگەن ، ئىش باشلىغىلى ئىككى ـ ئۈچ كۈن بولدى . قانداق ، بوپتىمۇ؟

— بو... بوپتۇ ، ئوبدان بوپتۇ، — داۋۇت مەيچىنىڭ ئۇنى ئىچىگە چۈشۈپ كەتكەن ھالدا جاۋاب بەردى . ئۇ شۇندىلا نېمىشقا ئۆز قازنىقىنىڭ خېرىدارسىز قېلىۋاتقانلىقىنىڭ سىرىنى بىلگەندەك بولدى.

— ئىككى قوشنا بىر يەردە تىجارەت قىلساق،— دەپ قوشۇپ قويدى كاملجان، — يوقنى تەڭ تېپىپ ، بارنى ئۆزئارا سۇنۇشۇپ تېخىمۇ ئوبدان روناق تاپقۇدەكمىز . شۇڭا مېنىڭكىگىمۇ قۇرت كىردى داۋۇتاخۇن.

«قۇرت ئەمەس ، قىزىتىلغان لوم تۆمۈر كىرىپتۇ قوشنام، — ئىچىدە پىچىرلىدى داۋۇت مەيچى، — قىلىدىغان باشقا ئىش تاپالمىغاندەك ، مەندىن نان تالاشقىنىڭلا نېمىسى؟ شۇمۇ قوشنىدارچىلىق بولدىمۇ ئەمدى...»

كونىلار ئەزەلدىن «بىر قازاندا ئىككى قوچقارنىڭ كاللىسى پىشمايدۇ» دېيىشىدىكەن . ئەمما كىچىككىنە قاينۇقتا ، يەنە كېلىپ بىر ـ بىرىگە قاراپ تۇرىدىغان ئىككى ئۆيدە نەچچە قوچقارنىڭ كاللىسى ۋاراقلاپ قاينىماقتا . كاملجان سودىسىنىڭ ئۆزى كۈتكەندىنمۇ ئوڭۇشلۇق كېتىۋاتقىنىدىن سۆيۈنسە ، داۋۇت مەيچى ئۆز تىجارىتىنىڭ بارغانچە سوغا چىلىشىۋاتقىنىدىن ، شۇنچە كونا چۆپقەتلىرىنىڭمۇ تېزىپ كېتىۋاتقىنىدىن بىئارام بولاتتى . ئادەم دېگەن شۇنداق مەخلۇق بولسا كېرەك ، ھەر ئىككى ئۆيدىكى بىر ئۈستىنىڭ قولىدىن چىققان شاراب بولسىمۇ ، ئەمما يېڭىسىغا بولغان قىزىقىش تۆپەيلى ، خېرىدارلار بارا ـ بارا كاملجاننىڭ ئۆيىگە ئاقماقتا ئىدى...

مەھەللىدە ھەممىلا ئادەم كامىلجاننىڭ مەيزاپخانا ئىچىشىنى داۋۇت مەيچىدىن كۆردى ، «خىيالىدا يوق ئادەمنى قىزىتىپ ، مەيزاپخانا ئىچىشقا سەۋەبچى بولغان دەل ئاشۇ ئىشەك نەسلى ، دوزاخقا تۇتۇرۇق بولغۇچى داۋۇت مەيچى» دېگەن گەپ ئۇلۇغ ـ ئۇششاقنىڭ ئېغىزىدا ئېقىپ يۈرەتتى . «ئىشنى بۇزغان ئانىسى ، چاقنى بۇزغان تانىسى» دېگەندەك ، كامىلجاننى بۇزغان ئاشۇ نەس باسقۇر داۋۇت مەيچى دەپ قاينايتتى پېشقەدەملەر . ئەمەلىيەتتە داۋۇت مەيچى كامىلجاندىن خاپا ئىدى . ئۇ قوشنىسىنىڭ مەيزاپخانا ئېچىشىنى ئۆزىگە قىلىنغان چىدىماسلىق ، ھەسەت ، يېگەن ئىشىغا توپا چاچقانلىق دەپ بىلەتتى . ئۇ مېنىڭ چۆپقەتلىرىمنى تارتىۋېلىپ سودامنى بۇزدى دەپ بۇ قوشنىسىدىن ئاغرىناتتى...

«مانا ، كامىلجان با جوجاڭنى يولغا سېلىۋەتكەندىن كېيىن ، ئۆزىچە ئىسقىرتىپ كىرىپ كەتتى . تېخى ئەمەلدارنىمۇ ئۆگىتىۋاپتۇ دېسە ، قارىغاندا ئۇنىڭ تەييارلىقى بوش ئەمەسكەن ـ دە! شۇنىڭغا يارىشا تاپقان پايدىسىمۇ مېنىڭكىدىن نەچچە ھەسسە ئارتۇق... چۈنكى ، ئەمەلدار دېمەك ــــ پۇل دېمەك . قارىغاندا ئۇ تورنىڭ ئەڭ يوغىنىنى تاشلاپتۇ ـ دە! ۋاي ئىچى قوتۇر كاساپەت ، تاپقان ئىككى ـ تۆت تال پۇلۇمغا كۆز قىزارتمىساڭمۇ ساڭا قىلغۇدەك ئىش چىقار ئىدىغۇ؟!»

ئۇنىڭ ئۇجمە كۆتىكىدە ئولتۇرۇۋېرىپ كاسىسى ئاغرىپ كەتكەنىدى . داۋۇت مەيچى ئورنىدىن تۇرۇپ تازا بىر كېرىلدى ـ دە ، ئۇستىخانلىرىنىڭ غاراسلىشىدىن بىر خىل ھوزۇر ھېس قىلدى . ئۇ كۆز شامىلىنىڭ بارغانسېرى ئەدەپ كېتىۋاتقانلىقىنى ، ئۆزىنىڭمۇ توڭلاپ كەتكەنلىكىنى سېزىپ ، كامىلجاننى غايىۋانىسىغا بىرنەچچىنى تىللىغىنىچە ئۆيىگە ماڭدى.

داۋۇت مەيچىنىڭ كۆزىدىن ئوت چىقىرىپ تېگىشلىك ئەدىپىنى بەرگەن ئايال خارقىراپ بىر خىلدا ئۇخلىماقتا ئىدى . ئۇ سەل ئاغرىپ تۇرغان كۆزلىرىنى سىلاپ قويغاندىن كېيىن ، ئىشتاننىڭ پۇل سېلىنغان يانچۇقىنى تۇتۇپ باقتى ۋە سامان تەكىينىڭ ئاستىغا تىقتى . يوتقاننى ئاستا قايرىپ بولۇپ يەنە يېپىپ قويدى . چۈنكى ، ئەمدى ئۇ يوتقانغا پۈركىنىپ ، خوتۇنىنىڭ كۆكسىنى سىلاپ قانچە ياتسىمۇ قاچقان ئۇيقۇسىنى تېپىۋالالمايتتى . ئەتراپتىن خورازلارنىڭ ئىككىنچى قېتىم چىللىغان ئاۋازى كېلىشكە باشلىدى . دېمەك ، تاڭغا ئاز قالغانىدى . ئەمدى ئۇ ئۇخلايمەن دېسىمۇ ، كۆزى ئېلىنار ـ ئېلىنمايلا كۈن چىقىدۇ . يېڭى بىر ھاياتلىق باشلىنىدۇ . جان ساقلاش ئۈچۈن يەنىلا تىپىرلاش ، يوقنىڭ ئارقىسىدىن قوغلاش كېرەك . ئۇ تورۇسقا قاراپ ئاچچىق يۇتقىنىچە خىيال سۈرۈشكە باشلىدى.

ئەجەب ئىش ـ ھە؟ بۇ كەمدە ئادەملەردە يۈز قالماپتۇ . ۋاي داۋۇتۇم دەپ يۈرگەن خېلى كونا چۆپقەتلىرىممۇ خۇددى ئىسسىق ئۆتكۈزۈپ ئۆگىتىۋېلىنغان جالاپتەك كامىلۋايىنىڭكىگە كۆنۈۋاپتۇ . مەن ئۇلارغا نېمە قىلغان؟ شۇ بۇيرۇتقىنىنى ھايالشىمايلا ئالدىغا تەقلەپ ، شاھ ـ ۋەزىرلەرنى كۈتكەندەك پالاقلاپ ، رەھمەتلىك دادامغا قىلمىغان ھۆرمەتلەرنى كۆرسەتكەنلا گۇناھىم بار . كامىلجان دېگەن دەيۈز ئۇلارغا نېمە قىلىدىكىنا؟ ھەجەپ سۇ چوڭقۇرغا ئاققاندەك ، ھەممىسى شۇنىڭكىگە يۈگۈرۈۋاتىدىغۇ؟ توختا ، بۇنىڭ بىر ئامالىنى قىلمىسام بولمىدى . يار ئالغان يەرگە بۆكەگ① قويۇش ئەلمىساقتىن تارتىپ بار ئىشقۇ؟! ھە ، مەنمۇ بۇ يارنىڭ ئاۋۋال نەدىن ئېلىنغانلىقىنى ، ئۇنىڭغا بۆكەگنى قانداق قويۇشنى ئېنىقلىشىم كېرەك . بۇ ئىشنىڭ تېگىگە يەتمەي قويمايمەن...

تاڭ ئاتتى . ئۇيقۇسىزلا ئورنىدىن تۇرغان داۋۇت مەيچىنىڭ كۆزلىرى قۇم تىققاندەك ئېچىشىپ تۇراتتى . ئۇ ئىتتىككىلا يولغا چىقىپ كامىلجاننىڭ دەرۋازىسىغا قارىدى ، قوش قاناتلىق يوغان دەرۋازا ھېم ئېتىلگەنىدى . ئۇ ئاستا بېرىپ ئىشىك ئالدىدىكى يولغا قارىدى . توپىلىق يولدا ھەر خىل گۈللۈك نۇرغۇن ئاياغ ئىزلىرى قالايمىقان چېچىلىپ ياتاتتى . ئاشۇ ھەررەڭ ـ سەررەڭ ئىزلار ئارىسىدا پاشنىسى يەرگە قوزۇق قاققاندەك پاتقان ، چېكىت گۈللۈك ئىزلارمۇ بار ئىدى.

«ھە ، ئەمدى بىلدىم ، بۇ يەرگە ئىچەرمەنلەر يالغۇز كەلمەيدىكەن، ــــ داۋۇت مەيچىنىڭ ھەيرانلىقتىن كۆزلىرى چوڭ ئېچىلدى، ــــ ئەسلىدە بۇ قوشنام سولامچىلىق بىلەن مەيزاپچىلىقنى بىللە قىلىۋاتقانىكەن ـ دە! شاراب بىلەن خوتۇن پۇل تاپقان ئەركەكنىڭ ئارمىنى دېگەن گەپ بىكارغا ئېيتىلماپتۇ ئەمەسمۇ؟! راست ، ئادەم دېگەن شارابنى مەست بولۇشقىلا ئىچمەيدىغۇ؟ كۆڭۈل ئېچىشقا ، يەنە... ھە ، ئەمدى بىلدىم . مەن بۇنى بۇرۇنراق ئويلىشىم كېرەكتىغۇ؟ ئاخشام ئۇ دەيۈزنىڭ خۇشاللىقىدىن ئىسقىرتىپ كېتىشى بىكار ئەمەسكەن ـ دە؟!»

شۇ چاغدا ھويلا ئىچىدىن بىرىنىڭ كېلىۋاتقان ئاياغ تېۋىشى ئاڭلاندى ، داۋۇت مەيچى بۆرىدىن ھۈركىگەن قوي پادىسىدەك ئويۇر ـ تويۇر كەينىگە ياندى ۋە يۈگۈر-

① بۆكەگ ــــ خوتەن شىۋىسى بولۇپ ، توسۇق، ئېتىش دېگەن مەنىدە.

گەندەك قىلىپ ئۆز دەرۋازىسى ئالدىغا كېلىۋالدى . قوشنىسىنىڭ دەرۋازىسىدىن ئۇزۇن شاخ سۇپۇرگىنى كۆتۈرۈۋالغان كامىلجاننىڭ ئايالى چىقىپ كەلدى . ئۇ ئەتراپقا يېنىش ـ يېنىشلاپ قاراپ قويغاندىن كېيىن ، ئاشۇ قالايمىقان ئىزلارغا قارىتىپ سۇپۇرگە سالدى.

«ھۇ پاسكىنا، ـــ دەپ تىللىدى داۋۇت مەيچى ئىچىدە ئۇغىسى قايناپ، ـــ ئىز ئۆچۈرۈشكە نېمانچە ئۇستىسەن؟ خۇددى مۇشۇك بەز يەپ بولۇپ ، لېۋىنى بىر يالىۋېتىپلا ھېچنېمە يېمىگەن قىياپەتكە كىرىۋالغاندەك ، مانا ، سولامچىلىقىڭنى مەن كۆرۈپ قالدىم . ئەمدى ئىزنى قانچە ئۆچۈرگىنىڭ بىلەنمۇ بۇ ئاتاقتىن مەڭگۈ قۇتۇلالمايسەن».

داۋۇت مەيچىنىڭ ئىچى ئاچچىققا تولدى . ئۇ قوشنىسىنىڭ ۋاستە تاللىمايلا چۆپقەتلىرىنى يىغىندىن يىپ سۇغارغاندەك تارتىپ كەتكىنىگە غەزەپلەندى . ئەمدى ئۇمۇ كامىلجان دېگەن بىر نېمىنىڭ يۈزىگە قاراپ ئولتۇرمايدۇ . قىلغۇلۇق دېگەننى چېكىدىن ئاشۇرۇپ ، كامىلجاننىڭ مەڭگۈ ئېسىدىن چىقمىغۇدەك بىر ساۋاق بېرىپ قويىدۇ . ئۈستىگە تاغ يىقىلغاندەك كەلگەن بۇ غايىۋانە زەربىدىن ئۇ ۋاي داد دېيىشكىمۇ ئۈلگۈرەلمەيدۇ...

ـــ مەن سىلەرنىڭ مۇلازىمىتىڭلاردىن بەكمۇ رازى بولدۇم ، بۇ يەرنىڭ مۇھىتى بولىدىكەن ، شۇنداق تېپتىنچ ، ئەتراپىڭدا كۆز ـ قۇلاقمۇ يوق ، مەن ئەتە يەنە كېلىمەن ، پۇلنىڭ كۆزىگە قارىماي ئاشۇ خانىڭىزنى ماڭا ئېلىپ قويۇڭ...

ئادەمنىڭ يۈرەك بېغىشىغا تېگىدىغان بۇ قوپال ئاۋاز ئۇنىڭ قۇلاق تۈۋىدە يەنە بىر قېتىم ياڭرىغاندا ، داۋۇت مەيچىنىڭ ۋۇجۇدى مۇزلىدى . تېنى غال ـ غال تىترىدى . كۆز ئالدى قاراڭغۇلاشتى.

«دېمەك، ئاشۇ... با جۇجاڭ ، ئۇ راستىنلا يەنە كېلەرمۇ؟ ئەگەر تېلېفوندا شۇنداقلا بىر ئىس بېرىۋەتسەم ، كېيىن بۇ توخۇ پوقى ئەمەلداردىن ماڭا بېرەر زىيان يېتەرمۇ؟ نېمە قورقۇش ، مەندە ئېلىۋېتىدىغان تىرناقچىلىك ئەمەل يوققۇ؟ ئاۋۋال قاراپ باقاي ، ئوبدان كۆزىتىپ تۇققۇز ئۆلچەپ بىر كەسمەمدىمەن؟»

ئۇ شۇ خىيالغا كەلگەندىن كېيىن ھويلا بىلەن يول ئارىسىدا قاتراپ ، كامىلجاننىڭ ئۆيىنى كۆزىتىشكە باشلىدى . بازاردىن ئەكېلىدىغان نەرسە ـ كېرەكلەرگىمۇ ئايالى بىلەن قىزىنى بۇيرۇدى . تۇيۇقسىزلا ئۇداردىن چىقىپ كەتكەن بۇ مۈزىكىنىڭ ـــ بىر تال تۈگمە چاغلىق سودىغا ئۆزى قول تىقىدىغان داۋۇت مەيچىنىڭ تۇيۇقسىز بۇنداق ئۆزگىرىپ قالغانلىقىغا ھەيران بولغان ئايال ئۇنىڭغا قاراپ ـ قاراپ قويغاندىن كېيىن ، قىزىنى ئەگەشتۈرۈپ بازارغا كەتتى.

سايىمجان ئۈچ چاغلىق موتسىكلىتقا مەيزاپ بېسىپ قايىنۇققا يەنە كەلدى . ئۇ داۋۇت مەيچىگە يىراقتىن سالام بەرگەندىن كېيىن ، ئېلىپ كەلگەن قاپاقلارنى كامىلجاننىڭ ھويلىسىغا ئەكىرىشكە باشلىدى.

ـــ يۈزسىز ئادەمكەنسىلە سايىمجان، ـــ دېدى داۋۇت مەيچى ئۇنى يېنىغا چاقىرىپ، ـــ بىر كۈندە ئىككى ئەرگە تەگكەن ئاجناق جالاپتەك قىلىپ يۈرگىنىڭلا نېمىسى؟ يا ماڭا ، يا ئۇنىڭغا تۇرماي...

ـــ مەنمۇ مۇشۇ ئىش بىلەن نان تېپىپ يېمىسەم بولمايدۇ، ـــ سايىمجان ئۇنىڭ يېنىدىن سېسىق بۇ گەپلەرگە سەل خاپا بولغان بولسىمۇ چاندۇرمىدى، ـــ كىمنىڭ سودىسى ئاقسا ، شۇنىڭغا مەيزاپ توشۇيمەن داۋۇتاخۇن . كۈنلەمچى خوتۇندەك قىلىق قىلماڭلا ، ئەتىگىچە سىلىنىڭكىدە تۈگىسە يەنە مەيزاپ ئەكېلىمەن ئەمەسمۇ؟

داۋۇت مەيچى ئىندىمەستىن سايىمجان توشۇۋاتقان مەيزاپ قاپاقلىرىنى ئىچىدە ساناشقا تۇتۇندى.

«توپتوغرا يىگىرمە قاپاق! تېخى ئۆلۈشكۈنلا ئون بەش كۈپ ئەكەلگەنىدىغۇ؟ مال يۆتكەپ ئۈلگۈرەمەپتۇ ـ دە؟ قارىغاندا بۇ ئېبلىسنىڭ سودىسى مەن پەرەز قىلغاندىكىدىنمۇ ياخشى ئوخشىمامدۇ؟ ئەمدى قاراپ تۇرسام يەۋاتقان نېنىمدىن ئايرىلىپ قالغۇدەكمەن . بىر ئىلاجىنى قىلمىسام بولمىغۇدەك...»

شۇ كۈنى ئۇنىڭ قولى پەقەتلا ئىشقا بارمىدى . قانداق قىلىش ، كامىلجاننىڭ ئەدىپىنى قانداق بېرىش ئۈستىدە قايتا ـ قايتا ئويلاندى . ئاشۇ با جۇجاڭ دېگىنى كەلسىلا ، تۇيدۇرماي ساقچىغا خەۋەر قىلىشتىن ياخشىراق چارىمۇ تاپالمىدى . بەلكىم ئۇنى شۇنداقلا خەۋەر قىلسا ساقچىلار ئەندىكمەسلىكى ، پەرۋايىغا ئالماسلىقى ، تېخى بۇ با جۇجاڭ دېگىنى يوغان ئەمەلدار بولسا قورقۇپ كەلگىلى ئۇنىماسلىقىمۇ مۇمكىن.

ئۇنىڭ كاللىسىدا ئەڭ ئاخىرى پىشقان ئامال شۇ بولدى . ئەمما بۇ ئىشنى ۋۇجۇدقا چىقىرىشتا يەنىلا يېنىكلىك قىلىشقا بولمايتتى . ناۋادا ئىش يامىنىغا ئۆرۈلسە ، چۆگۈن قايناپ ئۆزىنىڭ بويىنىغا تېشىشى ، ئۇمۇ قولىنى كۆيدۈرۈۋېلىشى مۇمكىن . بۇنداق بولغاندا ئۇلارنىڭ ئۇلىغا دەز كېتىپ ، ئىناق قوشنىدارچىلىقمۇ بۇزۇلىدۇ . ئۆزىنىڭ سودىسىمۇ سۇغا چىلىشىدۇ . بۇنداق ئەھۋالنىڭ كېلىپ چىقىشى ھەر ئىككى ئائىلىگە پايدىسىز ئىدى.

كەچ كىردى . ناھىيە بازىرىدىن قاينۇققا تۇتىشىدىغان ئاسفالت يولدا غالتەكلىرىنى ئىتتىرىپ بازاردىن قايتقان ئوقەتچىلەرنىڭمۇ ئايىغى ئۈزۈلدى . قاينۇقنىڭ كەچكى مەنزىرىسى ئوخشاشلا؛ ھەممە ئۆز ئۆيلىرىگە كىرىپ كېتىشكەن ، موريلاردىن چىقىۋاتقان تاشكۆمۈرنىڭ قاڭسىق ھىدى ئەتراپنى بىر ئالغان ، ئادەمسىز كوچىلاردا ئىزغىرىن شامال كۆچەيگەن ، مەھەللە بالدۇرلا ئۇيقۇغا كەتكەن بوۋايدەك تىنجىپ قالغانىدى.

داۋۇت مەيچى لەپشىيىپ كېلىشكەن ئىككى قېرى ئىچەرمەننى قازىنىقىغا باشلىۋەتكەندىن كېيىن ، ئۇلار بۇيرۇتقان نەرسە ـ كېرەكلەرنى ئەكىرىپ بېرىشنى خوتۇنىغا تاپىلىدى ـ دە ، ئۆگزىگە چىقتى . بۇ يەردىن قارىغاندا كامىلجاننىڭ دەرۋازا ئالدىنىلا ئەمەس ، ھەتتا ھويلىسىنىڭ ئىچىدىكى مەنزىرىلەرنىمۇ بىمالال كۆرگىلى بولاتتى . ئۇ كۈرەك جۇۋىسىغا ئورىنىپ ، ئاستا ئىس چىقىپ تۇرغان ئىسسىق مورىغا يۆلەندى ۋە ئاشۇ تەرەپكە قاراپ ، خۇددى قاپقاننى قۇرۇپ بولۇپ توشقاننىڭ كېلىپ چۈشۈشىنى كۈتۈپ تۇرغان سەۋرچان ئوۋچىدەك ئولتۇردى.

كامىلجاننىڭ دەرۋازا ئالدى بىردىنلا قىزىپ كەتتى ، مەيزاپ خۇمارى تۇتۇپ كېلىۋاتقانلارنىڭ ئايىغى ئۈزۈلمەيتتى . ئەنە ئاۋۇ تۇماق كىيىۋالغان چېچەك يۈز ئۇنىڭ تونجى چۆپقەتلىرىدىن ئىدى . كالچىيىپ ، كامىلجاننىڭ مۈرىسىگە ئۇرۇپ ، خۇشامەت كۈلكىسى بىلەن بىرنېمىلەرنى دەۋاتقان ئاۋۇ شىنا قوزۇق ئاۋاق ئاداشمۇ خېلىدىن بېرى ئۇنىڭ قازىنى ئەتراپىدا پىرقىراپ يۈرگەنلەردىن ئىدى . ھە ، ماۋۇ بىر قىزنى باشلاپ كەلگىنى قاسىمجان ئىسىملىك ماتاڭچى ، ئۇ ئىلگىرى مۈشۈكتەك كىرىپ ، ئىچىدىغان مەيزىپىنى شەپىسىز ئىچىپ ، يەنە مياڭشىمايلا كېتىپ قالىدىغىنىدىن ئىدى . ئۇمۇ بىر قىزنى قولتۇقلىۋاپتۇ . تېخى كامىلجاننىڭ ئايالى يۈگۈرۈپ چىقىپ ئۇ قىز بىلەن مەڭزىنى يېقىپ كۆرۈشتى . مانا ، ئاشۇ شۇۋىچىلار سولامچىلىق قىلىپ شارائىت يارىتىپ بەرمىسە ، بىر ماتاڭچىنىڭ مۇنداق مەن ـ مەنچىلىك قىلىشقا بېشى ئونمۇ؟

كامىلجاننىڭ دەرۋازىسىدىن يەنە ئۈچ جۈپ ئەر ـ ئايال كىرىپ كېتىشتى . ئۇلاردىن بىرى داۋۇت مەيچىنىڭ ئۆيى تەرەپنى كۆرسىتىپ بىرنېمىلەرنى دېگەندىن كېيىن بېشىنى چايقاپ قويدى . ئۇنىڭغىچە كامىلجان بىرنېمىلەرنى دەپ ، ئۇلارنىڭ قېلىن پەلتولىرىنى قېقىپ ئۆيىگە باشلاپ كىرىپ كەتتى . بۇ ئىشلارنى كۆرۈپ داۋۇت مەيچىنىڭ يۈرىكىگە ئوت كەتتى .

«شۇنچە ئادەم... تېخىچە كېلىۋاتقانلارنىڭ ئايىغى ئۈزۈلمىدى . ئاشۇ نىجىس مېنىڭ قازىنىمنى ئۆرۈش قەستىدە بولمىغان بولسا ، بۇلارنىڭ ھەممىسى مېنىڭ دەرۋازامنى قېقىشقان ، بىر پۇلۇمنى ئىككى قىلىشقان ، مېنى ئوبدانلا سەمرىتكەن بولاتتى . توختا كامىل ، سورىقى يوق جاھان ئەمەس بۇ ، قىلىۋالدىم ، ئېتىۋالدىم دەپ كۈلمەي تۇر! سېنى كۈلدۈرۈشنى بىلگەن خۇدايىم يىغلىتىشنىمۇ بىلىدۇ . ئالدىرىماي تۇر ، كۆرىدىغان كۈنۈڭ تېخى ئالدىڭدا!»

دەل شۇ چاغدا كامىلجاننىڭ ئىشىكى يەنە قوپال قېقىلدى . دەرۋازىنى قاققۇچى مۇشتۇمى بىلەن كامىلجاننىڭ دەرۋازىسىنى ئەمەس ، داۋۇت مەيچىنىڭ يۈرىكىنى ئۇرۇۋاتقاندەك بىر خىل سېزىم ئۇنى تىترىتىۋەتتى . كامىلجاننىڭ ئايالى يۈگۈرۈپ چىقىپ دەرۋازىنى ئاچتى . بۇدا كەلگۈچىنى كۆرۈپ داۋۇت مەيچىنىڭ كۆزلىرى چەكچەيدى . چۈنكى ، ئۇ قايسى كۈنى ياماق بازىرىدا داۋۇت مەيچىنىڭ ياقىسىدىن ئالغان ، نەرسە ـ كېرەكلىرىنى سورۇپ چاچقان ، ئۆزىنى كونا چاپاندەك چۆرۈۋەتكەن ئاشۇ پور كۆتەك شۇ ئىدى . ئايال ئۇنى خۇددى كۆرمىگىلى ئۇزۇن بولغان ئاكىسى بىلەن دىدارلاشقاندەك ئېھتىرام بىلەن قارشى ئالدى . پور كۆتەكمۇ ھىجىيىپ ـ كالچاراپ ئايالغا بىرنېمىلەرنى دېدى. ئايال ئېغىزىنى تۇتۇپ ۋىلىقلاپ كۈلگىنىچە پور كۆتەكنىڭ مەڭزىنى چىمداپ قويدى ۋە ئۇنى ئىچكىرىگە باشلىدى . دەل شۇ چاغدا ھويلىغا كامىلجان چىقىپ قالدى ۋە ئۇنى كۆرۈپ يىراقتىن قولىنى سۇنۇپ كېلىپ قىزغىن كۆرۈشۈپ ئۆيىگە باشلاپ كىرىپ كەتتى.

«ھۇ سولامچى ھەزىلەك ، سەن قىلمىغان مۇشۇ ئىش قالغانمىدى ئەمدى؟ مېنىڭ سودامنى بۇزۇشتا خوتۇنىڭنىمۇ ئارىغا سېپسەن ـ دە؟ ھۇ كىسپۇرۇش . ئالدىرىماي تۇر ، نەچچە ۋاقىتتىن بېرى قوشنىكەنمىز ، كۈندە قارىشىپ يۈرىدىكەنمىز دەپ ، قاچاڭغا قوشۇق سالمىغان ، ئۇ قانجۇقۇڭغا كۆز قىرىمدىمۇ باقمىغانىدىم . ئەمدى بىلدىم ، ئۇمۇ بۇقا گەدەن ، پور كۆتەكلەرگە ئەركىلەپ سۆۋۈنۈشنى بىلىدىغان ، بەزگە كۆنگەن مۈشۈك ئىكەنغۇ؟ مەنمۇ بىر پۇرسەتنى تېپىپ خوتۇنىڭنى تەلە قىلىپ ، يۈندىسىنى بوسۇغاڭغا تۆكمىسەم داۋۇت مەيچى دېگەن ئىسمىمنى يۆتكىۋېتىمەن.»

تۇيۇقسىز ئاسفالت يولدا بىر سانتانا توختىدى . ماشىنىدىن گەۋدىلىك بىرى چۈشۈپ كەلدى . ئۇ ئېھتىيات

بىلەن تۆت تەرەپكە مۇنداقلا بىر قارىۋەتكەندىن كېيىن ، ئايلىنىپ ئۆتۈپ يەنە بىر ئىشكىنى ئاچتى . ماشىنىدىن ۋىجىككىنە بىر قىز چۈشۈپ ، يەردىن ئۈستۈن قارىمىغان ھالدا ئۇنىڭغا ئەگەشتى . ئۇلار قانداقتۇر شەپىنىڭ چەقىپ قېلىشىدىن قورققاندەك ئېھتىيات بىلەن مېڭىپ ، كاملىجاننىڭ دەرۋازىسى ئالدىغا كېلىشتى . گەۋدىلىك ئادەم يەنە ئەتراپقا بىر قارىۋەتكەندىن كېيىن ، ئىشكىنى بوش قاقتى.

داۋۇت مەيچىنىڭ كۆتكىنىمۇ دەل مۇشۇ ئادەم ئىدى . ئۇ ئۆز يېشىغا ماس كەلمىگەن بىر چاققانلىق بىلەن ئىتتىكلا ئۆينىڭ كەينىدىكى قېرى ئۈجمە ئارقىلىق يەرگە چۈشتى ــ دە ، كاملىجاننىڭ دەرۋازىسىغا يېقىنلىشىپ ئۆزىنى دالدىغا ئالدى . شۇ چاغدا دەرۋازا ئېچىلىپ ، بوسۇغىدا كاملىجان پەيدا بولدى.

ــــ سىلىنىڭ كەلگەنلىكلىرىنى كۆڭلۈم تۇيغانىدى با جوجاڭ، ــــ دېدى ئۇ ئېگىلىپ تۇرۇپ، ــــ يوللىرىغا قاراپ كۆزلەر تېشىلەي دېدى ، ئەمدى كەلگەنلىكلىرى نېمىسى؟

ــــ ئېھتىيات قىلمىساق بولمايدۇ، ــــ دېدى قارا گەۋدە، ــــ قانداق ، بىرەر كۆز ــ قۇلاق يوقتۇ؟

ــــ يوق يوق ، ھەممىسى ئۇششاق ــ چۈششەك ئو-قەتچىلەر ، سىلىنى تونۇمايدۇ ، ئۇنىڭ ئۈستىگە سىلە غىپپىدە كىرىپ ئاشۇ خانىغا شۇڭغۇۋالسىلا ، ئىنسى ــ جىن ئۇقمايدۇ با جوجاڭ.

ــــ قېنى ئەمىسە، ــــ قارا گەۋدە ھېلىقى قىزغا ئېھتىرام بىلدۈرۈپ سەل ئېگىلگەندىن كېيىن ، ئۇنى تەكەللۇپ بىلەن ئۆزىدىن بالدۇر مېڭىشقا تەكلىپ قىلدى. قىزمۇ نازلىنىپ يۇرەمەستىن بېشىنى سالغىنىچە ھويلىغا كىرىپ كەتتى . دەرۋازا ئىچىدىن تاقالدى...

داۋۇت مەيچىنىڭ ھوشىقى ئالچۇ چۈشتى ، ئۇ تاۋكادا ئامىتى كېلىپ ، بىر كېچىدىلا مىليونېرغا ئايلانغاندەك ھاياجانغا چۆمدى . ئۇ دادىسىدىن ھېيتلىق ئالغان كىچىك بالىدەك خۇشاللىقىنى يوشۇرالمىغان ھالدا ، كونا ۋېلىسىپىتىنى ھويلىسىدىن سۆرەپ چىقتى ــ دە ، لىككىدە مىنىپ بازار تەرەپكە قاراپ چاپتى...

## 6

شۇ كۈنى قاينۇقنىڭ كېچىسى بەكمۇ ئەنسىز ئۆتتى . ئەتراپتىن ساقچى ماشىنىسىنىڭ سىگناللىرى ئەنسىز چىرقىراپ ، كىشىلەرنىڭ دۈپۈرلەشكەن ئاياغ تاۋۇشى ھەممىلا يەرنى بىر ئالدى . مەھەللىنىڭ يىراق ــ يېقىنىدىن ئىتلارنىڭ بوغۇق ئاۋازدا كاڭشىغان ئاۋازى كېلەتتى . ئاتلارنىڭ كىشنىگەن ، قانداقتۇر شەپىدىن چۆچۈگەن ئېشەكلەرنىڭ ھاڭرىغان ئاۋازى كېچە قوينىغا تېخىمۇ سۈرلۈك تۈس بېرەتتى.

بازاردىن كېلىپلا يەنە ئۆگزىگە چىقىۋالغان داۋۇت مەيچى ئۆز تەدبىرىدىن بەكمۇ سۆيۈنۈپ كەتتى . ئالا ــ بۇلماچ چىراغلىرىنى چاقنىتىپ سىگنال بەرگىنىچە يېتىپ كېلىشكەن ساقچى ماشىنىسى ئاۋۋال كاملىجاننىڭ ئۆيىنى تۆت تەرەپتىن قورشىدى ، ئاندىن ساقچىلاردىن بىرى ئېگىز تامدىن ئارتىلىپ ھويلىغا چۈشتى ــ دە ، دەرۋازىنى ئىچىدىن ئاچتى . بىر توپ ساقچى يوپۇرۇلغىنىچە ئۆيگە باستۇرۇپ كىردى . ئۆي ئىچىدىن ئاۋۋال كاملىجاننىڭ ئايالىنىڭ چىرقىرىغان ، ئاندىن گۈلدۈر ــ غالاپ ئاۋازلار ئاڭلاندى . بىر دەمدىن كېيىن ساقچىلار پور كۆتەكنى كۆتىگە تەپكىنىچە ئېلىپ چىقتى . ئارقىدىن بېشىنى پەلتۇسى بىلەن ئورىۋالغان با جوجاڭ ، ئەس ــ ھوشىنى يوقىتىپ پۇتلىرى ئۆلۈك توخۇنىڭ بويىنىدەك قاتلىنىپ تۇرغان ھېلىقى قىز ، قالدى ــ قاتتى ئىچەرمەنلەرنى جۇپتىلىرى بىلەن قوشۇپ ئېلىپ چىقىشتى.

كاملىجان نېمىلەرنىدۇ چۈشەندۈرمەكچى بولاتتى ، ئەمما ساقچىلار ئۇنىڭ سۆزىگە قۇلاق سالماستىن قولىغا كويزا سېلىپ دارقىرىتىپ سۆرەپ ئېلىپ ماڭغانىدى . بىر پەستە ئۇنىڭ ھويلىسىدىن بالىلىرىنىڭ چىرقىراپ يىغلىغان ئاۋازى ئاڭلىنىشقا باشلىدى . قاينۇقنىڭ كېچە باغرىدا ماشىنىلارنىڭ ئەنسىز سىگنال ئاۋازى بارغانسېرى يىراقلاپ بارماقتا ئىدى.

ئىچ ــ ئىچىدىن سۆيۈنۈپ ، ئاجايىپ بىر خۇشاللىق ئىلكىدە ئۆيىگە كىرىپ كەلگەن داۋۇت مەيچى تاز چىراي خوتۇنىنىڭ سوئال نەزىرىدە تىكىلگەن كۆزلىرىگە دۇچ كەلدى . ئۇنىڭ يېنىدا قىزى گۈلجامالمۇ ئۇنىڭغا مىختەك تىكىلىپ تۇراتتى.

ــــ سىلە قىلغان ئىشمۇ بۇ؟ ــــ سورىدى ئايال تەئەددى بىلەن.

ــــ نېمىدەپ مەن قىلغان ئىش بولغۇدەك؟ ــــ سەل تەمتىرەپ جاۋاب بەردى داۋۇت مەيچى.

ــــ ئەمىسە ۋېلىسىپىت بىلەن نەگە باردىڭ دادا؟ ــــ گۈلجامال ئۇنىڭ ئالدىغا كېلىپ كۆزىنىڭ ئىچىگە قاراپ سورىدى، ــــ كەچتىن بېرى سېنى ھېچ تاپالمىدۇققۇ؟

ــــ كاملىكاڭ بازاردىن بىرنەرسە ئەكېلىپ بېرىشنى ئېيتقان ، قوشنا بولغاندىكىن ياق دېگىلى بولاتتىمۇ؟

شۇڭا...

— يالغان ئېيتمىسىلا دادىسى، ئۇ قوشنىمىز شۇ تۇرقىدا سىلىنى بىرنەرسىگە بۇيرۇپ يۈرەمدۇ؟ بۇيرۇسىمۇ سىلە بارامدىلا؟ قورساقلىرىدىكىنى مېنى بىلمەيدۇ دېمىسىلە، — ئايال ئۇنىڭ ئالدىغا كەلدى، — ماڭا قارىسىلا، باللارغا ئۇۋال ئەمەسمۇ؟

— سېنىڭ قىلىپ يۈرگەن ئىشىڭدىن بەكمۇ نومۇس قىلىۋاتىمەن دادا، — گۈلجامال يەرگە قارىغىنىچە پەس ئاۋازدا دېدى، — بۇ مەيزاپخانىنى ئېچىش ئەسلىدىمۇ ياخشى ئىش ئەمەس ئىدى. سەن بۇ يەردىكىلەرنىڭ ھۆرمىتىدىن پۈتۈنلەي مەھرۇم بولدۇڭ. ئەمدى كېلىپ بۇ بالا – قازانى تېرىپ كاملىكامغا زىيانكەشلىك قىلدىڭ، بۇ ئىشنى مەھەللىدىكىلەر ئۇقسا يەنە نېمەدەپ قالىدۇ؟ بىز بۇ يۈزىمىزنى نەگە قويىمىز؟ ئۇلار سېنى مەڭگۈ كەچۈرمەيدۇ دادا.

— مەن ئۇلارنىڭ كەچۈرۈشىگە موھتاج ئەمەس، — داۋۇت مەيچى تېرىكىپ قىزىنى ئىتتىرىۋەتتى، — نېمە؟ سەنمۇ ماڭا تەنبىھ بېرىۋاتامسەن؟ قىز بالىنى ئوقۇتقانمۇ ئىشمۇ؟ ئاز – تولا قانات – قۇيرۇق چىقىرىۋېلىپلا ماڭا ئۇ – بۇ دېيىشكە پېتىندىڭمۇ تېخى؟

گۈلجامال بېشىنى چايقىغىنىچە قوشۇپ قويدى:

— ئىشقىلىپ بۇ ئىش بىزگە خەيرلىك ئېلىپ كەلمەيدۇ دادا، كۆرىدىغان كۈنىمىز ئالدىمىزدا تېخى، بىزنى مەھەللىدىكىلەر ئارىغا ئالسىلا بولاتتىغۇ؟

قاينۇق مەھەللىسى قايناغان قازانغا سۇ قۇيغاندەك جىمىپ كەتتى. ھەممەيلەن ئىچىگە تىنىپ، بىر – بىرىگە گۇمانىي نەزەردە قارىشىپ، ئۆز تىرىكچىلىكى بىلەن ئالدىراش يۈرەتتى. ئەتىسى كاملىجاننىڭ ئايالى سولاقتىن چىقتى. ئۇ مەھەللىگە ئۈن سېلىپ يىغلاپ كەلدى.

— توۋا خۇدايىم، بىز بۇ خەقكە نېمە يامانلىق قىلغان؟ نەشە سودىسىمىش، شۇنداقمۇ قارا سۇۋامدۇ كىشىگە؟ ھەممىنى خۇداغا قويدۇم، بىزگە قىلدىم دەپ بالا – چاقىسىغا قىلار خۇدايىم، بىرنى مىڭ قىلىپ كۆزىگە كۆرسىتەر خۇدايىم، ھۇ... ھۇ...

ئايالنىڭ يىغىسى بەكمۇ ئېچىنىشلىق ئىدى. مىڭ بىرىدىن تۆكۈلۈپ، ئىچ – ئىچىدىن قايناپ ئېزىلىپ يىغلايتتى. ئەمما ئۇنىڭغا تەسەللى بېرىدىغان، ھالىغا يېتىدىغان بىرمۇ ئادەم يوق ئىدى.

— كەلگۈلۈك بۇلارغا خۇدادىن كېلىپ قالدى – دە!

— ئازراقلا پايدىنى دەپ گۇناھقا دۈم چۈشكەندىكىن، خۇدا شۇنداق شەرمىساز قىلىدۇ ئادەمنى...

— خوپ بوپتۇ، سولامچىنىڭ كۆرىدىغان كۈنى شۇ...

— يەنە بىرى قالدى، ئۇنىمۇ نەس باسقۇدى ئىلاھىم...

مەھەللىدىكىلەرنىڭ ئاڭلىتىپ تۇرۇپ دېيىشكەن بۇ گەپلىرى داۋۇت مەيچىنىڭ جان – پېنىنى چىقارغان بولسىمۇ، بېشىنى ئىچىگە تىقىپ ئۈندىمەي يۈرۈۋەردى. چۈنكى، ئۇمۇ قىلىپ قويغان ئىشىنىڭ ئاقىۋىتىدىن بىرئاز قورقۇپ قالغانىدى.

ھەر كۈنى كەچتە بۇ ئىشتىن خەۋىرى يوقلار يەنە مەيزاپ خۇمارى تۇتۇپ قاينۇققا كېلىشەتتى. ئۇلار ئاۋۋال كاملىجاننىڭكىگە بىر دوقۇرۇۋېتىپ، ئاندىن داۋۇت مەيچىنىڭ بوسۇغىسىدا پەيدا بولاتتى. ئىچەرمەنلەرنى خاموش قارشى ئالغان بۇ ئائىلە قانداقتۇر بىر كېلىشمەسلىكتىن ئېنسەنكىرەپ قالغاندەك تۇيغۇ بېرەتتى. خېرىدارلار ئۇلاردىكى بۇ خىل روھىي ھالەتنى «كالىنىڭ بېشىغا كەلگەن كۈن موزاينىڭ بېشىغىمۇ كېلىدۇ» دېگەن ئەندىشە بىلەن ساراسىمىگە چۈشۈپ قالغان بولسا كېرەك دەپ بىلىشتى.

بىرنەچچە ھەپتىدىن كېيىن كاملىجانمۇ چاچ – ساقاللىرى ئۆسۈپ كەتكەن، كۆزلىرى ئولتۇرۇشقان ھالدا مەھەللىدە پەيدا بولدى. ئۇ ھېچ كىشىگە قارىماستىن ئۇدۇللا ئۆيىگە كىرىپ كەتتى. بىرنەچچە كۈنگىچە تالا – تۈزدىمۇ كۆرۈنمىدى. قارا سىرلىرى ئۆچۈپ قالغان يوغان دەرۋازىسىمۇ ئېچىلمىدى. ئۇنىڭدىكى بۇ خىل بىنورمال روھىي ھالەتتىن مەھەللىدىكىلەر ھەيران قالدى.

— كاملىجاننىڭ دىمى ئىچىگە چۈشۈپ كېتىپتىغۇ؟

— سولاقخانا دېگەن بوش يەر ئەمەس، ئانا – مانىسىنى كۆزىگە ئوبدان بىر كۆرسىتىپ قويغان بولسا، ئادەم بولغاندۇ؟

— ئۇ ئەسلىدىمۇ يامان ئەمەس بىرنېمە ئىدى، «ئۆرۈك ئۆرۈكنى كۆرسە ئالا بوپتۇ» دېگەندەك، قوشنىسىنىڭ قوش كۆرۈنۈپ شۇنداق پوقنى يەپ سالغان گەپ.

— نېمە ئامال، بىر ئازماس خۇدا دەپتىكەن، بەندە دېگەن بەزىدە جاھاننىڭ رەپتارىغا بېقىپ شۇنداق ئېزىپ قالىدۇ. شەيتاننىڭ ئازدۇرۇشىدىن پاناھ تىلەيلى جامائەت...

قاينۇقلۇقلار ھەر نېمىلەرنى دېيىشىپ يۈرگەن كۈنلەرنىڭ بىرىدە، كاملىجان ئۆيىدىكى مەيزاپ كۆپلىرىنى

بىر هارۋىغا بېسىپ مەھەللىنىڭ سىرتىدىكى چوقىقا دۆڭگە ئېلىپ باردى ـ دە ، ھەممىنى چېقىپ تاشلىدى . پارە ـ پارە بولغان كۆپلەردىن تۆكۈلگەن مەيزاپلار دۆڭنىڭ يانباغرىغا سەلدەك ئاقتى . ئۇ قايتىپ كەلگەندىن كېيىن ساتىراشلىق سايمانلىرى سېلىنغان كىچىك ساندۇقچىسىنى يېنىغا ئېسىپ بازارغا كەتتى.

قاينۇقتىكى مەيزاپ بازىرىنى داۋۇت مەيچى يەنە ئەگىلىدى . ئەمدى ئۇنىڭغا كاشىلا قىلىدىغان ، چۆپقەت تالىشىدىغان ھېچكىم قالمىغانىدى . ئەمما ، مەھەللىدىكىلەر ئۇنىڭغا شۈبھە بىلەن قارىشاتتى . كامىلجاننىڭ بېشىغا كەلگەن بۇ كۈنلەرنى ئۇنىڭدىن كۆرەتتى . چۈنكى ، ساقچىلارغا مۇشۇ خەۋەر بەرمىسە باشقىلارنىڭ نېمە ئىشى؟ مەنپەئەت تالىشىدىغانلار بۇ ئىككىسى بولغاندىكىن ، ئەلۋەتتە باشقىلارغا ئۇنداق قىلىشنىڭ ئورنى يوق دەپ قارىشاتتى . ئىككى قوچقار ئۇسسۇشسە ، بۆرىگە پايدا دېگەن شۇ ئىدى . چېقىمچىلىقنى ئەڭ يامان كۆرىدىغان قاينۇقلۇقلار بىلەن داۋۇت مەيچى ئوتتۇرىسىدىكى مۇناسىۋەتمۇ شۇ ئىشتىن كېيىن بارغانچە يىراقلاپ كەتكەنىدى.

مەيزاپ بازىرىنىڭ قايتىدىن ئۆز ئىلكىگە ئۆتكىنىدىن بىرئاز خۇشال بولغان داۋۇت مەيچىنىڭ ئۇمىدكە تولغان كۈنلىرى ئۇزۇنغا بارمىدى . چۈنكى ، ئۇنىڭكىگە كېلىدىغان ئىچەرمەنلەرنىڭ يەنىلا تايىنى يوق ئىدى . ئاشۇ ساقىلىغا تۆكۈلۈپ ، بىر پىيالە ئىچە ـ ئىچمەيلا ئاللا يارىمنى غىڭشىپ ، سۆزلەپ قالىدىغان بىرنەچچە قېرى ئىچەرمەننى ھېسابقا ئالمىغاندا ، كامىلجاننىڭكىدىن كەتمەي يۈرگەن سىدام نوچىلاردىن بىرىمۇ يوق ئىدى.

«قانداق بولغىنى بۇ؟ — ئۆزىچە جىلە بولۇپ ، يول بىلەن ھويلا ئارىسىدا تەمەدە قاتراپ يۈرگەن داۋۇت مەيچىنىڭ بۈگۈنمۇ ئەرۋاھى ئۇچتى . كېلىدىغانلار بارغانچە ئازلاپ بارماقتا ئىدى، — مەن نېمە قىلدىم بۇ پەسەندىلەرگە؟ كامىلۋايغا قارا تۇتقاندەك ، بىزنىڭ بوسۇغىدىن ھېچبىر ئاتلاي دېمەيدىغۇ؟ ياكى مەن ئۇلارغا مەيزاپنىڭ ئورنىغا ئېشەك سۈيدۈكى قۇيۇپ بەرمىسەم ، شۇنداقمۇ چاندۇرامدۇ كىشى؟ ئىست ، ئىست ، كامىلجان ، سەن ئۆزۈڭگىمۇ قىلدىڭ ، ماڭىمۇ قىلدىڭ . ئاخىر بېرىپ ئىككىلىمىز ۋەيران بولامدۇق ئەمدى؟ بىر يېرىم مىڭ كويلۇق مەيزاپنى مەنمۇ چوققا دۆڭدىن ئېقىتىۋېتەيمۇ ـ ھە؟ بۇ قېپقىزىل زىيانغا كىم ئىگە بولىدۇ؟ مەنمۇ ساڭا ئوخشاش پىتنىڭ ئاچچىقىدا چاپاننى ئوچاققا سالايمۇ؟»

داۋۇت مەيچى ئاخىر ھارغىن بەستىنى يەنە شۇ ئۈجمە كۆتىكىنىڭ ئۈستىگە تاشلىدى . ئۇنىڭ چېكىسى قورۇلۇپ ، بويۇن تومۇرلىرى كۆپۈپ چىققانىدى . ئۆي ئىچىدىن ھېلىقى قېرى مەستىنىڭ ئاۋازى ئاڭلاندى:

— دا... ۋۇ... تۇم ، قې... قېنى سىلە...

داۋۇت مەيچى ئەڭ ئاخىرقى بۇ چۆپقەتتىنمۇ ئايرىلىپ قېلىشتىن ئەنسىرەپ ئىتتىكلا ئورنىدىن تۇردى ۋە قازناققا كىردى.

— دا... ۋۇتۇم ، مۇشۇنداق... مۇشۇنداق... ئىچەۋېرىمىزمۇ؟ بۇ مەيزىپىڭ بىزنى نەگە ئاپاردى ـ ھە؟ ئۇنى ئىچىپ ئەرشى ئەلاغا چىقتۇقمۇ؟ خان ئامبىلى بولدۇقمۇ؟ ھېچنېمىدىن ھېچنېمە يوق ئىچىۋېرەمدۇق ئۇكا؟ يۈرەكنى ياشارتىدىغان قىز ـ يىزلىرىڭ يوقمۇ مۇنداق... — ئېغىزىدىن شالىسى قۇيۇلۇپ ، يۈزلىرىنى ئۆمۈچۈك تور تارتقاندەك تىلىم ـ تىلىم قورۇق باسقان ، كىيىملىرىنىڭ ئەسلى رەڭگىنى پەرق ئېتىش تەسكە توختايدىغان ئاتمىش ياشلار چامىسىدىكى بىر ئىچەرمەن ئۇنىڭ ئالدىغا كەلدى.

— ئەستا ، كېرىمكا ، بىر پۇت گۆرگە ساڭگىلىغاندا ، ئېغىزىڭدىكى چىشىڭنى سانىماي قىز غەلۋىسى قىلغىنىڭ نېمىسى؟ — داۋۇت مەيچى ئۇنىڭغا چاقچاق قىلغان بولۇپ گەپنىڭ پەدىسىنى يۆتكىمەكچى بولدى.

— سە... سەن نېمىنى بىلى... سەن ، ئادەم مۇشۇنداق قېرىغاندا... خۇ... خوتۇنغا ئا... ئالامەت ئامرا... ق بولىدۇ . قېنى ئۇكا قىز... بىر قىز...

— ھەي كېرىمكا ، بۇنداق چاغدا ساڭا قىز ئەمەس ، ئون ئىككىنى تۇغقان قېينانامۇ ئارتۇقلۇق قىلىدۇ ، بېشىڭنى كۆتۈرۈپ بولغۇچە قوڭغۇك سالامغا تۇرىدىغان بولۇپ قاپسەن ، پۇتلىرىڭمۇ يۆگىمەچ ئوتتەك يۆگىشىپ تۇرىدۇ ، ئەڭ ياخشىسى شەيتىنىڭنى باس ـ تە ، مەيزىپىڭنى ئىچ!

— نېمە ، ماڭا مەيزاپ سا... تارىڭدا مېنى قېرى دېمەيسەن ، قىز گېپىنى قىلسام بوۋاڭدەك كۆرۈندۈمما؟ قېنى... با... يىلا بىرسى لىپپىدە ئۆتۈپ... كەت... كەندەك قىلدىيا؟ ساقىلىمغا قا... قارىماي كۆزۈمنىڭ ئىچىگە قارا ، نېمىنى كۆردۈڭ؟ بىر پارچە ئوت... ھە ، بىز قېرىمىدۇق ، قىز ئوينايمىز قىز... قوشناڭنىڭكىدە خېلى پەيزى بارلىرىدىن كۆپمىشقۇ؟

داۋۇت مەيچى چۆچۈپ كەتتى. ئۇ مۇشۇ قېرى جىنىدا كامىلجاننىڭ ئۆيىدىكى ئويۇن ـ تاماشىلاردىن خەۋەر تاپقىنىنى بىلدى . مۇشۇ قېرىنىڭمۇ كامىلجاننىڭ ئۆيىدىكى ئويۇن ـ تاماشىلارغا ئۇسساپ تۇرغىنىنى ئويلىغىنىدا سەپرايى قايتىدىن ئۆرلىدى.

— ھەممىسى قوشنامنىڭ ئۆيىدىكى ئاشۇ تاماشىلارنىڭ كاساپىتىدىن، — دېدى ئۇ كېرىم بوۋاينىڭ مۇرىسىدىن بېسىپ سۇپىغا ئولتۇرغۇزۇۋېتىپ، — شۇ قىلغىنى ئۈچۈن تۇرمىگە كىردى تۇرمىگە!

— ئوغۇل بالىنىڭ كىرىدىغان يېرى ئۇ، — كېرىم بوۋاي مەيدىسىگە مۇشتلىدى، — مانا بىزمۇ ئاشۇ يەرنىڭ ئون ئىككى يىللىق مېھمىنى! ياشاۋاتىمىز، ئىچىۋاتىمىز. ئۆلمىدۇق تېخى... قىز قېنى؟

— ئەستا كېرىمكا، مېنى ھەجەپ تەڭلىككە سېلىۋاتىسەن، ئەمدى بۇ چاغ بولغاندا مەن ساڭا نەدىن قىز تاپىمەن؟ بۈگۈن بولدى قىل، ئەتىگىچە...

— ئەتىگىچە سېنىڭكىگە كەلمىسەممۇ بازاردا تولا گەپ ئۇ. ئاسىيخان شىياڭگاڭنىڭ دۇكىنىغا شۇنداق قاراپ قويساق، بەش ـ ئالتىسى سەپ تارتىدۇ ئۇكا.

داۋۇت مەيچىنىڭ ئەنسىرىگەن ئىشى ئاخىر يۈز بەردى. بىر ئىچكى جاراھەت ئۆزلۈكىدىن قانىدى. ئۇ كىشىلەردىن «شەھەرنىڭ بىر چېتىدە ئاسىيخان شياڭگاڭنىڭ دۇكىنى بار، ئاشۇ يەردە ئېغىزدىن ئانىسىنىڭ سۈتى پۇراپ تۇرىدىغان قىز تاپقىلى بولىدۇ» دەپ ئاڭلىغانىدى. مانا، ئەتىسىنىڭ بار ـ يوقلۇقىغا ئىشەنگىلى بولمايدىغان بىر قېرى جېنىدا ئاسىيخان شياڭگاڭنىڭ دۇكىنىنى سېغىنىۋاتىدۇ. بۇ كەمنىڭ ئادەملىرىگە نېمە بولغاندۇ؟ شارابقا ئېغىز تەگدىمۇ بولدى، ھەممىسى بىرسى ئۆگىتىپ قويغاندەك قىز جېدىلى قىلىشىدۇ. قارىساڭ ھەممىسى ئۇخلاپ ياتقان شەيتىنىنى ئويغىتالماي ئۆزىگە تۇرلۇك ئۇسۇللار بىلەن زىيارەت قىلىۋاتقان، ئەمما ئېغىزىدىن شالىسى ئېقىپ تۇرسىمۇ يەنە سۆيدۈك پۇرىشىدۇ. قانداق جاھان بوپكەتتى بۇ؟

داۋۇت مەيچى ئاچچىقىغا ھاي بېرىپ سىرتقا چىقتى ۋە ئايالىنى چاقىردى.

— ماۋۇ دوزاخ شوتىسى قېرى ھەجەپ چىشىمنى قېرىشتۇرۇۋاتىدۇ. مەن سىرتلارنى بىر ئايلىنىپ كېلەي، سەن ئۇنى ـ بۇنى دەپ يۈرۈپ، مەيزاپتىن تازا ئىچۈرگىن ـ دە، كۆكىنى ئوبدان يۇلۇپ يولغا سېلىۋەت. ھېساب قەتئىي نېسى قالمىسۇن.

— بۇ كەچتە نەگە بېرىپ يۈرىدىلا؟ ياخشىسى ئۆيدە ئولتۇرسىلا، مەن قورقىمەن...

— قورققۇدەك نېمە ئىش بار؟ مەن دېگەندەك قىل.

— ئەمسە تېزرەك قايتىپ كەلسىلە، ھايال بولمىسىلا.



— نېمە، قېرىغاندا مېنى بىرسى ئۆيىگە ئاشىنىچىلاپ سولىۋالامدىكەن؟ ئەلۋەتتە بالدۇرلا قايتىمەن خوتۇن.

ئۇ ئاستا مېڭىپ ئۆيىنىڭ ئالدىدىكى توپىلىق يولغا چىقتى. سۈتتەك ئايدىڭ كېچە، ئىزغىرىن شامال بىر خىلدا شىڭىلداپ تۇراتتى. ئۇ نېمىشقىكىن كامىلجاننىڭ ھويلىسى تەرەپكە قاراپ قويدى. خېرىدارسىز قالغان بۇ ئۆي خۇددى مۇڭلىنىپ ئولتۇرغان ئىگە ـ چاقىسىز مومايدەك غېرىبسىنىپ قالغانىدى. ئۆي ئىچىدىن سۇس يېنىپ تۇرغان چىراغ يورۇقى كۆرۈنەتتى. ئاشۇ ئاجىز نۇرنى ھېسابقا ئالمىغاندا بۇ ئۆيدە ھاياتلىققا تەۋە ھېچنەرسە قالمىغاندەك ئىدى.

ئۇ كۈرەك جۇۋىسىغا ئوبدان چۆمكىنىپ، بېشىنى ئىچىگە تىققىنىچە مەھەللىنىڭ سىرتىغا تۇتىشىدىغان يالغۇز ئاياغ يولغا چىقتى. بۇقا سۈيدۈكىدەك توپىلىق يول خۇددى قۇملۇققا تاشلانغان چار يىلاندەك سوزۇلۇپ ياتاتتى. دەل ـ دەرەخلەر ئارىسىدىن شۇڭغۇپ كىرگەن تولۇنئاينىڭ سۈتتەك نۇرى ئاشۇ ئەگرى ـ بۈگرى يولدا ئۇششاق تەڭگە گۈللەرنى ھاسىل قىلىپ، يولنىڭ ئوي ـ چوڭقۇرىنى ئوبدانلا يورۇتۇپ تۇراتتى.

داۋۇت مەيچىنىڭ نېمىشقىكىن، بۈگۈن ئوبدان خۇمارى تۇتقانىدى. بىر قاپاق مەيزاپنى ئىچىپ مەست

بولۇپ ، تازا قېنىپ بىر يىغلىۋېلىپ ، نەچچە يىلدىن بېرى يىغلىپ قالغان بارلىق كۆڭۈل ئاغرىقلىرىدىن بىراقلا قۇتۇلۇشنى ئويلىدى . لېكىن ئۇ بۇ كەيپنى يالغۇز قىلىپ كۆنمىگەنىدى . شۇغىنىسى ئۇنىڭ كۈلكە - چاقچاق بىلەن ئولتۇرۇپ ، بىللە ئىچىشىپ بېرىدىغان ئۈلپىتىمۇ يوق ئىدى . ئۇ دۇنيادا ئۆزىنى تىكەندەك يالغۇز ھېس قىلدى. شۇڭا ئاياغ سەۋداسىنى كېسىپ ، ئۆزى بىلەن ئۆزى مۇڭدىشىپ ، بۇ كېچىنى يالغۇز ئۆتكۈزۈشنى خالاپ قالغانىدى.

يىراق - يىراقلاردا ، قارىيىپ كۆرۈنگەن ئورمانزارلىقلار ئارىسىدا سۇس يېنىپ تۇرغان چىراغ نۇرلىرى جىلۋە قىلىپ تۇراتتى . كېچە قانچە قاراڭغۇ بولغانسېرى بۇنداق چىراغ يورۇقلىرى شۇنچە جۇلالىق ، شۇنچە نۇرلۇق بولۇپ كېتەتتى . ئادەمنىڭ سۇنۇق كۆڭلىگە تەسەللى ، قاراڭغۇ دىلىغا ئۈمىد بېغىشلايدىغان بۇنداق يورۇقلۇق نەقەدەر سۆيۈملۈك - ھە؟! داۋۇت مەيچى ئاشۇ ئەلەڭگۈپ يېنىپ تۇرغان چىراغ نۇرلىرىغا يىراقتىن بىردەم قاراپ تۇرغاندىن كېيىن ، كۆكسىنى تولدۇرۇپ ئۇلۇغ - كىچىك تىندى.

«يالغۇزلۇقۇڭغا ، مىسكىنلىكىڭگە تەسەللى بولالايدىغان ئاشۇ چىراغ يورۇقىدىن باشقا نېمەڭ قالدى ئەمدى داۋۇتۋاي؟ مەيزاپخانا ئاچقىنىڭدىن نېمە پايدا كۆردۈڭ؟ تاپقىنىڭ پاتماللاپ كۆڭۈل زېدىسى . ساڭا بەخت - ئامەتتەك بىلىنگەن بۇ سوداڭ خۇددى قاراڭغۇ جاڭگالدا كۆرۈنگەن ئالۋۇندەكلا بىر تۇيغۇ ، خالاس! سەن ئاشۇ ئالۋۇننىڭ ئېزىقتۇرۇشلىرى بىلەن بىرەر ئورامدىن موخۇركا سۇنۇشۇپ ، ئەتىسى - ئاخشىمى گۇڭۇر - مۇڭۇر سوقا سۆھبەتلەرنى قۇرۇپ ، سۇنۇق كۆڭۈللەرگە تەسەللى بېرىشىدىغان قوشناڭدىنمۇ؛ ئېغىرىڭنى تەڭ كۆتۈرۈپ ، يىغاڭنى بىللە يىغلايدىغان جامائەتتىنمۇ ئايرىلدىڭ . مانا ، كېسەل ئىتتەك ئىنىڭدىن چىقالماي ياتىسەن ، ھالىڭ نېچۇك دەيدىغان ئادىمىڭمۇ يوق ، ئەمدى بۇ جاننى قەيەردە قويۇپ ، بۇلغانغان يۈزۈڭنى نەدە پاكىزلايسەن داۋۇتۇم؟!»

بىردىنلا ئۇنى يىغا تۇتتى . ئۇ ئېچىشىپ تۇرغان يۈرىكىنى قامالىغىنىچە يۇلتۇزلار چاراقلاپ تۇرغان ئاسمانغا بېقىپ ، خۇددى بۆلتۈرۈكلىرىدىن ئايرىلغان ئانا بۆرىدەك ھۆۋلىدى . يىغلاپ قاقشىدى . ئۇنىڭ كۆزلىرىدىن تولىمۇ ھەسرەتلىك ، تولىمۇ ئازابلىق پۇشايمان ياشلىرى سەلدەك قۇيۇلدى . ئۇنىڭ ئاشۇ ئاھۇ - پەريادىغا چىدىمىغاندەك ، پارلاپ تۇرغان تولۇنئاي ئۆزىنى بىر پارچە قارا بۇلۇتنىڭ كەينىگە ئاتتى...

داۋۇت مەيچى كۆرەڭ جۇۋىسىنىڭ ئالدىنى ئېچىۋەتتى . مۇزدەك سوغۇق شامال ئۇنىڭ ئوتقا قاقلىغان داپتەك چىڭ ، چۇپۇر باسقان قاتمال كۆكسىگە زەرپ بىلەن ئۇرۇلۇپ ، ئوت كەتكەن يۈرىكىگە ئازراق ئاراملىق بەرگەندەك قىلدى . ئۇ ئېغىزىنى چوڭ ئاچقىنىچە تولدۇرۇپ نەپەس ئېلىپ ، ئاشۇ يالغۇز ئاياغ يول بىلەن جاھاننىڭ ئۇ تەرىپىگە چىقىپ كەتمەكچى بولغاندەك تېز - تېز مېڭىشقا باشلىدى.

مەھەللە تەرەپتىن خورازلارنىڭ بەس - بەستە چىللىغان ئاۋازى ئاڭلاندى.

«ئاۋۇ بوم ئاۋاز، — دەپ ئويلىدى داۋۇت مەيچى ئەتراپتىن كېلىۋاتقان بۇ ئاۋازلارنى تونۇپ باقماقچى بولغاندەك، — تالىق ئاخۇننىڭ چار خورىزى شۇ ، كاساپەت ، ئۆتكەن يىلقى ئەلنەغمىدە قاسىم مىراپنىڭ مىڭ كويلۇق داڭلىق خورىزىنىڭ ۋەتۋەرىكىنى چىقىرىۋەتكەنىدى . ھە ، ماۋۇ يىغلىغاندەك چىققىنى مەسۇمخان يوبدانىنىڭ مېكىجىن خورىزى شۇ . ھە ، ئۇياقتىن كېلىۋاتقىنى ئابدۇغوپۇر قارىمنىڭ ئالتۇن پەيلىك ئەنجان خورىزى . كاساپەتنىڭ پەيلى يامان ، خۇددى ئىگىسىدەكلا ئادەمنى چوقۇشقا تەييار تۇرىدۇ...»

ئۇ مەھەللە ئاسمىنىدا ياڭرىغان مىڭلارچە خوراز ئۈنىنى بىر ھازا پەرق ئېتىپ كۆردى . ئەمما بۇ ئۈرۈنۈشلىرىمۇ ئۇنىڭ كۆڭلىدىكى قايغۇ تۇمانلىرىنى تارقىتىۋېتەلمىدى . نېمىلا قىلسۇن ، قانداق ئويلىسۇن ، ئۇنىڭ يۈرىكىنىڭ چوڭقۇر قاتلىمىدا ھۆۋۈلداپ تۇرغان بىر مۇدھىش سوغۇقلۇق ، تىكەندەك يالغۇزلۇق ، ئۇنىڭدىن قۇتۇلۇشقا بولغان چارىسىزلىك ھۆكۈم سۈرەتتى . ئۇ ئاشۇ روھىي ھالەتتىن مەڭگۈ قۇتۇلالمايدىغاندەك قىلاتتى . ئۇنىڭ كۆز ئالدىدا ئاشۇ كۈنى قىزى بىلەن خوتۇنىنىڭ جاۋاب بېرىش قىيىن بولغان سوئاللىق كۆزلىرى چىمچىقلاپ تۇرغاندەك بىلىنەتتى ، «بۇ ئىشنى سىلە قىلدىلىمۇ؟» دېگەن سوئال ھېلىھەم ئۇنىڭ ئوت بولۇپ كۆيۈۋاتقان يۈرىكىنى ئامبۇردا قىسقاندەك ئازابلايتتى.

ئەھلىمەھەللە ئۇياقتا تۇرسۇن ، بىر ئۆيدىكى ئادەمنىڭ ئىشەنچىسىدىن قېلىشمۇ قورقۇنچلۇق بىر ئىشتە! ئاشۇ كۈندىن بۇيان ئۇ ئايالىنىڭ گەپ - سۆزلىرىدە تاغدەك ئېغىر بىر ۋەزىننى بايقاپ قالدى . ئەكسىچە ئۆزىنىڭ بىر باش پىيازچىلىكمۇ قەدرى قالمىغانلىقىنى تونۇپ يەتتى . ئۇ ھەر قېتىم ئايالىنىڭ كۆزىگە قارىغىنىدا ، ئۆزىنىڭ قانچىلىك پەسلىشىپ كەتكەنلىكىنى سېزىۋالاتتى .

كىچىككىنە سودىنى دەپ قىلىپ قويغان قارا يۈزلۈكىنى ئويلىسا ئۆزىنى قويغۇدەك يەر تاپالمايلا قالاتتى.

داۋۇت مەيچى تەلپىكىنى قولىغا ئالدى. سۈتتەك ئاي نۇرىدا ئۇنىڭ بېشىدىن ئىسسىق هور كۆتۈرۈلگەنلىكىنى ئېنىق كۆرگىلى بولاتتى . ئۇ ئاشۇ سوغۇق يولدا قەدەمنى بارغانسېرى ئىتتىكلىتىپ ، قانداقتۇر بىر ئىشقا ئۈلگۈرۈپ بارمىسا بولمايدىغاندەك كېتىپ باراتتى.

خورازلارنىڭ ئىككىنچى قېتىم چىللىغان ئاۋازى ئاڭلىنىشقا باشلىدى . بۇ چاغدا زېمىن ئەڭ قاتتىق ئۇيقۇسىنى باشلىۋەتكەنىدى . ئەتراپتىن خۇددى بەسلەشكەندەك چىللىشىۋاتقان خورازلارنىڭ ئاۋازىنى هېسابقا ئالمىغاندا ھەممە يەر گۆرىستان جىملىقىغا چۆمگەنىدى . ئاشۇ ئۈلۈمگە تەڭ قاتتىق ئۇيقۇدىن ئويغىتىش ئۈچۈن خورازلار ئاۋۋالقىدىنمۇ بەكرەك كۈچەۋاتقاندەك ، جەھلى بىلەن چىللىماقتا ئىدى!

ھېرىپ جۈلقى چىققان داۋۇت مەيچى ئاستا كېيىنگە ياندى . ئۇ ئەمدى قايتىپ بارمىسا ئايالى ۋە قىزىنىڭ يولغا قاراپ تىك ئولتۇرىدىغانلىقىنى يادىغا ئالغانىدى . «بىرىمىزنىڭ ۋىجدان ئازابىدىن قىينالغىنىمىزمۇ يېتەر» دەپ ئويلىدى داۋۇت مەيچى خورسىنغان هالدا . ئۇ قېنىپ بىر يىغلىۋالغىنى ئۈچۈن كۆڭلىدىكى ئازابلىرىدىن بىرئاز يېنىكلەپ قالغاندەك هېس قىلدى . ئۇزۇندىن بېرى ياش تۆكۈپ باقمىغان كۆزلەر روشەنلىشىپ ، ھەممە نەرسىنى شۇنداق ئېنىق كۆرۈۋاتقاندەك ئىدى.

قاينۇق مەھەللىسى يېڭى بىر تاڭنى كۈتۈۋېلىش ئالدىدا تۇراتتى . شەرق ئاسمىنى بارا ـ بارا سۈزۈلۈپ ، بېلىقنىڭ قورسىقىدەك ئاقىرىشقا باشلىغانىدى . داۋۇت مەيچى ئۆزىنىڭ قانچىلىك ماڭغىنىنى ، نەلەرگە بارغىنىنى سەزمىگەن هالدا مەھەللىگە كىرىپ كەلگەندە ، قاينۇق ئاسمىنىدا بارات مەزىنىنىڭ ئۇيقۇلۇق هالدىكى مۇڭلۇق ئەزان ساداسى ياڭراشقا باشلىدى.

ئۇ هويلىسى ئالدىغا كەلگىنىدە قانداقتۇر بىر كېلىشمەسلىكنى سەزگەندەك ، يۈرىكى جىغغىدە قىلىپ تۇرۇپلا قالدى . چۈنكى ، قازناق تەرەپتىن ئايالىنىڭ ئەللەي ناخشىسىغا ئوخشاپ كېتىدىغان يىغا ئاۋازى ئاڭلانماقتا ئىدى . ئۇ خۇددى قىزى كىچىك ۋاقىتلاردا ئۇنى ئۇخلىتىش ئۈچۈن ئەللەي ناخشىسى ئوقۇپ بېرىۋاتقاندەك مۇڭلىنىپ ، قوشاق قېتىپ يىغلىماقتا ئىدى . يىغىدىن ئاۋازى پۈتۈپ كەتكەن ئايالىنىڭ ئۈنى خىرقىراپ چىقاتتى.

ئۇ تەلپەكنى چۆرۈپ قەيەرگىدۇر تاشلىغاندىن كېيىن ، ئۆزىنى قازناققا ئاتتى . كۆردىكى ، گۈلجامال قازناق سۇپىسىدا سوزۇلۇپ ياتاتتى . ئۇنىڭ يۈزىگە بىر ئاق ياغلىق يېپىپ قويۇلغانىدى . ئانا قىزىنىڭ ئۈستىگە ئۆزىنى تاشلاپ هازا ئاچماقتا ئىدى.

— نى... نېمە بولدى؟ — جەھلى بىلەن ۋارقىرىدى داۋۇت مەيچى . ئەمما ئۇنىڭ سوئالىغا ئايالىدىن جاۋاب بولمىدى . ئايال ھەممىنى ئۇنتۇغان هالدا يىغلايتتى.

ئون گۈلۈگىنىڭ بىرى ئېچىلماي قىزىم،
بوران سوققان چېچەكتەك تۇزۇدۇڭمۇ قىزىم.
مەن بىچارىنى نېمە بولسۇن دېدىڭ قىزىم،
مەيچى داداڭدىن تويدۇڭمۇ قىزىم،
يۈندىكەش ئاناڭدىن تويدۇڭمۇ قىزىم.
بۇ دۇنيانىڭ خورلۇقىدىن قىزىم،
ئۇ دۇنيانىڭ خۇشلۇقىنى ئىستىدىڭمۇ قىزىم...

ئانىنىڭ يىغىسى ئېچىنىشلىق ، بەكمۇ ئېچىنىشلىق ئىدى . ئۇنىڭ هازا قوشىقىدا بىر دەھشەتلىك پاجىئە تولۇق ئەكس ئەتكەنىدى . داۋۇت مەيچىنىڭ يالغۇز يىگانىلىقى ، ھاياتقا بولغان ئوتتەك مۇھەببىتى ۋە تۇرمۇشقا بولغان چەكسىز چۈشكۈنلىكى ئىپادىلىنەتتى . بۇ هازا قوشىقىغا ئۇنىڭ مۇشۇ ئاخشام قاينۇق ئەتراپىدا كېزىپ يۈرۈپ ئويلىغان ھەممىۋا ئازاب ـ ئوقۇبەتلىرى مۇجەسسەم ئىدى!

ئۇ ئاستا بېرىپ قىزىنىڭ يۈزىدىكى ياغلىقنى كۆتۈردى . لامپۇچكىنىڭ يورۇقىدا ئۇنىڭ ئاق خەسىدەك تاتىراڭغۇ يۈزلىرى پارقىرىدى ، ئۆرۈكسىز چاچلىرى سامان تەكىي ئەتراپىدا سويلاپ تۇراتتى . ئۇ كۆزلىرىنى چىڭ يۇمغىنىچە ئۇيقۇغا كەتكەندەك كۆرۈنەتتى . ئاشۇ كۆزلەرنىڭ مەڭگۈلۈككە يۇمۇلغىنىغا ئادەمنىڭ ئىشەنگۈسى كەلمەيتتى.

— نېمە بولدى؟ نېمە ئىش بۇ؟ قىزىمىز قانداقسىگە... — ئۇ خوتۇنىدىن يېنىش ـ يېنىشلاپ سورىدى . ئەمما ئايالىنىڭ قولىقى گاس بولۇپ ، كۆزى كۆرمىگەندەك ، ئالدىدا بىرنېمىلەرنى سوراۋاتقان ئېرىنىمۇ كۆرمىدى ، نېمە دېگەنلىكىنىمۇ ئاڭلىمىدى . ئۇ بارغانسېرى ئېزىلىپ ، بوغۇلۇپ يىغلىماقتا ئىدى.

تاڭ ئاتتى . قاينۇقلۇقلار يېڭى بىر كۈننى كۈتۈۋالدى . ئوقەتچىلەر ئاۋۋالقىدەك غالتەك هارۋىلىرىنى غىچىرلىتىپ بازارغا مېڭىشتى . ئۇلار داۋۇت مەيچىنىڭ ئۆيىدىكى هازىنى ئاڭلىمىغاندەك ئىدى . مەھەللىدە ئىتلار هاۋشۇپ ، ئېشەكلەر جەھلى بىلەن ھاڭرىشاتتى . ئايروپىلاندەك گۈرۈلدەپ ، مەھەللىنى بېشىغا كىيىدىغان موتسىكلىتلارمۇ زۇۋانىغا كەلگەنىدى.

داۋۇت مەيچىنىڭ كۆزلىرىدىن بىر تېمىممۇ ياش چىقمىدى . چۈنكى ، ئۇ يىغلايدىغان يىغىسىنى كېچىچە پۇخادىن چىققۇدەك يىغلىۋالغانىدى . تۈيۇقسىز كەلگەن

بۇ پاجىئە ئۇنىڭغا چىدىغۇسىز قاتتىق زەربە بولدى . ئۇ شۇ تۇرقىدا قانداق قىلىشىنى بىلمەي ئولتۇرۇپ كەتتى . ئىلگىرىلەردە بىر ئۆيدە مۇسىبەت بولسا ھەممەيلەن يوقلاپ كىرىپ ، ئاخىرەتلىك ئىشلارنى قول - قولدىن تالىشىپ قىلىشاتتى . ھازىدارغا يىغلاپ ھازا ئېچىشتىن بۆلەك ھېچقانداق ئىش قالدۇرۇلمايتتى . مانا ، تاڭ ئېتىپ كۈن خېلىلا بىر يەرگە بارغان بولسىمۇ ، داۋۇت مەيچىنىڭ ئۆيىگە ھېچكىم پەتىلەپ كىرمىدى . قىزىنىڭ بېشىدا خۇددى ياغاچتىن يونۇپ ياسالغان قونچاقتەك ئولتۇرغان داۋۇت مەيچى يالغۇزلۇقنىڭ ، غېرىبلىقنىڭ ئاچچىق شارابىنى يەنە بىر قېتىم تويغۇدەك ئىچتى . دۇنيادا ئادەم بالىسى ئۈچۈن بۇنىڭدىن ئېغىر كۈن بولماس! ئۆلۈپ ياتقان قىزىنىڭ نامىزىنى چۈشۈرگۈدەكمۇ ئادەمنىڭ چىقماسلىقى ئۇنى بەكلا تۇگەشتۇرۇۋەتكەنىدى.

كۈن چۈش بولدى . بۇ ئۆيگە قاينۇقلۇقلاردىن ھېچكىم كىرىپ قويمىدى . ئانىنىڭ يىغىدىن ئاۋازى پۈتۈپ كەتكەنىدى . داۋۇت مەيچىمۇ قىزىنىڭ بېشىدا مۈردىدەكلا قېتىپ ئولتۇراتتى . ئىككى گەۋدە — ھەسرەتلىك ياش تۆكۈۋاتقان ئانا ، پۇشايمان گۈلخانىدا چارسلاپ كۆيۈۋاتقان ئاتا — بىر - بىرىگە قاراپ باش چايقىشاتتى . قىيامەتكە تەڭ بۇ ئېغىر كۈننىڭ ئۆز بېشىغا كەلگەنلىكىگە ئۇلارنىڭ زادىلا ئىشەنگۈسى كەلمەيتتى . ئەمما بۇ كۈن راستلا ئۇلارغا قۇچاق ئاچقانىدى.

بىر چاغدا بوسۇغىدا ئىككى گەۋدە پەيدا بولدى . داۋۇت مەيچى بىلەن ئايالى ئىشىك تەرەپكە قاراپ ، ئۆز كۆزلىرىگە ئىشەنمەيلا قالدى . ئىشىكتىن كامىلجان بىلەن قارىلىق كىيىم كىيگەن ئايالى پەتىلەپ كىرگەنىدى . تەنھالىق ، غېرىبلىق ئىسكەنجىسىدە قىينىلىپ ، ئۆز گۆشىنى ئۆزى يەۋاتقان داۋۇت مەيچى ئەر - خوتۇن بۇ ئادىي كۆلبىسىگە قوشنىسى كامىلجانلار ئەمەس ، خۇددى خىزىر كەلگەندەك خۇشال بولدى . كامىلجاننىڭ ئايالى ئېچىنىشلىق يىغا سالغىنىچە داۋۇت مەيچىنىڭ ئايالىنى قۇچاقلىدى . ئىككى ئانا قايتىدىن ئېزىلىپ ، ھەسرەتلىك يىغىسىنى باشلىۋەتتى . كامىلجان ئاستا كېلىپ داۋۇت مەيچىنى قۇچاقلىدى . دەل شۇ چاغدا داۋۇت مەيچىنىڭ چۆيۈندەك قېتىپ كەتكەن قەلبى شۇررىدە ئېرىپ ، ئۇ يەردىن قاسراقتا ئوخشايدىغان بىر نەرسە سويۇلۇپ چۈشكەندەك بولدى . ئۇ كامىلجاننى قۇچاقلاپ ھۆكىرەپ يىغلىۋەتتى . ئۇنىڭ بۇ يىغىسىنى قىزىنىڭ ئۆلۈمىگە ئېچىنىپ يىغلاۋاتامدۇ ياكى ئۆزىنىڭ قىلمىشىغا ئېچىنىپ يىغلاۋاتامدۇ ، بىلگىلى بولمايتتى.

— قانداقسىگە... قانداقسىگە ساپ - ساق بىر قىز ئۆلۈپ قالدى؟ — سورىدى كامىلجاننىڭ ئايالى ئېسەدەپ تۇرۇپ، — تېخى تۈنۈگۈنلا ئۇنى كۆرگەندەك قىلغانىدىمغۇ؟ ئەجەب بىر...

— نېمىسىنى سورايلا قوشنام، — ئايال ئۆكسۈپ تۇرۇپ جاۋاب بەردى، — ئاخشام ماۋۇ توكخۇز پۇشتى «سىرتنى ئايلىنىپ كېلىمەن» دەپ يەر يۇتكەندەكلا يوقاپ كەتتى ، بىر چاغ بولغاندا گەۋدىلىك ، قىزىل كۆز بىر ئوغرى مەيزاپ ئىچكىلى كەپتۇ ، ئازراق ئىچىپ كەلگەنمىدىكىن ، لەيلەپ بىر ئىزىدا تۇرالماي قالغانىكەن . ئۆيدە ئەر كىشى بولمىغاندىكىن «مەيزاپ يوق» دەپ تۇرۇۋالدۇق . ئەمما ئۇ كەتكىلى ئۇنىماي ئۆيگە كىرىۋالدى . ئاخىر بولماي «مەيلىلا ، ئىچسە بىكارغا ئىچمەس ، شۇ ئېشەك سۈيدۈكىدىن ئازراق ئىچىپ لولىسىدىكى ئوت ئۆچسە كېتىپ قالار» دەپتىمەن . ئۇ دەيۈزنىڭ ئاللىقاچان قىزىمغا كۆز تاشلىغىنىنى مەن نەدىن بىلەي؟ «بورىچى ھالۇچى بولسا كۆزىنى چاپاق بېسىپتۇ» دېگەنىنى شۇ ئىكەن ، ئوخشىتالمىغان بۇ تىجارەتنى دەپ بېشىڭغا چىقتىمغۇ قىزىم ، ۋاي قىزىم ، تاتلىق قىزىم...

— كېيىنچۇ؟ — ئالدىراپ سورىدى داۋۇت مەيچى پوتلىسىنى ئېقىتىپ تۇرۇپ.

— كېيىن ، كېيىن ئۇ ھارامزادە ماڭا ئۇنى - بۇنى بۇيرۇدى ، يېتىشىپ بولالماي قىزىمنى ياردەمگە چاقىرىپتىمەن . بىر چاغدا توخۇ قوردىقى قورۇۋاتسام قىزىمنىڭ چىرقىرىغان ئاۋازى ئاڭلانغاندەك قىلدى . يۈرىكىم قارتتىدە قىلىپ يۈگۈرۈپ چىقسام قازانىڭ ئىشىكنى ئىچىدىن ئېتىۋاپتۇ . قىزىمنىڭ نالىسى... مېنى چاقىرىشلىرى ، يىغلاپ يېلىنىشلىرى... نېمە قىلارىمنى بىلمەي ئۆينىڭ ئىچىدە بىرنەچچىنى پىرقىرىدىم . ئىشىكنى ھەرقانچە تېپىپمۇ ، مۇشتلاپمۇ زادىلا ئاچالمىدىم . ئاخىر بۇ يارامسىزنى ئىزلەپ سىرتقا يۈگۈردۈم . دىڭلداپ يۈرۈپ كارنىيىم يىرتىلغۇچە ۋارقىراپ قىچقاردىم . قاينۇقنىڭ كوچىلىرىنى قېزىۋەتتىم ، يەردىمۇ ، ئاسماندىمۇ يوق . بىر چاغدا قايتىپ كىرسەم ئۇ دەيۈز قۇيرۇقنى خادا قىپتۇ ، قىزىم نومۇسقا چىدىماي ئۆزىنى ئېسىۋاپتۇ... ۋاي قىزىم ، سېنىڭ بېشىڭغا بىز چىقتۇق قىزىم . ئانانىڭ ئۆلسۇن قىزىم ، داداڭنى يەر يۇتسۇن قىزىم...

— بۇ ئەسلىدە ئاشۇ نائەھلىنىڭ قىلغان ئىشىكەن - دە، — كامىلجان يەرگە قارىغىنىچە پەس ئاۋازدا سۆزىنى داۋام قىلدى، — ئۇ ئاخشام بىزنىڭكىگە كەپتىكەن ، ئىشىكنى خېلىلا قاققان بولسىمۇ ئاچمىغانىدىم ، چۈنكى مەن ئاللىقاچان بۇ ئىشتىن قول يۇيۇۋەتكەن - دە.

— كىم ئۇ؟ — داۋۇت مەيچى ئىتتىكلا سورىدى.

— ھېلىقى پور كۆتەك شۇ.

بۇنى ئاڭلاپ داۋۇت مەيچىنىڭ چىشلىرى غۇچۇرلىدى ،

كۆز ياشلىرى يامغۇردەك قۇيۇلدى . ئۇنىڭ كۆز ئالدىدا ئۆزىنى كونا چاپاندەك چۆرۈپ ئاتقان ئاشۇ پور كۆتەكنىڭ ھەجىيىپ تۇرغان چىرايى قايتىدىن پەيدا بولدى . ئۇ مۇشتلىرىنى تۈگكىنچە ئورنىدىن تۇردى . كامىلجان



ئۇنىڭ نىمە ئويلاۋاتقىنىنى چۈشەنگەندەك كاپىدە بىلىكىنى تۇتۇۋالدى.

— ئاچچىقىنىڭ كەينىگە كىرمەيلى داۋۇتاخۇن ، سورىقىنى ھۆكۈمەت قىلىدىغان ئىش بۇ ، ئۇ ھايۋان قانات چىقىرىپمۇ ئۇچۇپ كېتەلمەيدۇ . ئەڭ ياخشىسى ، مېيىتنى يەرلىككە قويۇشنىڭ ئامالىنى قىلايلى ، راست گەپنى قىلسام ، ھەر ئىككىمىز بۇ يەردىكىلەرنىڭ غەزىپىگە ، قارغىشىغا كەتكەن ئادەملەرمىز . شۇڭا بۇ پالاكەتلەردىن قۇتۇلمىقىمىز ئاسان ئەمەس . ئۆتكەنگە سالاۋات ، مەن چىقىپ ئابلىز قارىنى ئىزدەپ باقاي ، بالىنىڭ نامىزىنى چۈشۈرۈشكىمۇ ئادەم كېرەكتە . قالدىسىنى بار مەسلىھەت بىلەن بىر ئىش قىلارمىز...

كامىلجان ھەممەيلەنگە تەكشى بىر قارىۋەتكەندىن كېيىن ، بېشىنى سالغىنىچە ئاستا سىرتقا ماڭدى.

قاينۇقنىڭ بۇ يىلقى قىشى ھەرقانداق بىر يىلدىكىگە زادىلا ئوخشىماي قالدى . كۈندۈزلىرى ھارارەتسىز قۇياش دۇشمەنىنىڭ كۆلكىسىدەك ئاندا ـ مۇندا جىلمىيىپ تۇرغان بىلەن سوغۇق شۇنچىلىك قاتتىق ئىدىكى ،

تاڭ ـ تاڭ مۇزلىغان يەرنىڭ بىرقات ئېتى يېرىلىپ ، چۆيۈندەك قېتىپ كەتكەنىدى . كۈنىنىڭ پېشىنگە بېرىپ قالغىنىغا باقماي كوچىلاردا ئادەم شالاڭ ئىدى . مۇزلىغىنىدىن تۈكلىرى پاخپىيىپ ، قۇيرۇقى چات ئارىسىغا قىستۇرۇلغان لالما ئىتلار كوچىنىڭ ئۇ يەر ـ بۇ يېرىدە بىرنىمىلەرنى تىمىسقىلاپ يۈرىشەتتى . بىر پۇتىنى تۈكلىرى ئارىسىغا يوشۇرۇپ ، بىر پۇتىدا يەر دەسسەپ تۇرغان خورازلار ئۈيقۇغا كەتكەندەك كۆزلىرىنى يۇمۇۋېلىشقانىدى . سوغۇقنىڭ شۇنچە قاتتىق بولۇشىغا قارىماي تېخىچە تۈنجى قار ياغمىغانىدى . «قارنىڭ ياغماسلىقى ئاپەتتىن بېشارەت» دېيىشەتتى كونىلار . ئەمما قانداق ئاپەتنىڭ يېتىپ كېلىشىنى ھېچكىم بىلمەيتتى . قاينۇقلۇقلار داۋۇت مەيچىنىڭ ئۆيىدە يۈز بەرگەن پاجىئەنى ئاڭلىغىنىدا ، ھەممە بالا ـ قازانىڭ شۇنىڭ بىلەن كېتىشىنى ئۈمىد قىلغاندەك بىر تۈيغۇدا ئېغىر تىنىشتى.

— خۇدانىڭ ئارغامچىسى ئۇزۇن، — دېيىشەتتى قاينۇقلۇقلار بىر يەرگە كەلگەندە، — «قىلغىنىڭغا يارىشا دارامەت ئالىسەن» دەيدىغان گەپ بار . داۋۇت مەيچى قاينۇققا ئەمەس ، بالىسىغا قىلدى . ئەمدى كېلىپ شۇنىڭ جازاسىنى تارتىۋاتىدۇ.

— قاينۇقتا تارىختىن بېرى ئازدۇر ـ كۆپتۇر شەشە ـ قاپاق مۇكداشلىرى بولغان بىلەن ، ئاتام زامانىسىدىن باشلاپ ھېچكىم مۇنداق شەرمەندە ئىشنى قىلىپ باقمىغان ، مانا ، داۋۇت مەيچى باشلاپ ، كامىل تورغاي دوراپ كۆرۈۋىدى ، خۇدا ئۇرۇپ ئەسلى ـ ۋەسلىدىن ئايرىلىپ ، بۇرنى ـ قۇلىقىغىچە تويدى . ئىبرەت ئاللىجانائەت...

## 7

ھەممە جىمدى . كىشىلەر سۆزلەپ ھاردى؛ ئەتراپ يەنە تىنجىپ قالدى . قاۋاپ ھارغان ئىتلار كاتەكلەرگە كىرىپ كېتىشتى . ۋاقىتسىز چىللاپ ئالەمنى مالەم قىلغان خورازلار مېكىيان قوغلاش بىلەن ئاۋارە ئىدى . قاينۇقنىڭ شاۋقۇن ـ سۈرەنلىرى بېسىقىپ ، قىشنىڭ ئۇزۇن تۈنلىرى ، بەرىكەتسىز كۈنلىرى بىر قېلىپتا جىمجىتقىنە داۋاملاشماقتا ئىدى . ئارقا ـ ئارقىدىن ۋەيران بولغان ئىككى ئائىلە ئاشۇ مۇدھىش سوغۇق ئىچىدە ئوت ـ بوغۇزسىز دۈگدەرەپ ياتقان قىرى كالىدەك ھالىدىن كەتكەنىدى.

داۋۇت مەيچىنىڭ قازنىقى ئىنتايىن سوغۇق ئىدى . ئوت يېقىلغان ئۆينىڭ ئىچىدە بوران ھۇۋلايتتى . ئاشۇ مۇسىبەتتىن كېيىن ئورۇن تۇرۇپ يېتىپ قالغان بىچارە ئايال پەقەتلا ئۆرە بولالمىدى . ئۇ مازلىرى تىتىلىپ كەتكەن

كونا يوتقان ئىچىدە تىنماي يۆتىلىپ ـ خىرقىراپ ياتاتتى. ئۇنىڭ بىرنەرسە بېگۇدەك، داۋۇت مەيچىگە ئۇنى ـ بۇنى دېگۇدەك ھەپسىلىسى قالمىغانىدى. قىزىنىڭ جەستى ئىككى كۈن ساقلىنىپ، ھېچبىر قەدىر ـ قىممەتسىزلا، خۇددى بىر ئېشەك تاپىسىدەك كۆمۈپ قويۇلۇشى ئۇنىڭغا بەكمۇ ئېغىر كەلگەنىدى. ھەمىشە كۈلۈپ يۈرىدىغان بۇ خۇش پېئىل قىزىنىڭ ئون گۈلىنىڭ بىرى ئېچىلماي تۇرۇپ ھەش ـ پەش دېگۈچە قارا تۇپراقنىڭ ئاستىغا كىرىپ كېتىشى ئۇنىڭغا بىر قورقۇنچلۇق چۈشتەكلا بىلىنەتتى. شۇنداق، ئۇ مەڭگۈ ئويغانغىلى بولمايدىغان ئەڭ قورقۇنچلۇق چۈش — ئۆلۈم ئىدى...

داۋۇت مەيچى ئاستا ھويلىغا چىقىپ، ھۇۋۇلداپ قالغان ئېغىلنىڭ ئالدىدىن بىر قۇچاق قوناق پاسىرى كۆتۈرۈپ كىردى ـ دە، مانتا ئوچاققا تاشلاپ سەرەڭگە ياقتى. لاپ قىلىپ يانغان قۇرۇق پاسار قويۇق ئىس چىقىرىپ تۈتەپ كۆيۈشكە باشلىدى. ئەمما، «پاسار چوغى تۇتامسىز يىگىتكە ئوخشايدۇ» دېيىشىدۇ كونىلار. لاپپىدە ئوت ئالغان ئوت ـ خەس تۈزۈك ئىسسىق بەرمەيلا، ئۇنىڭ بارلىق ئۈمىد ـ ئارزۇلىرىغا ئوخشاش كۈلگە ئايلاندى.

كۈنلەر ئۆتمەكتە. كۈچلۈك بوراندا كۆتۈرۈلگەن دېڭىز ئۆركىشىدەك قاتمۇ قات كەلگەن دەرد ـ ئەلەملەردىن داۋۇت مەيچىنىڭ چاچ ـ ساقىلى ئاق رەڭدە بوياتقاندەكلا تامام ئاقىرىپ كەتتى. ئۇنىڭ بېلى مۈكچەيدى. كۆزلىرىنىڭ نۇرى قاچتى. پۇت ـ قوللىرى قورايدەك قېتىپ، ماغدۇرسىزلىقتىن كۆز شاملى سوققان ياپراقتەك تىترىدى. ئۇ شۇ تۇرقىدا يەتمىش ـ سەكسەن يىل ياشىغان بوۋايغا ئوخشاپ قالغانىدى. ئۇنىڭ ھاياتتىن كۈتىدىغان ھېچقانداق ئارزۇلىرىمۇ يوق! خۇدانىڭ ئامانىتىنى بالدۇرراق ئېلىشىنى كۈتۈپ ياتقىنى ياتقانىدى. ئۇ بۇ دۇنياغا ئورۇنسىز تۇغۇلۇپ قالغان بوۋاققا ئوخشاش، مەھەللىدىكىلەر تەرىپىدىن تاشلىۋېتىلگەن. قاينۇقلۇقلار بۇ يەردە ئەزەلدىن بۇنداق بىر ئادەملەر ياشاپ باقمىغاندەك، ئۇلارنى ئۇنتۇپ كېتىشكەنىدى. پەقەت كۈن ئارىلاپ بۇ ئۆيگە كامىلجان بېشىنى تىقىپ قوياتتى. ئايالى تاماق سۇناتتى. بىردەم ـ يېرىمدەم مۈگدىشىپ چىقىپ كېتەتتى.

بەكمۇ ئۇزۇن بىلىنگەن قىش پەسلى ئاخىرلىشىپ، ئەتراپتىن باھار ھىدى كېلىشكە باشلىغان بىر كۈنى، داۋۇت مەيچىنىڭمۇ ئايالى كۆز يۇمدى. ئۇنىڭ نومۇس كۈچى مەھكەم بوغقان بوغۇزىدىن ئاخىرقى نەپىسى شەپىسىزلا ئۆتۈپ كەتتى. تەقدىر ـ قىسمىتىنىڭ ئاللىقاچان شۇنداق بەلگىلىنىپ بولغانلىقىغا شەكسىز ئىشەنگەن داۋۇت مەيچى تەقدىرگە تەن بەردى. ئۇ بىر تامچىمۇ ياش چىقمىغان نۇرسىز كۆزلىرى بىلەن ئۆزىگە قىرىق يىل ھەمراھ بولغان ئايالىنىڭ چېھرىگە ئاخىرقى قېتىم نەزەر تاشلىغىنىدا، يۈرىكىنىڭ قات ـ قېتى يىرتىلىپ قانىغاندەك، ئەمدى بۇ دۇنيادا ئۆزىگە ھەمراھ بولىدىغان بىرمۇ ئادەم قالمىغاندەك بىلىندى. كىشىلەرنىڭ بەكمۇ رەھىمسىزلىشىپ، بىر ـ بىرىنىڭ ئۆلەر ـ تىرىلىشى بىلەنمۇ كارى بولمىغۇدەك ھالغا يەتكىنىنى، مېھرى ـ ۋاپانىڭ كۆتۈرۈلۈپ دۇنيانىڭ نەقەدەر باغرى تاش بولۇپ كەتكەنلىكىنى ئويلىغىنىدا، ئايالىنىڭ ئۆزىدىن بۇرۇنراق ھايات خورلۇقلىرىدىن قۇتۇلغىنىغا خۇش بولدى.

قاينۇققا باھار پەسلى شەپىسىزلا كىرىپ كەلمەكتە ئىدى. ئەتراپ خېلىلا ئىللىپ قالغان، قىشچە توك تېزەكتەك قېتىپ كەتكەن قۇشلارنىڭ پۇت ـ قولىغا جان كىرىشكە باشلىغان بىر كۈنى داۋۇت مەيچى ئاتا ـ ئانىسىدىن مىراس قالغان، چۈپۈردىن توقۇلغان ئالا خورجۇنىنى مۈرىسىگە تاشلاپ ئۆيىدىن چىقتى. ئۇ نۇرسىز كۆزلىرى بىلەن ئەتراپقا بىر پەس قارىغاندىن كېيىن، ئىشىككە — ياق، ھاياتتىن ئۈمىدى ئۈزۈلگەن قەلبىگە قوش مۇشتەك كېلىدىغان يوغان قارا قۇلۇپنى سالدى ـ دە، بازارغا قاراپ ماڭدى.

— خۇدا رەھمىتى، ئىمان پاكلىقى ئۈچۈن سەدىقە تىلەيمەن، سەدىقە بالانى يەر، توۋا گۇناھنى... توۋا قىلىڭ جامائەت، بىلىپ ـ بىلمەي قىلىپ سالغان گۇناھلىرىڭىز ئۈچۈن توۋا قىلىڭ، سەدىقە بالانى يەر، توۋا گۇناھنى، خۇدا يولىدا سەدىقە تىلەيمەن...

كوچا ـ كويلاردا، ئايماق ـ مەھەللىلەردە، مازار ـ ماشايىقلاردا تولىمۇ مىسكىن، چۆل تورغىيىنىڭ سەھەر پەيتىدىكى چۇ ـ چۇلىرىغا ئوخشاپ كېتىدىغان بۇ ئاۋاز پات ـ پات ئاڭلىنىپ قالاتتى.

چەكسىز پۇشايمان، كۆتۈرۈپ قويغۇسىز ھەسرەت ـ نادامەتلەر چوڭقۇر سىڭگەن بۇ جۇدالىق ناخشىسى داۋۇت مەيچىنىڭ تىلىم ـ تىلىم بولغان يۈرەك قېتىدىن فونتاندەك ئېتىلىپ چىقاتتى...

مەھەللە تىنجىپ قالدى، ئەتىسى ـ ئاخشىمى قاينۇق ئاسمىنىدا ئاڭلىنىدىغان مەستلەرنىڭ ئالتاغىل ناخشىلىرى، بىر ـ بىرىنى تىللىشىپ، ياقا سىقىشىپ ۋارقىراشلىرى ئاڭلانمايتتى. مەھەللىدىكىلەر ئۆز تىرىكچىلىكىنىڭ غېمىدە يۈرۈشەتتى. ھەر كۈنى غالتەكلىرىنى پەدىگە كەلمىگەن سۇنايدەك غىچىرلىتىپ بازارغا مېڭىشقان قاينۇقنىڭ ئۇششاق تىجارەتچىلىرى داتلىشىپ كەتكەن قارا قۇلۇپ، ئۇلتۇرۇشۇپ بارغانسېرى يەر تەكتىگە چۆكۈۋاتقاندەك كۆرۈنىدىغان ئەسكى تاملارغا پەرۋاسىزلا قاراپ قويۇشاتتى.

بۇ يەردە ھايات ھالىدىن كەتكەندەك تولىمۇ ئېغىر سۈكۈت ئىچىدە داۋام قىلماقتا ئىدى...

تەھرىرلىگۈچى: **ئەكبەر سالىھ**



# لىرىكىلار

مۇختار بۇغرا

## سۆيگۈ تۇمارى

كار قىلمىدى سۆيگۈ تۇمارى ،
پالاكەتكە يولۇقتۇم ئۇدا .
پەيت قاچتى، بەخت قاچمىسۇن ،
پاناھىڭدا ساقلىغىن خۇدا .

سوۋغا قىيسەن بوغۇلغان ناخشا ،
تۇمار ئەمەس ، بىر بويۇنتۇرۇق .
بۆرىكىستان دېگىنىڭ يالغان ،
سۆيگۈمىزنىڭ يىلتىزى قورۇق .

تۇمار، بەخت، بۆرەك دېگەنلەر ،
ئۆزۈل ـ كېسىل ھالاكەت بولۇش .
قاقشال پىكرىم مېغىزلانغاندا ،
قىڭغىر كۆيلەر كەلدى تۇشمۇ تۇش .

## بۇ ھايات

بۇ ھايات چىرايلىق سىرلانغان بۆشۈك ،
لېكىن، ياغىچىنى يەپ كەتكەن قۇرت .
بۇ ھايات تىپتىنچ ھىندى ئوكياندۇر ،
جەنۇبىي ئاسىيانى باسقان ئۇشتۇمتۇت .

بۇ ھايات ياشلىققا قارا خاتىمە ،
گاھىدا كۆرۈنەر ئاق يولنىڭ ئۇچى .
بۇ ھايات گاھىدا غۇلجا ھەسلى ،
گاھىدا تەرلەتكەن يەكەننىڭ مۇچى .

بۇ ھايات كېسەللىك يوشۇرۇنغان تەن ،
رەڭگارەڭ پۇراقلىق بىر دورىخانا .
بۇ ھايات مۇنتىزىم تاللا بازىرى ،
ئۇندا قالايمىقان قويۇلغان باھا .

بۇ ھايات تۇخۇمدىن تۈك ئۇندۇرگۈچى ،
چوكان قولىدىكى ھەم يەرلىك تۇخۇم .
بۇ ھايات ئۇنتۇلغان كلاسسىك شېئىر ،
ھەم بۇغرا يازمىغان يېپيېڭى بوغۇم .

## ئويغانمىغان تال بويلۇقۇم

ئۇپۇل ـ توپۇل قاچمىدى قىشمۇ ،
تۇرۇۋالدى ئاتتەك تىرەجەپ .
مەككارشامال چىقتى شەرقتىن ،
ئويغانمىدىڭ ئەي قىزچاق ئەجەب.

ھىلال ئايغا ئوسما قويىمامسەن؟
قاشلىرىڭدا قازاندەك سۈرمە .
سۈتتەك پۇراپ تۇرسا كۆچەتلەر ،
بۇ نورۇزغا بېرىمىز نېمە؟

مۇگدەۋەردىڭ ئەي تال بويلۇقۇم ،
نېكەم ياغدى بۆرەك يامغۇرى .
بولىۋالساق ، كولەتتى كۆكمۇ ،
نەۋ باھارنىڭ بىر جۈپ ئۇيغۇرى .

## بۆرەكسىمان كەتمەن

جان ـ تېنىمگە گۈزەل كېسەللىك ،
رودىپايدەك يېپيېشتى مانا .
يارەنلىرىم كەچكى قۇياشتەك ،
يىراقلاشتى ئاھ! ئاستاغىنا .

ھىدلىدىم جۇپ تەڭگە چېچەكنى ،
ئورۇلغىنى ئازاب ئالمىسى .
قەرزدارمەن دوستلار كۆڭلىگە ،
بەندىلىكتىن قالدى كۆپ نېسى .

قىيالاردىن يىقىلغان قۇشمەن ،
بۆرىكىمگە تەگدى جۇت ـ ئۇشۇك .
سۆيۈپ تاڭسوق ئالاباغىر يار ،
قالدۇرغىنى كاسات تەۋەرۈك .

يەتتە كەتمەن توپىدىن باشقا ،
سۆيگۈمىزنىڭ قالمىدى دىرى .
سەندە تولۇق كۆكرەك ئۆركىشى ،
مەن بانكاڭنىڭ غېرىب شائىرى .

قىز يوقاتماي پاك قىزلىقىنى ،
قان يوقاتتى قىزلىللىقىنى .
ھۆزۈر ئەمەس ئاھ! كوزۇر ئۇچۇن ،
مەن ساقلايمەن قارا كېچىنى .

## نابوت بولغان كېچە

پىتراپ كەتتى خىيالىم گويا ،
نازلىرىڭدىن ئۆركىگەن قۇشتەك .
چاۋىسىنى چىتقا يايدىغۇ ،
تاقىتى تاق بىر داترەڭ بۆرەك .

## ئاۋارە ھايات

سەپەرگە چىقساق زاۋال ۋاقتىدا ،
ئاخىرەت سۇنۇقلىرى پۇتقا پاتىدۇ .
قەشقەرنىڭ خالتا كوچىلىرىدىن ،
چىقالماي چېتىگە باشلار قاتىدۇ .

بېكەت، تۇرالغۇ، نان تېپىپ يېيىش.. .
ئۆزى قايناپ تاشقان چۆگۈندۇر گويا .
بىرىمىز يول تاختىسى
بىرىمىز ھاياتقا ئېتىلغان ئوقيا .

پۇل ھەلەكچىلىكى، قاتىلاك سۆيگۈ ،
ھايات باشاقلىرىنى پايخان قىلىدۇ .
پىلىسىراتتىن ئۆتكەن بولسىمۇ بۆرەك ،
ئۆكتەم ھاياتلىقنى ئارمان قىلىدۇ .

# چىن دوستلۇق

## مەريەم ئەھەت

بولمىغاندەك تاراقسىز سۇمبۇل چاچىنىڭ زىننىتى ،
بولماس ئىكەن ھاياتنىڭ چىن دوستلارسىز لەززىتى .
ۋىسال قۇچۇپ تەك كۆلگەن بىر مىنۇتمۇ يىلغا تەڭ ،
يەتمەس ئىكەن دوستلۇقتا باشقىسىنىڭ قىممىتى .

كۆكتە قۇياش نۇر تۆكۈپ، ياشناتقاندەك ھاياتنى ،
دوستلىششتى چېچەكلەپ، سۆيۈندۈرەر دىللارنى .
تېپىلسىمۇ ئۆمۈردە تالاي تالاي ياخشى دوست ،
ساۋاقداشلىق رىشتى ھەم نۇرلاندۇرار يوللارنى .

ئانا تۇپراق باغاشلاپ، پەرۋىشلىگەن كۆچەتلەر ،
بوران ـ چاپقۇن، جۇدۇندا ئەگمەس ئىكەن قەددىنى .
گۈزەللىكنى پەقەتلا گۈزەل قەلب كۆرگەندەك ،
دوستقا سادىق يۈرەكلەر بىلەر دوستلۇق قەدرىنى .

بەزى دوستلار شۇنداقكى، گويا سۈزۈك تاغ سۈيى ،
ياشارتىدۇ مېھرىدە تالاي گىياھ، مايسىنى .
غەم ـ قايغۇدىن پۈكۈلسە سەۋرىنازدەك بەللىرىڭ ،
چىن دوستۇڭلا مەدەت بوپ ، ئۇنتۇلدۇرار زەخمىنى .

كېلىڭ دوستلار ئېيتايلى ، شۇ «ئايرىلىش كۈيى»نى
فونتان كەبى ئوخچىسۇن يۈرەكلەرنىڭ تاشقىنى .
كەتسىمۇ گەر گۈل ياشلىق ھازىر بىزدىن يىراقلاپ ،
دوستلۇق بىلەن نۇرلانسۇن مۇشكۈل ھايات سەپىرى.

تەھرىرلىگۈچى: **پولات ھېۋزۇللا**



# قىش بىلەن يازنىڭ ئارىلىقىدا

(ساياھەتنامە)

ئابدۇقادىر جالالىدىن

*— يا رەببىم دەپ ئىشىكتىن چىق ، كۆرمىشلىرىڭ نىمەت بولۇر.*

*— ئانام ئاغزىدىن*

مەكتىپىمىزنىڭ ئىشچىلار ئۇيۇشمىسى 30 غا يېقىن ئادەمدىن بىر ئۆمەك تەشكىللەپ ، جەنۇبىي جۇڭگودىكى بىرقانچە شەھەرگە — گۇاڭجۇ ، شېنجېن ، شياڭگاڭ ، ئاۋمىن ، جۇخەي قاتارلىق شەھەر ۋە رايونلارغا ساياھەتكە ئۇيۇشتۇردى . ئۆمەك ئەزالىرىنىڭ كۆپ قىسمى مەكتىپىمىزنىڭ مەمۇرىي خادىملىرى ۋە ئوقۇتقۇچىلىرىدىن ئىبارەت ئىدى . ئاز بىرقىسمى سىرتتىن قوشۇلغانىدى . شىنجاڭ غەربىي دىيار خەلقئارا ساياھەت شىركىتى بىزگە ئىگە بولۇپ ، 2004 – يىلى 15 – دېكابىر ئەتىگەن يولغا چىقتۇق . ئىشلار ۋە ئويلار ساياھەتنىڭ كۈن تەرتىپى بويىچە كۈندىلىك خاتىرە شەكلىدە يېزىلدى.

*2004 – يىلى 15 – دېكابىر*

ئۈرۈمچىدىن گۇاڭجۇغا بارىدىغان ئايروپىلان ئۈرۈمچى ۋاقتى 45 : 7 دە قوزغىلاتتى . بىز ئۈرۈمچى ۋاقتى سائەت 00 : 6 دە مەكتەپنىڭ ئالدى دەرۋازىسىنىڭ ئالدىغا يىغىلدۇق . ھاۋا سوغ ، ئەتراپ قاراڭغۇ ، جەنۇبىي ئىقلىمنىڭ ئىسسىق ھاۋاسىنى كۆزدە تۇتۇپ ، ئىچىمگە يېنىك كىيىنىپ ، تېشىمغا پەلتۇ كىيىۋالدىم . ئەلۋەتتە باشقىلارمۇ شۇنداق قىلىشقاندۇ . ساياھەت شىركىتىنىڭ ئاپتوبۇسى بىزنى ئايرودرومغا ئېلىپ ماڭدى ، ئىنستىتۇت ئىشچىلار ئۇيۇشمىسىنىڭ ئىككى خادىمى مىنىبۇسقا ئولتۇرۇپ بىزنى ئۇزاتقىلى چىقتى.

ھاۋا تۇمانلىق بولۇپ ، ئاپئاق قىرو باغلىغان دەرەخ شاخلىرى نېپىز مۇز تۇتقان ئاپتوبۇس دېرىزىسىدىن غۇۋا كۆرۈنەتتى . ئادەملەر دۈگدىيىشكەن ھالدا كوچا ئاپتوبۇسلىرىنىڭ بېكەتتىكە مېڭىشقا باشلىغانىدى . ئۈرۈمچىنىڭ جانغا تېگىدىغان بىر كۈنلۈك ئالدىراش تۇرمۇشى قەھرىتاننىڭ ئاچچىق سەھىرىدە ئۆز پايانىنى يېڭىشقا باشلىماقتا . كوچا چىراغلىرى جايىدىلا قېتىپ قالغان ، نۇرلارمۇ چىراغنى چۆرىدەپ ئۇيۇپ قالغان.

ئۈرۈمچى ئايرودرومىنىڭ ئالدىدا قايناپ كەتكەن ماشىنا چىراغلىرى ئوينىشۋاتقان ماي قوڭغۇزنى ئەسلەتتى . شۇنچە سوغۇقتا ماشىنا چىراغلىرى نۇر سىزىقلىرىنىڭ ئىچىدە ئاقاتتى ، ئادەملەر ئۆز نىشانلىرى ئۈچۈن تىپىرلاشنى باشلىۋەتكەنىدى . توڭلاپ ، ئېرىنچەكلىشىپ تۇرغىنىمدا تاڭ زاۋىلىنىڭ باغرىدىكى قاينام – تاشقىنلىق بۇ مەنزىرە ماڭا غەلىتە بىلىنگەندەك بولدى.

ئايرودرومنىڭ زالىغا كىرىپلا ئۈچىمىزدىكى پەلتۇ ۋە چاپانلىرىمىزنى سېلىپ ، مىنىبۇسقا تاشلىدۇق ، ئىشچىلار ئۇيۇشمىسىنىڭ خادىملىرى ئۇلارنى ئېلىپ كېتىپ ، ساياھەتتىن قايتىپ كەلگىنىمىزدە ئالدىمىزغا ئېلىپ چىقاتتى ، قېلىن كىيىملەردىن خالاس تېپىپ ، خېلى يېنىكلىشىپ قالدۇق . ھەممىمىز بىر – بىرىمىزنىڭ ئۈچىسىغا قاراپ ، كىيىنىشلىرىمىزگە دىققەت قىلاتتۇق .

ئۆمەك بولۇپ ساياھەت قىلغاندا ، سەپەرگە ئائىت نىرى ـ بىرى ئىشلارنىڭ تەشۋىشى بولمايدۇ ، مەن ئۈچۈن بۇ تولىمۇ ئەۋزەل بىر قۇلايلىق ئىدى . ئۆمەك باشلىقى جۈتى ئىشلارنى ۋاكالىتەن بىجىرەتتى ، بىز پەقەت ئۇ ماڭ دىگەن يەرگە ماڭساقلا بولاتتى . قارىغاندا ، مېنىڭ بەھۇزۇر خىيال سۈرۈشلىرىمگە تەسىر قىلىدىغان ئىشلار بولمايتتى .

— سەپەرگە لايىقلا كىيىنىپسىز ، — دىدى موڭغۇل قىزى ئالتۇن ماڭا قاراپ . مەن كىر بولسىمۇ چېنىپ كەتمەيدىغان پادىچى ئىشتىنى ، ئۈستۈمگە راھەت چاپان كىيىۋالغانىدىم . كۆپ يانچۇقلۇق ئاسما سومكامغا خېلى كۆپ نەرسىلەر سىغاتتى .

— ئابدۇقادىر ، ئۆزلە مۇخبىر يىگىتكە ئوخشاپ قاپلا ، — دىدى سائادەت ، ئۇ ئۆمەكتىكى بىردىنبىر ئۇيغۇر ھەمراھىم ئىدى . ئالتۇن بىلەن سائادەت مەكتىپىمىزنىڭ تىل تارماق ئىنستىتۇتىنىڭ ئوقۇتقۇچىلىرى ئىدى ، ئالتۇن ئىنگلىز تىلى ئۆتەتتى ، سائادەت خەنزۇ تىلى ئۆتەتتى.

سائادەت سەپەرگە ئائىت كونكرېت ئىشلارنى مېنىڭ سەممىگە سېلىپ تۇراتتى . ئۇنىڭ مەسئۇلىيەت روھى مېنى تېخىمۇ خاتىرجەم قىلدى .

ئۇششاق پاراڭلارغا تاۋىم يوق بولغاچقا ، توپتىن چەتتىرەك تۇرۇپ ئەتراپنى كۆزىتەتتىم ، ئالدىراش كەيپىيات ماڭا بىسىم بولاتتى ، ئىچىم تىتىلداپ ، مەقسەتسىز ھالدا ئۇياق ـ بۇياقلارغا مېڭىپ قوياتتىم .

بىز گويا قىشتىن يازغا قاراپ ئۇچاتتۇق . جەنۇبنىڭ يازى خۇددى مېنىڭ يېڭى نىكاھىمغا ئالدىغان لايىقمىدەك جىلمىيىپ ، ئۆزىگە تارتقاندەك قىلاتتى . ئۇنىڭ ئىسسىق نەپەسلىرى زىمىستاننىڭ ئاسارەتلىرى كەتمىگەن بەدىنىمگە ئۇرۇلۇپ ، غىدىقلىغاندەك بىلىندى.

بىز ئايرودرومدىكى ئىنچىكە تەكشۈرۈشتىن ئۆتۈپ ، ئايروپىلانغا چىقتۇق . مەن ئالتۇن بىلەن بىر يەردە ئولتۇرۇپتىمەن.



ئالتۇن ئىسرائىلىيىدە بىرقانچە ئاي تۇرۇپ باققانىكەن . بىز گاھ ئىنگلىزچە ، گاھ خەنزۇچە پاراڭلاشتۇق ، ئۇ مەن توغرۇلۇق كۆپ ئاڭلىغانلىقىنى ئېيتتى ، ئىنستىتۇتنىڭ بارلىق ئۇيغۇر ئوقۇغۇچىلىرى مېنى بىلەتتى ، بەزىدە مەن ھەققىدە پاراڭ سېلىشاتتى ، ئالتۇن ئۇلاردىن ئاڭلىغان بولسا كېرەك.

— سىز ئىنگلىزچە دەرس بېرىش بىلەن بىرگە نېمىنى تەتقىق قىلىسىز؟ — دەپ سورىدىم ئۇنىڭدىن .

— ھازىرچە بېرەر تېمىنى تەتقىق قىلىشنى ئويلاشمىدىم . يەنىلا موڭغۇللارنىڭ داستانلىرىنى تەتقىق قىلسام بولارمىكىن .

— ئىنگلىزچە بىلىش بىر قورالنى ئىشلىتىشنى بىلگەنلىك ، لېكىن ئۇنى نېمىگە ئىشلىتىشنى بىلىش ئىنتايىن مۇھىم .

— توغرا ، كۆنلەر ئۆتتۇۋەرسە ئىنگلىزچە بىلىش مېنىڭ ئالاھىدىلىكىم بولماي قالىدۇ . شۇڭا ، بىرەر كەسىپنىڭ پېشىنى تۇتۇپ ئۇنى ئىنگلىزچە ئارقىلىق نامايان قىلىشىم كېرەك.

— ئىنگلىزچىنى ھەرقانچە بىلگەن بىلەن سىز ئىنگلىز بولالمايسىز.

— مەن ئەلۋەتتە موڭغۇل.

— موڭغۇلچىنى ياخشى سۆزلىيەلەمسىز؟

— ھەر ھالدا بولىدۇ . لېكىن خەنزۇچىدە راۋانمەن.

— ئۇنداقتا ، موڭغۇل خەلق داستانلىرىنى قانداق تەتقىق قىلىسىز؟

— توغرا ، موڭغۇلچىنى پىششىق بىلىشىم كېرەك.

— قاچان ئۆگىنىسىز؟

— بىلمەيمەن ، لېكىن ئۆگىنىشىم كېرەك.

— ئۆزىنى ئۇنتۇپ ، باشقىلاردىن ئۈستۈن بولغىلى بولمايدۇ.

— توغرا ، مېنىڭ قىممىتىم يەنىلا ئۆزىنى ۋە ئۆزگىنى چۈشەنگەن موڭغۇل بولۇشتا.

بىز ئالتۇن بىلەن كۆپ نەرسىلەر ئۈستىدە پاراڭلاشتۇق . ھەتتا چىڭگىزخانمۇ چالا قالمىدى . ئۇ گەپ قىلىپ بېرىشنى ياخشى كۆرىدىغان ئايال ئىدى.

بەش سائەتكە يېقىن ھاۋا سەپىرى ئاخىرلىشىپ ، ئايروپىلان گۇاڭجۇ خەلقئارا ئايرودرومىغا قوندى.

ئايرودروم زالىغا چىققۇچە ، پوپايكىلار ئىغىر كېلىشكە باشلىدى . ھەممىمىز ئۈچىمىزدىكى پوپايكىنى سېلىپ ، سومكىلارغا پوملاپ تىقتۇق .

ئايرودروم زالى ھەيۋەتلىك ئىدى . ئېيتىلىشىچە ، بۇ ئاسىيا قىتئەسى بويىچە ئەڭ چوڭ خەلقئارا ئايرودروم ئىكەن .

گۇاڭجۇ ساياھەتچىلىك نۇقتىسىدىن كەلگەن ساياھەت يېتەكچىسى بىزنى كۈتۈۋالدى . ئۆمەك ئەزالىرى بىر مىنىبۇسقا چىپپىدە كەلدۇق . ئىككى قاسنىقى گۈللەر ۋە ياپيېشىل مەنزىرە دەرەخلىرى بىلەن قاپلانغان ئازادە يول بىزنى گۇاڭجۇ شەھىرىگە ئېلىپ ماڭدى . گۇاڭجۇ شەھىرى ناھايىتى چوڭدەك قىلاتتى ، قاتناشلار ئىنتايىن زىچ ئىدى . شەھەرنىڭ قاتناش لىنىيىلىرى يەرنىڭ ئاستىغا ۋە ئۈستىگە كېڭەيگەندەك قىلاتتى ، يوللارنىڭ ئۈستىدە كۆۋرۈك شەكىللىك يول ، بەزىدە كۆۋرۈك رىشاتكىلىرى ياندىكى بىنالارنىڭ دېرىزىلىرى بىلەن يېقىنلاپ قالاتتى . گۇاڭجۇلۇقلار كىرلىرىنى دېرىزە سىرتىغا ئېسىپ قۇرۇتىدىكەن . گۇاڭجۇ كوچىلىرىدىكى باراقسان دەرەخلەر ، ھۆپپىدە ئېچىلغان گۈللەرگە قاراپ ئۆرۈمچىنىڭ تۇتەك قاپلىغان ئاسمىنى ، كونا يوتقانىنىڭ مېزىدەك قار دۆۋىلىرى ئېسىمگە كەلدى.

مىنىبۇس بىزنى ۋۇياڭچىڭ (بەش قوي شەھىرى دېگەن مەنىدە) مېھمانخانىسىنىڭ ئالدىدا چۈشۈردى . ئەمدىكى پائالىيەت ئۆزىمىزنىڭ ئىختىيارىدا ئىدى . باشتىلا ئۆمەكتىكى ۋۇ خوگمىن تۇرمۇش ياردەمچىم ئىدى . ئۆمەك ماڭا كۆڭۈل بۆلۈپ شۇنداق ئورۇنلاشتۇرغانىكەن.

ئىككىمىز نۆۋەت بىلەن يۇيۇندۇق . مەن يۇيۇنۇپ بولۇپ ، بىر ئوقۇغۇچۇم يوللۇق تۇتقان «كارۋان توقاچلىرى»دىن بىرنى يېدىم ، «قورسىقىڭ ئاچسا نان بار» دېدىم مەن شياۋ ۋۇغا . ئۇ مەندىن خېلىلا كىچىك بولۇپ ، مەكتىپىمىزنىڭ تىل تارماق ئىنستىتۇتىنىڭ خەنزۇ تىلى ئوقۇتقۇچىسى ئىدى .ئۇ ئۇيغۇر تىلىنىمۇ خېلى بىلىدىكەن.

كەچقۇرۇن سائادەت يېنىمغا كىرىپتۇ . گەرچە گۇاڭجۇ كوچىلىرىنى بىلمىسەكمۇ ، تەۋەككۈل قىلىپ ئايلاندۇق ، ئويلىمىغان يەردىن شەھەرنىڭ ئاۋات كىيىم ـ كېچەك بازىرىغا بېرىپ قاپتۇق . بۇ سائادەتكە بولۇپ بەردى . ئۇ ھەربىر دۇكانغا كىرىپ كىيىملەرنى تۇتۇپ كۆرەتتى ، باھا سورايتتى . گۇاڭجۇلۇقلار بىزنىڭ تۇرقىمىزغا قاراپ ، ئىنگلىزچە جاۋاب قايتۇراتتى . ئۇلارمۇ بەرەر ئىنگلىزغا ئىنگلىزچە سۆزلىۋالسا ، ئۆزىنى بىلىملىك ھېس قىلىدىغاندەك تۇراتتى . بۇنى چۈشەنگەندىن كېيىن ، مۇلازىم قىزلارغا ئىنگلىزچە گەپ قىلدىم.

ئەلياتقۇ مەزگىلىدىكى گۇاڭجۇ شەھىرىدە ھايات تېخىمۇ قايناق تۇس ئالىدىكەن ، بىز تۇرغان مېھمانخانا شەھەرنىڭ قەدىمىي كوچىلىرىغا جايلاشقان بولۇپ ، يوللار تار ئىدى ، ئېگىز بىنالار ۋە كۆۋرۈكلەر دەستىدىن ئاسماننى ياكى ئوچۇق دالىلارنى كۆرگىلى بولمايتتى . سېزىلەر ـ سېزىلمەس بۇرۇقتۇرمىچىلىق ئىچىمىزنى سىققاندەك بولاتتى . مەن ، شياۋ ۋۇ ، سائادەت ۋە ئالتۇن تۆتىمىز بىر گۇرۇپپا بولۇپ ، جۇجياڭ دەرياسىنىڭ بويىغا باردۇق . چىراغ شولىسىدا ئاستا ئېقىۋاتقان دەريا بەئەينى ئوت كەتكەن دەريا ئىدى . دەريا بويىدىكى تاش ئورۇندۇقلاردا ئاشىقلار بىر ـ بىرىگە چىرمىشىپ كەتكەن ، ئۇلار ئوت كەتكەن دەريانىڭ بويىدا بىر ـ بىرىگە چىرمىشىپ ئولتۇرۇپ بىر ـ بىرىدىن ئوت ئىزدەپ ، مۇزلاپ كەتكەن روھىغا تەسەللى تاپماقچى بولغاندەك قىلىشاتتى.

*2004 ـ يىلى 16 ـ دېكابىر*

ئاخشام كېچە سائەت ئىككىدە ياتتىم . ئۆمەك باشلىقى جۇ تى ، فىلولوگىيە تارماق ئىنستىتۇتىنىڭ مۇئاۋىن مۇدىرى جاۋ ۋەنجى مېنى مۇسۇلمانچە تاماق تېپىپ يېيەلىدىمۇ ـ يوق؟ دەپ ھال سوراپ كىرىپتۇ . ئۇلار پىۋا ئەكىرىپ ئىچىشتى ، مەن ئۇلارغا ماسلىشىپ ئولتۇرۇپ بەردىم.

ئۇيقۇمغا قانمايلا قوپتۇم . ھەممىمىز مىنىبۇسقا چىقىپ ، بىر رېستورانغا باردۇق . مەن روھسىز ئىدىم ، ئىشتىھايىم تۇتۇق ئىدى . ناشتا ماڭا ناھايىتى مەززىسىز بىلىندى.

مىنىبۇس تېخى چۈش بولمايلا شېنجېن شەھىرىنىڭ كىرىش ئېغىزىنىڭ ئالدىغا كەلدى ، ساقچى ئىجازەتنامىمىزدىكى رەسىمىمىزگە قاراپ ، بىزنى بىر ـ بىرلەپ ئۆتكۈزدى ، ئۇ بىزنىڭ چىرايىمىزغا مىختەك قادىلاتتى.

دېڭ شياۋپىڭ لايىھىلىگەن بۇ ئىقتىسادىي ئالاھىدە رايونغا كىرىش لەنجۇدىن قۇمۇلغا ، قۇمۇلدىن تۇرپانغا بېرىشتەك ئاسان ئەمەس ئىدى . ئېغىزدىكى ساقچىنىڭ ئۆتكۈر ھەم سۇرلۇك نەزىرى يولۇچىلارنى بىرقۇر تاسقاپ چىقاتتى.

شېنجېننىڭ كوچىلىرىدا ئادەم ئازدەك قىلاتتى . تاغلار ۋە دۆڭلەر ياپيېشىل ئىدى . كوچىلار خىلمۇخىل گىياھلار بىلەن پۈركەنگەنىدى . يازنىڭ رۇخسارىنى شېنجېنغا كەلگەندىن كېيىن ئېنىق كۆرگەندەك بولدۇم . كۆككە تاقاشقان بىنالار ھەيۋەت ھەم ئېسىل كۆرۈنەتتى ، پاكىز كوچىلار ئازادە ئىدى . دېرىزىلەر ، گۈل ـ گىياھلارنىڭ يوپۇرماقلىرى يارقىن ئاپتاپتا كۆزگە جىلۋىلىك تاشلىناتتى.

بىنالاردىن ھاسىل بولغان ئورمانلارنىڭ ئىچىدە لەپىلدەپ تۇرغان قىزىل بايراق ئارىلاپ ـ ئارىلاپ ئۇچرايتتى ، مەن كۆز ئالدىمدىكى كۆرۈنۈشنىڭ قىزىل بايراق ئاستىدىكى تىپىك گۈللىنىش مەنزىرىسى ئىكەنلىكىنى ھېس قىلدىم . دېڭ شياۋپىڭ «نامراتلىق سوتسىيالىزم ئەمەس» دېگەنىدى ، ئەپتىدىن خېلىلا دۆلەتمەن كۆرۈنىدىغان بۇ شەھەر 20 يىللىق ئالاھىدە سىياسەتنىڭ مەھسۇلى ئىدى ، بۇرۇن بۇ يەر بىر بېلىقچىلىق كەنتى ئىكەن.

بىز چۈشكىچە ۋاقتنى چىڭ تۇتۇپ ، دېڭ شياۋپىڭنىڭ ھەيكىلى بار باغچىنى ئايلاندۇق . يېشىللىققا ئورالغان باغچىنىڭ قوينى كۆجۈم ھەم ئىللىق ئىدى . بىز بىر دۆڭگە ياماشتۇرۇلغان پەشتاقنى بويلاپ خېلى ئۇزاق ماڭغاندىن كېيىن ، دېڭ شياۋپىڭنىڭ ھەيكىلى قەد كۆتۈرۈپ تۇرغان مەيدانغا يېتىپ باردۇق . مەيدان بەجايىكى بىر گۈللۈك ئىدى ، دېڭ شياۋپىڭنىڭ زور ھەيكىلى سالماق قەدەم بىلەن كېتىۋاتقاندەك كۆرۈنەتتى . ھەيكەل ئەتراپىغا گۈلدەستىلەر قويۇلغان ، سۈرەتكە چۈشىدىغان ساياھەتچىلەر مىغىلدايتتى . ماڭا شېنجېن شەھرىنىڭ پايانى گويا دېڭ شياۋپىڭنىڭ ئايىغى ئاستىدىن باشلاپ كېڭەيگەندەك بىلىندى ، بۇ ئېگىزلىكتىن قارىغاندا يىراقتىكى ئېگىز بىنالارمۇ پەستە قالغاندەك كۆرۈنەتتى ، ساماۋى بىنالار گويا دېڭ شياۋپىڭنىڭ نەزىرىدىن تۇغۇلغان مەنزىرىلەر ئىدى . مەن گاھ شەھەر مەنزىرىسىگە ، گاھ ھەيكەلگە قاراپ ، بىر سىياسىئوننىڭ تەپەككۇر ئۇسۇلىنىڭ جۇڭگودا نەقەدەر زور تەسىر كۈچىگە ئىگە ئىكەنلىكىنى قايتىدىن تونۇغاندەك بولدۇم.

ھەيكەلنى بۇ يەرگە ئورنىتىشنى ئويلاشقانلارنىڭ سىياسىي سىمۋولنى چۈشىنىش ئىقتىدارىغا قايىل بولدۇم . ھەيكەلتىراشلىقتىن ئىبارەت سەنئەت شۇ تاپتا ئىقتىساد ۋە سىياسىي سەزگۈرلۈك بىلەن گىرەلىشىپ كەتكەنىدى.

چۈشلۈك تاماقتىن كېيىن ، دىۋاڭ سارىيىغا باردۇق . ئۇ يەردە مېنى بۇرۇنقى ئوقۇغۇچۇم ئابابەكرى ساقلاۋاتاتتى. مەن دىۋاڭ سارىيىغا چىقىپ ، شېنجېن شەھرىنىڭ ئومۇمىي مەنزىرىسىنى تاماشا قىلىشتىن ۋاز كەچتىم ، چۈنكى ئابابەكرى بىلەن پۇرسەتنى چىڭ تۇتۇپ سىردىشىۋالمىسام بولمايتتى . ئابابەكرى قومۇللۇق يىگىت بولۇپ ، شىنجاڭ مائارىپ ئىنستىتۇتى مائارىپ فاكۇلتېتىنىڭ 7 ـ 8 يىل بۇرۇنقى ئوقۇغۇچىسى ئىدى . بىز شۇ چاغلاردىن ئېتىبارەن تونۇشۇپ ، ھازىرغا قەدەر ئىززەت ـ ھۆرمەتتە ئۆتۈپ كېلىۋاتىمىز . ئېسىمدە قېلىشىچە ، مەن ئۇنىڭغا بىر سائەتمۇ دەرس ئۆتۈپ باقمىدىم ، لېكىن ئۇ مېنى ئىزچىل تۈردە «مۇئەللىم» دەپ ئالاھىدە ھۆرمەتلەپ كەلدى ، كىم بىراۋنىڭ ئۆزىگە بولغان ئىخلاسىدىن سۆيۈنمەيدۇ؟! ئۇ مەكتەپ ئىچىدە مېنى يىراقتىن كۆرسىلا ئالدىمغا يۈگۈرۈپ كېلەتتى ، ئۇنىڭ قولىدا «يېڭى ئوقۇم ئىنگلىز» تىلىنىڭ بىرىنچى ياكى ئىككىنچى قىسىملىرىنى كۆرەتتىم . ئۇ چاغدا مەن «ئالىي مەكتەپ ئىنگلىز تىلى»نىڭ تۆت قىسمىنى كۆرۈپ بولغانىدىم . مەن ئۇنىڭ ئىنگلىز تىلىنى ئۆگىنىش ئىلھامىغا مەدەت بېرىپ تۇردۇم . ئۇ ئارىدا تەتىللەردە ئىچكىرىلەرگە باراتتى ، بىر قېتىم ئۇ شاڭخەيدىن ئامېرىكىدا نەشر قىلىنغان «ئەدەبىيات قامۇسى»نى ئالغاچ كېلىپ ، ماڭا تەقدىم قىلغانىدى ، مەن بۇنىڭدىن ئىنتايىن خۇرسەن بولغانىدىم . مېنى تاماق ئۇستىلىگە تەكلىپ قىلىپ ھاراق ئىچىشكە شاھىد قىلىدىغان ئوقۇغۇچىلار ناھايىتى كۆپ ، ماڭا كىتاب سوۋغا قىلىدىغانلار يوق ھېسابىتا ، شۇڭلاشقا مەن ئابابەكرىنىڭ بۇ سوۋغىسىنى ھەرگىز ئۇنتۇپ قالمايمەن .



ھېلىقى سورۇن تۈزەپ مەندىن گەپ ئالىدىغان ئوقۇغۇچىلار ئوقۇش پۈتتۈرۈپ كەتكەندىن كېيىن ، ئۇن ـ تىنسىز يوقاپ كېتىشتى ، ئۇلار بەئەينى ئەدەبىياتنىڭ مۇتەپەككۇرلىرىدەك توقۇناق سوئال سورىشاتتى . ۋاقىت ئۇلاردىن ھېچنېمە چىقمايدىغانلىقىنى ئىسپاتلىدى ، ئۇلارنى ئەدەبىياتنىڭ سۈنئىي ئىخلاسمەنى بولۇشقا نېمە مەجبۇر قىلدىكىنتاڭ؟ مەندىن تالاي قېتىم دەرس ئالغان ئوقۇغۇچىلارنىڭ كۆپ قىسمى يوقاپ كېتىشتى ، لېكىن مەندىن بىر سائەت دەرس ئېلىپ باقمىغان ئابابەكرى مېنى تاشلىماي كەلدى ، بەلكىم ئۇنىڭ ۋۇجۇدىدىكى ئۆچمەس ئىلىم ئىخلاسى رىشتىمىزنى چىڭىتىپ كەلگەندۇ.

ئابابەكرى ئوقۇش پۈتتۈرگەندىن كېيىن ، ئۈرۈمچىدىكى ئىنگلىز تىلى كۇرسلىرىدا دەرس ئۆتتى ، ئارىدا

چەت ئەلگە ئوقۇشقا چىقماقچى بولۇپ ، نامەلۇم توساقلارغا ئۇچرىدى . ئۇ ئاستا ـ ئاستا بۇرۇن ئىشلىگەن مەكتىپىدىن ئۇزۇلۇشۇپ ، شىنجېڭغا تەۋەككۇل قىلىپ باردى . ئۇ يەردە ئىنگلىزچە سەۋىيىسىنى ئۆستۈرۈپ ، ئاخىر شۇ يەردىكى ئىنگلىز تىلى مەكتىپىدە ئوقۇتقۇچى بولدى.

مەن ياپونىيىدە تۇرغاندا ، ئۇنىڭ بىلەن تور ئالاقىسى قىلىشىپ تۇردۇق ، ئۇ توردا ماڭا چەت ئەللىكلەر ئاچقان بىر مەكتەپتە چەت ئەللىك ئوقۇتقۇچى سالاھىيىتىدە ئىنگلىز تىلى دەرسى ئۆتۈۋاتقانلىقىنى ئېيتقانىدى . ئۇنىڭ ئېيتىشىچە ، ئەگەر ئۇ ئۆزىنى ئۇيغۇر دېسە ئاڭلىغۇچىلار ئازىيىپ كېتەرمىش . مىللىي سالاھىيەت ، مىللىي كىملىك بۈگۈنكى دۇنيادا بەزىلەرنىڭ يولىنى ئوچۇق ، بەزىلەرنىڭ يولىنى تۇتۇق قىلىپ قويىدۇ ، جۇڭگودا چەت ئەللىك يەنىلا ئىناۋەت ۋە ئىشەنچنىڭ ، ئەقىل ۋە بىلىمنىڭ بەلگىسى ، ئابابەكرى ئاشۇ بەلگىنى ئارىيەت ئېلىپ تۇرۇشقا مەجبۇر بولغانىدى.

مائارىپ ئىنستىتۇتىنىڭ ئوقۇغۇچىلىرى جايلاردىكى ئوقۇتقۇچىلاردىن ئىبارەت بولۇپ ، ئۇلاردا ئۆز تەقدىرىنى ئۆزگەرتىپ بېقىشقا ئۇرۇنۇشتەك تەۋەككۇلچىلىك روھى يوق ئىدى ، ئۇلارنىڭ نۇرغۇنلىرى ئوقۇتقۇچىلىق ئورنىدىن ئايرىلىپ قېلىشتىن ئۆلگۈدەك قورقىدۇ ، بۇ ئوقۇتقۇچىلىقنى سۆيگەنلىكىدىن ئەمەس ئىدى ، بەلكى ئوقۇتقۇچىلىقنى نان تېپىپ يېيىشنىڭ ۋاستىسى دەپ تونۇغانلىقتىن ئىدى . بۇ ۋاستە مۇقىم كاپالەت ئىچىدە تۇرۇۋاتقاچقا ، ئۇلاردا ئىزدىنىپ ئۆزىنى يۈكسەلدۈرۈش روھى ئەمەس ، بەلكى بىر خىل قانائەت روھى يېتىلگەنىدى . ئابابەكرى ئۇلارغا ئوخشىمايدىغان ئاز ساندىكى ئوقۇغۇچىلاردىن ئىدى . ئۇ تەۋەككۇل قىلىپ مالايشىياغا چىقىپ باقتى ، جەنۇبىي ئافرىقىغا بېرىپ باقتى ، ئاخىر شىنجېڭنى ئۆزىنىڭ تەرەققىيات سەھنىسى قىلىپ بېكىتتى . ئابابەكرىدە باشقا سىر يوق ، ئۇ ئۆزى بىلەن كەسىپكە ئەڭ سەمىمىي مۇئامىلە قىلدى ، قىزغىنلىق بىلەن ئىزچىللىق ئۇنىڭ ھاياتىغا باشتىن ـ ئاخىر ھەمراھ بولدى . ئاخىر ئۇ ئىنگلىز تىلىنىڭ نېنىنى يېدى . ئۇ ئىنگلىز تىلى ئۆگەندىم دەپ ئەجنەبىيلىشىپ كەتمىدى ، بەلكى ئۆزىنىڭ ئەجدادىغا ۋە ئەجدادىن مىراس ئېتىقادقا سادىق بولدى ، ئۇ پاكلىق بۇلىقىنىڭ سۈيىنىڭ بۆلەكچە خاسىيەتلىك ئىكەنلىكىنى تونۇپ يەتكەنىدى.

مېنى كۈتۈپ تۇرغان ئابابەكرىنى مىنبۇسنىڭ دېرىزىسىدىن كۆردۈم . بىز قۇچاقلىشىپ كۆرۈشتۇق . ئابابەكرىنىڭ قارامتۇل ئۆڭى بىرئاز سۇزۇلۇپ ، سالاپەت كىرىپ قالغانىدى . ئۇ ھېلىقى كەمتەرانە ، ئارىسالدى ئابابەكرى ئەمەس ، ئۆزىگە ئىشىنىدىغان ، مۇلايىم ھەم مەغرۇر ئابابەكرى ئىدى . يۇپقا قويۇلغان قارا ساقىلى ئۇنىڭ ئۆڭى بىلەن تەبىئىي سىڭىشىپ كەتكەنىدى . سۇررەڭ كاستۇمىدىن ئەنبەرنىڭ ھىدى كېلەتتى.

دىۋاڭ سارىيىنى كۆرۈش بىر سائەتتىن ئارتۇق ۋاقىتقا پىلانلانغانىدى ، مەن ئۇمەك باشلىقىغا دەپ قويۇپ ، ئابابەكرى بىلەن پاراڭلاشماقچى بولدۇم.

— مۇئەللىم ، يېقىن ئەتراپتا بىر كىتابخانا بار ، شۇ يەرنى ئايلانغاچ پاراڭلىشايلى، — دېدى ئابابەكرى.

— سىز مېنى چۈشىنىسىز ، بۇ ئوبدان گەپ بولدى، — دېدىم مەن خۇرسەنلىكىمنى ئىزھار قىلىپ.

— مۇئەللىم ، ئىنگلىزچىنى تاشلاپ قويمىغانسىز؟

— نېمە دېسەم بولار ، كىشىلەر ئۇنى لازىم قىلمىغاندىكىن تاشلىنىپ قالىدىكەن . لېكىن ئىنگلىزچە كىتابلارنى كۆرۈپ تۇردۇم ، ئېغىزچىغا كەلگەندە يەنىلا گاچىمەن.

ئابابەكرى شېنجېن ۋە جۇخەيلەردە ئىنگلىزچە زۇۋان چىقىرىدىغان بىر ئايلىق كۇرس ئاچىدىغان مەكتەپلەرنىڭ بارلىقىنى ، ئۇنۇمىنىڭ ياخشى ئىكەنلىكىنى سۆزلەپ بەردى . بىر ئايغىچە مەكتەپنىڭ سىرتىغا چىققىلى قويمايدىكەن ، مەكتەپ ئىچىدىكى تۇرمۇشتا پۈتكۈل ئالاقە ئىنگلىز تىلىدىلا بولىدىكەن ، شۇڭا تارتىنچاقلارمۇ ئىنگلىزچە سۆزلەشكە مەجبۇر بولىدىكەن . ئاشۇ بىر ئايلىق ئوقۇشنىڭ سوممىسى ئون مىڭ يۈەن ئىكەن . چەت ئەلگە چىقىدىغانلار يولغا چىقىشتىن بۇرۇن ئاشۇ مەكتەپتە ئېغىزچىنى پراكتىكا قىلىدىكەن.

كىتابخانا ناھايىتى چوڭ بولۇپ ، كىتابلارنىڭ تۈرلىرىمۇ كۆپ ئىكەن . «نۇرغۇن كىتابلار ئۈرۈمچىگە بارمايدىكەن» دەپ ئويلىدىم مەن . ئۈرۈمچىنىڭ كىتابخانىلىرىغا چەت ئەل شائىرلىرىنىڭ توپلاملىرى كەلمەس بولۇپ كەتكەنىدى ، لېكىن بۇ يەردە جون ئاشبېرى ، پائۇل سېلان ، رەسۇل ھەمزەتوف ، گۇمىلوف ، پولئەليار ، مىلوش ، ۋادون قاتارلىق شائىرلارنىڭ توپلاملىرى تۇراتتى . بۇلاردىن مەن مىلوشنىڭ شېئىرلىرىنى تاللىدىم ، روبېرت فىروستىنىڭ تولۇق شېئىرلار توپلىمىنى كۆرۈپ خۇش بولۇپ كەتتىم . مەن ئۇنىڭ شېئىرلىرىدىكى تەبىئەت مەنزىرىسىگە قوشۇلۇپ كەتكەن پەلسەپىۋى دىتنى ياقتۇراتتىم . «ياخشى قاشا ياخشى قوشنىنى بارلىققا كەلتۈرىدۇ» — فىروستىنىڭ بۇ سۆزىنى خېلى يىللار ئىلگىرى كۆرگەن بولسامۇ ، ئېسىمدە شۇ پېتى تۇرۇپتۇ ،

پات ـ پات بۇ سۆزنىڭ مەنىسىنى تەھلىل قىلىپ قالىمەن . «قاشا» سۆزى ئىنگلىزچىدە «fence» دەپ ئېلىناتتى ، بۇ سۆز ئىنگلىزچىدە كۆپ مەنىلەرنى بىلدۈرەتتى ، مەسىلەن ، قاشا ، پاسىل ، زاك ماللارنى ئېلىپ ساتقۇچى ، شەمشەرۋازلىق ، رەقىبى ئۈستىدىن غالىب كەلمەك ، قوغدىماق… دېگەنلەردەك . بۇ كۆپ مەنىلەرنى بىرلەشتۈرۈپ تەپەككۇر قىلساق ، «قاشا» دېگەن گەپ ھەرگىزمۇ ئادەتتىكى قاشانى بىلدۈرمەيدۇ ، بەلكى ئۇ كۈرەش ، قوغداشنى شەرت قىلغان مۇداپىئەنى بىلدۈرىدۇ . روشەنكى ، ئىستىراتېگىيىلىك مۇداپىئە ئۆزى ھەم ئۆزگە ئوتتۇرىسىدىكى نورمال مۇناسىۋەتنىڭ كاپالىتى . «قاشا» دېگەن سۆزنى «پەردىشەپ» دەپ چۈشەنگەندەك ، ئادەملەر ، مىللەتلەر ، دۆلەتلەر ئوتتۇرىسىدىكى «پەردىشەپ»مۇ ئۇلار ئوتتۇرىسىدىكى ياخشى قوشنىدارچىلىقنى بارلىققا كەلتۈرىدۇ . بۇ «پەردىشەپ» رېئاللىققا تاقالغاندا ، تېخىمۇ كۆپ ۋارىيانتقا ئىگە بولىدۇ.

مەن تاللىغان كىتابلارنىڭ سومىسى 200 يۈەندىن ئېشىپ كەتتى ، بۇلارنىڭ ھەممىسىنى ئابابەكرى تۆلىۋەتتى ، «بۇنداق كىتابلارنى بىز ئوقۇپ بولالمايدىكەنمىز ، بۇ كىتابلارنىڭ روھى سىز ئارقىلىق خەلقىمىز بىلەن يۈز كۆرۈشسۇن» دېدى ئۇ مېنىڭ خىجىللىقىمغا جاۋابەن.

ــــ سىز بۇيەردە يەنىلا «چەتئەللىك» ئوقۇغۇچىمۇ؟ ــــ دەپ سورىدىم ئۇنىڭدىن.

ــــ ھەئە ، شۇنداق، ــــ دېدى ئابابەكرى كۈلۈپ كېتىپ.

ــــ ئۇنداقتا ، سىز قەيەرلىك بولىدىكەنسىز؟

ــــ كانادالىق.

ــــ كانادالىق؟ مېنىڭچە ، سىز كانادالىققا ئوخشاپ كەتمەيسىز ، ھىندونېزىيىلىك بولسىڭىز بولمامدۇ ، ئۇلارنىڭ ئۆڭى ۋە چىرايى سىزگە ئوخشايدۇ.

ــــ مەن «بولغارىيىلىك كۆچمەننىڭ ئەۋلادى» بولىدۇم ، ئەجدادىم شۇ يەرلىك تۈرك.

ــــ بۇمۇ خېلى قاملىشىپتۇ ، چانماي كەلگەندۇ؟

ــــ مېنىڭچە ، مەكتەپ مۇدىرى ھەممىنى بىلگەندەك قىلىدۇ ، ئەمما مېنىڭ ئىنگلىزچە سەۋىيەم ۋە ئوقۇتۇش نەتىجەم ياخشى بولغاچقا ، ئۇلارغا يېقىپ قالغان بولسام كېرەك . مەنچىلىك لاياقەتتىكى ئوقۇتقۇچىنى تېپىشمۇ ئاسان ئەمەس.

ــــ سىز «كانادالىق» بولغاندا ، ئىنگلىزچىڭىزنىڭ كۆرسىمۇ ئۈستۈن بولىدۇ ، شۇنداقمۇ؟

ئابابەكرى كۈلۈپ قويدى.

كىتابخانىدىن قايتقىچە ، ئۇ ئۆزىنىڭ MBAدا ئوقۇۋاتقانلىقىنى ، كېلەر يىلى ئوقۇشىنىڭ تۈگەيدىغانلىقىنى ئېيتتى «MBA» «Master of Business Aaministration» دېگەن سۆزنىڭ قىسقارتىلمىسى بولۇپ ، بىزچە مەنىسى «ئىگىلىك باشقۇرۇش ماگىستىرلىقى» دېگەن بولاتتى.

مەن سېتىۋالغان كىتابلارنى ئابابەكرىگە قالدۇرۇپ ، پوچتا ئارقىلىق خىزمەت ئورنۇمغا ئەۋەتىپ بېرىشنى تاپىلىدىم . ئۇ مېنى كەچتە ئىزدەيدىغانلىقىنى ئېيتىپ خوشلاشتى.

مىنىبۇس بىزنى «مېنىسىك» ناملىق ئاۋتۇماتكىنى كۆرگىلى ئېلىپ ماڭدى ، بۇ سابىق سوۋېت ئىتتىپاقى دەۋرىدىكى ئاۋتوماتكا بولۇپ ، ۋاقتى ئۆتكەندىن كېيىن شېنجېننىڭ دېڭىز ساھىلىغا ئەكېلىپ ، كۆرگەزمىگە قويۇلغانىكەن . كۆرىدىغىنىمىز ئاۋتوماتكىنىڭ جەستى بولسىمۇ ، ھەربىي قۇۋۋەتنىڭ بۇ ھەيۋەتلىك سەمەرىسىنى كۆرۈپ باققۇم كەلدى . «پىلىنىڭ يىقىلىشىمۇ ھەيۋەتلىك بولىدۇ» دېگەندەك ، تۆمۈر ـ تەسەك ھالىتىدىكى ئاۋتوماتكىنىڭ غايەت زور گەۋدىسى يىراقتىنلا كۆزىمىزگە تاشلاندى . ئېكسكۇرسىيە بېلىتى 180 يۈەن ئىكەن ، شۇنداقتىمۇ ئۆمەكتىكىلەرنىڭ كۆپ قىسمى بېلەت ئېلىشتى . «مېنىسىك»نى كۆرۈش ئىككى سائەتچە داۋام قىلدى ، ئۇ بارلىق سىستېمىلارنى ئۆز ئىچىگە



ئالغان كۆچمە «ھەربىي رايون» ئىكەن ، ئېيتىلىشىچە ، ئۇنىڭ سۇپىسىنىڭ كەڭلىكى ئۈچ پارچە پۇتبول مەيدانىچىلىك كېلىدىكەن . ئۇ ئۇنۇۋېرسال ھەربىي كۈچنىڭ ئەڭ تىپىك نامايەندىسى بولۇپ ، دۆلەتنىڭ ھۆكۈمرانلىق ماشىنىسىنىڭ دەھشەتلىك قىياپىتىنى كۆز ئالدىمدىن قىياسەن ئۆتكۈزدۈم.

بىز رەسىمگە چۈشتۇق . باشقىلار سۈرەت تارتىپ قويۇشنى ئۆتۈنۈپ ، ئاپپاراتنى تۇتقۇزۇپ قوياتتى . مەن ئىلاجسىز مەنزىرىلەرگە تىكىلگىنىمچە ، ئويلىنىشنى

ياخشى كۆرەتتىم . كۆز ئالدىمدىكىدەك كۆپكۆك دېڭىز ، كۆپكۆك ئاسمان ، خىيالدەك كۆرۈنىدىغان تەنھا ئاراللار دەل مەن ئىنتىزار نەرسىلەر ئەمەسمۇ! شۇنچە زور ئاۋئىاماتكا دېڭىزنىڭ ئۇلۇغلۇقى ئالدىدا ئەرزىمەس نەرسىدەك كۆرۈنەتتى ، لېكىن ئاۋئىاماتكىنىڭ خوجايىنلىرى دېڭىزنى ئالقىنىغا ئېلىپ ، تارىخ ئۇچۇن سىياھ ئېزەتتى.

ئاۋئىاماتكا باشلىقىنىڭ قوماندانلىق ئىشخانىسىنى كۆرۈۋاتقىچە شۇنداق ئويلىدىم: ئۇيغۇرلارنىڭ لىرىك شائىرلىرىنى ئۇرۇش ھالىتىدىكى ئاۋئىاماتكىنىڭ رادار پونكىتىدا ئولتۇرغۇزۇپ قويۇپ ، شېئىر يازغىلى سالسا قانداق بولار؟ پارتلاۋاتقان بومبا ، كۆيۈۋاتقان ئوت ، يېنىۋاتقان ئىسنىڭ يېنىدا ناۋائىنىڭ يار ھەققىدىكى غەزەللىرىنى ئوقۇسا قانداق بولار؟

بۇ سوئالغا جاۋاب بېرىش كەتمەيدۇ ، لېكىن شۇنداق ئويلاپ بېقىشقا بولىدۇ.

ئۇ يەردىن يېنىپ ، دامېيشا دېڭىز ساھىلىغا باردۇق . مەن ئايىغىمنى سېلىپ ، قۇم كەچتىم . قۇم سوغۇق بولسىمۇ ئايىغىم ئاستىدا غىرتىلداپ ، تاپىنىمنى غىدىقلىدى . دەۋرەپ كېلىۋاتقان دولقۇنلار بىلەن ئوينىشىپ ، ئىشتىنىمنىڭ پۇشقاقلىرىنى ھۆل قىلىۋالدىم . دېڭىزنى بىر كۆرۈپلا ئۆز كۆرۈپ قالدىم ـ دە ، شوخلىشىپ كەتتىم . شۇ چاغدا تەبىئىتىمدىكى دېڭىزدەك بىپايانلىقنى بايقاپ قالدىم . ئىشخانىدا ئولتۇرۇپ يۈرۈپ ، ئۇنى ئۇنتۇپ كەتكەنگە ئۇزۇن يىللار بولغانىكەن.

ئۇيغۇر شائىرلىرى دېڭىزنى سېغىنسا تار قاۋاقخانىلارغا كىرىپ ھاراق ئىچىدۇ ، شۇنداق قىلىش ئارقىلىق ئۆزىنىڭ ھېسسىياتىنى جازالايدۇ ، ئاندىن ھېسسىياتىنى شېئىرغا ئايلاندۇرىدۇ . دېڭىز ھەققىدىكى سېغىنىشنى دېڭىز بويىغا كېلىش ئارقىلىق قانائەتلەندۈرۈشمۇ شېئىر يېزىشنىڭ بىر تۈرى ئەمەسمىدۇ ، شۇ تاپتا مەن شېئىر يازمىدىم ، لېكىن كۆڭلۈمدە شېئىر داۋالغۇپ تۇرۇپتۇ . «ئۈرۈمچىدىمۇ دېڭىز بولغان بولسا ، قىزلار چۈشەنمىگەن كۆندىلىك بۇرۇقتۇرمىلىقلىرىمنى دولقۇنلىرىغا مىنگەشتۈرۈپ ئېلىپ كېتەر ئىكەن» دەپ ئويلىدىم ئىچىمدە.

كەچلىك تاماقتىن كېيىن ، «دۇنيا كۆزنىكى» نامىدىكى باغچىغا بېرىپ سەنئەت نومۇرلىرىنى كۆردۇق ، تەقلىدىي كەلكۈن ئاپىتى ۋە تەقلىدىي يانار تاغ مەنزىرىسىنى تاماشا قىلدۇق.

ئابابەكرى بىلەن سائەت توققۇزدىن كېيىن كۆرۈشتۇق . ئۇ بىزنى بىر خۇيزۇنىڭ باشقۇرۇشىدىكى ئاشخانىغا ئېلىپ باردى ، ئۇ يەردە ئاساسەن ئۇيغۇر تائاملىرى بار ئىكەن ، پاكىستانلىقلار بۇ ئاشخانىغا ئوبدان كۆنۈپ قالغاندەك قىلاتتى.

*2004 ـ يىلى 7 ـ دېكابىر*

ناشتىدىن كېيىنلا شياڭگاڭغا ئۆتۈش ئېغىزىغا قاراپ ماڭدۇق . شياڭگاڭدىكى بىر ساياھەت شىركىتىنىڭ ساياھەت يېتەكچىسى شېنجېنغا كېلىپ ، بىزگە ئىگە بولۇشقا باشلىدى . ئانچە ئۇزۇن ماڭمايلا ئېغىزغا يېتىپ بېرىپ ، چېگرىدىن ئۆتۈش رەسمىيىتى ئۆتەشكە باشلىدۇق . پەمىمچە 100 مېتىر ئارىلىقتىلا چوڭ قورۇقلۇق ساقچىلىرى ۋە شياڭگاڭ ئالاھىدە مەمۇرىي رايون ساقچىلىرىنىڭ تەكشۈرۈشىدىن ئۆتتۇق . رەسمىيەتنى مۇرەككەپ دېگىلى بولمايتتى ، ئەمما چېگرىدىن ئۆتىدىغان ئادەملەر ناھايىتى كۆپ ئىدى . ئېيتىلىشىچە ، كۈنىگە 200 مىڭدىن ئارتۇق ئادەم بۇ يەردىن ئۆتىدىكەن . شياڭگاڭغا ئۆتكىچە ئۆچىرەت بىلەن ئۆتتۇق ، كارانتىن پەشتاختىسىنىڭ ئۈستىدىكى مىكرو تېلكامېرا تىنىمسىز ھەرىكەت قىلىپ ، بىزنى چارلاپ تۇراتتى ، بىرىنىڭ ئارقىسىدىن بىرى كېلىۋاتقان يولۇچىلار ئاستا ـ ئاستا ساقچىنىڭ ئالدىغا سۈرۈلەتتى.

ئۆمەكتىكىلەردىن ھەممىمىز چېگرىدىن ئۆتۈپ بولدۇق ، سوتسىيالىزم ۋە كاپىتالىزمدىن ئىبارەت ئىككى تۈزۈمنىڭ ئارىلىقىدا بىر يېرىم سائەتتەك تۇردۇق ، 100 مېتىر ئەتراپىدىكى مۇساپە ئەنە شۇنداق نازۇك ۋە ئېھتىياتتا بېسىلدى . قىزىل بايراق ئاستىدىكى كاپىتالىزم دۇنياسىغا تۇيمايلا ئۆتۈپ كەتكىنىمدىن ئۆزۈممۇ ھەيران قالدىم.

سەپەرداشلىرىم ساياھەتچىلەرنى سودا ۋە ئىستېمال ئۇچۇرى بىلەن تەمىنلەيدىغان تەشۋىقاتنامىلەرنى كۆتۈرۈشۈپ يۈرۈپ ، قىزىقىپ كۆرۈشكە باشلىدى . «HongKong. Liveit. Loveit» دەپ يېزىلغانىدى تەشۋىقنامىلەرنىڭ مۇقاۋىسىغا . بۇ «شياڭگاڭ: ھايات بۇ يەردە ، مۇھەببەت بۇ يەردە» دېگەن گەپ ئىدى . مۇقاۋىدا قىزىل تون ۋە ئاق مويلۇق پوسما كىيگەن روژدېستۋو بوۋاي ھەييارلىق قىلىپ كۈلۈپ تۇراتتى . شياڭگاڭنى روژدېستۋو بايرىمىنىڭ تەييارلىق كەيپىياتى قاپلىغاندەك تۇراتتى.

زالنىڭ سىرتىغا چىقتۇق ، زالنىڭ ئالدىدىلا تۆمۈريول بولۇپ ، ھايال ئۆتمەي توك پويىزى كېلىپ توختىدى . بىز پويىزغا چىقتۇق . پويىزنىڭ پاكىزلىقى ، ئادەملەرنىڭ تۇرقىدىكى سىپايىلىك مېنىڭ توكيو ھەققىدىكى بەزى

تەسىراتىمنى ئەسلەتتى . تۆمۈربولنىڭ ئىككى قاسنىقىدىكى ئىمارەتلەر يايپېشىل دەرەخلەرنىڭ ئارىسىدا ئىدى . تار رەستىلەر شۇنچە پاكىز ، دەخلىسىز مۇھىت مېنىڭ روھىمنى ئاز - تولا لەرزىگە سالغاندەك بولدى . مەن سەپەرداشلىرىمنىڭ ئەپتىگە قارىدىم ، ئۇلار ھودۇققان چىراي كۆرۈندى ، لېكىن پويىزدىكى شياڭگاڭ ئاھالىسى ئۆزىنى ئازادە تۇتۇشنى ياخشى كۆرسە كېرەك ، ئورۇندۇق تەگمىسە ئۆرە تۇتۇشقىنىچە گەپلىشىپ ماڭاتتى ، ئۇلارنىڭ پارىڭىنى ئۆزىدىن باشقا ھېچكىم ئاڭلىمايتتى . پويىز بېكەتلەردە توختاپ ئۆتكەندە ئاۋۋال چىقىپ ، ئاۋۋال چۈشۈشنى تالىشىدىغان ئەھۋاللارنى ئۇچراتمىدىم.



بىز پويىزدىن چۈشۈپ ، ساياھەت شىركىتىنىڭ ئاپتوبۇسىغا چىقتۇق . شياڭگاڭنىڭ بەزى كوچىلىرىنى ئايلىنىپ ئۆتۈپ ، رېستورانغا بېرىپ تاماق يېدۇق . بۇ بىرەر سائەت ئەتراپىدا كېچىكىپ يېيىلگەن چۈشلۈك تاماق بولدى . تاماقنى يەپ بولۇپلا شياڭگاڭ دېڭىز ساھىلىغا باردۇق . دۆڭ جيەنخۇا ، لى جياچېڭ قاتارلىق مەشھۇر زاتلارنىڭ داچىلىرى مۇشۇ ئەتراپتا ئىكەن . ئارقىدىنلا دېڭىز باغچىسىغا باردۇق . بۇ يەرنىڭ باغچىسىدا بىرلا كىرىش بېلىتى بىلەن باغچىدىكى ھەممە ئويۇنچۇقلارنى ئوينىغىلى بولىدۇ ، كۆكئول ئېچىش ، كۆرۈش تۇرلىرىنىڭ ھەممىسىگە قاتناشقىلى بولىدۇ ، ياپونىيىدىمۇ شۇنداق ئىكەن . ئادەملەر كۆپ بولسىمۇ تەرتىپ ياخشى ، مۇلازىمەت سۈپەتلىك ئىكەن . بىز ئاسما ۋاگوندا ئولتۇرۇپ كۆپكۆك دېڭىزنى ئۈستىدىن تاماشا قىلدۇق ، دېڭىز سۈيىنىڭ پاكىزلىقى ياخشى قوغدالغان بولۇپ ، قىرغاقتىكى خادا تاشلار ۋە كوكاتلار ئادەم ئايىغى تەگمىگەندەكلا تەسىرات بېرىدۇ.

— دېڭىزنى كۆرسە ئادەمنىڭ ئىچ - قارنى بوشاپ قالىدىكەن ، پاھ ، نېمىدېگەن گۈزەل، — دېدى سائادەت.

— شۇ ئەمەسمۇ ، شىنجاڭدىمۇ دېڭىز بولغان بولسا - ھە، — دېدى يېنىمدا ئولتۇرغان خەنزۇ قىزى.

باغچىنىڭ مەنزىرە دەرەخلىرى ئاستىمىزدا ، دېڭىز دەل ئاستىمىزدىن باشلاپ يېيىلىپ ئۇپۇقتا تۇتاشقانىدى . ھېلىقى خەنزۇ قىزى خېلى سۆھبەتلىق ئىدى . ئۇ ئاسما ۋاگوندىن چۈشۈپلا ، سۈيىنىڭ رىشاتكىسىغا قاراپ يۈگۈردى ، دېڭىزنىڭ مەيىن شامىلى ئۇنىڭ تېقىمىغا چۈشۈپ تۇرغان سۇمبۇل چاچلىرىنى ئۇچۇرۇپ ، يۈزىنىڭ بىر قىسمىنى چاچلىرى بىلەن يۆگىدى ، زىلۋا بويى تېخىمۇ ئاشكارىلاندى.

— سىزنىڭ ھازىرقى كۆرۈنۈشىڭىز 海飞丝 نامالىق چاچ سوپۇنىنىڭ داۋراڭلىرىغا ماس كېلىدىغان كۆرۈنۈش بولدى، — دېدىم مەن ئۇنىڭغا.

— ئوھوي ، شۇنداقمۇ، — دېدى ئۇ كۈلۈپ، — قېنى ، سۈرەتكە تارتامسىز؟

— مەن تارتاي، — دېدى ئۇنىڭغا ئىچ - پەش تارتىپ يۈرگەن بىر خەنزۇ يىگىت يېقىنلاپ بېرىپ.

— سەن تارتقىن، — دېدىم مەن ئۇنىڭغا، — سۈرىتىڭ 海飞丝 شىركىتىگە ياراپ قالسا ساتارسەن.

— ئۆزلەنى رەسىمگە تارتىپ قويايمۇ، — دېدى سائادەت.

بىر پەس رەسىمگە چۈشۈشلەردىن كېيىن ، كىشىلەر تۆتتىن بىر گۇرۇپپا بولۇپ ، باغچىغا تاراپ كېتىشتى . مەن ئويۇنچۇقلارغا قىزىقمايتتىم ، شۇڭا گۇرۇپپىمدىكىلەرنىڭ سومكىلىرىنى تۇتۇپ ، بىر ئورۇندۇقتا ئۆتكەن - كەچكەنلەرنى كۆزىتىپ ئولتۇردۇم.

باغچىدىن چىققۇچە قاراڭغۇ چۈشتى . تاماقتىن كېيىن تەيپىڭ تېغىغا كېچىلىك مەنزىرە كۆرگىلى ماڭدۇق . شياڭگاڭنىڭ شەھەر كوچىلىرى ئىنتايىن تار بولۇپ ، ئىككى ماشىنا ئۆتۈشۈپ كېتەلىگۈدەك دەرىجىدە ئىكەن . «يول كەڭ بولسا ۋەقە چىقمايدۇ» دېگەن گەپ تازا توغرا ئەمەستەك قىلىدۇ ، گەپ ئاھالىلەرنىڭ مەدەنىيەت ساپاسىدا.

بىنالار شياڭگاڭدا ھەيۋەت ئىكەن ، كۆككە تاقاشقان بىنالار بەزىدە بىر - بىرىگە گىرەلىشىپ كېتەتتى . بەزىدە بىر - بىرىدىن خاسلىق تالىشىپ ، ياندىشىپ تۇرۇشاتتى . بىنالارنىڭ تۇرقى پاكىز ھەم ئېسىل سۈپەت ئىدى . مەن شياڭگاڭدىكى بىنالارنى توكيودىكى بىنالاردىن سۈلەتلىك ئىكەن دەپ ئويلىدىم . بىنالار قاراڭغۇ چۈشكەندە ئۆزىنىڭ يەنە بىر سەلتەنىتىنى كۆرسەتتى: مەيتۇنكار چىراغ شولىسىغا چۆمۈلگەن بىنالار تەيپىڭ تېغى ئاستىدىكى كېچىلىك مەنزىرىگە ھەيۋەتلىك تۈس بېغىشلىغانىدى.

بىزگە يول باشلىغان چىن خېنىم ئىقتىدارلىق ئايال ئىكەن ، ئۇنىڭ ئىنگلىزچە ئىسمى Hellen بولۇپ ، ئۆزىنى يۇمۇرلۇق قىلىپ تونۇشتۇردى.

ـــ مېنىڭ ئىسمىم Hellen ، بۇ بەك گۈزەل ئىسىم ، لېكىن مەن ئانچە گۈزەل ئەمەس ، هەر هالدا ئېرىمغا يارايمەن . ئېرىم مېنىڭ بوينۇمنى ئاققۇنىڭ بوينىغا ئوخشىتىدۇ ، ئەمەلىيەتتە مېنىڭ بوينۇمدا داغلار كۆپ . ئاپتوبۇستىكى ئاكىلار بوينۇمغا قاراپ تاشلىماڭلار ، مەن خىجىل بولىمەن . ماڭا قانچىلىك قارىساڭلار بولىدۇ ، يېقىنچىلىق قىلىمەن دېمىسەڭلارلا بولدى.

ئاپتوبۇستىكى ئۆمەكداش ئاياللارنىڭ ئاغزى ئېچىلىپلا قالغانىدى . ئەرلەر Hellen نىڭ شوخ سۆزلىرىدىن كۈلەتتۇق.

Hellen نىڭ يېشى مەن بىلەن تەڭ ئىكەن ، ئۇ ئېگىز بوي ، ئاق پىشماق ئايال بولۇپ ، تايىنى قالمىغان چاچلىرىنى قىسقا قىلىپ دىڭگايتىپ ، سېرىقتا بويىۋالغانىدى . بۇ هال ماڭا سېرىق تۈك چۈجىنىڭ كاللىسىنى ئەسلىتەتتى . ئۇ يول يۈرگەندە ياكى ئۆرە تۇرغاندا ، ئۇچلۇق ئېڭەكلىرىنى كۆتۈرۈپ ، باشقىلارغا ئېگىزدىن قارىغاندەك قارايتتى.

Hellen ئەسلىدە چىڭداۋلىق بولۇپ ، 18 يېشىدا ئائىلىسىدىكىلەر بىلەن بىرگە ياۋروپاغا چىقىپ كەتكەنىكەن . كېيىن شياڭگاڭلىق بولۇپ قاپتۇ . هازىرغا قەدەر نۇرغۇن دۆلەتلەرگە چىقىپتۇ . ئۇنىڭ بىلىدىغانلىرى ناهايىتى كۆپ ئىكەن ، ئۇ شياڭگاڭنىڭ سىياسىي ، ئىقتىسادىي ، تارىخىي ، جۇغراپىيىۋى ئەهۋالىنى سۆزلىگەندە ھەقىقەتەن هەيران قالدىم . ئۆزى ياشىغان ۋەتەننى ئەنە شۇنداق پىششىق بىلىدىغان ساياهەت يېتەكچىلىرى ئۇيغۇرلاردىمۇ بارمىدۇ ، دەپ ئويلاپ قالدىم Hellen· مېنىڭ نەزىرىمدە خەلقئارالاشقان پۇقرا بولۇپ ، دۇنيانىڭ هەممە يېرىگە خالىغان ۋاقىتتا بارالايدۇ . مەن بىر شائىر ۋە ئەدەبىيات پروفېسسورى بولۇش سۈپىتىم بىلەن بىر بېكىنمە پۇقرا ، ئۈرۈمچىدىن تۇرپانغا بېرىشىممۇ ئاسان ئەمەس . شۇڭا ، دۇنيانى كىتابلاردىكى بايانلاردىن قۇرۇپ چىققانىمەن . مەن مەزكۇر دۇنيادا ياشىغانسېرى شۇنچە ئالدىنىمەن.

كەچتە مېهمانخانىغا ئورۇنلاشتۇق . لوكفارد كوچىسىغا جايلاشقان بۇ مېهمانخانىنىڭ ئىسمى «خۇامىي مېهمانسارىيى» ئىدى . مەن ياتاققا ئورۇنلىشىپ بولۇپ ، پەسكە چۈشتۈم . سائادەت ، ئالتۇن ، شياۋ ۋۇلارمۇ كەينىمدىن چۈشتى . بىز بىرلىكتە كوچىغا چىقتۇق.

كەچلىك هاۋا ئىللىق بولۇپ ، كىشىلەر كالتە يەڭ كۆڭلەك كىيىشكەنىدى . قىزلار يېرىم يالىڭاچ هالدا مېڭىشاتتى . ماڭا كوچىدىكى كىشىلەرنىڭ يۈرۈش ــ تۇرۇشلىرى تولىمۇ ئەركىن كۆرۈندى . 40 ــ 50 ياشلار چامىسىدىكى ئەرلەر 18 ــ 20 ياشلاردىكى قىزلارنى قولتۇقلاپ ، نەگىدۇر مېڭىشاتتى ، بەزىلىرى قىزلارنى كوچىدىلا قۇچاقلاپ سۆيۈپ قوياتتى . ئەرلەرنىڭ كۆپىنچىسى ئاق تەنلىكلەر ئىدى ، تاپانچىدەك ئەپچىل قىزلارنىڭ بەللىرى ئەرلەرنىڭ يوغان غۇلاچلىرىدا بىر تۇتام بېدىگە ئوخشاپ قالاتتى . ئەرلەر يىرىك ساقاللىرىنى قىزلارنىڭ يۇمران لەۋلىرىگە ۋە ئوچۇق مۈرىلىرىگە سانجىپ قويۇپ ، يولىنى راۋان قىلاتتى . ئېيتىلىشىچە ، بۇ قىزلارنىڭ كۆپىنچىسى فىلىپپىن بىلەن تايلاندتىن كېلىدىكەن.

بىز ماڭغان كوچىدا كىچىلىك بەزمىخانا قەدەمدە بىر ئۇچرىدى ، تونەكخانىنىڭ ئالدىدا بىرقانچە ئايال كۆكسى ۋە يوتىلىرىنى ئېچىپ ئولتۇرۇپ ، ئالدىدىن ئۆتكەن كىشىلەرگە قارايتتى ، ئۇلار تونەكخانىغا خېرىدار چاقىرىدىغانلار ئىكەن . مەن ئىچىدىكى ئادەملەر دېرىزىسىدىن كۆرۈنۈپ تۇرىدىغان بىر تونەكخانىنىڭ ئالدىدا توختىدىم ، كىشىلەر پىۋا ئىچىشىپ پاراڭلاشماقتا ئىدى ، سورۇندا ئاياللار كۆپتەك قىلاتتى.

ـــ كىرىپ ئولتۇرۇپ باقمامدۇق، ـــ دېدى موڭغۇل قىزى ئالتۇن.

ـــ بۇ يەردە خىراجەت بەك يۇقىرى، ـــ دېدى شياۋ ۋۇ.

مەن گەپ ــ سۆز قىلماستىن ئىشىكنىڭ پەردىسىنى قايرىپ ، تونەكخانىنىڭ ئىچىگە كىردىم ، تونەكخانىنىڭ ئىچى ئانچە چوڭ ئەمەس ئىدى ، 20 ــ 30 چە ئادەم ئۆرە تۇرۇپ پىۋا ئىچىشەتتى ، سەهنىدە كۆكسى ۋە تۆشىدىن باشقا يەرلىرى يالىڭاچ بىر ئايال بەدەنلىرىنى تولغاپ ناخشا ئېيتاتتى ، ئادەملەر ناخشىنىڭ رىتىمىغا ئەگىشىپ لىڭشىماقتا ، بويۇنلىرىنى قاقماقتا.

مەن پىۋىنىڭ باهاسىنى سورىدىم ، بىر بوتۇلكا پىۋا 25 شياڭگاڭ پۇلى ئىكەن ، بەلكىم مۇلازىمەت پۇلى ۋە بىزگە هەمراھ بولىدىغان قىزلارغا بېرىلىدىغان پۇل ئۇنىڭدىنمۇ يۇقىرى بولسا كېرەك ، دەپ ئويلىدىم مەن.

تونەكخانىدىن يېنىپ چىقسام ، هەمراهلىرىم قاراپ تۇرۇپتۇ ، مەن ئۇلارغا ئەهۋاللارنى دەپ بەردىم.

ـــ پاھ ، نېمىدېگەن قىممەتچىلىك، ـــ دېدى شياۋ ۋۇ.

ـــ شۇنداق بولسىمۇ كىرىپ كۆرۈپ باقمامدۇق، ـــ دېدى ئالتۇن.

سائادەتنىڭمۇ كىرگۈسى باردەك قىلاتتى.

ـــ يۈرۈڭلار ، ئاستا كېتىۋالايلى، ـــ دېدىم مەن.

ئەمەلىيەتتە ، مېنىڭ كىرىپ كۆرۈپ باققۇم بار ئىدى . ھېچنېمىنى بىلمەيدىغان قاتمال ئادەم مېنىڭ نەزىرىمدە ئەخلاقنى ھەقىقىي مەندە چۈشەنمەيدۇ . بىدئەت ئىش-لارنىڭ ئالدىدا تەمتىرەپ قالىدىغان ئەخلاقنىڭ ئاساسىدا ھامان گۇمان بار بولىدۇ ، ئەخلاق توغرا ئەقىدىنى مەنبە قىلىشى كېرەك . ئەمەلىيەتتە مەن پۇلنىڭ جىق كېتە-شىدىن قورقتۇم ، نامرات ئادەمدە مەڭگۈ ساقايمايدىغان مەنىۋى بەزگەكلىك بولىدۇ ، بۇ خىل بەزگەكلىك ئۇنى تېخىمۇ نامراتلاشتۇرۇۋېتىدۇ.

بىز مېھمانخانىغا قايتىپ كېلىپ ، كۆتۈش زالىدىكى دىۋانلاردا سىرتنى كۆزىتىپ ئولتۇردۇق . ئۇدۇلىمىزدىكى بىرنەچچە پىۋىخانىنىڭ ئالدى ئاۋاتلىشىپ كەتكەن بولۇپ ، يىگىت ـ قىزلار ئۆرە تۇرۇشۇپ ، سائەت ـ سائەتلەپ پا-راڭلىشاتتى . ئۇلارنىڭ قىلىقلىرىدىن ئىشرەت ئەسەبىي-لىكى ئۇرغۇپ تۇراتتى.

ئۇمەكداشلىرىمىزنىڭ نۇرغۇن ئەرلىرى تۈنەكخانى-لارنىڭ ئىشكلىرىنى مارىلاپ بېقىپ قايتىپ كەتتۇ . ئۇلارمۇ چۈنتەكىدىكى ئازغىنە پۇللار بىلەن تەۋەككۇل-چىلىك قىلىشقا پېتىنالمىغان بولسا كېرەك . ئۇلار بىز-نىڭ يېنىمىزغا كېلىپ ئولتۇرۇپ ، كاپىتالىزمنىڭ غەلىتە يەرلىرىدىن شىكايەت قىلىشتى.

سۈرۈشتۈرسەك ، بۇ يەر شياڭگاڭنىڭ قىزىل چىراغ يەرلىرى ئىكەن ، سىياسىي كېڭەشتىن ساياھەت ئۆمە-كىگە ئۇيۇشتۇرۇلغان تۈرلۈك ۋەتەنپەرۋەر زاتلار ۋە بىزگە ئوخشاش سوتسىيالىزم ئەقىدىسىدىكىلەر كۆپرەك مۇشۇ رايوندىكى مېھمانخانىلارغا ئورۇنلاشتۇرۇلىدىكەن . بۇ يەر باشقا يەرلەردىن كۆپ ئەرزان ئىمىش.

*2004 ـ يىلى 18 ـ دېكابىر*

Hellen بىزنى ناشتىغا ئاپاردى . ئۇ بۈگۈن نېپىز قارا مايكا ۋە كۆلرەڭ يوپكا كىيىۋالغان بولۇپ ، يوغان قىزىل شارپىنى بويىنىغا ئارتىۋالغانىدى . قىزىل شارپا ئۇنىڭ سېرىق شالاڭ چېچى بىلەن ماسلىشىپ ، چىراي-لىق قىلىپ قويغانىدى . شۇ تاپتا ئۇ شياڭگاڭنىڭ سىمۋولى بولغان سېرىس گۈلىگە ئوخشاپ قالغانىدى.

بۈگۈنكى كۈنتەرتىپ بويىچە بىز شياڭگاڭنىڭ نۇق-تىلىق سودا مەركەزلىرىنى ئايلانماقچى ئىدۇق . ناشتىدىن كېيىن ، ئاپتوبۇسقا چىقتۇق.

ـــ بەزىلەر مېنى «بۈگۈن بەك چىرايلىق بولۇپ كېتىپسەن» دېيىشتى، ـــ دېدى Hellen شەيتانلىق بى-لەن كۈلۈپ، ـــ بەزى ئاكىلارنىڭ ماڭا تىكىلىپ قاراش-لىرىدىن مەنمۇ ئۆزۈمنى چىرايلىق ئوخشايمەن ، دەپ ئويلىدىم . مەن راستتىنلا چىرايلىقمۇ؟

ـــ چىرايلىق! ـــ دېيىشتى ئاپتوبۇستىكىلەر.

ـــ بىراق ، مېنى چىرايلىق قىلغان نەرسە نېمە؟

ـــ قىزىل شارپا.

ـــ توغرا ، بۈگۈنكى كىيىملىرىمنىڭ ئىچىدە قىم-مەتلىكرەكى مۇشۇ قىزىل شارپا . سىلەرچە بۇ قانچە پۇلدۇ؟

ـــ 150 يۈەن.

ـــ 180 يۈەن.

ـــ ...

ـــ تاپالمىدىڭلار ، پەقەتلا 80 يۈەن . مەن بۇنى شېنجېندىن سېتىۋالغان . مۇنۇ يوپكام قانچە پۇلدۇ؟

يولۇچىلار گەپ قىلالمىدۇق.

ـــ 60 يۈەن، ـــ دېدى Hellen ئۆزى . مۇنۇ مايكا 25 يۈەن.

يولۇچىلار بىر ـ بىرىگە قاراشتى.

ـــ شۇنداق، ـــ دېدىHellen، ـــ سىلەر ھەيران قالدىڭلار ، ئۇچامدىكى كىيىملەر شۇنداق ئەرزان . بىراق ھېچقىسى يوق . ئادەمنى گۈزەل قىلىدىغان نەرسە كىيىم ئەمەس ، بەلكى خاراكتېر ۋە ئىشەنچ . سىز ئۆزىڭىزگە كەسىپ ۋە قابىلىيەت جەھەتتىن ئىشەنسىڭىز كۆپ ئىشلاردا غەلىبە قىلىسىز . روھىڭىز كۆتۈرەڭگۈ بولىدۇ . كۆتۈرەڭگۈ روھلۇق ئادەم ئاددىي ۋە پاكىز كىيىنسە باش-قىلارنىڭ كۆزىگە جەلپكار كۆرۈنىدۇ . روھى چۈشكۈن ئايال ھەرقانچە ياسانغان بىلەن بىكار . مەن ئاددىي يۇرت-مەن ، لېكىن ئۆزۈمگە ئىشىنىمەن . شۇڭا ، ئۆزۈمنى قويۇپ بېرىپ گەپ قىلالايمەن ، گەپ قىلغاندا ھەقىقىي كۈلۈمسىرەيمەن . بىلىپ قويۇڭلاركى ، مۇنۇ زەنجىر ئەرزان ئەمەس ، مۇنۇ ھالقىمۇ ئەرزان ئەمەس . كىيىمنىڭ قىممىتى ھامان كونىرايدۇ ، لېكىن ئالتۇن ، ياقۇت ، ئالماس دېگەن نەرسىلەر كونىرىمايدۇ . ئۇنى قىرىپ كەتكەندە بالىلىرىمىزغا مىراس قالدۇرساق ، ئۆز قىممى-تىنى ساقلاپ تۇرۇۋېرىدۇ.

گەپ ئاخىرلاشقاندا ، بىز مەرۋايىت دۇكانلىرىغا كې-لىپ قالغانىدۇق . ئۆمەكتىكىلەر مەرۋايىت دۇكانلىرىنى خېلى كۆپ ئايلىنىشتى ، ئارقىدىن سائەت دۇكانلىرىغا باردۇق ، مۇلازىم قىزلار چۈچۈك تىللىرى بىلەن سايراپ كېتىشتى . نەرسىلەر ھەقىقەتەن ئېسىل ئىدى . ئەمما ئۆمەكتىكىلەرنىڭ كۆپىنچىسى ئوقۇتقۇچى بولغاچقا ، يانچۇقى تازا توم ئەمەس ئىدى . نەرسە ـ كېرەك ئالغانلار

مۇمكىنقەدەر ئەرزان نەرسىلەرنى تاللاپ ئېلىشتى.

ئۇ يەرلەردىن قايتقاندا Hellen نىڭ ئوچۇق چىرايى تۇتۇلۇپ قالغانىدى.

— بۇ ئۆمەكتىكىلەرنىڭ مال سېتىۋېلىش ئىقتىدارى يۇقىرى ئەمەستەك تۇرىدۇ ، شۇنداقتىمۇ ساياھىتىمىزنى داۋاملاشتۇرۇشىمىز كېرەك، — دېدى Hellen يۈز - خاتىرە قىلىپ ئولتۇرماي.

سەپەرداشلىرىم بىر - بىرىگە ئەجەبلىنىپ قاراشتى . ئۆمەكتىكىلەر قانچىكى كۆپ ۋە قىممەت نەرسە ئالسا ، ئۇلارنى باشلاپ كەلگەن ساياھەت يېتەكچىسىگە بېرىلىدىغان شېرىنكانە كۆپ بولاتتى . سەپەرداشلىرىم ھەممىنى چۈشەنگەندەك قىلاتتى.

بىز بىر سانائەت مەركىزىگە باردۇق . كىشىلەر بۇ يەردىن ئەتىر ، دورا ، ئېلېكتر سايمانلىرىنى بەس - بەستە سېتىۋېلىشتى . ئۆمەكتىكىلەر ئاپتوبۇسقا قايتىپ چىقىپ ، خېلى ئۇزۇن كۈتكەندىن كېيىن Hellen چىقىپ كەلدى . ئۇ خېلى خۇشخۇي ئىدى . كىشىلەر «شېرىنكانە يامان ئەمەس بوپتۇ» دېيىشتى.

كەچقۇرۇن پاراخوتقا چىقىپ ، ۋىكتورىيە دېڭىز قولتۇقىدا كېچىلىك مەنزىرە كۆردۇق . كېچىلىك مەنزىرە ھەقىقەتەن تەسىرلىك ئىدى . پاراخوتتىكى ساياھەتچىلەرنىڭ كۆپى چوڭ قۇرۇقلۇقتىن كەلگەن بولۇپ ، پاراخوتتا ئۆرە - تۆپە بولۇشۇپ ، دېرىزە تەرەپنى تالىشاتتى . مەن پاراخوتنىڭ كەينى تەرىپىدىكى ئوچۇق يەرگە چىقىپ مەنزىرە كۆردۈم . كېچە سالقىن ۋە ئارامبەخش ، ھەيۋەتلىك ، ئېگىز بىنالاردا چىراغلاردىن ھاسىل بولغان تەسۋىرىي سەنئەتلەر روۋدېستۋو بايرىمىنىڭ ئاز قالغانلىقىدىن دېرەك بېرەتتى.

ياتاققا قايتىشىمىزدا Hellen ئاچقۇچ ئاسىدىغان خاتىرە بۇيۇملىرىنى كۆرسەتتى . بەش خاتىرە بۇيۇمى بىر يالتىراق قاپچۇققا جايلاشتۇرۇلۇپ ئورالغانىدى . ئۇلارنىڭ ھەممىسى ئاچقۇچقا ئاسىدىغان ھالقا ئىدى . بىز ئۇنى بىزگە سوۋغا قىلغان ئوخشايدۇ دەپ چۈشىنىپتۇق . Hellen ئۇنىڭ باھاسى 100 يۈەن دەپ ئېلان قىلغاندا ، قايتۇرۇپ بېرىشنى بىئەپ ھېس قىلغان سەپەرداشلار 100 يۈەن پۇلنى ئانچە رازى بولمىغان قىياپەتتە يانچۇقىدىن چىقىرىشتى.

*2004 - يىلى 19 - دېكابىر*

بۈگۈن شياڭگاڭدىكى ساياھىتىمىزنىڭ ئاخىرقى بىر كۈنى بولۇپ ، ئۆز ئىختىيارىمىز بويىچە پائالىيەت قىلالاتتۇق.

ھەممىمىز ئورنىمىزدىن ۋاقىتچە تۇردۇق . ناشتا قىلغۇچە سائەت ئون بولغانىدى . بۇ يەردە پۇقرالىقتا ئۆتكەن ئەنۋەرگە تۈنۈگۈن تېلېفون قىلىپ ، مېنى شياڭگاڭدىكى ئەڭ چوڭ كىتابخانىغا ئېلىپ بېرىشنى ئىلتىماس قىلغانىدىم . ئۇ كېچىسى ئىشلەپ ، كۈندۈزى ئارام ئالىدىكەن . ئۇ چۈشتىن كېيىن ۋاقىت چىقىرالايدىغانلىقىنى ئېيتقانىدى . ئەنۋەر شېنجېندىكى ئابابەكرىنىڭ دوستى بولۇپ ، شياڭگاڭدا ئىشلەپ يۈرگىلى 7 - 8 يىل بولۇپ قاپتۇ . ئابابەكرى ئۇنىڭ تېلېفون نومۇرىنى ماڭا بېرىش بىلەن بىرگە ، ئۇنىڭغا تېلېفون قىلىپ ماڭا ئىگە بولۇپ قويۇشنى تاپىلىغانىدى.

باشقىلارنى ئاۋارە قىلماي دەپ ئويلاپ ، كوچىغا مۇستەقىل چىقىش قارارىغا كەلدىم - دە ، شياڭگاڭنىڭ قاتناش خەرىتىسىنى كارىۋاتقا يېيىپ ، نۇقتىلىق جايلار ۋە ئۇ يەرلەرگە بارىدىغان قاتناش لىنىيىلىرىنى كۆزىتىشكە باشلىدىم . مەن ئەسلىدىكى پىلانىم بويىچە كىتابخانىلارغا بېرىشىم كېرەك ئىدى . يېنىمدىكى شياۋ ۋۇغا بىللە بېرىشىپ بېرىشنى ئېيتقانىدىم . ئۇنىڭغا خۇشياقمىدى ، باشقىلارغىمۇ ئېيتتىم ، كىتابخانىغا بېرىش ئۇلارنىڭ ئەقلىگە سىغمايلا قالدى . ئۇلار ئاۋات رەستىلەر ۋە ماگىزىنلارنى ئايلىنىپ ، سوۋغات ئالمىسا بولمايتتى.

سائادەت خانىم تۈنۈگۈن سېتىۋالغان رەقەملىك ئاپپاراتىنىڭ كاشىلىسى بار ئىكەن دەپ ئويلاپ ، تېگىشىپ كېلىش ئارزۇسىغا كېلىپ قالدى . بىراق ئاپپارات سېتىۋالغان جاينى تېپىپ بېرىش ئاسان بولمىغاچقا ، ئارىسالدى بولغان سائادەت ئاپپاراتنى كۆتۈرۈپ ، ئۇنىڭ - بۇنىڭغا كۆرسىتىپ مەسلىھەت ئېلىشقا باشلىدى . ئەگەر راستىنلا كاشىلا بولسا ئۇ مېنىڭ ئالماشتۇرۇپ كېلىشكە بىللە بېرىشىمنى ئۆتۈنۈشىدە گەپ يوق ئىدى . ئۆمەك باشلىقى جۇ تى ئاپپاراتنى ئەستايىدىل كۆزدىن كەچۈرۈپ ، ئاپپاراتنى ئىشلىتىشتە مەسىلە بارلىقىنى جەزم قىلدى . ئالدىراپ نەرسە سېتىۋېلىشتىن قاتتىق ئۆكۈنۈۋاتقان سائادەتنىڭ چىرايىدا كۈلكە پەيدا بولدى.

سائادەت مەن بىلەن بىرگە رەستىگە چىقماقچى بولدى ، ئۇ كىتابخانىغا كىرىشكىمۇ رازى بولدى ، لېكىن ئۇنىڭ شەرتى بار بولۇپ ، ئۇنىڭغا ماگىزىن كۆرۈشۈپ بېرىشىم كېرەك ئىدى.

بىز سىرتقا چىققاندا سائەت 11:00 بولۇپ قالدى . شياڭگاڭنىڭ كوچىلىرى ناھايىتى كۆپ بولۇپ ، كىشى ئاسانلا ئېزىقىپ قالىدىكەن . بىز كوچىدىكى ئادەملەردىن ،

ھەتتا ساقچىلاردىن يول سوراپ كوچا ئايلاندۇق . كىشلەر يول سورىغانلارغا ناھايىتى ئەستايىدىل جاۋاب بېرىدىكەن . بىز ئۇلاردىن پۇتۇڭخۇا سۆزلەپ يول سورىساق ، ئۇلار بىزگە ئىنگلىزچە جاۋاب بەردى . ئەلۋەتتە ، ئۇلار بىز خەنزۇ دەپ ئويلىغان كىشلەر ئىدى . كېيىنچە مەن بىۋاستە ئىنگلىزچە يول سورىدىم . شياڭگاڭدىكى خەنزۇلار ئىنگلىزچە سۆزلىۋالغىنىغا خۇشال بولىدىغاندەك كۆرۈندى . شياڭگاڭنىڭ ساقچىلىرى ناھايىتى مۇلايىم كۆرۈندى . شياڭگاڭنىڭ ساقچىلىرى بىزنى سورىغان يېرىمىزگە ئاپىرىپ قويغىلى تاس قالغاندەكلا مۇئامىلە قىلدى.

ـــ قەيەردە چوڭ كىتابخانا بار؟

ـــ دەۋر مەيدانىدا.

«دەۋر مەيدانى» دېسە ، چوڭ بىر مەيداننى كۆز ئالدىمغا كەلتۈرگەنىدىم . ئەمەلىيەتتە ، ئۇ پەلەككە تاقاشقان سودا بىناسى بولۇپ چىقتى . ئېيتىلىشىچە ، بۇ يەردە pageone نامىدا بىر كىتابخانا بار ئىكەن ، بۇ كىتابخانىنى شۇنچە قىلىپ چېلىقتۇرالمىدىم . سورىسام ، ئۇ «دەۋر مەيدانى»نىڭ 9 ـ قەۋىتىدە ئىكەن . كىتابلارنىڭ ھەممىسى ئىنگلىز تىلىدىكى كىتابلار ئىدى . بىرەر سائەتتىن ئارتۇق ۋاقىت سەرپ قىلىپ كىتاب كۆردۈم ـ دە ، ئۈچ پارچە كىتابنى سېتىۋېلىشقا تاللىدىم . ئۈچ كىتابنىڭ سوممىسى 500 يۈەندىن ئېشىپ كەتتى . بۇلارنىڭ ئىچىدە خارۋارد ئۇنىۋېرسىتېتىنىڭ پسىخولوگى خوۋارد گاردىنىسېرنىڭ «ئىجادىي روھ» دېگەن ئەسىرى ، ئامېرىكا شائىرى تېد ھيۇس (Ted Hughes)نىڭ «تۇغۇلغان كۈن مەكتۇپلىرى» دېگەن شېئىرلار توپلىمى بار ئىدى . گارنېر ئۆزىنىڭ كىتابىدا فروئىد ، ئېينىشتېيىن ، پىكاسسو ، ئېلىئوت ، گەندى قاتارلىق داڭلىق شەخسلەرنىڭ ئىجادىيەتتىكى روھىي ھالىتىنى ئانالىز قىلغاندى . ھيۇسنىڭ شېئىرلار توپلىمى ئامېرىكا شائىرەسى سىلۋىيە پىلاس (Sylvia Plath)قا بېغىشلاپ يېزىلغان بولۇپ ، ئۇلار ئوتتۇرىسىدىكى مۇھەببەت پاجىئەسى ئەكس ئەتتۈرۈلگەنىدى.

كىتابنى سېتىۋالغۇچە سائادەت يېنىمغا ئىككى قېتىم كىرىپ ، «بارمۇسىز؟» دەپ قويدى . ئەمدى سائادەت بىلەن بىرگە راسا ماگىزىن ئايلانساق بولاتتى.

شياڭگاڭنىڭ ماگىزىنلىرىدىكى كىيىملەر ھەقىقەتەن ئادەمنىڭ سېتىۋېلىش ھەۋىسىنى قوزغايتتى . لېكىن بۇ كىيىملەرنىڭ بىرقەدەر ئەرزانلىرى بىزنىڭ بىر ئايلىق مائاشىمىزدىن ھالقىپ كېتەتتى . سائادەت ئۆزىگە يارىغان نەرسىلەرنىڭ ئالدىدا ئۇزۇن توختاپ ، ئىلاجسىز بولۇپ كېتەتتى.

سائەت ئىككى بولغاندا چۈشلۈك تاماق يېدۇق. ئالدىنقانچىلىك كېلىدىغان ئىككى تال بولكا ۋە ئىككى ئىستاكان قەھۋە 76 يۈەن خەلق پۇلىغا توغرا كەلدى . تېخى ئۇلارنى ئۆچىرەتتە تۇرۇپ ئالدىم.

كەچكىچە كوچا ئايلاندۇق ، ئارىدا بىر كىتابخانىغا كىرىپ ، مىلان كۇندىرا رومانلىرىنىڭ ئىنگلىزچە نەشرلىرىنى كۆرۈپ قالدىم ، ئالغۇم بولسىمۇ بولدى قىلدىم . چۈنكى كىتابلار ناھايىتى قىممەت ئىدى.

بەلكىم سائەت بەش بولغاندۇ ، ئەنۋەرگە خوشلىشىش تېلېفونى ئۇردۇم . ئۇ مېنى كەچلىك تاماققا تەكلىپ قىلىپ ، ئۇزىتىپ قويىدىغانلىقىنى ئېيتتى . بىز خۇامېي مېھمانسارىيىنىڭ كۈتۈش زالىدا كۆرۈشمەكچى بولدۇق.

پۈتۈشكەن ۋاقىتتا ، كۈتۈش زالىدا تولا يول يۈرۈپ ئاغرىۋاتقان پۇتلىرىمنى ئۇۋۇلاپ ئولتۇردۇم . ئالدىمدىكى ئەينەكتىن سىرتنىڭ مەنزىرىسىنى ئېنىق كۆرۈپ تۇراتتىم ، سائادەتمۇ قېشىمدا ئىدى.

شياڭگاڭدەك بىر شەھەردە چىرايىمىزدىكى ئىرقى بەلگىنىڭ ئۆزىلا قېرىنداشلىقتىن دېرەك بېرەتتى . بىر ماشىنا ئەينەكنىڭ ئۇدۇلىغا كېلىپ توختىدى ، رولنىڭ ئالدىدا ئولتۇرغان بىر يىگىت ماڭا قاراۋاتاتتى . مەن ئۇنىڭ ئەنۋەر ئىكەنلىكىگە جەزم قىلدىم ـ دە ، سىرتقا ماڭدىم ، سائادەت كەينىمدىن ئەگەشتى . دەرۋەقە ، ئۇ ئەنۋەر ئىدى ، بىز قىزغىن كەيپىياتتا كۆرۈشتۇق . بۇرۇن بىر ـ بىرى بىلەن ئەسلا كۆرۈشۈپ باقمىغان تەڭرىتاغ پەرزەنتلىرى ، ئۈستىدە قارلار يالتىراپ تۇرىدىغان تەڭرىتاغدىن ناھايىتى يىراق يات بىر شەھەردە بىر ـ بىرىنى قىينالمايلا تونۇۋالدى . ئەنۋەر ئۆزى چوڭ بولغان تۇرپان ۋە ئۈرۈمچىدىن ئالىي مەكتەپ پۈتتۈرۈپ تارتىپ ئايرىلىپ ، ياقا شەھەرلەردە ئىلىم تەھسىل قىلىپ ، شياڭگاڭدەك ھايات رىقابىتى كەسكىن شەھەردە نەچچە يىل ياشاپ ، ئۆزىنىڭ تونۇمىغان بىر قېرىندىشىنى ئىزدەپ كېلىدىغان يۈرىكىنى يوقاتمىغانىدى . ئۇ مېنىڭ نەزىرىمدە قەدىرلىك ، ئۆگمەس يۈرەك ئىدى.

ئەنۋەر كەمسۆزدەك قىلاتتى . ئۇ بىزنى ماشىنىسىغا ئولتۇرغۇزۇپ تۇڭلۇۋەن تەرەپكە ئېلىپ بارغۇچە سوئاللىرىمغا جاۋاب بېرىش بىلەن چەكلەندى . «خاپا بولماڭ ، مەن خەنزۇچە ئوقۇغان بولغاچقا ، ئۇيغۇرچە سۆزلەرنى كۆپ قىلالمايمەن» دېدى ئەنۋەر ئۆزرە ئېيتىپ.

ئەنۋەر بىزنى تۇڭلۇۋەنگە چۈشۈرۈپ قويۇپ ،

«ئىككى سائەتتىن كېيىن كېلىمەن» دېدى . ئۇنىڭغىچە بىز ماگىزىن كۆردۇق ، ئائىلىمىزدىكىلەرگە سوۋغاتلىق كىيىم ئالدۇق . ئىككى سائەتتىن كېيىن ئەنۋەر بىلەن كۆرۈشتۇق ، ئۇ بىزنى ئۇيغۇرچە تائاملار بار بىر رېستورانغا ئېلىپ ماڭدى . ماشىنا ئازراق ماڭغاندىن كېيىن ، ئاۋات بىر كوچىغا جايلاشقان گۈللۈك مەيداننىڭ ئالدىدا توختىدۇق ، كوچىنىڭ جەلپكار چىراغلىرى ئەتراپنى يوپيورۇق قىلىۋەتكەنىدى.

بىز ياندىكى بىر بىنانىڭ پەلەمپىيى ئارقىلىق ئىككىنچى قەۋەتكە چىقتۇق ، بىز كىرمەكچى بولغان رېستوران مۇشۇ قەۋەتتە ئىدى . رېستوراننىڭ ئالدىدا بۇدۇر چاچلىق ، بۇرۇتلۇق بىر ئۇيغۇر يىگىتنىڭ ئۇيغۇر تائاملىرى بىلەن قوشۇپ تارتىلغان سۈرىتى تۇراتتى . زال خېلى چوڭ بولۇپ ، ئۇرۇمچىدىكى ئوتتۇراھال چوڭلۇقتىكى ئۇيغۇر رېستورانلىرىدەك كېلەتتى. مۇھىتى يورۇق ۋە ئازادە ئىدى.

ئۇچىمىز دېرىزە تەرەپتىكى ئۈستەلگە كېلىپ ئولتۇردۇق . توساتتىن رەسىمدىكى ھېلىقى ئۇيغۇر يىگىتى ئالدىمىزدا پەيدا بولدى ، ئۇ ئەنۋەر بىلەن كۆرۈشتى ، ئۇلار كونا دوستلاردىن ئىكەن . ئەنۋەر ئۇنى تونۇشتۇردى ، ئۇنىڭ ئىسمى مۇھەممەت تۇرسۇن ئىكەن . ئۇنىڭ چىرايى قارامتۇل بولۇپ ، قاپقارا بۇدۇر چېچى ۋە بۇرۇتى خېلى ياراشقانىدى . بىر قاراشتا پاكىستانلىققا ئوخشاپ كېتەتتى . ئۇ بىز بىلەن سالاملاشقاندىن كېيىن ، نېمە يەيدىغانلىقىمىزنى سورىدى.

— ئىسسىق باسقۇدەك ئۇيغۇر تائامى بولسا بولدى ، ئىسراپچىلىق قىلمايلى، — دېدىم مەن.

ئۇ ئەنۋەر بىلەن بىر قارىشىۋالغاندىن كېيىن:

— «ئاۋۋال تائام ، ئاندىن كالام» دەپتىكەن ، مەن ئۆز قولۇم بىلەن تائام قىلاي ، پاراڭنى ئاندىن سوقايلى، — دېدى - دە ، ئاشخانىغا كىرىپ كەتتى . ھايال ئۆتمەي ئۇ ئۈچ - تۆت خىل تائامنى ئالدىمىزغا قويدى.

— ئەمەلىيەتتە ، بۇ ئىشتىن چۈشىدىغان ۋاقىت ، شارائىتىمىز يېتەرلىك بولماي قالدى، — دېدى مۇھەممەت تۇرسۇن ئۆزرە ئېيتىپ.

ئۇ تەييارلىغان غىزالار كۆركەم ھەم مەززىلىك ئىدى . سائادەت خانىم توخۇ قوردىقىغا ئىشتىها تارتىۋاتاتتى . مۇھەممەت تۇرسۇن تەكەللۇپ قىلىپ ئولتۇرمايدىغان ، تۈز كۆڭۈل ، قىزغىن يىگىت ئىكەن . مەن شىاڭگاڭدەك چوڭ شەھەردە ئىككى نەپەر قېرىندىشىمنىڭ مۇھەببىتىدە مېھمان بولۇۋاتقىنىمدىن سۆيۈنگەنىدىم . مەن بۇ ھېسسىياتىمنى ئاياپ ئولتۇرماي ، ئۇلارغا ئېيتتىم . سەمىمىي گەپ سەمىمىي ھېسسىيات ئويغىتىدۇ ، ئۇلار مېنىڭ گېپىمدىن تەسىرلەندى . ئەنۋەر جىمغۇر ، ئويچان يىگىت ئىدى . مۇھەممەت تۇرسۇن ئۆزى ھەققىدە سۆزلەپ بېرىشنى ياخشى كۆرەتتى ، ئۇنىڭ سەرگۈزەشتىلىرى ھەقىقەتەن تەسىرلىك بولۇپ ، ئۇنىڭ تىرىشچان ، مۇستەھكەم ئىرادىسىنى نامايان قىلاتتى.

مۇھەممەت تۇرسۇن ئۈرۈمچىلىك بولۇپ ، ئاتا - ئانىسىنىڭ ئۆيى كونسۇل كوچىسىدا ئىكەن . ئۇ ئۈچ ئوغۇل ، ئۈچ قىزدىن تەركىب تاپقان ئائىلە بالىنىڭ چوڭى ئىكەن . ئۇ ئائىلە يېشىدىن باشلاپ مۇھاجىرلار مېھمانخانىسىدا چۆمۈچ تۇتۇشقا باشلىغانىكەن ، 1989 - يىلى شېنجېندا ئاشخانا ئېچىپ ئىگىلىك تىكلەشكە باشلاپتۇ ، ئىگىلىكى گۈللىنىپ ، تارماق ئاشخانىلارنى ئېچىپتۇ . ئۇ شېنجېندىكى ئۇيغۇر مۇساپىرلىرىغا كۆپ ياردەملەرنى قىلىپتۇ . خروئىنغا ئۆگىنىپ قالغانلارنى خروئىن تاشلىتىش جەھەتلەردە تالاي ئىشلىرى بار ئىكەن.

— ئىمان ۋە ئېتىقادتىن ئاجراپ كەتكەن ئادەم ۋاپانىمۇ بىلمەيدىكەن ، قانداق ياشاشنىمۇ بىلمەيدىكەن، — دېدى مۇھەممەت تۇرسۇن شېنجېندىكى كۆرگەن - بىلگەنلىرىنى قىسقىچە خۇلاسىلەپ.

مېنىڭ نەزىرىمدە ، بۇ بىر ھېكمەتلىك سۆز ئىدى ، لېكىن بۇ ھېكمەتلىك سۆزنى مۇھەممەت تۇرسۇن كىتابلاردىن قوبۇل قىلىۋالغان سۆز بولماستىن ، ئۆزىنىڭ قىسمەتلىرىدىن كەلتۈرۈپ چىقارغانىدى . بۇ سۆزنى زور ئىقتىسادىي قىممەتكە ئىگە ئەمەس ، دەپ كىم ئېيتالايدۇ . پۇلنى ئادەم تاپىدۇ ، لېكىن پۇلنى قانداق تېپىش ، قانداق ساقلاش ، نەگە ئىشلىتىش قاتارلىقلارغا شۇ ئادەمنىڭ ئىدىيىسى قوماندانلىق قىلىدۇ.

مۇھەممەت تۇرسۇننىڭ خانىمى قورەيشەم شېنجېندا



مىللىي ھۈنەر ـ سەنئەت بۇيۇملىرىنى ساتىدىغان ئورۇنلارنىڭ زاكاسلىرىغا ئاساسەن ئۇيغۇرچە دوپپىلارنى تىكىپ ، تارقىتىدىكەن . قورەيشەم ھازىرمۇ شىنجىڭدا تۇرىدىكەن ، مۇھەممەت تۇرسۇن ھەپتىدە بىر قېتىم ياكى ئىككى ھەپتىدە بىر قېتىم شىنجىڭغا كېلىپ ، بالىلىرى بىلەن جەم بولىدىكەن.

مۇھەممەت تۇرسۇن شياڭگاڭنىڭ تېلېۋىزىيىلىرىدە ھەر ھەپتىدە ئىككى قېتىم بېرىم سائەتتىن ئۇيغۇر تائاملىرىنى تونۇشتۇرۇپ ، تائاملارنى تەييارلاش ئۇسۇللىرىنى كۆرسەتكەن . ئۇيغۇر تائاملىرىنى مۇسۇلمان ئەللەرنىڭ كونسۇلخانىسى ئالدىغا ۋە مەسچىتلەرنىڭ ئالدىغا ئاپىرىپ كۆرسەتكەن ۋە تەشۋىق قىلغان . ھېيتلاردا ئۇيغۇر تائاملىرىنى چىرايلىق ئوراپ ـ قاچىلاپ ، مەسچىتلەرنىڭ ئالدىغا ئاپىرىپ جامائەتكە سوۋغا قىلغان ، رامىزانلاردا ئىپتارلىق بەرگەن . شۇنىڭ بىلەن مۇھەممەت تۇرسۇننىڭ خېرىدارلىرى كۆپەيگەن.

مەن سۆھبەت ئارىلىقىدا رېستوراننىڭ ئىچىگە كۆز يۈگۈرتتۈم ، رېستوران ھەر ھالدا ئۇيغۇرچە ئۇسلۇبتا بېزەلگەنىدى . دېرىزىلەر ئۈزۈم بارىڭىنى ئەسلىتىدىغان ئويما نەقىشلەر بىلەن زىننەتلەنگەن ، تاملاردا قۇملۇقتىكى تۆگە كارۋانلىرىنىڭ رەسىمى ۋە ئۇيغۇر ئۇسسۇلچى قىزلىرىنىڭ رەسىمى چۈشۈرۈلگەن مەنزىرە توقۇلمىلار ئېسىقلىق تۇراتتى ، لەپتىكى بىر تامدا ئاتاقلىق ئۇيغۇر رەسسامى غازى ئەمەتنىڭ ھۆسنخەتلىرى تۇراتتى ، يەنە بىر تامدا ئۇيغۇر سازى كۆتۈرۈۋالغان ئۇيغۇر گۈزىلى تەبەسسۇم قىلىپ تۇراتتى.

مەن تۇرۇۋاتقان يەر تەكلىماكان ۋە تارىم ۋادىسىدىن ناھايىتى يىراقتىكى شياڭگاڭ ، لېكىن قېشىمدا ئۈچ ئۇيغۇر قېرىندىشىم مەن بىلەن ئۇيغۇرچە پاراڭلىشىۋاتىدۇ ، ئالدىمدىكى تاماق ئۇيغۇرچە ، زالدىكى قىياپەت ئۇيغۇرچە ، ۋۇجۇدۇم يايراپ يېنىك بىر نەپەس ئالدىم.

«يېڭى دەۋر» مەيدانىغا جايلاشقان بۇ رېستوراننىڭ نامى «شىنيۇ شىنجاڭ رېستورانى» بولۇپ ، گۇاڭدۇڭ شىنيۇ مۇسۇلمانلار رېستوراننىڭ شياڭگاڭدىكى تارمىقى ئىكەن . مۇھەممەت تۇرسۇن بۇ يەردىكى قولى گۈل ئۇستاملارنىڭ بىرى سۈپىتىدە ئىشلەۋاتقانىدى . ئۇنىڭ نامى ۋە ئىش ـ ئىزلىرى ، ئەتكەن كۆركەم ھەم مەززىلىك تائاملىرى «فۇجيەن ئىقتىساد گېزىتى» ، شياڭگاڭدا چىقىدىغان «شەرق گېزىتى» ، «مىگباۋ گېزىتى» ، «شىنباۋ گېزىتى» قاتارلىق مەتبۇئاتلاردا ئارقا ـ ئارقىدىن تەشۋىق قىلىنغانىدى . گېزىتنى كۆرگىنىمدە ، ئۇنىڭ داپ ياكى راۋاب تۇتۇپ ، ئوخشىغان ئۇيغۇر تائاملىرى بىلەن بىرگە چۈشكەن سۈرەتلىرى چېلىقتى ، توخۇ نارىن ، پولۇ ، سامسا ، ساڭزا ، ھەر خىل كاۋاپ ، يوتازا (تۈرمەل) ۋە نانلار دىلنى رام قىلىدىغان دەرىجىدە سەنئەتلىك قىلىپ تىزىلغانىدى . «كۆپكۆك ئاسمان تېگىدىكى ياپپېشىل يايلاقتا خۇش پۇراق گىياھلارنى يەپ ، پاكىز سۇلارنى ئىچىپ ، ساپ ھاۋادىن نەپەس ئالغان شىنجاڭ قويلىرىنىڭ گۆشى ناھايىتى يېيىشلىك بولىدۇ» دېيىلگەنىدى . «قۇياش گېزىتى»دە «ياخشىمۇسەن؟» ، «بەك ياخشى» ،«رەھمەت» دېگەندەك دائىم ئىشلىتىلىدىغان ئۇيغۇرچە سۆزلەر (شياڭگاڭ گېزىتلىرىدە « 新疆语 » دەپ ئېلىنغان) تونۇشتۇرۇلغانىدى.

بىز رېستوراندىكى ئۇيغۇرچە مەنزىرىلەرنى ئارقا كۆرۈنۈش قىلىپ ، خاتىرە سۈرەتكە چۈشتۇق . كېچە سائەت 2 : 00 دە خوشلاشتۇق.

مۇھەممەت تۇرسۇننىڭ ئائىلىسى ئاددىي بىر ھۈنەرۋەنلەر ئائىلىسى سۈپىتىدە ئۇيغۇر مەدەنىيىتىنىڭ ئۆزگىچە خاس جۇلاسىنى باشقا مىللەت مەدەنىيەتلىرىنىڭ گىرەلەشمىسى ئىچىدە نامايان قىلغانىدى . دىيارىمىزدا بۇنداق ئاددىي ئائىلىلەر كۆپ بولغاچقا ، ئۇنىڭ قانچىلىك قىممەتكە ئىگە ئىكەنلىكى بىلىنمەيدۇ . بىراق ، بۇنداق ئائىلە ياكى بۇنداق كىشىلەر خەلقئارادىكى چوڭ شەھەرلەرگە بېرىپ ئۆز ھۈنەرلىرىنى كۆرسەتكەندە ، ئۇلار بىر مىللەت مەدەنىيىتىنىڭ خالىس ئەلچىلىرىگە ئايلىنىدۇ . مۇھەممەت تۇرسۇن ماڭا مۇنداق بىر ئەقلىنى ئۇقتۇردى:

تائاملار بىر مىللەت مەدەنىيىتىنىڭ ئىخچام نەمۇنىسى ، ئۇنىڭ بازار ئىقتىدارىنى ئېچىش بۇ مەدەنىيەتنىڭ مول قاتلىمىنى دۇنياغا يايغانلىق بىلەن باراۋەر . باشقا مىللەتتىن بولغان رېستوران خوجايىنلىرى ئۇيغۇر تائاملىرىنىڭ يوشۇرۇن بازار كۈچىگە سەل قارىمىغاندەك قىلاتتى.

سۆھبەتلىرىمىز قىزغىن ، كۆڭۈللۈك بولدى . سائەت ئىككى بولاي دېگەندە قايتماقچى بولۇپ ئورنىمىزدىن تۇردۇق . ئەنۋەر باشتا كەم سۆز بولدى ، مەن ئۇنىڭغا: «تاماكىڭىز بولسا چېكەيلى» دېدىم . ئەمەلىيەتتە مەن تاماكا چەكمەيتتىم ، ئەنۋەرنىڭ قاتمال كەيپىياتىنى ئوڭشاش ئۈچۈن شۇنداق قىلدىم . ئەنۋەر مېنىڭ گېپىمدىن گاڭگىراپ قالغاندەك بولدى.

— مەن بىلىمەن ، سىز تاماكا چېكىسىز ، بايا يانچۇقىڭىزغا تاماكا سالغىنىڭىزنى كۆرگەنىدىم، — دېدىم مەن.

ئەنۋەر ئوڭايسىزلانغاندەك بولۇپ ، تاماكىسىنى چىقاردى . ئىككىمىز بىر تالدىن تاماكا تۇتاشتۇردۇق.

— سىز مەندىن تارتىنىۋاتىسىز ، ھازىر تارتىنىدىغان ۋاقىت ئەمەس ، ماڭا كۆپرەك گەپ قىلىپ بېرىڭ،—

دېدىم مەن.

مۇھەممەت تۇرسۇن يوغان بىر ئىستاكان پىۋىنى ئەنۋەرنىڭ ئالدىغا قويدى . ئۇ ئۆزى ئىچمەيدىكەن ۋە چەكمەيدىكەن . ئەنۋەر بارغانسېرى ئۆزىنى ئازادە تۇتۇشقا باشلىدى.

ئەنۋەرنىڭ كۆرگەن ـ بىلگەنلىرى كۆپ ئىكەن ، تارتقان زىيانلىرى ، تۆلىگەن بەدەللىرى ئۇنىڭ ئۇچۇن قابىلىيەت يېتىلدۈرۈشنىڭ سىناقلىرىغا ئايلىنىپتۇ . ئۇ ئۆزىگە تەگكەن پەشۋالارنىڭ ئالدىدا ئۆزىنى يوقىتىپ قويمىغانىدى ، بەلكى تەمكىن هالدا قارار چىقىرىپ ، يېڭى يول ئىزدىگەنىدى . ئوتتۇز ياشتىن ئەمدىلا هالقىغان بۇ بالا ياشاش جەھەتتە ناهايىتى قابىل ئىدى.

— نېمىشقا تېخىچە ئۆيلەنمىدىڭىز؟ — دەپ سورىدىم مەن ئۇنىڭدىن.

— شياڭگاڭدا مەن ئالىدىغان قىز يوق . يۇرتۇمغا كەمدىن ـ كەم بارىمەن . ئۇ يەردىمۇ بىرەر قىز بىلەن تونۇشقىدەك ئىمكانىيەت يوق، — دېدى ئەنۋەر.

ئەنۋەر خەنزۇچە ئوقۇغان بالا ئىدى ، ئۇ گۇاڭدۇڭ شىۋىسىنىمۇ ئوبدان سۆزلەيتتى . ئۇ شياڭگاڭدەك غايەت زور ئادەم دېڭىزىدا دېمىنى ئىچىگە يۇتۇپ ، بىر غايىنى كۆزلەپ ياشاۋاتقانىدى.

ئەنۋەر بىزنى خۇامىي مېھمانسارىيىنىڭ ئالدىدا چۈشۈرۈپ قويدى . بىز قۇچاقلىشىپ خوشلاشتۇق ، بۇ چاغدا ئەنۋەرنىڭ چىرايىغا يىغا ئولاشتى . ئوغۇل بالا ئاسانلىقچە يىغلىمايدۇ . ئۇ كۆڭلىدىكى ھەممە گېپىنى مۇشۇ ئۈنسىز يىغىسى ئارقىلىق دەۋەتكەندەكلا قىلاتتى.

— يۇرتۇمنى ، ئاتا ـ ئانامنى سېغىندىم . ئۆتكەندە بارغاندا ، پويىزدا «داۋانچىڭ قىزى»نى ئاڭلاپلا تەنلىرىم يايراپ كەتكەنىدى، — دېدى ئەنۋەر.

مەن نېمە دېيىشىمنى بىلەلمىدىم . ئارىمىزنى سۈكۈت باستى.

— سىزگە قىزنى مەن تونۇشتۇرىمەن ، يازدا ئۈرۈمچىگە بېرىڭ، — دېدى سائادەت ئەنۋەرنىڭ پېشانىسىگە سۆيۈپ.

ئارىنى بىر پەس سۈكۈت قاپلىدى.

— خوش ، ئۇكام . سىز يەنە يالغۇز قالدىڭىز ، ئۆزىڭىزگە پۇختا بولۇڭ، — دېدىم مەن.

ئەزەلدىن كۆرۈشۈپ باقمىغان بىرقانچە ئۇيغۇر شياڭگاڭدەك چوڭ خەلقئارا بازارنىڭ بىر بۇرجىكىدە قېرىنداشلارچە مۇڭدىشىپ خوشلاشتۇق . بىز يەنە كۆرۈشەلەمدۇق ـ يوق ، بىرنېمە دېمەك تەس ئىدى.

ئەنۋەر ماشىنىسىنى ھەيدەپ ، كوچا چىراغلىرىنىڭ شولىسى ئىچىدە غايىب بولغۇچە قاراپ تۇردۇق . تۇرمۇش سەھنىسىدىكى بۇ تەۋەككۇلچى جىددىي خىرىسلارنىڭ ئالدىدا تەمكىن تۇرۇشنى ئۆگىنىۋالغانىدى . ئۇ كەلگۈسىگە ھېچقانداق ھاياجان ئارىلاشمىغان ئۈمىد بىلەن ئىنتىلەتتى . ئۇنىڭ ئەتراپىدا يۈز بەرگەن ھەرقانداق تاسادىپىيلىق ئۇنى ھودۇقتۇرالمايدىغاندەك ئىدى . ئۇ خىزمەت ، ئۇنۋان ، مەنسەپ ۋەسۋەسىسىدە يۈرەكزادە بولۇپ ، قان بېسىمىغا گىرىپتار بولۇپ كەتكەن تالاي دېپلوم ئەھلىگە نىسبەتەن خېلىلا مۇكەممەل ئادەم ھېسابلىنىدۇ . ئۇ خىزمەت بولمىسا چۈشكۈنلىشىپ ، غۇرۇرسىزلىق گىردابىدا چىرايىنىڭ نۇرىنى يوقاتقان سان ـ ساناقسىز ياشلىرىمىزغا نىسبەتەن بىر ئۈلگە ، ئۇ بىر تەنها تەۋەككۈلچى . ئۇنىڭ ئەتراپىدا ئۇنىڭ غەلىبىسىگە تەنتەنە قىلىشىپ بېرىدىغان دوستلىرى ياكى ھەسرەتلىرىگە شېرىكلىشىپ بېرىدىغان مۇڭداشلىرى يوق.

*2004 ـ يىلى 20 ـ دېكابىر*

پىلان بويىچە سائەت 30 : 6 دە پىرىستانغا باراتتۇق . ئۇيقۇمغا قانماي ، خامۇش ھالەتتە يۈك ـ تاقلىرىمنى يىغىشتۇرغىچە جىددىيلەشتىم ، چۈنكى باشقىلارنى ساقلىتىپ قويسام بولمايتتى . ھېلىھەم كېچىكىپتىمەن ، مەن يۈك ـ تاقلىرىمنى كۆتۈرۈپ پەسكە چۈشكىنىمدە ، باشقىلار ئاپتوبۇسقا ئورۇنلىشىپ مېنى ساقلاۋاتقانىكەن.

ناشتىنى پىرىستاندا قىلدۇق ـ دە ، قاشنىڭ يېنىدا لەپپەڭشەپ تۇرغان كېمىگە چىقتۇق . دېرىزە قېشىدا ئولتۇرۇپ دېڭىزنى تاماشا قىلسام دەيتتىم . ئەپسۇسكى ، بېلىتىمنىڭ ئورنى ئۇنداق يەرگە توغرا كەلمەپتۇ . ئۇنىڭ ئۈستىگە كەيپىياتىم ئېغىر ، روھىم ھارغىن ، كاللام گاڭگىراش ، كۆزلىرىم ئېلىشاڭغۇ . كۆپكۆك دېڭىز سۇس تۇماننىڭ قوينىدا سوزۇلۇپ ياتاتتى . سەھەردىكى شياڭگاڭنىڭ ئاسمىنى تۇك تاشلىمىغان توك شاپتۇلىنىڭ رەڭگىدە كۆرۈنەتتى . ئەتراپىمدىكىلەرمۇ تېتىك ئەمەس ئىدى ، بەزىلەر ئولتۇرۇپلا ئۇيقۇغا كېتىشكەنىدى.

كېمە قوزغالدى ، پىرىستان بارا ـ بارا كىچىكلەپ ، تۇماننىڭ شۆلگەيلىرىدە ئېرىپ كەتتى . شياڭگاڭنىڭ ئېگىز بىنالىرىمۇ خىيالىي گەۋدىگە ئايلىنىشقا باشلىدى . ئارىلاپ ـ ئارىلاپ ئاراللار ئۇچرايتتى ، بەزى ئاراللاردا داچا بولۇپ ، خۇددى ئادەمسىزدەك تىپتىنچ ئىدى . ئۇنداق يەرلەردە ئەدىبلەر ئولتۇرالمىسا كېرەك ، مىللەتنىڭ روھىي ھالىتىنىڭ پوتۇكچىسى بولغان ئەدىبلەرنىڭ كۆپلىرى لاماكان ھالدا قەلەم تەۋرىتىشكەن . دۇنيادىكى بىر بۆلۈك كاتتا ئەسەرلەر داچىدا ئەمەس ، ھەپسىدە ياكى مۇھاجىرەتتە بارلىققا كەلگەن . ۋاقىتقا ئەبەدىي سۈرگۈن قىلىنغان شائىرلار سۆزلەرنىڭ سىرتىدا ئۆزلىرىنى تىڭشاپ

يۇرۇشىدۇ.

دېڭىز مەندەك بىر شەيداسىنى ئويلاپمۇ قويمىغاندەك تۇراتتى . مەن ئۇخلاشقا شۇنچە تىرىشىپ باقتىم ، كۆزلىرىمنى يۇمۇپ كۆك دېڭىزنى قارا دېڭىزغا ئالماشتۇرۇپ باقتىم . ئەيھانناس ، پەقەتلا ئۇخلىيالمىدىم . ئازراق ئۇخلىۋالغان بولسام زېھنىم ، چىرايىم ، ئەتراپ ئېچىلىپ كەتكەن بولاتتى.

ئاۋمىنىڭ پىرىستانىغا باردۇق ، تامۇژنىدىن ئۆتتۇق . بۇ يەرنىڭ دېڭىزى شياڭگاڭنىڭ دېڭىزىدەك سۈزۈك ئەمەس ئىكەن ، ئۆركەشلىنىپ تۇرغان لاي سۇلار كۆتۈرمە قىلىپ سېلىنغان پىرىستان سۇپىسىنىڭ ئاستىنقى تۈۋرۈكلىرىگە شالاقلاپ ئۇرۇلاتتى . دېڭىز سۈيىدە ئەخلەتلەر چايقىلاتتى.

بىز ئاپتوبۇس بېكىتىگە بېرىپ ئازراق ساقلىغاندىن كېيىن ، بىر ئايال كەلدى . ئۇ بىزگە مەسئۇل ساياھەت يېتەكچىسى ئىكەن . ئۇنىڭ كىيىنىشى لابدۇر بولۇپ ، ساياھەت يېتەكچىسى بۇنداق بولار دەپ ئويلىمايتىكەنمەن . ئىچىگە كىيىۋالغان قىزىل نېپىز مايكىسىنىڭ پېتى يوقاپ ، كۆكسى قىسمى ساڭگىلاپ تۇراتتى ، ئۇ ئۇنىڭ ئۈستىگىلا پۈرلىشىپ كەتكەن ئىسپورت چاپان كىيىۋالغان بولۇپ ، ئايالنىڭ سېمىز بولۇشىغا قارىماي ، چوڭ كېلىپ قالغانىدى . ئۇنىڭ يۈزىمۇ گۆشلۈك ، كالپۇكلىرىمۇ گۆشلۈك ئىدى . كۆلگەندە قىپقىزىل سۇرۇخ سۈرتىۋالغان كالپۇكلىرى ئېچىلىپ ، ئۇششاق ، تەكشى سارغۇچ چىشلىرى كۆرۈنۈپ قالاتتى . 45 ياشلار چامىسىدىكى بۇ ئايال بەئەينى ئۇزۇن يوللۇق تاشيولنىڭ خىلۋەت ئۆتەڭلىرىدىكى مەيخانىنىڭ ئايال خوجايىنىدەك بىلىنىپ كەتتى . لېكىن بۇ ئايال ناھايىتى بىلىملىك ئىكەن ، ئۇ ئاۋمىندىكى ھەر بىر كوچا ، ھەر بىر بىنا ، ھەر بىر كۆۋرۈك ، ھەر بىر ھەيكەلنى ئىنچىكە تونۇشتۇراتتى . ئاۋمىندىكى مەشھۇر شەخسلەرنىڭ ئىشلىرى ، ماللارنىڭ باھاسى ، سۈپىتى قاتارلىقلارنى ئۇ بەش قولدەك ئېنىق بىلەتتى.

ئاۋمىن تىنچ بىر شەھەر ئىكەن ، كوچىدا ئادەملەرمۇ شالاڭ ، كۆلىمى 23.6 كۋادرات كىلومېتىر كېلىدىغان بۇ جايدا 438 مىڭ ئادەم ياشايدىكەن . بۇ يەرنىڭ كىرىمى تاشقى سودا ، پۇل مۇئامىلە ۋە ساياھەتچىلىكتىن كېلىدىكەن . كوچا بويلىرىدىكى گۈللەر ۋە دەرەخلەر دېڭىز تەرەپتىن كەلگەن لەرزان شامالدا يەلپۈنۈپ ، مېنىڭ مەيلىمنى تارتتى . نېمىشقىدۇر مەن ئادەم شالاڭ ، كوچىلىرى ئازادە ، خىيابان شەھەرلەرنى ياقتۇرۇپ قالىمەن . ئاۋمىندىكى بىنالار شياڭگاڭدىكىدەك ئېگىز ئەمەس ئىدى . لېكىن پاكىز ، رەتلىك ئىدى.

ئاۋمىندىكى تاماقلىرىمىز ئېخىمۇ غورىگىل بولدى . بىزگە ئۈچ ۋاق گۆرۈچ تامىقى يېگىلى ھەپتىلەر بولۇپ قالغانىدى.

بىز قەدىمىي ئىبادەتخانىلارنى كۆردۇق . كوچا دوقمۇشلىرىغا ياسالغان بۇتلارنى زىيارەت قىلدۇق ، زامانىۋى شەھەرنىڭ پۇقرالىرى ھېلىھەم بۇتلارنى تاۋاپ قىلىپ ، ئۇزۇن ئۆمۈر ، بەخت ، سالامەتلىك ، بايلىق قاتارلىقلارنى تەلەپ قىلىشىدىكەن . مەن دۇنيادا ئىبادەتخانىسى يوق شەھەر يوق ، بۇنىڭغا قىل سىغمايدىكەن دەپ ئويلىدىم.

بىز Casino دېگەن چوڭ قىمارخانىنى كۆزدىن كەچۈردۇق . ئاۋمىن شەرقىي ئاسىيادىكى لاسۋېگاس دەپ تەرىپلىنىدىكەن . Casino غا باشقا دۆلەتلەردىن كېلىدىغان قىمار ئەھلىمۇ كۆپ ئىكەن . بەزى پۇلدارلار شەخسىي ئايروپىلانىغا ئولتۇرۇپ كېلىپ ، قىمارنى ئويناپ بولغاندىن كېيىن دۆلىتىگە قايتىپ كېتەرمىش . قىمارخانا بىناسى سىرتتىن قارىغاندا ئادەتتىكىچە ئىدى . بىنانىڭ ئىچى ناھايىتى ھەشەمەتلىك ئىدى . بىز بىلمەيدىغان ئاللىقانداق قىمار تۈرلىرى كۆپ بولۇپ ، مۇلازىم قىزلار مېۋە شەربەتلىرىنى توشۇپ تۇراتتى . ئىچكۈمىز كەلسە ھەقسىز ھالدا ئېلىۋىرسەك بولىدىكەن . بىر تەرەپتىكى سەھنىدە يېرىم يالىڭاچ ئۇسسۇلچى قىزلار توختىماي ئويناپ تۇراتتى ، مۇلازىم قىزلار ناھايىتى ياش بولۇپ ، ماڭا پاھىشە چىراي كۆرۈنگەندەك بولدى . بىر قىمارخانىنىڭ ئاۋات بولۇشىنى تەسەۋۋۇر قىلالىسامۇ ، بۇنچىلىك ھەشەمەتلىك بولۇشىنى ئويلىمايتىكەنمەن . قايسىدۇر بىر دانىشمەنىنىڭ: «زامانىنىڭ ئاخىرىدا ئىبادەتخانىلار چۆلدەرەپ ، ئىشرەتخانىلار ئاۋاتلىشىدۇ» دېگەن گېپى دەرھال ئېسىمدىن كەچتى.

بىز كىيىم ـ كېچەك ، قول ھۈنەر ، زىبۇ زىننەت مەركەزلىرىنى ئايلاندۇق ، ئوخشاش بىر كوچىدىن نەچچە قېتىم ئۆتتۇق . ۋېۋىسكىلاردا ، قاتناش بەلگىلىرىدە پورتۇگالچە خەتلەر تۇراتتى . مۇستەملىكە دېگەن يامان نەرسە ئىكەن . پورتۇگاللار شۇنچە يىراق يەردىن كېلىپ شۇنچە زور جۇڭگونىڭ خەرىتىسىدىن كىچىككىنە يەردىكى ئادەملەرنىڭ چىراي ۋە ئاشقازىنىدىن باشقا نۇرغۇن نەرسىلىرىنى ئۆزگەرتىۋەتكەنىدى . مەن ئاۋمىن كوچىلىرىدا ياۋروپالىقلارنى كەمدىن ـ كەم كۆردۈم . لېكىن يېزىقنى كەڭتاشا كۆردۈم . جۇڭگو خەرىتىسىنى نانغا ئوخشاتساق ، ئاۋمىن ئۇنىڭ بىر بۇرجىكىدىكى كۈنجۈتچىلىك كېلىدۇ . شياڭگاڭ بولسا قوناق دانچىسىدەك كېلىدۇ . بۇ ئىككى رايون ھازىرقى جۇڭگو چوڭ قۇرۇقلۇقىنىڭ تەخمىنەن 8575 دىن بىرىگە توغرا كېلىدۇ . بۇ يەرنىڭ ئاھالىلىرى خەنزۇ تىل يېزىقى مەدەنىيىتى چەمبىرىكىدە بولسىمۇ ، مۇستەملىكىدىن قالغان كاپىتالىزم ئەندىزىسىدە مۇقىم

ياشاۋاتاتتى.
كەچقۇرۇن بىزنى ئىت بەيگىسىنى كۆرگىلى ئېلىپ باردى . بۇنىڭ ئۈچۈن 120 يۈەندىن پۇل يىغدى . بۇ ئىش ساياھەتنىڭ ئەسلىدىكى كۈنتەرتىپىدە بولمىغاچقا ، بەزىلەر ئانچە رازى بولمىدى . ئىت بەيگىسىنىڭ ئانچە قىزىقى بولمىدى ، بەزى ناخشىچىلىرىمىزنىڭ كېچىلىكىگە نىسبەتەن قىممەت بۇ تاماشادىن رايىمىز يېنىپ ،



دېڭىز بويىدىكى بىر كۈنلۈك ئارامگاھىمىزغا قايتتۇق.

*2004 - يىلى 21 - دېكابىر*

سائەت تەخمىنەن 00 : 10 بولغاندا ئاۋمىندىن جوخەيگە ئۆتتۇق . ئېغىزدىن ئۆتكىچە ، ساقچى قىزغا ئىسمىمىزنى ئېيتىپ ئۆتتۇق ، ماڭا كەلگەندە ساقچى قىز كۈلۈپ تاشلىدى ، ئۇلار مېنىڭ ئىسمىمنى تەلەپپۇز قىلىشنى سىناپ بېقىشىپ ، ئويۇن چىقىرىشقاندەك قىلىدۇ.
جوخەي ئەپچىل ، پاكىز شەھەر ئىكەن . ساياھەتچىگە ھەممە يەر گۈزەل كۆرۈنسە كېرەك . چۈنكى ئۇ ئۆزى كۆرۈۋاتقان يەرلەرنىڭ ئىجتىمائىي زىددىيىتىنىڭ ئىچىدە ئەمەس بولۇپ ، نەچچە يىل تاپقان - تەرگەنلىرىنى سەرپ قىلىش بەدىلىگە مېھمان بولىدۇ.
چۈشلۈك تاماق يامان ئەمەس بولدى . ئارىمىزدىكى بەزىلەر «يەنىلا ۋەتەن ئانىمىز ياخشى ئىكەن» دېيىشتى . ساياھەت يېتەكچىسى بىزنى بىر زىبۇزىننەت دۇكىنىغا ئېلىپ باردى . دۇكان خوجايىنى ئۆزىنىڭ چاقچاق ئارلاش گېپى بىلەن بىزنىڭ ساياھەت جەريانىدىكى خىراجىتىمىزدىن خۇلاسە چىقارغاندەك بولدى.
— شياڭگاڭنىڭ ساياھەت يېتەكچىلىرى خۇددى كىرئالغۇنىڭ سۇسىراتقۇچىسىغا ئوخشايدۇ ، مەن بىلىمەن ، سىلەرنىڭ يانچۇقۇڭلار قۇرۇقدىلىپ بولدى ، بىز ئەمدى قۇرۇتقىدىن چىققان كىيىملەرنى تانىغا يايغاندەك ئىش قىلىمىز.
بىز كۈلۈپ كەتتۇق ، ئۇ بىزنىڭ كۆڭلىمىزدىكى تەسىراتلارنى ئوبرازلىق ئىپادىلەپ بەرگەنىدى . ئۇنىڭ ماللارنى ئەرزان بېرىشتىن دېرەك بېرىدىغان ئاخىرقى سۆزى كىشىلەرنىڭ ئىستېمال خۇمارىنى قوزغىدى.
كەچقۇرۇن گۇاڭجۇغا يېتىپ كېلىپ ، يەنە ۋۇياڭچېڭ مېھمانخانىسىغا چۈشتۇق.

*2004 - يىلى 22 - دېكابىر*

كەچقۇرۇن ئۈرۈمچىگە قاراپ ئۇچىمىز ، شۇنىڭ ئۈچۈن چۈشتىن كېيىنلا گۇاڭجۇ ئايرودرومىغا قاراپ ماڭىمىز.
مەن چۈشتىن بۇرۇنقى ۋاقىتنى چېك تۇتۇپ ، كىتابخانا ئايلاندىم . ئۇ يەردىن سىماس ھېيىننىڭ شېئىرلار توپلىمىنى ۋە جورجى لۇكاشنىڭ ماقالىلەر توپلىمىنى سېتىۋالدىم . ئاندىن سەنيۈەنلى تەرەپتىكى ئۇيغۇرلارنى كۆرمەكچى بولدۇم . لېكىن ۋاقىت يەتمەي ياۋتەي دېگەن يەرگە بېرىپ بىر ئۇيغۇر ئاشخانىسىدىن لەغمەن يېدىم . ئۇ يەر - بۇ يەردە كۆرۈنگەن ئۇيغۇرلار ماڭا شۇنداق غېرىبانە كۆرۈندى . لەغمەنى مېنىڭ ھاردۇقۇمنى ئالدى ، ئاشخانىدا قويۇلۇۋاتقان ھەرەك - سەرەك ئۇيغۇرچە MTV لەر دۇنيانىڭ ئاساسىي ئېقىمى تەرىپىدىن ئۇنتۇلۇپ كەتكەن كىشىلەرنىڭ بىپەرۋالىقىنى ئەكس ئەتتۈرەتتى.

## خاتىمە

ھاۋا ياخشى بولمىغاچقا ، ئۈرۈمچىگە بىر كۈن كېچىكىپ كەلدۇق . ئۈرۈمچى ئايرودرومىغا قونۇشقا ئاز قالغاندا ، سەپەرداشلىرىم يۇقى پوپايكىلىرى ۋە يۇقى ئىشتانلىرىنى كىيىشكە باشلىدى . مەن يۇقى ئىشتان ئېلىۋالمىغانىدىم . ئايرودرومنىڭ كۈتۈش زالىغا چىققۇچە ئۈرۈمچىنىڭ سوغۇقلىرى ئۆزىنىڭ مۇزدەك تومشۇقلىرىنى سوزۇپ ، ئىشتىنىمنىڭ ئىچىنى ھىدلاشقا ئۈلگۈردى.
بىز قىش بىلەن يازنىڭ ئارىلىقىدىكى ئون كۈنچە ۋاقىت ئىچىدە تەبىئەتنىڭ مۆجىزىلىرىنى كۆرۈش بىلەن بىرگە جەمئىيەتنىڭ مۆجىزىلىرى ھەققىدە نۇرغۇن سوئاللارغا ئېرىشتۇق.
ئالدىمىزغا چىققان خىزمەتداشلىرىم ماڭا بىر دەستە گۈل سوۋغا قىلدى . زىمىستاندا گۈل تاپشۇرۇپ ئېلىش بۇگۈنكى كۈندە ھەيران قالارلىق ئىش ئەمەس . ئەگەر كىشىلەر زىمىستاننىڭ سوغۇقلىرىدا تۇرۇپ باھارنى سېغىنمىسا گۈل ئۆستۈرەرمىدى . ئۈرۈمچىدە باھار ئازراق تۇرۇپلا ، كىشىلەرنى تاشلاپ كېتىپ قالىدۇ . لېكىن كىشىلەر باھاردىن رەنجىمەيدۇ.
مەن خۇددى باھارنى قۇچاقلىغاندەك كۆڭلۈم لىققىدە بولۇپ ئۆيگە قايتتىم . قارلار ئايىغىم ئاستىدا غاچىلدايتتى.

تەھرىرلىگۈچى: **پولات ھېۋزۇللا**



# يازغۇچىنىڭ ۋاقتى

ياسىنجان سادىق

كىملەرگىدۇر ۋەدە بېرىپ ، ياكى قىلىشنى پىلانلاپ قويۇپ قىلالمىغان ئىشلارنىڭ سەۋەبى تولا . كۆپىنچە ھاللاردا «ئالدىراشچىلىقتا ۋاقىت چىقمىدى» دەپلا جاۋاب بېرىمىز . مەنمۇ ھەم شۇنداق . «ئالدىراشچىلىقتا ۋاقىت چىقمىدى» بۇ بەكمۇ چىرايلىق سەۋەب . بۇ سەۋەبكە باشقىلار ئاسانلىقچە ئىشىنىدۇ . قىزىق يېرى ، ئۆزىمىزمۇ ئىشىنىپ قالىمىز تېخى.

راستىنلا ۋاقىت چىقمامدۇ؟ ھەقىقەتەن شۇنچىۋالا ئالدىراش ئىشلەيمىزمۇ؟ ماقۇل ، سەككىز سائەتلىك خىزمەت ۋاقتىدا ، تۈرلۈك كەسپىي ـ مەمۇرىي خىزمەتلەر ۋە ئاللىقانداق سەۋەبلەر بىلەن ۋاقىت چىقماسلىقى ، ئال- دىراش بولۇپ قېلىشىمىز مۇمكىن . ئەمما ئاشۇ سەككىز سائەتنىڭ سىرتىدىكى ۋاقىتتىچۇ؟ ھەر ھەپتىدە كېلى- دىغان ئىككى كۈنلۈك دەم ئېلىشتىچۇ؟

ھەئە ، ۋاقىت ھەممە ئادەم ئۈچۈن ئوخشاش . چېك تۇتالىغان ، ئۇنۇملۇك پايدىلىنالىغان ئادەم ئۈچۈن ۋاقىت ئىنتايىن كەڭرى . چېك تۇتالمىغان ، ئۇنۇملۇك پايدى- لىنالمىغان ئادەم ئۈچۈن بەكمۇ قىس . يازغۇچىلار ئۈچۈن تېخىمۇ شۇنداق.

يۇقىرىدىكىلەر مېنىڭ لۇشۈن ئەدەبىيات ئىنستىتۇ- تىغا بارغاندىن كېيىن ، ۋاقىت ھەققىدە سۈرگەن خىيال- لىرىمنىڭ ئاز بىر قىسمى.

خوش ، مەن نېمە ئۈچۈن ۋاقىت ھەققىدە بۇنداق خىيال سۈرۈپ قالدىم؟

گەپنى سەل باشتىنراق باشلاي:

دوست ـ بۇرادەر ، تونۇش ـ بىلىشلەر بىلەن ئۇچ- رىشىپ قالسام ، ئۇلارنىڭ سورايدىغان سوئاللىرى ئاسا- سەن ئوخشاش.

— ياسىنجان ، نېمە يېزىۋاتىسىز؟

— چوغلان ئەپەندىم ، يەنە بىرەر ئەسەرگە تۇتۇش قىلىۋاتامدۇق قانداق؟

— ئىجادىيەتتىن باشقا ئوي ـ خىياللارمۇ باردۇر ھەرقاچان.

— كۆز تەگمىسۇن ، خېلى ياخشى ئەسەرلەرنى يې- زىۋاتىسىلا . ئاخىر يەكەندىنمۇ بىر يازغۇچى چىقتى مانا . قەلەمنى ھەرگىز توختىتىپ قويمىسىلا.

بۇ قىزىقىش ، قايىللىق ، تەلەپ ، ئۈمىد ئارىلاش سورالغان سوئاللارغا خۇشاللىقتىن ئۆزۈمنى قويىدىغان يەر تاپالمىغان ھالدا ، كېرىلىپ تۇرۇپ جاۋاب بېرىمەن:

— ھەئە ، بىر پوۋېست يېزىۋاتىمەن.

— بىر رومان يېزىش خىيالىم بار.

— خەنزۇ تىلى ئۆگىنەيمىكىن دەيمەن . خەنزۇ تىلى سەۋىيەم خېلىلا خام.

— مېنىڭ ئاشۇنچىلىك بىرنەرسە يېزىش قولۇمدىن كېلىدىكەن . خۇدايىم بۇيرۇسا تىنىقىم توختىغىچە قە- لەمنى توختاتمايمەن.

ئەمەلىيەتتىمۇ بەرگەن بۇ جاۋابلىرىم ھەرگىز يالغان ئەمەس . ئۆزۈمنىڭمۇ ھېكايە ، پوۋېست ، رومان يېزىش ، خەنزۇ تىلىنى ، خەنزۇچە ئەسەرلەرنى لۇغەتنىڭ ياردەمىسىز كۆرەلىگۈدەك ئۆگىنىش پىلانىم بار.

ئەمەلىيەتتە شۇنداق قىلالىدىمۇ؟

ھېلىقى جانكۆيەر قېرىنداشلىرىم مەندىن «چوغلان ئەپەندىم ، ھېلىقى پىلانلىرى ئەمەلگە ئېشىۋاتامدۇ يا؟» دەپ سوراپ قالسا قىزارمايلا جاۋاب بېرىمەن:

«ئالدىراشچىلىقتا ۋاقتىم يوق...» ھەئە ، بەرگەن بۇ جاۋابىمغا ئىشىنىپ قالىمەن تېخى.

ئەمەلىيەتتە سەككىز سائەتلىك خىزمەت ۋاقتىنىڭ ھەممىسىدە ئۇنچىۋالا ئالدىراشمۇ بولۇپ كەتمەيمەن (كالەندىروپكىغا چىققان ۋاقتىمنى ھېسابقا ئالمىغاندا) . ئىشتىن چۈشكەندىن كېيىن ، ئۆيگە كېلىپ ئايالىم تاماق ئېتىپ بولغۇچە تېلېۋىزور كۆرىمەن . تاماقنى يەپ بولۇپ ، ياستۇقنى قىرلاپ يانپاشلىغىنىمچە كەچ سائەت 12 ـ 1 لەرگىچە يەنە تېلېۋىزور كۆرىمەن . ناۋادا ئەل ـ ئاغىنە ، تونۇش ـ بىلىشلەر مېھماندارچىلىققا ، سورۇنلارغا تەكلىپ قىلىپ قالسا ھېچقانداق باھانە ـ سەۋەب كۆرسەتمەيلا بېرىپ ، كەچ سائەت 12 ـ 1 گىچە ھاراق ئىچىمەن . ئەتىگىنى خىزمەتكە كېچىكىپ قالماسلىق ئۈچۈنلا ئالدىراپ ـ تېنەپ ئورنۇمدىن تۇرىمەن . ئايالىم تەييارلاپ بەرگەن ناشتىلىقنى چالا ئۇيقۇچىلىقتا ئېزىلىپ يەيمەن...

قانداق ، مەن ئالدىراشمىكەنمەن؟ ئاشۇ پىلانلىرىمنى ئورۇنلىغىدەك ۋاقتىم يوقمىكەن؟ ھورۇنلۇقىمدىن سەمىرىپ كەتكىنىمنى ، ئورۇقلايمەن دەپ تۇرۇپ بىر ئولتۇرۇشۇمدا ئىككى تەخسە لەغمەننى كۆرمىدىم دەپلا يەۋېتىشلىرىمنى ، سورۇنلاردا بىر قولۇمدىن رومكا ، بىر قولۇمدىن چوكا چۈشمەيدىغانلىقىنى ، شەنبە ، يەكشەنبە كۈنلىرى چۈش ـ پېشىنغىچە ئېزىلىپ ئۇخلايدىغانلىقىمنى سۆزلەپ ئولتۇرمىساممۇ بولار.

ـــ ياسىنجان ئانچە ـ مۇنچە ئارام ئېلىڭلا ، سالامەتلىكىڭلىنىمۇ ئاسراڭلا...

بۇ ياخشى نىيەتلىك دوستلىرىمنىڭ سەمىمىي نەسىھىتى ئىدى . ئۇلارنىڭ بۇ نەسىھىتىدە «ئايىغى ئۈزۈلمەس سورۇنلاردىن ئۆزۈڭلىنى تارتىڭلا . ھاراقنى ئازراق ئىچىڭلا ، كېچە ـ كېچىلەپ داۋاملىشىدىغان ھاراق سورۇنلىرىمۇ ئادەمنى ھاردۇرۇۋېتىدۇ . ھاراق سالامەتلىككە زىيانلىق» دېگەن مەنە بار بولغىيتتى . ئەمما ، مەن بۇنى خاتا چۈشىنىۋاپتىمەن . مېنى «ئانچە ـ مۇنچە ئارام ئېلىپ يېزىقچىلىق قىلىڭلا ، يېزىقچىلىق قىلىمەن دەپ ئۆزۈڭلىنى ھاردۇرۇۋەتمەڭلا» دېگەن ئوخشايدۇ دەپ 2002 ـ يىلىدىن باشلاپ قولۇمغا تۈزۈك قەلەم ئالماپتىمەن.

ھېلىمۇ ئېسىمدە ، 2004 ـ يىلى باھاردا ، يەكەن ناھىيىسىنىڭ ھاكىمى ، ئەدەبىيات ـ سەنئەتچىلەرنىڭ دىلكەش دوستى ، قوللىغۇچىسى ھۆرمەتلىك ئابدۇغېنى ئىگەمبەردى ئەپەندى «جاللات خېنىم» رومانىمنىڭ نەشر قىلىنىش شەرىپىگە زىياپەت ئۇيۇشتۇردى ۋە ماڭا «ياسىنجان ، ئاڭلىسام ھاراقنى جىق ئىچىدىكەنسىز . سىزنى مۇبارەكلەپ سورۇنلارمۇ جىق ئۇيۇشتۇرۇلۇۋېتىپتۇ . خەلقىمىزنىڭ سىزنىڭ ھۆرمىتىڭىزنى قىلغىنىدىن بەك خۇش بولدۇم . ئەمما ، ھاراقنى سۇ ئىچكەندەك ئىچسىڭىز قانداق بولىدۇ . بىلىپ قويۇڭ ، سىز دېگەن يازغۇچى . خەلقىمىزنىڭ يازغۇچىسى . مۇنداقچە ئېيتقاندا ، سىز ئۆزىڭىزگە تەۋە ئەمەس . شۇ تاپتا مېنىڭ ئورنۇمغا ھاكىم بولۇشقا مىڭلاپ ئادەم چىقىشى مۇمكىن . ئەمما ، سىزنىڭ ئورنىڭىزغا يازغۇچى بولۇشقا ئادەم چىقمايدۇ . شۇڭا سالامەتلىكىڭىزنى ئاسراڭ . ھاراقنى ئاز ئىچىڭ . مۇمكىن بولسا ئىچمەڭ . بۈگۈندىن باشلاپ 40 كۈنگىچە ھاراق ئىچمەڭ . ناۋادا 40 كۈنگىچە سىزنىڭ ھاراق ئىچكىنىڭىزنى بىلىپ قالسام ، ئىككىنچىلەپ سىزدەك دوستۇم يوق» دەپ نەسىھەت قىلدى . مەنمۇ دەرھاللا ۋەدە بەردىم . سورۇندىكىلەرمۇ ھاكىمنىڭ سۆزلىرىگە قايىل بولۇشتى . ئەمما مەن تۆت كۈندىن كېيىنلا ھاراق ئىچتىم . ھاكىمنىڭ سەمىمىي نەسىھىتى ئېسىمدە ئىدى . شۇنداقتىمۇ «بىلمەيدۇ ، بىركىممۇ دەپ يۈرمەيدۇ» دەپ ئويلىدىم . بەلكىم مېنىڭ ۋەدەمدە تۇرمىغىنىمنى ھاكىم ئاڭلىغاندۇ . شۇنداقتىمۇ بىرنەچچە قېتىم داستىخان سېلىپ ئىززىتىمنى قىلدى . ھۆرمەت بىلدۈردى . مەن بولسام ئالدىراشچىلىقتا ھاراق ئىچىپ يۈرىۋەردىم . يېزىقچىلىق قىلىشقا «ۋاقتىم» يەتمىدى.

2004 ـ يىلى 6 ـ ئايلار بولسا كېرەك ، ئۈرۈمچىدىكى كۆيۈمچان دوستۇم ئىمىنجان ، شىنجاڭ يازغۇچىلار جەمئىيىتىدىكى شائىر دوستۇم ئەيبۇ ياقۇپ بېيجىڭغا بېرىپ لۇشۈن ئەدەبىيات ئىنستىتۇتىدا تۆت ئاي ئوقۇيدىغانلىقىم ھەققىدە خەۋەر يەتكۈزدى . بۇ مەملىكەت بو-

يىچە ئاز سانلىق مىللەت ياش يازغۇچىلىرىنىڭ ئىجادىيەت مۇھاكىمە كۇرسى بولۇپ ، دۆلەتلىك مىللەتلەر ئىشلىرى كومىتېتى بىلەن جۇڭگو يازغۇچىلار جەمئىيىتى تەشكىللىگەنىكەن . ئاپتونوم رايونلۇق ئەدەبىيات ــ سەنئەتچىلەر بىرلەشمىسىدىكى رەھبەرلەرنىڭ ، شۇنداقلا شىنجاڭ يازغۇچىلار جەمئىيىتىنىڭ رەئىسى ، ئاتاقلىق يازغۇچى مەمتىمىن ھوشۇر ئاكىنىڭ ئالاھىدە كۆڭۈل بۆلۈشى بىلەن شىنجاڭغا تەقسىم بولغان تۆت ساندىن بىرسى ماڭا تەقسىم بولۇپتۇ . خەۋەرنى ئاڭلاپ ھەم خۇش بولدۇم ، ھەم جىددىيلەشتىم . خۇش بولۇشۇم — مۇشۇنداق كاتتا پۇرسەتنىڭ ئۈرۈمچىدىن 1500 كىلومېتىر يىراقلىقتىكى ئانچە نامى چىقمىغان مەندەك بىر ھەۋەسكارغا بېرىلىشى ئىدى . جىددىيلىشىشىمدىكى سەۋەب — ئىدارە رەھبەرلىكىنىڭ قوشۇلۇش ــ قوشۇلماسلىقى ھەققىدىكى ئەندىشىلىك خىياللار ئىدى . ئىلتىماس يېزىپ ئىدارە پارتكومىنىڭ شۇجىسى ھەبىبۇللا كېرىموللا ئاكىنىڭ ئىشخانىسىغا كىردىم . «ئىشچى ــ خىزمەتچىلەرنى تەربىيىلەش بىزنىڭمۇ مەجبۇرىيىتىمىز . بۇ ياخشى پۇرسەت ئىكەن ، مەن قوللايمەن . ياخشى ئوقۇپ كېلىڭ ئۇكام» دېدى ئىلتىماسىمنى تەپسىلىي كۆرۈپ چىققان ھەبىبۇللا شۇجى ئەندىشىلىرىمنى پۈتۈنلەي يوققا چىقىرىپ.

بۇ خۇش خەۋەرنى تېلېفون ئارقىلىق دەرھال ئەيبۇ ياقۇپقا يەتكۈزدۈم . ئارىدىن بىرەر ئاي ئۆتكەندە تۆت ئايلىق كۇرس ۋاقتىنى بەك ئۇزۇن ئىكەن دەپ قالدىمۇ تاڭ ، يالتىيىپ قالدىم . ئەيبۇ ياقۇپقا تېلېفون بېرىۋېدىم ، ئۇ كەسكىنلا رەت قىلىۋەتتى: «ئەخمەق بولما . بۇ دېگەن سەن ئۈچۈن بىر پۇرسەت ، يازغۇچىلار جەمئىيىتى ئادەم تاپالماي سېنى بېكىتكەن ئىش يوق . ئارامخۇدا ئولتۇرۇپ يېزىقچىلىق قىلىۋالسەن ، كاللاڭ ئېچىلىپ قالىدۇ . ھېچبولمىسا تۆت ئاي ئوبدان ئارام ئېلىۋالسەن».

«ئارام ئېلىش» دېگەن سۆز قۇلىقىمغا ياغدەك ياقتى ، ئۆزۈمنى نەچچە ۋاقىتتىن بېرى ئارام ئالمىغاندەك ، تىنىم تاپماي جاپالىق ئىشلەۋاتقاندەك ھېس قىلدىم . «بېيجىڭغا بېرىپ ئىچكىرىدىكى چوڭ شەھەرلەرنى كۆرۈپ ، راسا بىر ئوينىۋالىسام...» دەپ شېرىن خىياللارنىمۇ قىلدىم تېخى.

نىھايەت ، لۇشۈن ئەدەبىيات ئىنستىتۇتىغىمۇ كەلدىم . كاللامدا قانغۇدەك ئارام ئېلىۋېلىش ، پۇخادىن چىققۇدەك ئوينىۋېلىش خىيالى ھۆكۈمران ئىدى . چوڭى 50 ياش ، ئەڭ كىچىكى 27 ياش ئۆپچۆرىسىدىكى 23 مىللەتتىن تەركىب تاپقان 53 نەپەر ئاز سانلىق مىللەت يازغۇچىلىرى 9 ــ ئاينىڭ 9 ــ كۈنى ئىنستىتۇتنىڭ بۇ كىچىككىنە قورۇسىغا خۇددى ئاسماندىن چۈشكەندەكلا جەم بولدۇق . ھەپتە ئىچىدە تارتىنىشلىرىمىز تۈگىدى . ئىككى ھەپتىدە ئاساسەن تونۇشۇپ چىقتۇق . مەن بەكمۇ مەغرۇر ئىدىم . «10 نەچچە پارچە كىتاب نەشر قىلدۇردۇم . بۇلار قانچىلىك بىرنەرسە يازالىغاندۇ . ھەرقانچە نوچىلىرىمۇ ماڭا يەتمەسلىكى مۇمكىن» دەپ ئويلايتتىم ئۆزۈمچە . ھەر كۈنى كەچتە بىرنەچچە ياتاقتا ھاراق سورۇنى تۈزۈلەتتى . ھاراق ئىچكەچ ناخشا تۇۋلايتتۇق . باشقا ئاز سانلىق مىللەت يازغۇچىلىرىنىڭ قولىغا رومكا چىقسىلا ناخشا ئېيتىشى ماڭا قىزىق تۇيۇلاتتى . مەنمۇ نۆۋىتى كەلگەندە ئانچە ــ مۇنچە خەلق ناخشىلىرىغا غىڭشىپ قوياتتىم . ئۇلار ھاراقنى رومكىنىڭ تېگىدە قويۇپ ئىچەتتى . مەن لىقلاپ قويۇپ ئىچەتتىم . ھەئە ، ھاراق ئىچىشتىمۇ ئۆزۈمنى بىر كۆرسىتىپ قويۇش خىيالىم بار ئىدى . «ھاراقنى يالغۇز مەنلا ئىچمەيدىكەنمەن . باشقىلارمۇ ئىچىدىكەنغۇ ، بىراق مەندەك ئىچەلمەيدىكەن» دەپ ئويلايتتىم ئىچىمدە . باشقىلار بىرنەچچە رومكا ئىچىشىپ كاللىسى قىزىسىلا بولدى قىلاتتى . مەن بولسام مەست بولمىغىچە ، خۇدۇمنى بىلمىگىچە بولدى قىلمايتتىم . كېيىن ھېس قىلدىمكى ، ئۇلار ئازراق ھاراق ئىچىپ قىزىۋالغاندىن كېيىن ياتاقلىرىغا كىرىپ ، كېچىچە ئىجادىيەت قىلىدىكەن . مەن بولسام خورەكنى دۆڭ تارتىدىكەنمەن.

مەكتەپنىڭ نەشر قىلدۇرغان ئەسەرلىرى بارلار بىرنەچچە نۇسخىدىن ئېلىپ كېلىش تەلىپى بويىچە ، مەنمۇ «جاللات خېنىم» رومانىمدىن بىرنەچچە نۇسخا ئېلىۋالغانىدىم . دەرستىن سىرتقى ۋاقىتلاردا ياتاقلارغا كىرىپ پاراڭلىشىش ، نەشر قىلدۇرغان كىتابلىرىمىزنى كۆرۈش ، پىكىرلىشىش ، چۈشىنىش ھاسىل قىلىش جەريانىدا ھېلىقى مەغرۇرلۇقۇم ، پوچىلىقىم بىردىنلا يوقالدى . باشقا ساۋاقداشلارنىڭ كىتابلىرىدىكى تەرجىمىھالىنى ، نەشر قىلدۇرغان ئەسەرلىرىنىڭ تىزىملىكىنى كۆرۈپ بىردىنلا ھېلىقى پوچىلىقىم ، مەغرۇرلۇقۇم ئىچىمگە كىرىپ كەتتى . ھەئە ، خەقنىڭ باللىرىمۇ جىم ياتمىغانىكەن .

نەسر ، ھېكايە ، پوۋېست توپلاملىرىنى دېمەيلا قوياي ، نەشر قىلدۇرغان رومانلىرىمۇ 3 ـ 4 پارچىدىن كەم ئەمەس ئىكەن . ھەتتا 7 ـ 8 پارچە رومان نەشر قىلدۇرغانلارمۇ بار ئىكەن.

لۇشۈن ئەدەبىيات ئىنستىتۇتىغا كېلىپ بىر ئاي بولار ـ بولمايلا ئۆزۈمنى قايتىدىن تونۇدۇم . خىجىل بولدۇم ، قىزاردىم ، نومۇس قىلدىم . ئاخىر قايتىدىن غەيرەتكە كەلدىم . چۈنكى ئۇلارمۇ سەككىز سائەت ئىشلەيدىكەن . تۇرلۇك كەسپىي ـ مەمۇرىي خىزمەتلەر بىلەن شۇغۇللىنىدىكەن . ئىجادىيەتنى خىزمەتنىڭ سىرتىدا قىلىدىكەن . يېزىقچىلىققا ۋاقتى چىقىدىكەن.

نېمە ئۈچۈن خىجىل بولدۇم؟

«10 نەچچە پارچە كىتاب نەشر قىلدۇردۇم ، مەندەك نوچى بارمۇ» دەپ كۆرەڭلەپ كەتكىنىمگە خىجىل بولدۇم . باشقىلار نېمىش قىلىۋېتىپتۇ؟ بىرنەچچە قىسقا مىسال كەلتۈرەي:

لو يۈك ، ئەر ، 27 ياش ، يىزۇ مىللىتىدىن . گۈيجۇ ئۆلكىسى چىڭنىڭ ناھىيىسى ساۋخەي بازارلىق ھۆكۈمەت ئىشخانىسىنىڭ كاتىپى . ھازىرغىچە ئۈچ پارچە رومان



نەشر قىلدۇرۇپ بولغان . لۇشۈن ئەدەبىيات ئىنستىتۇتىدا تۆتىنچى رومانىنى قايتا ئىشلەپ چىقتى.

بەيما ناجىن ، ئايال ، 37 ياش ، زاڭزۇ مىللىتىدىن . شىزاڭ يازغۇچىلار جەمئىيىتىنىڭ مۇئاۋىن باش كاتىپى . ھازىرغىچە تۆت پارچە رومانى نەشر قىلىنغان . بەشىنچى رومانىنى يېزىپ تاماملاپ بولغان.

تاڭ يىك ، ئايال ، 39 ياش ، جۇاڭزۇ مىللىتىدىن . جاڭشا شەھەرلىك ئەدەبىيات ـ سەنئەتچىلەر بىرلەشمىسىنىڭ خادىمى . ئۈچ پارچە رومانى ، بەش پارچە پوۋېستلار توپلىمى نەشر قىلىنغان . لۇشۈن ئەدەبىيات ئىنستىتۇتىدىكى ۋاقتىدا يەنە بىر پارچە رومانى نەشر قىلىندى . بىر پوۋېست يېزىپ تاماملىدى.

دەي يەنجۈن ، ئەر ، 44 ياش ، خۇيزۇ مىللىتىدىن . تيەنجىن شەھىرى نىڭخى ناھىيىسى مەدەنىيەت يۇرتىنىڭ خادىمى ، ھازىرغىچە يازغان 200 قىسىمدىن ئارتۇق تېلېۋىزىيە سېنارىيىسى سۈرەتكە ئېلىنغان . لۇشۈن ئەدەبىيات ئىنستىتۇتىدا بىر پارچە پوۋېست ، 20 قىسىملىق تېلېۋىزىيە تىياتىرى يېزىپ تاماملىدى.

ئىركەش قۇرمانبېك ، ئايال ، 43 ياش ، قازاق مىللىتىدىن . شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونلۇق ئەدەبىيات ـ سەنئەتچىلەر بىرلەشمىسىدىن . بىر پارچە چوڭ ھەجىملىك نەسرلەر توپلىمى خەنزۇ تىلىدا نەشر قىلىنغان . لۇشۈن ئەدەبىيات ئىنستىتۇتىدا بىر كىنو سېنارىيىسى يازدى . بىر پارچە قازاقچە رومانىنى خەنزۇ تىلىغا تەرجىمە قىلىپ چىقتى...

يېزىپ كەلسەم بۇنداق مىساللار نۇرغۇن . نېمە ئۈچۈن قىزاردىم؟

«باشقىلارمۇ ھاراق ئىچىدىكەنغۇ ، مەندەك ئىچەلمەيدىكەن تېخى» دەپ ئۆزۈمنىڭ ھاراق كۆتۈرەلەيدىغانلىقىمنى كۆز ـ كۆز قىلىپ يۈرۈپتىكەن . لېكىن ئۇلار كالىلىسى قىزىغىدەكلا ھاراق ئىچكەندىن كېيىن بولدى قىلىپ ، كېچىلەپ ئىجادىيەت قىلىدىكەن . مەن بولسام غەرق مەست ھالەتتە خورەكنى دۇڭ تارتىپ ئۇخلاۋېرىپتىمەن.

نېمە ئۈچۈن نومۇس قىلدىم؟

ئاشۇ مەن بىلەن تەڭ دېمەتلىك ياكى يېشى مەندىن كىچىك يازغۇچىلارنىڭ ئەمگەكلىرىنى ، ئەدەبىياتقا ئۆزىنى بېغىشلاش روھىنى ، ۋاقتىنىڭ ، پۇرسەتنىڭ قەدرىگە يېتىپ ئىجادىيەت قىلىشلىرىنى بىلگىنىمدە ، ئۆزۈمنىڭ «ئالدىراشچىلىقتا ۋاقتىم يوق» دەپ خىرامان يۈرۈۋېرىشلىرىمدىن نومۇس قىلدىم.

كىمدۇر بىرسىنىڭ «دۇنيادا ئۇيغۇردەك ۋاقتى جىق مىللەت بولمىسا كېرەك» دېگىنى ھېلىمۇ ئېسىمدە . بەلكىم بۇ بىزنىڭ كۆپىنچە ۋاقتىمىزنى مەنىسىز ئويۇن ـ تاماشا ، يەپ ـ ئىچىشلەرگە سەرپ قىلىۋاتقىنىمىزغا قارىتىپ ئېيتىلغان سۆز بولسا كېرەك . شۇنداق ، ئەسلىدە مېنىڭمۇ ۋاقتىم جىق ئىكەن . لۇشۈن ئەدەبىيات ئىنستىتۇتىغا بېرىپ ، تەخمىنەن بىر ئايدىن كېيىن ئىجادىيەت قىلىدىغان ۋاقتىمنىڭ نەقەدەر جىق ئىكەنلىكىنى ، ئۆزۈمنىڭ ئىجادىيەت قىلىشقا ۋاقت چىقىرالمىغۇدەك

ئۇنچىۋالا ئالدىراش ئادەم ئەمەسلىكىمنى ھېس قىلدىم . پېشقەدەم ئۇستازلاردىن ئىمىن تۇرسۇن ، ئىمىن ئەخمەدى ، ئابدۇراخمان قاھار ، مۇھەممەت پولات ، ھاجى ئەخمەت كۆلتېگىن ، ئابدۇللا ئەخمىدى ، ئابدۇللا تالىپ ، ھاجى مىرزاھىت كىرىمى ، ئەنۋەر ئابدۇرېھىم ، توختى سابىر ، مۇھەممەتجان راشىدىن ، مۇھەممەتجان سادىق ، بوغدا ئابدۇللا ، ئوسمانجان ساۋۇت ، تۇرسۇنئاي ھۈسەيىن ، تۇرسۇنئاي يۇنۇس ، ئايشەم ئەخمەت ، مۇھەممەت ئېلى زۇنۇن ، مۇھەممەت رەھىم... قاتارلىق پېشۋالارنىڭ ياشتا چوڭ بولۇپ قالغىنىغا قارىماي نېمە ئۈچۈن ئالدىراش ئىجادىيەت قىلىدىغانلىقىنى ، ھەر يىلى ئىجاد مېۋىلىرىدىن خامان ئۇسۇۋاتقانلىقىنى چۈشەندىم . ھەئە ، ئۇلار ۋاقىتنى چىڭ تۇتۇشنى ، ۋاقىتنى قەدىرلەشنى ، ۋاقىتتىن پايدىلىنىشنى بىلگەنىكەن . شۇنداق ، ۋاقىت ھەممە ئادەم ئۈچۈن ئوخشاش ئىكەن . بىر يازغۇچىدا ئۆزىنى بېغىشلاش روھى بولسىلا ، ئىجادىيەت قىلىش ئۈچۈن ۋاقىتنىڭ ئىشىپ ـ تېشىپ تۇرىدىغانلىقىنى ئاخىر بىلدىم . شۇنىڭ بىلەن قايتىدىن غەيرەتكە كەلدىم . ئۆزۈمنى ئىنستىتۇتنىڭ 308 ـ نومۇرلۇق ياتىقىغا بەنت قىلدىم . ئىككى يىلدىن بېرى پىلانلاپ قويۇپ «ئالدىراشچىلىقتا ۋاقىت يوق» دەپ ئۆزۈمنى ۋە باشقىلارنى ئالداپ ، بۇ تۇتۇرۇقسىز سەۋەبكە ھەم ئۆزۈم ئىشىنىپ يازمىغان رومانىمنى يېزىشقا كىرىشتىم . نىھايەت ، 2004 ـ يىلى 12 ـ ئاينىڭ ئاخىرىدا ھازىرقى زامان شەھەر ياشلىرىنىڭ تۇرمۇشى تەسۋىرلەنگەن «نازىنىن قىزلار»ناملىق مۇھەببەت ، نىكاھ ، ئائىلە ، ئەخلاق تېمىسىدىكى رومانىمنى يېزىپ تاماملىدىم.

گېزى كەلگەندە ، لۇشۈن ئەدەبىيات ئىنستىتۇتىدا مېنى خۇشال قىلغان كىچىككىنە بىر ئىشنىمۇ سۆزلەپ ئۆتەي . بۇ قېتىمقى كۇرستا 23 ئاز سانلىق مىللەتتىن تەركىب تاپقان كۇرسانتلارنىڭ ئىچىدە ئانا تىلىدا يېزىقچىلىق قىلىدىغان يازغۇچىدىن سەككىزەيلەن بار ئىكەنمىز . ئانا تىلىدا يېزىقچىلىق قىلمايدىغان باشقا كۇرسانتلار بىزگە ، بولۇپمۇ ماڭا ئالاھىدە ھەۋەس قىلدى . ئۇلارنىڭ كۆپىنچىسىنىڭ ئانا تىلى بولسىمۇ يېزىقى يوق ئىكەن . يېزىقى بولسىمۇ ئىستېمالدىن قېپقاپتۇ ياكى يوقىلىش گىردابىغا بېرىپ قاپتۇ . ئۇلار مېنىڭ «جاللات خېنىم» رومانىمنى كۆرۈپ بەكمۇ زوقلاندى ، ھەۋەس قىلدى . رومانىنىڭ باسما سۈپىتى ئۇلارنى قايىل قىلغانىدى . ئۇيغۇر تىل ـ يېزىقىدىكى بۇ نەشر بۇيۇمى ئۇلارنىڭ ئىچىگە ئوت تۇتاشتۇرۇۋەتكەنىدى . «سىلەر ئۇيغۇرلار ئانا تىل ـ يېزىقىڭلارنى مۇكەممەل ساقلاپ قاپسىلەر ، مەتبۇئاتلىرىڭلارنىڭ سۈپىتىمۇ ياخشىكەن . چوقۇم ئانا تىل ـ يېزىقىڭلارنى مۇكەممەللەشتۈرۈش ئۈچۈن تېخىمۇ تىرىشىڭلار . ئانا تىلنى قوغداش يازغۇچىلارنىڭ زىممىسىدىكى ئېغىر ۋەزىپە . بىزنىڭمۇ سىلەرنىڭكىگە ئوخشاش تىل ـ يېزىق شارائىتىمىز بولسىدى ، چوقۇم ئانا تىلىمىزدا يېزىقچىلىق قىلاتتۇق...» دېيىشتى . بۇ گەپنى ئاڭلاپ 8 مىليوندىن ئارتۇق نوپۇسقا ، ئەدەبىيات ـ سەنئەتنى قىزغىن سۆيىدىغان ، سەنئەتكارلىرىنى بەكمۇ قەدىرلەيدىغان ئۇلۇغ بىر مىللەتنىڭ پۇشتى بولغانلىقىمدىن چەكسىز پەخىرلەندىم ھەم ئۆزۈمنىڭ ئاشۇ سۆيۈملۈك مىللىتىمگە قەرزدار ئىكەنلىكىمنى ھېس قىلدىم . ۋاقىتنى چىڭ تۇتۇپ ئىجادىيەت قىلىش ، مەن ئۈچۈن قەرزنى قايتۇرۇشنىڭ ئەڭ ياخشى ئۇسۇلى.

بۇنىڭدىن كېيىن ھەرقانداق يازغۇچىنىڭ «ئىجادىيەتكە ۋاقتىم يوق» دېگەن سۆزلىرىگە ھەرگىز ئىشەنمەيمەن . چۈنكى يازغۇچىنىڭ ۋاقتى بار ، ۋاقىت دەل ئۆزىنىڭ ئىلكىدە . ھەئە ، يېزىش كېرەك . توختىماي يېزىش كېرەك . ساندىن چوقۇم سۈپەت چىقىدۇ . ئاشۇ يازمىلىرىم ئۇيغۇر ئەدەبىياتىدىن ئىبارەت كۆندىن ـ كۈنگە مۇكەممەللىشىپ ، كۆركەملىشىپ ، كۆزنى قاماشتۇرۇپ ، كىشىنىڭ ھەۋىسىنى قوزغاپ پۇتلۇۋاتقان كاتتا ئىمارەتنىڭ بىر تال ۋاسىسى ، ياكى بىر تال كېسىكى ، ھېچبولمىغاندا بىر چاڭگال لېيى بولالىسا ، خەلقىم ئاشۇ يازمىلىرىمنى يارىتىپ ئوقۇسا ، مېنى «يازغۇچى» دەپ ئېتىراپ قىلسا بۇ مېنىڭ ئەڭ چوڭ بەختىم.

مەن مۇشۇ نىشانىم ئۈچۈن ، بۇنىڭدىن كېيىنكى ۋاقتىمنى چوقۇم چىڭ تۇتۇپ ئەسەر يازىمەن .

تەھرىرلىگۈچى: **ئەركىن نۇر**



# شېئىرلار

## چىمەنگۈل ئاۋۇت

**مۇھەررىردىن:** كەڭ ئوقۇرمەنلىرىمىز ۋە ئاپتورلىرىمىزنىڭ كۈچلۈك تەلىپى بىلەن ، بىز ژۇرنىلىمىزنىڭ مۇشۇ سانىدىن ئېتىبارەن ھازىرقى زامان ئۇيغۇر ئەدەبىياتىدا ئالقىشقا ئېرىشىپ كېلىۋاتقان بىرقىسىم ئەدىبلىرىمىز ھەققىدە مەخسۇس سەھىپە ئېچىشنى لايىق تاپتۇق.

بۇ سەھىپىدە تەھرىر بۆلۈممىز پىلانلىق ئاساستا ، «قىزىق نۇقتا»غا ئايلانغان نۇقتىلىق ئەدىبلىرىمىز ۋە ئۇلارنىڭ يېقىنقى ئەسەرلىرى تونۇشتۇرۇلىدۇ . كونكرېت ئېيتقاندا ، ئۇلارنىڭ ئۆزى ئەڭ ياقتۇرىدىغان بىر پارچە ئەسىرى ، يېقىندا يازغان ياخشى ئەسەرلىرى ، شۇ ئەدىبنىڭ ئىجادىيىتى ۋە كۈندىلىك تۇرمۇشى خۇسۇسىدا ئۆتكۈزۈلگەن ئەدەبىي سۆھبەت خاتىرىسى ھەمدە ئۇنىڭ ئەسەرلىرىگە يېزىلغان بەزى ماقالىلەر بېرىلىدۇ.

بىز بۇ يېڭى سەھىپىمىز ئارقىلىق ئىجادىيەت بەيگىسىدە ئۇزۇپ مېڭىۋاتقان پىداكار ئەدىبلىرىمىزنىڭ جاپالىق ئەجىر ـ مېھنىتىگە تەشەككۈر ئېيتىش بىلەن بىرگە ، ئۇلارنىڭ ئىجادىيىتىگە تېخىمۇ زور ئۇتۇق تىلەيمىز ، شۇنداقلا كەڭ ئاپتور ۋە ئوقۇرمەنلىرىمىزنىڭ بۇ سەھىپىمىز خۇسۇسىدا ياخشى تەكلىپ ، پىكىرلەرنى بېرىش ئارقىلىق سەھىپىمىزنىڭ تېخىمۇ ياخشى چىقىرىلىشى ئۈچۈن تەڭ كۈچ قوشۇشىنى قارشى ئالىمىز.

### قۇرغاقچىلىق①

1

قەھرىم بىلەن لېۋىمنى چىشلەپ
كۆيجىگەن تومۇرۇمنى كېسىۋەتتىم .
قۇياش چۆل ـ چۆل بولدى جىسمىدە ،
مەندىن باشقا ھەممە مەۋجۇدات
چىقىۋالدى كېمىگە...
ئۈزۈۋەتتىم توگمىلىرىمنى ،
بارمىقىمغا يىگنە كىرسۇن دەپ .
كىچىكىمدە
ئانام مېنى ئوتلاپ قاقىلى
دوقۇراتتى ئۆي ـ ئۆيگە ،
يۇرۇن تىلەپ .
سېرىق رەڭگە ئۆچ بولدۇم بۈگۈن ،
لامپۇچكىنىڭ ئۆلمەكتە نۇرى .
قۇش پەيدەك قىرىلغان ۋاقىت ،
سۆيمەكتە ھەم يېمەكتە مېنى .
ساڭا تونۇش تۆيغۇلىرىمدەك ،
بېسىپ كەلدى رېئاللىق ماڭا .
قورسىقى ئاچ ئايالدەك كېچە ،
قارايماقتا كۆزلەردەك يانا .
كارىۋىتىمغا تاشلاندىم گۈلدەك ،
بۇلۇت بولۇپ يېيىلدى بارچە .
چېكىلمىدى ئىشكىم يېنىك ،
سەن بىلمەيسەن مېنى تېخىچە .
نېمىشقىكىن ئېغىپ يۈرىكىم ،
مەن ئۆزۈمگە سىغماي قالىمەن .

تىلبۆزورغا ئۇدۇل ئولتۇرۇپ ،
ئايالىقىمنىمۇ ئۇنتۇپ قالىمەن .
خەرىتىنىڭ سىزىقلىرىنى ،
يىگىلايمەن قارا سىياھتا .
يەر تەۋرەيدۇ شۇقەدەر تەمكىن ،
بوغۇلىمەن قىيا ـ چىياغا...

2

ئىشخانىدىن چىقتىم يىلاندەك ،
ۋاقىت مېنى چاقىدۇ تىنماي .
چىڭقى چۈشنىڭ شىرنىلىرىنى ،
بىر توپ چۈشىن يالايدۇ قانماي .
ئاپتوبۇستا ،
«تۇرپان» ژۇرنىلىنى ئوقۇپ ئولتۇرسام
يېنىمدىكى سېمىز بىر ئايال ،
تۇپان دەپ ھەجىلىدى تۇرپان دېگەننى .
ئاۋازىمنى قويۇۋېتىپ كۈلۈپ سالدىم ،
بىلىپ ـ بىلمەي يۈرىكىمنى تۇتۇپ سالدىم .
تۇۋا...
يېنىمدىلا ئۆرە تۇرغان بوۋايغا
ئۇنتۇپتىمەن
بوشىتىشنى ئورۇندۇقۇمنى .
يەرگە يەنە چۈشتۈم پەرىشان ،
ھېچكىم بىلمىدى خىياللىرىمنى .

3

سېنىڭ ئاناڭ نېمىش قىلىدۇ؟
نان ياقىدۇ .
سېنىڭچۇ؟

① ئاپتور ئۆزى تاللىغان شېئىرى .

ئاش ئېتىدۇ .
سېنىڭچۇ؟
كىر يۇيىدۇ .
مېنىڭچۇ؟ شېئىر يازىدۇ .
يالغۇز ئوغلۇم بىر توپ بالىغا ،
بېرەر ئەنە شۇنداق چۇرۇقلاپ .
ئانا!
رەسىم سىزسام تام قاناپ كەتتى ،
دەپ قالىدۇ گاھى بۇقۇلداپ .
ئىشىنىپ قېلىپ ئۇنىڭ گېپىگە .
دەپ سالىمەن مەنمۇ تۇيۇقسىز:
«سۇمۇ يىغلايدۇ تاش ئاتما بالام» .
سەن مەن بولغاندا، مەن سەن بولغاندا ،
ئۇ يەنە مۇشۇنداق باشلار هېكايە:
ئايغا چىقىمىز ،
يۇلتۇز بەك جىقكەن
ئۆيىمىزگە ئېلىپ چۈشىمىز
ئۇلار سېنى ئېمىپ چوڭ بولسا ،
قاتار قىلىپ هويلىمىزدا
مومام بىلەن بىللە باقىمىز...
ئۇنى سۆيۈپ باغرىمغا بېسىپ ،
كۆز يېشىمنى يۇتىمەن مەغرۇر .
كېچە يەنە ئاۋازىڭدەكلا
ئېيىپ كېلىدۇ خەتەر هەم هۇزۇر .

**4**

يېنىمدىكى دوستۇمنى يېنىڭ نوقۇدۇم ،
14 ـ قۇردىكى خەتنى تەكرار ئوقۇدۇم:
تۆتەكلەردەك يۈرىدۇ لەيلەپ ،
تارام ـ تارام كوچىلارئارا .
يۈرىكىگە ئوخشايدۇ ئۇنىڭ ،
كۆل بويىدا چېقىلغان كوزا .
قىزىق تاشقا دەسسەپ يالاڭياق ،
كۆز تىكىدۇ دېڭىز تەرەپكە .
چىرىلدىماس يالغۇز چېكەتكە .
تۆۋرۈكلەرگە پۈتكەن يېزىقتەك ،
سىرلىق پېتى ياشايدۇ ئۇلار .
ئىسسىق ياشتەك چايقىلار جىمجىت ،
ئايىغىغا تۆكۈلگەن نۇرلار
سۇ ئايلىنار هورغا خىرامان ،
تېرەكلەرمۇ كۆيىدۇ دەهشەت .
سوزۇلماقتا مۇڭلۇق كۈي بولۇپ ،
ئايالدەكلا ئۇلۇغ مەدەنىيەت .
قورام تاشنى كېسەلمىسىمۇ ،
كېسىلمەيدۇ تاش بولۇپ ئۆزى .
يېشىنمەكتە ئايال پادىشاھ
قانغا تولدى كېچىنىڭ كۆزى .
يۇتۇپ كەتتى ئۇلارنى توپان ،

لېكىن يىللار قەي قىلدى ئۇنى .
چىرىمىگەن بىر تال مېۋىدەك
كۆكلىمەكتە ئۇلارنىڭ خۇنى .
ئاق ئاي سۇندى يۇتمىدى لېكىن ،
بۇ جاهاندىن مۇقەددەس گۇناھ .
13 ياشقا كىرگەن قىزنىنى ،
ئۆز قولىدا كۆمدى بىر ئاتا...

هاياجاندا جۇغۇلداپ تۇرۇپ
كىتابنى ياپتىم ،
ياق! ياق... ئېزىپتىمەن
كېنى كۆتكەن ئازابنى تاپتىم .
ئەزان چىقتى...
سېنىڭ قولۇڭدا
دېرىزەمنى ئاۋايلاپ ئاچتىم .
قۇلىقىمدا ،
ئوغلۇمنىڭ تونۇگونكى ئاۋازى:
«ئاپتاپ چىقما ،
ئاپتاپ چىقما!
بەش بالاڭنى ئالغاچ چىقما .
بەش تال گۇللا ئالغاچ چىق...

## هېچكىمگە دېمىدىم

شۇقەدەر تىنچ هەم رەزىلدۇر ئەتراپ ،
هىجراننىڭ رەڭگىدە مەي بولدى كۆنلەر .
ئادەملەر ئۆزىگە تۆزگەن قانۇندەك ،
گۇللەرنىڭ يىلتىزىغا چۆكمەكتە ئۇنلەر .

كۆزۈمنى بوش يۇمۇپ هاياجان بىلەن ،
قۇرىغان لېۋىمنى قاناتتىم گۇلدەك ،
ساڭلا ئايلاندى يەنىلا جېنىم ،
بېغىمدا ئۈچۈپ يۈرگەن يالغۇز كېپىنەك .

هېچكىمگە دېمىدىم سېغىنغىنىمنى ،
قىيامىلار زەرداپقا قوشۇلدى بىر ـ بىر
خۇدنى بىلمەستىن كۆيىدۇ قۇياش ،
مەن يەنە ياشاشقا كۆنىمەن ئاخىر .

جىداشقا مەجبۇرسەن تەرسالىقىمغا ،
قۇشلارمۇ پەرۋازنى ئېلىپ كېتىدۇ .
كېچىنىڭ يارىسى قالار شۇ پېتى ،
بۇ ئۆمۈر سۇدەكلا ئېقىپ ئۆتىدۇ .

بىمالال ئۆزايمەن هەسرەتلىرىمدىن ،
باغرىمدا پورەكلەپ ئېچىلار كەچ كۆز .
كىمكىنە بىلگوم بار ئۇل زامانلاردا ،
يارى ئۈچۈن تاياق يېگەن بىرىمىڭ ئالتە يۈز .

تەھرىرلىگۈچى: **ئەركىن نۇر**

# يۈرەك يۈرەكنى تونۇيدۇ



ئايسىمە ئىدرىس

(…ن شائىرە چىمەنگۈل ئاۋۇت بىلەن سۆھبەت)

تۈيغۈلىرىمىزنىڭ يېقىنلىقى سەۋەبىدىنمىكىن ، چىمەنگۈل بىلەن ناھايىتى تېزلا پاراڭغا چۈشۈپ كەتتۇق . «قەلبتىن قەلبكە يول بار» دېگەن گەپكە ئەمدى ئىشەندىم . روھىمىز بەزىدە قوشۇلۇپ ، بەزىدە يۈلقۇنۇپ ، بەزىدە يىغلاپ ، بەزىدە كۈلۈپ بىزنى قايناق ھاياجان ئالەمىدە ناھايىتى ئۇزۇن پىچىرلاتقۇزدى .

ئۆزىدىن كۆرە شېئىرلىرىنى بالدۇر تونۇغان يۈرىكىم بىلەن چىمەنگۈلنى يەنىلا شېئىر دۇنياسىغا باشلاپ كەتتىم.

**ئايسىمە:** سىزنىڭ شېئىرلىرىڭىزدىن بىر خىل مەردانىلىق ، ھېسلىرى ئۇرغۇپ تۇرىدۇ . لېكىن تېخىمۇ ئىچكىرىلىسەك ئاشۇ مەردانە ئاياللار يەنە بىردىنلا مۇلايىم ، نازۇك ، ھەتتا بويسۇنغۇچى سۈپىتىدە ئۆزىنىڭ ئاياللىق سۈلىتى ، قىزلىق نازاكىتىنى نامايان قىلىدۇ . مۇشۇ نۇقتىدا سىزنىڭ شېئىرلىرىڭىزنى ئاياللارنىڭ روھىي دۇنياسىغا تولىمۇ يېقىن دەپ قارايمەن...

**چىمەنگۈل:** مەن شېئىرلىرىمدا ئاياللارنىڭ روھىي دۇنياسىدىكى يوچۇقلارغا ، كۆڭلىدە تىنىپ قېلىۋاتقان ئارزۇ ـ ئارمانلىرىغا ، ئۇلارنىڭ ۋۇجۇدىدىكى چىدام ـ غەيرەتكە ، سۆيۈش ھەم سۆيۈلۈشلىرىگە ئەقىل بىلەن ھېسسىيات توقۇنۇشىدا تۇرۇپ مۇئامىلە قىلىپ كەلدىم . چۈنكى ، ھاياتنى قىزغىن سۆيىدىغان ، بەختلىك ياشاشقا ھەقلىق ھەرقانداق بىر ئايالنىڭ ئازابى ھەم ئۈمىدى ئۆز خەلقىنىڭ ئېھتىياجى بىلەن چەمبەرچاس باغلانغان بولىدۇ.

**ئايسىمە:** چىمەنگۈل ، ئۇنداقتا ئاياللىق ، ئانىلىق ، شائىرلىق ۋە خىزمەت ئوتتۇرىسىدا قانداق باغلىنىش بار؟

**چىمەنگۈل:** ۋاپادار ئايال ، پەزىلەتلىك ئانا ، سۆيۈملۈك شائىر ھەم تىرىشچان بىر كەسىپ ئىگىسى بولۇشتەك يېتۈكلۈكنىڭ قايىسىنى بولمىسۇن ، روھى پاكىز ھەرقانداق بىر ۋۇجۇد رەت قىلمايدۇ . ئايسىمە ، سۆيۈلۈشكە ، بىزنىڭ كۈتۈپ تۇرۇشىمىزغا ، بەرداشلىقىمىزغا كۆنۈككەن ئەرلەر ئەمەلىيەتتە ھازىر بىزدىن ئانچە كۆپ نەرسىلەرنى كۈتمەس بولۇپ كەتتى . ئۇلارنىڭ بىر پىيالە چايىنى ، بىر قاچا ئاشنى مېھرى بىلەن سۇنۇۋاتقان ئايالغا مۇھەببەتلىك كۆزلىرى بىلەن قاراپ باقمىغىنىغا قانچىلىك ۋاقىت بولغانلىقىنى ئېنىق دەپ بېرەلمەيمىز . بىز پەقەت ئۇلارنىڭ تىنچ ـ ئامان ئۆيگە قايتىپ كەلگىنىگە خۇش بولساق ، ھاراق يۇراپ تۇرغان تىنىقلىرىدىن بىزار بولمىساق ، يۈرىكىنى ئەمەس گەۋدىسىنىلا ئېنىق كۆرۈپ ياشاشقا چىدىيالىساق كۇنلىرىمىز يەنىلا «خاتىرجەم» ئۆتتۈۋېرىدۇ . مېنىڭچە ، ئەرلەرنىڭ ھەسرىتى ، ئاياللارنىڭ غېمى ، باللارنىڭ گاڭگىرىشى كۇنسايىن ئۇلغىيىۋاتقان بۇ كۇنلەردە ئاياللار چوقۇم ئۆز ـ ئۆزىنى سۆيۈشنىمۇ ئۇنتۇپ قالماسلىقى كېرەك . چۈنكى ، ئەرلەرنىڭ ئالدىدىكى باش ـ ئاخىرى يوق مەجبۇرىيەت ، باللارنىڭ ئالدىدىكى مەڭگۈلۈك مەسئۇلىيەت ، جەمئىيەتتىكى كىشىنى ھالسىرىتىدىغان مۇرەككەپ كىشىلىك مۇناسىۋەتلەرنىڭ ھەممىسى ئاياللاردىن غايەت زور بىر مەنىۋى كۈچنى تەلەپ قىلىدۇ . مۇھىمى ، ئارىمىزدا باللىرى بىلەن مۇڭدىشالايدىغان ، تۇيغۇ جەھەتتىن ئۇلار بىلەن تەڭ كىچىكلەپ ، تەڭ چوڭ بولالايدىغان ئانىلار قانچە كۆپ بولسا ، سەبىيلەرنىڭ باللىق كۆڭلىگە ئالدىراپ ئازار يەتمەيدۇ . دەرۋەقە ، مەيلى چوڭلار ، مەيلى كىچىكلەرنىڭ بولسۇن ھېسسىياتىغا ئازار يەتسە ئەقلىنىڭ خورىمايدىغانلىقىغا مەن ھەرگىز ئىشەنمەيمەن.

ئېسىڭىزدىمىكىن ، «تۇنجى نۆۋەتلىك ئايallar ئەدەبىياتى مۇھاكىمە يىغىنى»دا ئابدۇقادىر جالالىدىن سۆز ئارىسىدا: «بىز ئاياللار ھوقۇقى ، ئاياللار ئازادلىقى توغرۇلۇق قانچە سۆزلىمەيلى ، ئۇلارنى قۇتۇلدۇرۇش توغرۇلۇق قانچە جار سالمايلى ، بۇ يەنىلا قۇرۇق گەپكە ئايلىنىپ قالىدۇ . قەدىر ـ قىممەت جەھەتتىكى باراۋەرلىكنى تەشەببۇس قىلغىنىمىزدا ئۇلارنى نېمىدىن قۇتۇلدۇرۇشىمىز كېرەكلىكىنى كونكرېتلاشتۇرۇشىمىز لازىم» دېدى . شۇ چاغدا يېنىمدا ئولتۇرغان قۇربان مامۇت ئاكام چاقچاق ئارىلاش: «سىلەرنى نېمىدىن قۇتۇلدۇرساق بولار ، چىمەنگۈل؟» دەپ سوراپ قالدى . ئۇنىڭغا مەن: «ئۇيغۇر ئاياللىرىنىڭ تارتىۋاتقان كۈلپەتلىرى ئوخشاشمايدۇ . شۇڭا نېمىدىن قۇتۇلۇش كېرەكلىكى توغرۇلۇق ھەربىر ئايال رېئاللىقىغا ، مۇھىمى يېنىدىكى ئادەمگە بېقىپ جاۋاب بېرىشى كېرەك» دېدىم كۈلۈپ تۇرۇپ . دېمىسىمۇ ئەرلەردىن ھوقۇق ، ئورۇن ، ئىمتىياز تالاشمايۋاتقىنىمىزنى ، پەقەت ئۇلاردىن ئىشەنچ ھەم مېھىر ـ مۇھەببەتنى كۈتۈۋاتقىنىمىزنى جەمئىيەت ئېتىراپ قىلىپ ، ئەرلەر ئۆزى تەن ئالمىغىچە بىز ئاياللار يەنىلا ئۆزىمىزگە ، بالىلىرىمىزغا ، بىزنى تىرەپ تۇرۇۋاتقان ئۇلۇغلۇققا مۇھەببىتىمىز ھەم ئادىمىيلىكىمىز بىلەن مەسئۇل بولۇشىمىز كېرەك.

**ئايسىمە:** ھە راست ، سىز «تۇنجى نۆۋەتلىك ئاياللار ئەدەبىياتى مۇھاكىمە يىغىنى»دا «ئۇن مۇنەۋۋەر ئايال ئەدىب»نىڭ بىرى بولۇپ مۇكاپاتلانغىنىڭىزدا نېمىلەرنى ئويلىدىڭىز؟

**چىمەنگۈل:** راستىنى ئېيتسام ، شۇ چاغدا مەن ھەم خۇشال بولدۇم ، ھەم بەكلا قورۇندۇم . مەن بەزىدە ئانام بىلەن دادامنىڭ: «كىچىكىڭدە كەچتە سېنى تالاغا ئېلىپ چىقالمايتتۇق . بولمىسا ، ‹ئاينى ئېلىپ بەر› دەپ خاپا قىلاتتىڭ» دېيىشلىرىنى ئاڭلىسام ئەدەبىياتقا بولغان ئىشتىياقىم ئاشۇ چاغلاردا باشلانغان بولغىيمىدى دەپ ئويلاپ قالىمەن . ئاي بىلەن مېنىڭ ئارىلىقىم ئادەملەرنىڭ رېئاللىقى بىلەن تۇيغۇسى ئارىلىقىدىكى مەڭگۈلۈك شېئىردەك تۇيۇلىدۇ . ئىشقىلىپ مەن ئاياللارنىڭ ئارىسىدا ئىجادىيەت بىلەن شۇغۇللىنىدىغانلار ئاز بولغانلىقى ئۈچۈنلا شائىرە دەپ ئاتىلىپ قالمىسamla بولدى . چۈنكى ، ئادەملەرگە سەممىيلىكىم ، ھاياتقا بولغان قىزغىنلىقىم ، ئەدەبىياتقا بولغان ئىشتىياقىم ھەم ئۆز ـ ئۆزۈمگە بولغان ئىشەنچىم مېنىڭ ئۆمۈرلۈك قىسمىتىم.

**ئايسىمە:** بەزى ئوقۇرمەنلەر بىر ئوقۇسلا يۈرەككە كۆپپىدە تېگىدىغان شېئىرلارنى ياقتۇرىدۇ . بەزى ئوقۇرمەنلەر سىزنىڭكىدەك ساپ تۇيغۇ ئەكس ئەتتۈرۈپ يېزىلغان شېئىرلارنى ياقتۇرىدۇ . سىز مۇشۇ ھەقتە ئويلىنىپ باقتىڭىزمۇ؟

**چىمەنگۈل:** مەيلى قايسى خىلدىكىسىنى تاللاپ ئوقۇسۇن ، بىزدە رېئاللىقى ھەم ئويىغا ماس كېلىدىغان ئەسەرلەرنى ئىجتىھات بىلەن ئوقۇيدىغان ئوقۇرمەنلىرىمىز قانچە كۆپ بولسا شۇنچە ياخشى . ئاددىيلا بىر مىسال ئالساق: «مەن سېنى ياخشى كۆرىمەن» ، «ئاينىڭ ئۇن بەشى قاراڭغۇ ، ئۇن بەشى يورۇق» دېگەن سۆزلەرنى ھەرقانداق بىر ئۇيغۇر ئۆمرىدە بىرەر قېتىم دېيىشكە مەجبۇر بولىدۇ . لېكىن ، ئۇنى قانداق دېيىشنىڭ ئۆزى ئەدەبىيات . مۇشۇ نۇقتىدىن ئېلىپ ئېيتقاندا ، ئوقۇرمەنلەرنىڭ شائىرلارغا ، شائىرلارنىڭمۇ ئوقۇرمەنلەرگە بەلگىلىك دەرىجىدە تەلەپ قويۇش ھوقۇقى بار.

**ئايسىمە:** شېئىرلىرىڭىزدىكى «چىلان تورۇق ئات» سىزنىڭ نەزىرىڭىزدىكى زەبەردەست ئەرلىكنىڭ سىمۋولىمۇ ياكى ئالدىڭىزدا پىلتىڭلاپ ئويناپ يۈرگەن ئوغلىڭىز ئېرلاننىڭ كەلگۈسىدىكى سىماسىمۇ؟

**چىمەنگۈل:** ئايسىمە ، سىز ئېغىلدىكى ئاتنىڭ ياشاڭغىراپ تۇرغان كۆزلىرىگە قاراپ باققانمۇ؟

**ئايسىمە:** ياق.

**چىمەنگۈل:** «چىلان تورۇق ئات» مېنىڭ نەزىرىمدە يەنىلا قىسمەتلىرى بىلەن يۇگەنلىنىپ ، ئارزۇ ـ ئارمانلىرى بىلەن ئىگەرلىنىدىغان بەردەم ئايالنىڭ سىمۋولى . قەدىمدە جەڭگاھلارغا ئات چاپتۇرۇپ كىرىپ كېتىۋاتقان ئەرلەر جەسۇرلۇقىنىڭ داۋامىدا ئانىلارنىڭ تىلەكلىرى ، قەدىناسلىرىنىڭ تاتلىق شىۋىرلاشلىرى بار ئىكەنمىش . ھازىرچۇ؟ ئازابلانغانلىقىنى ھاراق ئىچىش بىلەن ، ئوغۇل بالا ئىكەنلىكىنى زورلۇق بىلەن ، بىلىملىك ئىكەنلىكىنى كىتاب ئوقۇش بىلەنلا ئىپادىلەپ ياشاۋاتقان ، تىرىكچىلىك غېمى ھالسىراتقان نۇرغۇن ئەرلەرنىڭ دىشۋارچىلىقىنىڭ داۋامىدا ئانىلارنىڭ ئەنسىرەشلىرى ، خوتۇن ـ قىزلارنىڭ ئاچچىق كۆز ياشلىرىلا قالدى . ئەلۋەتتە ، بۇ مېنىڭ جەمئىيەت ئۈچۈن تۆھپە قوشۇۋاتقان

ئەرلىك ھەم ئاتىلىق مەسئۇلىيىتىنى تونۇپ يېتىۋاتقان زەبەردەست ئەرلەرنى نەزەردىن ساقىت قىلىپ قويغىنىم ئەمەس ، ناۋادا مەن ئاشۇ چىلان تورۇق ئاتتەك ئوغلۇم ئېرلاننى مۇھەببەت ھەم ئېتىقادنىڭ چەكسىزلىكىگە ، ئارزۇ - ئۈمىدلىرىمىزنىڭ قۇرىماس گۈلىستانىغا تاشلىيالىسام ئاندىن پۇخادىن چىقىمەن.

**ئايسىمە:** چىمەنگۈل ، بىر ئايال بولۇش سۈپىتىڭىز بىلەن جەمئىيىتىمىزدىكى ئاياللارنى خىرىس ئىچىدە ياشاۋاتىدۇ دەپ قارامسىز؟

**چىمەنگۈل:** ھەرقانداق بىر مىللەتنىڭ ئەقىدە ، ئۇدۇملاردىن ، مەدەنىيەت جۇغلانمىسىدىن شەكىللەنگەن ئۆزىگە خاس بىر ئىجتىمائىي قورغىنى بولىدۇ . بۇ ئىجتىمائىي قورغاننى شەكىللەندۇرگەن ھەرقانداق بىر ئامىلغا سەل قارالسا ، ھەرقانداق نەرسە شۇ مىللەتنىڭ يۈرەك سوقۇشىنى تىڭشاپ تۇرالايدىغان ئاياللارغا خىرىس قىلىدۇ ، ئەلۋەتتە . ھازىر جەمئىيىتىمىزدە رىقابەتنىڭ بارغانسېرى ئېشىشىغا ئەگىشىپ ئاياللارنىڭ تۇرمۇش رىتىمى ھەم قىممەت قارىشىدا بەلگىلىك ئۆزگىرىشلەر بولۇۋاتىدۇ . لېكىن ئومۇمىي كەيپىياتقا تەسىر كۆرسىتىۋاتقان ئەخلاقىي كرىزىسلاردا ، قول سوزسا ئېرىشەلىۋالغىدەك شاخ - شۇمبىمۇ يوق شىددەتلىك ئېقىندا ئېقىپ كېتىۋاتقان ئاياللارنىڭ ئازابىدا ، ئەرلەرمۇ ئۆزىنىڭ قانچىلىك ھەق - نېسىۋىسىنىڭ بارلىقىنى ئويلاپ بېقىشى كېرەك.

ئائىلە ـــ جەمئىيەتنىڭ مۇھىم تەركىبىي قىسمى ، قەلبىدىكى بوشلۇقلارنى تىرىكچىلىك غېمى ، خىزمەت ھەلەكچىلىكى بىلەن تولدۇرۇۋاتقان ئاياللار ، قانۇنلۇق بالىدىن باشقا مېھىر - مۇھەببەتكە ئېرىشىپ باقمىغان تۇل ئاياللارنىڭ قايسى بىرىنى ھاياتلىق ئۈچۈن كۈرەش قىلمىدى دېيەلەيمىز؟ ئىنساپ - دىيانىتى بىلەن كىشىنى ئەيمەندۇرىدىغان ، پاراستى ھەم بىلىمى بىلەن كىشىنى قايىل قىلالايدىغان ، مۇھەببىتى بىلەن كۆڭۈلنى ئېرىتەلەيدىغان ئەرنىڭ قايسى بىرىگە يولۇقسا ، نۇرغۇن ئاياللارنىڭ ئۇلارغا نېمىلەرنى ئاتا قىلالايدىغانلىقىنى يەنىلا بىز تولۇقى بىلەن ھېس قىلالايمىز ، ئايسىمە.

دۇنيانى ھەرقانچە كەڭرى دېگەن بىلەنمۇ بىر ئائىلىنىڭ كەڭرىلىكىگە يەتمەيدىغانلىقىنى بىز ئىنكار قىلالمايمىز . چۈنكى ، ئەرلەر ھەرقانچە كۈچلۈك ، ئاياللار ھەرقانچە جاسارەتلىك بولسىمۇ ، ئائىلە ئىللىقلىقىغا ، چۈشىنىش ھەم كۆيۈنۈشكە ھامان موھتاج بولىدۇ . ئەگەر ئاياللىرىمىزنى «كرىزىس ئىچىدە ياشاۋاتىدۇ» دېسەك ، ئۇلارنى ۋەز - نەسىھەت ، ھاقارەت ، تۆھمەتلەر بىلەن ئەمەس ، بەلكى مېھىر - مۇھەببەت بىلەن بۇ كرىزىستىن قۇتۇلدۇرغىلى بولىدۇ . شۇڭا ، ئاياللارنىڭ مىللەتنىڭ چىرىمەس ھۆجەيرىسى ئىكەنلىكىنى ، يىگىتلىكنىڭ قانچىلىك ئۇلۇغ مەسئۇلىيەت ئىكەنلىكىنى ھەر بىر ئەقىل ئىگىسى ئەستايىدىل ئويلىنىپ بېقىشى لازىم.

**ئايسىمە:** سىز ئوغلىڭىزنىڭ كۈندىلىك خاتىرىسى بىلەن ئانىلارغا سۆزلىدىڭىز . ئوغلىڭىز ئۈچۈن كۈندىلىك خاتىرە يېزىپ ساقلاپ قويۇش ئويىغا قانداق كېلىپ قالغانىدىڭىز؟

**چىمەنگۈل:** ئۆزۈم ئەزەلدىن تۇيغۇنىڭ كۈچىگە مۇھەببەتنىڭ كۈچىگە ئىشەنگەندەكلا ئىشەنگەچكىمكىن ، بالامنىڭ قىلىقلىنىشلىرى ، ھەتتا تىنىقلىرىغىچە سىڭىلىدىم ئايسىمە . «بوۋاقلار تىلى» خۇددى «ئۇيغۇر تىلى» دېگەندەكلا كەڭلىككە ۋە چوڭقۇرلۇققا ئىگە ئۇقۇممىكىن دەيمەن . بالىلارنىڭ گۈگراشلىرى ، تېپىرلاشلىرى ھەم قاراشلىرىدىكى مەنىنى ھېچكىم ئانىلاردەك تولۇق ھېس قىلالمايدۇ . ھەتتا ئاتا - ئانىلار نۇرغۇن نەرسىلەرنى ھېس قىلسىمۇ ھۇزۇرلىنىش بىلەنلا چەكلىنىدۇ . لېكىن ، مېنىڭ ھۇزۇرلىنىش بىلەنلا چەكلەنگىم كەلمىدى . ئوغلۇمنىڭ تۇيغۇسى بىلەن تەبىئەتكە ، ئادەملەرگە قاراپ بېقىۋىدىم ، شۇنداق يەڭگىللەپ قالدىم . «ئانا ، سېنىڭ كولاڭدا ھەجەپ جىك يولدۇز باكەن» . ئايسىمە ، ئوغلۇم بىلىكىمدىكى سۇس توخۇ ئەتلەرنى سىلاپ تۇرۇپ ، ئۇنى يۇلتۇزلارغا ئوخشاتقاندا ئانىلىق باغرىم بىلەن قانچىلىك سۆيۈنگەنلىكىمنى تەسەۋۋۇر قىلالايسىز ، يەنە ئاڭلاڭ:

بىر كۈنى ئېرلان: «مەن ئالتىنى تەتۈي يېزىپ قاپتىمەن» دەپ ئۈمچەيدى . مەن ئۇنىڭغا: «ھېچقىسى يوق بالام ، ئالتىنى تەتۈر يازساڭ توققۇز بولىدۇ» دېگەچ ئۇنىڭ كۆزىگە قارىۋىدىم ، ئاجايىپ بىر كۈچلۈك ئىشەنچ نۇرىنى كۆرگەندەك بولدۇم . يەنە بىر كۈنى ئۇ: «ئانا ، قايا ، قۇشقاچ سىمغا مىنىۋاپتۇ» دەپ يالغۇز بىر قۇشقاچنى ماڭا كۆرسەتتى.

ـــقونۇۋاپتۇ دە بالام ، ـــ دېدىم ئۇنىڭغا.

ــــياق مىنىۋاپتۇ،ـــ ئۈچ يېرىم ياشلىق ئوغلۇم مەن بىلەن قارشىلىششقا باشلىدى . مەن شۇ چاغدىلا ئۇنىڭ تۇيغۇسىغا چېقىلىپ قويغىنىمنى بىلىپ ئۆزۈمنى ئوڭشىۋالدىم.

ــــ ئەقىللىق بالام ، ئاۋۇ قۇشقاچ راست چىن تۆمۈر باتۇر ئاتقا مىنگەندەك مىنىۋاپتۇ ـ ھە؟ـــ بۇ گېپىمنى ئاڭلاپ ئۇ باشقىچە روھلىنىپ يايراپ كەتتى.

**ئايسىمە:** دەرۋەقە نۇرغۇن ئانىلار بالىلىرىنى ياخشى تەربىيىلەشنى ئويلايدۇ . لېكىن قانداق تەربىيىلەش ، بالىلارنىڭ نېمىسىنى تەربىيىلەشكە كەلگەندە گاڭگىراپ قالىدۇ . مەن ھازىر سىزنىڭ دەپ بەرگەنلىرىڭىزدىن بىر ئانا بولغۇچىنىڭ بالىلىرىغا ياخشى كىيىم ، ياخشى تاماق بەرسىلا ياخشى بالا تەربىيىلىگەن بولمايدىغانلىقىنى ھېس قىلىپ قالدىم . ئەڭ ئاددىيسى كىتاب ئېلىپ بېرىپلا ئۇنى قانداق ئوقۇشنى ، قانداق قوبۇل قىلىشنى ئۆگەتمىسە يەنىلا تەربىيىلىمىگەنگە باراۋەر بولىدىكەن . سىزنىڭ ئۇسۇلىڭىز بويىچە بالىلارنىڭ تۇيغۇسىنى تەربىيىلەش ئەڭ مۇھىمدەك قىلىدىغۇ؟!...

**چىمەنگۈل:** نۇرغۇن ئانىلار يىللارنىڭ ئۆتۈشى بىلەن بالىلىرىغا قانداق تىل چىققانلىقىنى دەپ بېرەلىگىنى بىلەن ، نېمە دەپ تىلى چىققانلىقىنى تەپسىلىي دەپ بېرەلمەيدۇ . مەن ئوغلۇم ئۈچۈن بەش ئايلىق ۋاقتىدىن باشلاپ يازغان كۈندىلىك خاتىرىنى ۋاراقلىسام ئۇنىڭغا تىل چىقىش جەريانىدىكى ئاۋۇش ئۆزگىرىشلىرىدىن تارتىپ ، ھازىرغىچە بولغان ئاۋاز ئۆزگىرىشلىرىنى ، سۇتۇمدىن ئايرىغاندىكى قىيالماسلىقلىرىمنى ، شۇنداقلا ئۇنىڭ كۆرگەن چۈشلىرى ، ھەيرانلىقلىرىنى تەكرار ـ تەكرار ئوقۇپ ئۆزۈمچە سۆيۈنۈپ قالىمەن . ۋۇجۇدىدىكى ھېچقانداق مەقسەت ـ مۇددىئا ئارىلاشمىغان ساپ تۇيغۇ ھەم پاكىز ئەقلىنىڭ بۇ ئۆمرىدە ئۇنىڭغا ئۇزۇنراق نېسىپ بولۇشىنى خالاپ قالىمەن . تەبىئەت بىلەن ئادەملەر ، ئادەملەر بىلەن ئادەملەر ئوتتۇرىسىدىكى باغلىنىش ھەم موھتاجلىقتا قورامىغا يەتكەن بەزى ئاقىللىرىمىز سەل قارىغىنى بىلەن ، بالىلار ئۆز تۇيغۇسى بىلەنمۇ نۇرغۇن نەرسىلەرنى تونۇپ يېتەلەيدۇ.

ھازىرقى يەسلى مائارىپى بىر جەھەتتىن ئاتا ـ ئانىلارنىڭ تۇرمۇش رىتىمىدىكى جىددىيچىلىكنى ئاز ـ تولا پەسەيتكىنى بىلەن ، ئەمەلىيەتتە باشلانغۇچ مائارىپىغا ئاساس سېلىشقىلا كۆچەپ بالىلارنى چارچىتىپ قويۇۋاتىدۇ . بىزمۇ تەرتىپكە بويسۇنۇشنى ، ئانچە ـ مۇنچە ئۇيغۇرچە ، خەنزۇچە ناخشا ئېيتىشنى ئۆگەنگەن بالىلىرىمىزغا قاراپ خاتىرجەم يۈرۈۋاتىمىز ، كۈلۈۋاتىمىز... مانا مۇشۇنداق شارائىتتا ، مېنىڭچە ئىمكانىيىتىمىزنىڭ بارىچە بالىلىرىمىزنىڭ تۇيغۇسىغا تۇتاشقان مېھىر ـ مۇھەببەت ، گۈزەللىك يوللىرىنى توسۇپ قويماي ، ئۇلارنىڭ بالىلىق كۆڭلىگە ئازار يەتكۈزمىسەك ئەقىل كۆزى تېخىمۇ تېز ئېچىلامدىكىن دەيمەن.

**ئايسىمە:** ئۆزگىچە پىكىرلىك ، ھېسسىياتلىق شائىرە بولۇش سۈپىتىڭىز بىلەن بالىڭىز ھەم ئۆزىڭىزنىڭ كەلگۈسى ئۈچۈن قانداق تۇرمۇش كەچۈرۈشنى خالايدىغانلىقىڭىزنى بىلىپ باققۇم بار.

**چىمەنگۈل:** مېنىڭمۇ ئادەملەرگە ئۆزۈمگە سەمىمىي بولغاندەك سەمىمىي بولۇپ ئۆتكۈم بار . لېكىن ، سەمىمىيلىك ئىچىدىمۇ تۇنجۇقۇپ قېلىۋاتقان نۇرغۇن قىسمەتلەر مېنى ئويلاندۇرىدۇ ، ئايسىمە . ھازىر مەن ئادەملەردىن ئەڭ ئادەتتىكى نەرسىلەرنى ، ياكى بولمىسا ئەڭ ئۇلۇغۋار نەرسىلەرنى كۈتسەممۇ ، ئۇلارغا خۇددى رېئاللىقتىن ئاجراپ كېتىۋاتقاندەك تۇيغۇ بېرىمەن . شېئىر يازىدىغانلىقىم بىرقىسىملارنىڭ نەزىرىدە مېنىڭ رومانتىكىلىقىمنىڭ تولۇق ئاساسى... ئۆز خاراكتېرىم بىلەن ئۆزۈمنى قوغداشلىرىم ، ھازىر جاۋابلىقىم ئۇلارغا نېمىشقىكىن خاتىرجەملىك تۇيغۇسى بەرمەيدۇ . شۇنداق بولغاچقىمۇ نۇرغۇن ياخشى دوستلىرىمنىڭ قەدىرلىشىگە ، ئۆزۈم كۈتكەندەك مۇھەببەتكە ئېرىشكەن بولساممۇ ، ھازىرغا كەلگىچە مېنى قەلب سىرتىدا قوغداپ باققان بىرەرسىنى ئەسلىيەلمەيمەن . راستىنى ئېيتسام ، تۇيغۇمەنىلا چۈشىنىدىغان ئەمەس ، بەلكى تارتقان ئازاب ھەم خورلۇقلىرىمنى ، خۇشاللىقلىرىمنى قوبۇل قىلالايدىغان ، تېنىم بىلەن روھىمنى پارچىلىۋەتمەيدىغان ، شېئىرلىرىمدىن مېنى سۆيۈملۈك ھېس قىلالايدىغان ئۆزۈمگە خاس كەڭلىكلىرىمدە مېنىڭمۇ ئارام ئېلىپ باققۇم بار . مۇھىمى ، ئوغلۇم ئېرلانىنىڭ بالىلىق كۆڭلىگە ئازار يەتكۈزمەي ، ئاتىلىق ھەم ئانىلىق بۇرچۇمنى تەڭ ئادا قىلىپ ياشاشقا قۇربىم يەتسە يالغۇزلۇقىمغا ئوغلۇمنىڭ يالغۇزلۇقىنى قوشۇپ ئۆتۈپ كېتىۋېرىمەن . مانا بۇ مېنىڭ شېئىر خۇمارلىقىمدىن ، رومانتىكىلىقىمدىن ، بىقۇۋۇللىقىمدىن خالىي ھەقىقىي ئادىمىلىكىم.

تەھرىرلىگۈچى: **ئىمىرھەسەن مەخمۇت**

# تۇيغۇ دۇنياسىغا سىڭدالغان «تاش ياپراق»



ئايىشەم ئىدرىس

ئاياللارنىڭ ئۆز تالانتىنى نامايان قىلىشى ناھايىتى تەسكە توختايدىغان، ئەدەبىيات كوچىسىدا ئەرلەر بىلەن سىغدىلىپ مېڭىش بەك مۈشكۈل، ياشاش رىقابىتى تولىمۇ كۈچلۈك بۇ زاماندا چىمەنگۈلنىڭ يۈرەكلىك بىلەن ئۆز تالانتىنىلا ئەمەس، بەلكى ئۆزىنىڭ ئەڭ نازۇك تۇيغۇلىرىنى قورقماي ئاشكارىلىيالىشى مېنى ئىختىيارسىز قەلەم تەۋرەتكۈزگەنىدى. بۈگۈن «تاش ياپراق»نىڭ تۇيغۇ يۈكسەكلىكىدە شېئىر سەزگۈلىرىم غەليان كۆتۈرۈپ، چىمەنگۈل ئۈچۈن يەنە بىر قېتىم سۆزلەتكۈزدى.

ساپ سەنئەتلىك خاراكتېرگە ئۆزلۈكسىز يېقىنلاشقان، ھاياتلىقنىڭ تىنىمسىز تاسقاشلىرىغا شېئىردىن تەسەللى سۇنىدىغان «تاش ياپراق» بىلەن قەلبىم تۇتىشىپ كەتكەندەك بولدى. «تاش ياپراق» گويا چىمەنگۈلنىڭ ھايات مۇساپىسىدىكى ئاياللىق لاتاپىتىنىڭ مۇجەسسىمىدەك كۆز ئالدىمدا روشەنلەشتى. 20 ياشلىق چىمەنگۈل ياشلىق سۆيگۈسىنىڭ «تەتۈر چېقىن»لىرىدا بىر مەزگىل گاڭگىرىغاندىن كېيىن، ئاخىر قولىغا «قىساس غۇنچىسى»نى ئېلىپ، قىزلىق شەرم ـ ھايا، ئوتلۇق سۆيگۈ ئۈچۈن چۇقان كۆتۈرگەنىدى. ھايات ئۇنى بارلىق ئىنسانلار مېڭىشقا تېگىشلىك بولغان تۇرمۇش يولىدا ھارغىچە ماڭدۇرۇپ، ئائىلە، ئەر، بالا ئۈچۈن نۇرغۇن يۈرەك قانلىرىنى سەرپ قىلغۇزغاندىن كېيىن ئاياللىق سەلتەنىتى ۋايىغا يەتتى. ئۇ گويا نەچچە مىڭ يىل تاۋلىنىپ تاشقا ئايلانغان ياپراقتەك سالماق ياشاشقا كۆندى. راست كۆندىمۇ؟... 30 ياش ئۇنى ھەقىقەتەن تۇرمۇشقا چوڭقۇر نەزەردە قارايدىغان قىلىپ قويدىمۇ؟!

ئېھتىمال «تاش»نىڭ ئىستېمالىمىزدىكى بىرقانچە مەنىلىرى «تاش ياپراق»نىڭ تۇيغۇ مەنبەسى بولسا كېرەك. ئالدى بىلەن تاش سوغۇققان، ئېغىر ـ بېسىقلىق بىلەن خاراكتېرلىنىدۇ. «تاش ياپراق» ئەنە شۇ ۋەزنى بىلەن سوغۇققان ئايالنىڭ ئېغىر ـ بېسىقلىق بىلەن ھاياتقا بېقىشىنىڭ ئىخچام كۆرۈنۈشىگە ئايلانغان.

ئۆمۈرلۈك ھىجراننىڭ ئاراچىلىرىدىن،
بىر يۇتۇم ئازابنى ئالساڭ ئوچۇملاپ،
سۇدەكلا سۈزۈكسەن، سۇدەكلا ئەزىز،
كىم سېنى بىمالال سۆيەر قۇچاقلاپ.

ھاياتنىڭ ھىجرانلىق ئىككەنلىكىدەك پەلسەپىۋى مەنە «تاش ياپراق»تىكى لىرىك قەھرىماننىڭ سوغۇققانلىقى بىلەن بىر تۇتاشتۇر. ئاياللارغا «سۇدەكلا سۈزۈكسەن، سۇدەكلا ئەزىز» دەپ قويۇق مىللىي ئۆرپ ـ ئادەت نەزىرى بىلەن باھا بەرگەن شائىرە، «كىم سېنى بىمالال سۆيەر قۇچاقلاپ؟» دەپ ھاياتقا سوغۇققان تەرىزدە سوئال تاشلايدۇ. «ئۆگزە»دىن باشلانغان لىرىك تىركەلمىلەر ھەقىقەتەن شائىرەنىڭ سوغۇققان ھاياجىنىنى، بىر ئايال ئۈچۈن ئېغىر ـ بېسىقلىقنىڭ نەقەدەر زۆرۈر ئىكەنلىكىنى، شۇنداقلا ئۇنىڭ ھايات ئۇستىدىن چىقارغان:

كۈنلەر قانداق ئۆتسە ئۆتىدۇ،
لېكىن،
مۇھەببەتسىز ئۆتمىكى بەك تەس.
ئادەملەر يەنىلا ئۇنتۇپ قالىدۇ،
ھايات دېگەن ئىسسىق بىر نەپەس.

دېگەن يەكۈنلىرىگىمۇ مۇجەسسەملەنگەن. ئاشۇ مۇجەسسەملىككە يەنە بىر مەنىمۇ قېتىلىپ كەتكەن. ئۇ بولسىمۇ — جىمجىتلىق. «تاش ياپراق»تىكى جىمجىتلىقنىڭ تۇتىشىدىغان ئېغىزلىرى كۆپ. شېئىرىي مۇھىتتىكى جىمجىتلىق تاشنىڭ جىمجىتلىقىنىمۇ بېسىپ چۈشىدۇ. شېئىرىي پىكىر، شېئىرىي كەڭلىك، قىسقىسى، شائىرە ياراتقان شېئىرىي مۇھىت تاشتىن ئەنداز ئالغاندەكلا بىر خىل جىمجىتلىق ئىچىدە قانات يايىدۇ. شائىرە مەيلى «ئوۋچى»نى يازسۇن، مەيلى «كۆل»نى، مەيلى «قۇلۇلە قېپى»دىن چىقىشنى ئىزدىسۇن ۋە مەيلى «يۇنۇس بېلىقى» كەبى سۇدا ئۈزۈشنى ئىستىسۇن، ھەممىسىدە بىر خىل گۈزەل جىمجىتلىق بار. بۇ چىمەنگۈلنىڭ تۇيغۇ دۇنياسىغا خاس، شۇنداقلا چىمەنگۈلنىڭ شېئىرىي ھېس ھاياجىنىدىن بارلىققا كەلگەن جىمجىتلىق بولۇپ، ئۇ پەقەت «تاش ياپراق»تىكى شېئىرلارنىڭ خاسلىقى سۈپىتىدە پەقەت شېئىرىي قەلبتە گەۋدىلىنىدۇ. لېكىن بۇ خىل جىمجىتلىق تۇرغۇن ھا-

لەتتىكى جىمجىتلىق بولماستىن ، بەلكى جىمىتلىقنىڭ مەركىزىدە بىر يۈرەك يەنىلا گۈپۈلدەپ سوقۇپ تۇرىدۇ . جىمجىتلىق ئوراپ تۇرغان مۇھىتتا سوقۇپ تۇرغان يۈرەك:

سەن بىلىسەن ياپراقتەك سىلكىنگىنى ئاي ئەمەس،
مەن كېلىمەن يېتىلەپ يالغۇز چىلان تورۇقنى.
— «كۈتۈش»

دەپ چاپچىيدۇ . «تاش ياپراق» دەپ ماۋزۇ قويۇلۇشىمۇ ئاشۇ جىمجىتلىقتىكى ياپراقنىڭ شىلدىرلىشىنىڭ مەۋجۇتلۇقىنى ئىسپاتلاش ئۈچۈن بولسا كېرەك . چىمەنگۈل ياراتقان شېئىرىي دۇنيا «جىمجىتلىق ئىچىدىكى سوقۇۋاتقان يۈرەك» دۇنياسى . شۇڭا چىمەنگۈل شېئىرلىرىنى ئوقۇۋاتقاندا:

تاشلايمەن ئۆزۈمنى قەھرىگە جىمجىت،
ئەتىرگۈل شاخلىرى كۆيمەكتە يارقىن.
... ...
يەر بىلەن ئاسماننىڭ ئاراچلىرىدا
كەچكۈمىز كەلگەن سۇ ئاقىدۇ قىزغىن.
— «ئەتىرگۈل شاخلىرى كۆيمەكتە يارقىن»

غا ئوخشاش ناھايىتى لىرىك ، جىمجىت مۇھىتقا چۆكۈپ ، ئوتتەك قىزىق مۇھەببەت قايىنمىغا شۇڭغۇيالىشىمىزمۇ ئەجەبلىنەرلىك ئەمەس.

دەل شۇ چاغدا بىز بىر ھەقىقەتنى بايقايمىز . چىمەنگۈل ھاياتلىقنىڭ ئەسلى مەنىسىگە جىمجىتلىق ئارقىلىق تەبىر بەرمەكچى ، ئۆز تۇيغۇسىدىكى مۇقەددەسلىكنى تاپماقچى.

بۇ خىل ئىپادىلەش چىمەنگۈلنىڭ ئاياللىق خاراكتېرى بىلەن مۇناسىۋەتلىك . يەنى ئاياللارنىڭ بەختلىك ، تىنچ ، خاتىرجەم ھاياتقا ئىنتىلىپ تۇرۇشى بىلەن مۇناسىۋەتلىك ، شۇنداقلا شائىرەنىڭ ھايات غەۋغالىرىدىن تويۇپ كەتكەنلەرگە ئۆز شېئىرلىرىدىكى جىمجىتلىق بىلەن تەسەللى بەرمەكچى بولغانلىقى بىلەنمۇ مۇناسىۋەتلىك . مەيلى قايسىسى بولسۇن «تاش ياپراق»نىڭ خاسلىقى — جىمجىت مۇھىت ئىزدەش . جىمجىت مۇھىتتا تەنھا ھەرىكەت قىلىش ، جىمجىتلىقتا تۇرۇپ ھاياتلىقنىڭ ئالدىراش قەدەملىرىگە تەمكىنلىك بىلەن قۇلاق سېلىش.

تاشتىن مەنە ئىزدەۋاتقىنىمدا تاشنىڭ جىمجىتلىقىنى «ئۆلۈك ھالدىكى جىمجىتلىق ئەمەس» دېگىنىم ئېسىمدە . چۈنكى بۇ «تاش» ئۆز نۆۋىتىدە چىمەنگۈل تەرىپىدىن ئىنسان قەلبىگە ، ياق! مۇھەببەتلىك ئاياللارنىڭ بىپەرۋا ئەرلەرنىڭ مۇگدەك نەزىرىگە تاشلىغان «سالغا تېشى» . ئۇ ھەرقاچان چىمەنگۈلنىڭ تۇيغۇسىغا ئەگىشىپ شېئىرلارنى جانغا ئىگە قىلىپلا قالماي ، بەلكى تۇرمۇش ئوتتۇرىسى بولۇپ قالغان نازۇك بىر ئايالنىڭ يۈرىكىنىڭ ھەرقاچان مەۋجۇتلۇقىنى بىلدۈرىدۇ.

يىراقتا بىر كۆل بار كۆزۈڭگە ئوخشاش،
سەن تېخى ئۇ يەرنى بىلمەيسەن چوقۇم.
كۆيىدۇ ئۈمىدتەك تاتلىق پىژىلداپ،
باغرىمدىن باغرىڭغا تۆكۈلگەن ئوتۇم.

چىمەنگۈل ئىلگىرىكى شېئىرلىرىدا قىزلىق شەرم ـ ھايا پەردىسىگە ئورالغان ھالدا دادىللىق بىلەن يىگىتلەرگە سۆيگۈ ئۇقياسى ئاتقان بولسا ، «تاش ياپراق»تا تاتلىق پىژىلداۋاتقان ئاياللىق مېھرىنى ئېرى باغرىغا «تاش» قىلىپ تاشلىيالايدۇ . بۇ مېنىڭ چىمەنگۈلنى «ئەركەك يۈرەك» دەپ تەرەپلىشىمنىڭ سەۋەبىمۇ شۇ . چىمەنگۈل ئاياللارنىڭ ئەرلەر بىلەن ھەتتا مۇھەببەتتىمۇ باراۋەرلىكنى تونۇتۇشقا ئۇرۇنۇۋاتقان شائىرە . ئۇ «ئاياللارمۇ ئۆز سۆيگۈسىنى ئىزھار قىلالىشى كېرەك» دېگەن ھەقىقەتنى كۆتۈرۈپ چىققۇچى سۈپىتىدە ئۆز شېئىرلىرى ئارقىلىق ئىنسان قەلبىگە تېخىمۇ يېقىنلىشىپ ، ساپ ھېسسىياتنى ساپ سەنئەت دەرىجىسىگە كۆتۈرىدۇ.

تاشنىڭ شېئىردىكى مەنىسى تېخىمۇ ئاشكارىلىنىپ چىمەنگۈل نەزىرىدىكى تاشنىڭ ئايالالىق خاراكتېرىنىڭ سىمۋولى ئىكەنلىكى نامايان بولىدۇ . «تاش» ئېغىر ـ بېسىق ، سوغۇققان ، جىمجىت بولۇپ ، نۆۋىتى كەلگەندە ئىنتىلىشىنىمۇ بىلىدۇ ، مانا بۇ چىمەنگۈل شېئىرلىرىدا قوغلاشقان ، گۈزەل شېئىرىي تۇيغۇغا ئورالغان يۈكسەكلىك.

چىمەنگۈل نېمىشقا «تاش»نىڭ ئارقىسىغا ياپراقنى قوشۇپ قويغاندۇ؟ بۇنىڭ چىمەنگۈل ياراتقان لىرىك قەھرىمان بىلەن قانداق مۇناسىۋىتى باردۇر؟... توغرا ، ياپراق ئۆسۈملۈك ، دەل ـ دەرەخلەرنىڭ زىننىتى . ياپراق بولمىسا ئۆسۈملۈك ، دەل ـ دەرەخلەر كىشى قارىغۇسى كەلمەيدىغان بىرنەرسىگە ئايلىنىپ قالىدىغىنى ئېنىق . ئۇنداقتا ، بۇ ئالەم بىنا بولغاندىن كېيىنكى ئالەمنىڭ يارىلىش ئەپسانىسىگە ئوخشاپ كېتەمدۇ ، قانداق؟ قەدىمكى غەرب ئەپسانىسىدە: «ئالەم يارالغاندىن كېيىن ئادەم يارىتىلىپتۇ ، ئادەم ناھايىتى يالغۇزلۇق ھېس قىلىپتۇ . گويا ئۇنىڭ قانداقتۇر بىرنېمىسى كەمدەك تۇيۇلۇپتۇ . باشقا جانلىقلارمۇ ئۇنىڭغا ھەقىقىي ھەمراھ بولالماپتۇ . ئاخىر ياراتقۇچى ئادەم قاتتىق ئۇخلاپ قالغاندا ئۇنىڭ بىر تال قوۋۇرغىسىدىن ھەۋۋانى يارىتىپتۇ . شۇ چاغدىلا ئادەم ئۇنىڭگە ھەقىقىي ماس كېلىدىغان نەرسىنىڭ ھەۋۋا ئىكەنلىكىنى ھېس قىلىپتۇ» ① دەپ خاتىرىلەنگەنىكەن . شېئىردا:

شۇندىمۇ مومىيىدەك باغرىنى ئاچار،
بىر ئۆمۈر ئۇنىڭغا يۆلەك بولغان تاغ.

① «ئالىي مەكتەپ ئىنگلىز تىلى» ئوقۇشلۇقى ، 1 ـ كىتاب ، 10 ـ دەرس.

قىرو باسقان دېرىزىلەرگە،
بارمىقىمدا يېزىپ باقتىم خەت.
ئېسىمىگدەكلا ئىسسىق ھاياجان،
ۋۇجۇدۇمدا چايقالدى رەت ـ رەت.

دېگەن مىسرالار بىكارغا يېزىلمىسا كېرەك. قىز ـ يىگىتلىك سۆيگۈسىلا ئەمەس، ئەر ـ خوتۇنلۇق سۆيگۈسىنىڭمۇ ناھايىتى مۇقەددەس ئىكەنلىكىنى، ئەرنىڭ ئايالغا، ئايالنىڭ ئەرگە دەرەختىكى ياپراقتەك زۆرۈر ئىكەنلىكىنى، ئەر ـ خوتۇنلۇق سۆيگۈسىنىڭمۇ تاش ياپراقتەك ئېغىر ھەم مەڭگۈلۈك سۆيگۈ ئىكەنلىكىنى چىمەنگۈل شېئىرلىرىنى ئوقۇغان ھەر بىر كىتابخان ھېس قىلالايدۇ.

ساقىندى ئاراملىق، ساقىندى ماڭا،
مېھرىڭدە گۈل بولۇپ ئېچىلدىم شۇ تاپ.
ئۇنتۇلدى ھەممىسى ئۇنتۇلدى ھەتتا،
سەن چەككەن تاماكا، سەن چەككەن ئازاب.

— «يۇنۇس بېلىقى»

بۇ مىسرالار غەرب ئەپسانىسىدىكى ئادەم بىلەن ھەۋۋانىڭ مۇقەددەس سۆيگۈ دۇنياسىنىڭ داۋامىغا نەقەدەر ئوخشايدۇ ـ ھە؟! ئەڭ ئۇلۇغۋار مۇھەببەتنى ۋايىغا يەتكۈزۈپ يېزىش (بولۇپمۇ بىر ئايالنىڭ ئېرىگە بولغان چىن سۆيگۈسىنى شېئىرنىڭ سېھىرلىك قوللىرىغا تاپشۇرۇش) چىمەنگۈلگە نېسىپ بولغان ئوخشايدۇ. چىمەنگۈل ياپراقنىڭ نازۇكلۇقىنى ئاياللارنىڭ نازۇكلۇقىغا، ياپراقنىڭ دەرەخ بىلەن بىر جان ـ بىر تەن ئىكەنلىكىنى ئەر ـ خوتۇنلارنىڭ ئوتلۇق سۆيگۈسىگە تەققاسلايدۇ.

لېكىن، ھەر قېتىم «تاش ياپراق»نى قانماي ئوقۇۋاتقىنىمدا، شېئىرلاردىن بىر خىل سىقىلىشنى ھېس قىلغاندەك بولىمەن. ئۇ مېنىڭ خاتا تۇيغۇممىدۇ؟ ياق، ياق. مەن شېئىرلارغا قانچە يېقىنلاشقانسېرى بۇ خىل تۇيغۇ ئاۋۇپ باردى.

مەن ئۆزۈمنى ماڭدىم يېتىلەپ،
قانماقتا كوچا چىرىغى.
بىرمۇ يۇلتۇز يوقتۇر ئاسماندا،
ئۈزۈلمەكتە گۈلنىڭ تىنىقى.

— «دۇغ»

ھەر بىر مىسراسىدىن كۈچلۈك ئازاب تۆكۈلۈپ تۇرىدىغان شېئىرلاردىن خېلى كۆپى «تاش ياپراق»تىن ئورۇن ئالغان. رېئاللىقتىكى قەدەمدە بىر ئۇچرايدىغان تەڭپۇڭسىزلىق شائىرەنى قەلەم تەۋرەتكۈزسە كېرەك. چوڭقۇر ئازابنىڭ ئىچىدە تۇرۇپ روھىي دۇنيادىكى بۇرۇقتۇرمىلىق، سىقىلىش، يۈرەك غەليانلىرىنى شېئىرلارغا سىڭدۈرۈش ئاسان ئەمەس. «جاراھەت چېچىكى»لا ئېچىلىدىغان جۇدۇنلۇق باھاردىن يەنە نېمىنى كۈتۈش مۇمكىن؟ لېكىن شائىرە قەلبى بەرداشلىق، ئۇ سىقىلىپ تۇرۇپ ياشايدۇ. ئۇ ئاياللىق قەلبى بىلەن بارلىق دەرد ـ ئەلەملىرىنى يۇتۇشقا، يەنىلا ھاياتنى قەدىرلەشكە، سۆيۈشكە مەجبۇر. چۈنكى شائىرە قەلبىنى دۇنيا چۈشەنمەيدۇ، ئادەملەر چۈشەنمەيدۇ. شائىرە «قولۇلە قېپى»دىن چىقىشقا ئۇرۇنىدۇيۇ، «چىمەنىستان»دىكى نازۇك چىمەن:

ۋىسالسىز پەيتى بىر مەررە، لېكىن قىسمەتلىرى چەكسىز،
كېزەرمەن بىر ئۆمۈر قەھرىم خاراب ئەتكەن بۇ ئورماننى.

دېگىنىچە ئۆز سۆيگۈسىدىن ئۆزى تەسەللى ئىزدەپ، ياشاشقا سۆيگۈدىن مەنە بېرىپ ئۆتىدۇ. شائىرە ھاياتنىڭ جۇدۇنلىرىغا باھا بېرىپ، ئۆزىنىڭ قەدىمىنى پۇختىلاشنى ئىزدەيدۇ. شۇڭا شائىرە مەيلى بالىسى ياكى ئېرىغا ئاتاپ يازغان شېئىرلىرىدا بولسۇن، كۈچلۈك ئۈمىدنىڭ ئارقىسىغا ناھايىتى ئېغىر ھەسرەتنى سىڭدۈرۈۋەتكەن. بۇ بەلكىم ھاياتنىڭ ھامان مۇكەممەل ئەمەسلىكىنى، ئىنساننىڭ قەلب گۈلزارلىقىنىڭ ۋاقىتسىز جۇدۇنلارغا ئۇچراپ تۇرىدىغانلىقىنىڭ سەۋەبىدىن بولسا كېرەك...

«تاش ياپراق»تىكى مەنىلەرنىڭ چوڭقۇرلۇقى چەكسىز، ئەسلىدە شېئىرلارنى چۈشەندۈرۈش بىھاجەت ئىدى. بىراق «تاش ياپراق»نىڭ يۈرەككە تىنىمسىز سوقۇلغان شېئىرىي لەززىتى ئۇ ھەقتە ئازراق بىرنەرسە دېيىش لازىملىقىنى تونۇتتى. بىر تامچە سۇدەك قىسقىغىنە لىرىك يازمىلىرىم ئارقىلىق، بەلكىم «تاش ياپراق»نىڭ تۇيغۇ يۈكسەكلىكىگە ئاجىزلىق قىلغاندىمەن. بىراق مېنى بىرنەرسە دېگۈزۈشكە قىستىغىنىكەن، «تاش ياپراق»تىكى شېئىرلار ئۇيغۇر شېئىرىيىتىدىكى نادىر شېئىرلارنىڭ بىر ئۇچۇمى سۈپىتىدە ئۆز جەزبىدىن شېئىر خۇمارلارنى مەھتۇن قىلىدىغىنى ئېنىق.

رېئال تۇرمۇشنىڭ ئەينەنلىكىدىن كۆرە ئىنساننىڭ دەقىقلىق تۇيغۇسىنى يەڭگىل تىل، گۈزەل ئوخشىتىشلار ئارقىلىق نەپىس ئەكس ئەتتۈرۈپ بەرگەن «تاش ياپراق»، زورۇقۇش ۋە قاتماللىقتىن خالىي ھالدا شېئىرنىڭ گۈزەللىكى بىلەن يۈرىكىمنى قايتا ياشارتتى. ئېقىن سۇدەك راۋان ھېسسىيات تىنىمسىز قەلبىمگە قۇيۇلۇپ، مېنى شېئىر ئاراچلىرىغا تارتىپ كەتتى. بىر ـ بىرىگە جىپسىلىشىپ كەتكەن شېئىر سۆزلىرىنى قايتا ئاجراتقۇم يوق. پەقەت ئۇلارنىڭ گۈزەللىكىگە قايتا قايىل بولىمەن، خالاس. ئاخىردا چىمەنگۈل ئۈچۈن، ئۇ ياراتقان «تاش ياپراق»تىكى تۇيغۇ دۇنياسى ئۈچۈن يەنە بىر مەررە شېئىر تەقدىم قىلاي:

نىمجان روھقا تىغ ئۇردى ئاچچىق،
سۆيگۈ يېشى ئۇنىڭ ئۈچۈن يات.
شېئىر ئۈچۈن ئېرىدى يۈرەك،
شېئىر بىلەن چىقاردى قانات!...

تەھرىرلىگۈچى: **ئەكبەر سالىھ**



«ئاقيول» نامىدىكى مۇكاپاتلىق ئەسەر

# ئاي چىقمىسا يۇلتۇز بار

ئاسىمجان ئوبۇلقاسىم

## ئايا ياپراق

قاچانلاردىن قارا باستىكىن ،
ئۇزاق تۈنلەردىن چىقتىم پەرىشان .
ماڭا نە كېرەك پەرۋاسىز ياشاش
سۆيگۈ ـ ھاياجاندا ياغماقتا خازان .

بولدىلا ، مەن ئۇچۇن ئۈزكۈنمەيلا قوي ،
مەن بىر ياپراقتا چاقنىغان تامچە .
باغاشلاپ ئۆتىدۇ كەچكۈز شامىلى ،
شەھەر كوچىلىرىدا قىيغىتقانچە .

ئۈستۈپىشمىدا ئۇچىدۇ خازان ،
يانار كۆزلىرىمدە ھىجران ئاپتىپى .
كەل ، سوغۇق تېنىڭنى قۇچاقلاپ ئالاي ،
كەل ، كەچكۈز تېرەكلەر كۆكلىمەس ئەمدى!...

بىردەم تىڭشىماي تۇرغىن ، ئەي شامال ،
سېنىڭدەك ئايلىنىپ چىقاي كوچىنى .
ئايا ، ياپراق دۇنيا بەربىر ،
ئايا ، گۈللەر سۆيەي بەرگىڭنى .

كەل ، مەن بۇ نەپەستە تەئەللۇق ساڭا ،
كەل ، ئۆزەي باغرىڭدا لەرزان ، خىرامان .
كېتەرمىز دۇنيادىن جىمجىت ، بىگانە ،
ياشارمىز ئالەمدە يۇلتۇزدەك ھامان .

ئايا ، ياپراق ـ ۋۇجۇدۇڭ يەلكەن!
زۇلمەتلىك قەلبىمگە تۇتاشتۇردۇڭ ئوت .
ئاھ ، سەن كەچكۈزنىڭ مىسكىن شائىرى ،
شائىرلار سەن كەبى ياشىيالماس چورت .

كۆرۈشمەك زەپ قىيىن ، سۆيۈشمەك ئاسان ،
ھەر كېچە كۆرىمىز بىرلا يۇلتۇزنى .

ئىشقىم ئاسمىنىدىن كۆتۈرۈلگەن تاڭ ،
ئۆچۈرۈپ تاشلىدى كۆزلىرىمىزنى .

تېرەكلەر ئۈچىدا قەدىمىي ناخشا ،
يەنىلا شۇ كۈيگە بېغىشلىنىمەن .
ئانا دەپ يىغلايدۇ سەبىي باللار ،
ھاياتقا كەچكۈزدەك كىرىپ كېلىمەن .

سەرگەردان خازانلار ئۇچقان كوچىدا ،
توساتتىن مەنىلىك قارايدۇ بىرسى .
ئۆمۈرلۈك جۇپلەردىن بولۇپ قالىمىز ،
ھېچ كىشى ئاشىق دەپ ئويلىماس بىزنى .

مەن ئۇلار تەلپۈنگەن بەختكە ، گۈلگە ،
ھەۋەستە قايرىلىپ باققان بەندە ئەمەس .
ئىمتىياز ، شۆھرەت دەپ چەكمىدىم پىراق ،
ئارمىنىم ياپراقنى يۈرىسام بىر پەس .

## ئۆز ـ ئۆزىگە سۆزلەش

قايناپدۇ قەلبىمدە سۆيگۈ ـ ھاياجان ،
ئويغاندىم ، تولغاندىم ، بىشىلەلمىدىم .
ئاجايىپ بىر ناخشا ئۇزاق ئاڭلىدىم ،
يىپەكتەك ئىشلىدىم ئىپتالماي جىنىم...

ياخشى قال بىغۇبار ، سۈزۈك يامغۇرۇم ،
كۆنلۈكنىڭ ئاستىغا يەتكۈزدۇڭ گۈلنى .
مېھمىنىم تەپتى سوغ ، غەمكىن ، بىناۋا ،
كىچىك قول ئىللىتار سوغۇق كۆڭۈلنى .

ئۆزەرمەن چاچلىرىڭ ، ياشلىرىڭ ئارا ،
ئاقارمەن ، چۈكەرمەن غەمكىن ، بىداۋا .

بويىنى ھەر تامان ئېپقاچار تاللار ،
تىترەيدۇ شاماللار سوغ تېنىڭ ئارا .

يۈيۈنار قەدىمىي ھۇۋلىغان شەھەر ،
يۈيۈنار قىيسىق تام ، يىقىلغان كۆكۆل .
چايقىلار لەززەتتە تەلۋە دەرەخلەر ،
بىنادا قوللىرىم ئېچىلار گۈل ـ گۈل .

تىتىلغان پۇتلىرىم ئوينار بىلىقتەك ،
بۇ يىرتىق چاپىنىم چىقاردى قانات .
ئۇنتۇلدى ئاچلىقىم ، كۆرۈمسىزلىكىم ،
ئاۋۇنچۇق تەبىئەت ، كۆكلۈك بولۇر شات .

مۇڭلانما ئامرىقىم ، مۇڭلانما بۇ تاك ،
ئۇنتۇلار كۆكلۈمدىن ئىستىگەنلىرىم .
يەنلا ئۈزۈلمەس ھاياجان ئىچرە ،
ياشايمەن (يوق بولسۇن ئىزدىگەنلىرىم) .

ئېھ ، سېنىڭ نۇرانە ، ئوماق چېھرىڭنى ،
بەك تەستە ئۇنتۇيمەن كۆلۈشۈڭنى ھەم .
يۈتىدۇ كۆكلۈمدىن ئوبرازىڭ تۈگەل ،
يۈيۈنار ۋۇجۇدۇم سوغ يامغۇر بىلەن .

ئۇنتۇيمەن سۆيگۈ ئۇ ، جۇدالىق نېمە؟
ئېشقىڭدىن ھالقىغان رىشتە قالدى بەس .
نېمىگە تەلتۆكۈس بولدۇم بەخشەندە؟
سۆيگۈنۈم ، كۆيگۈنۈم يېڭىلىق ئەمەس .

ئەي ، ئىللىق ، خىرامان قەدىمىي شەھەر ،
قەلبىمدە ئاجايىپ قۇردۇڭ ئاستانە .
ئامرىقىم ئولتۇردۇڭ تەختتە تەنھا ،
شەھرىڭدە تەلپۈنۈپ يۈردۈم ۋەسلىڭگە .

قايغۇرما ، ئەي دىلبەر يېرىملاشسا ئاي ،
يۇلتۇزغا سېغىنغىن ئايسىز كېچىدە .
ئېھ ، كۆكۆل ئېيتىدۇ ھەممە ناخشىنى ،
بىر ناخشا قالىدۇ ئۇنىڭ ئىچىدە .

# شام نۇرى

**قۇربان ئابلىمىت**

كۆيمەكتە شام، كۆيمەكتە يۈرەك ،
بىر ئايالنىڭ گۈزەل تېنىدەك .

ئۆيۈمدىكى دەللال تېلېفون ،
دەپ قويۇپتۇ ئايالىمغا ھەي .
يىراقتىكى بىر قىزنىڭ ،
قەلبىمدىكى مەخپىيىتىنى .
يۈزى قېلىن.. .
تىللىماقتا ئايالىم مېنى .

سوغۇقچىلىق چۈشتى ئارىغا ،
ئىككى بالا قالدى ماڭلا .
ئېشىپ قالدى ئۇخشىمىغان تاماق ،
توختاپ قالغان يېزىقچىلىقتەك ،
ئۆيدە خۇددى ھېچ كىشى يوقتەك .

كەلدى يەنە ئايالىم ،
چىدىماستىن ئىككى بالىغا .
باللىرىم ئالدى ئارىغا ،
مەندىن ئەپۇ سورىدى يەنە ،
ئۆي ئىچىگە، قاراپ ھالىمغا .

دەيتتىم ھەمىشە ،
ئاياللارنىڭ خۇشاللىقى ئەر .
ئايال ،
خۇشاللىقى ئىكەن ئۆيلەرنىڭ ،
خۇشاللىقى ئىكەن ئەرلەرنىڭ .

كۆيۈپ تۈرار بىر تال شام ،
چېچىپ تال ـ تال ئۇمىد نۇرىنى .

# ئۆي كۆچۈش

**مۇختار داۋۇت**

موھتاجلىق سىرىقتال كۈنلەر ئىچىدىن ،
يۈرەك بىغىشىغا تەگدى بىردەمدە .
ئاتا ـ ئانىلارنىڭ ھامىيلىقىسىز ،
ياشاشنىڭ قىيىنلىقىنى سەزدى بىر بەندە .

ئىلگىركى نامراتلىق نامراتلىق ئەمەس ،
ئۆي ئىگىلىرى ئالدىدا
چىناردەك قامەتلەر پۈكۈلۈپ يادەك ،
گۈلدەك يۈزلەر تاتاردى تامدەك .

غېرىب كۆڭۈل يانچۇقۇڭنى يوقلايدۇ ،
كۆزنەكلەردىن ماربدى كۆز ، ئالدىرا .
ئەتىۋامۇ يۈرەك داغلار باھالار
تۆت جان مۇھىم ، بوپتۇ ، بوپتۇ ، بوپتۇلا...

داۋاملىشار ئەنە شۇنداق ئۆي كۆچۈش ،
بىرنى ئالساڭ يەنە بىرسى قالىدۇ .
ئالماي بولماس ھەممىسىنى بىرمۇبىر ،
بىرسى قالسا يەنە ئاشۇ نامراتلىق
رەھىم قىلماي ياقاڭدىنلا ئالىدۇ .

تۇرمۇش سىرلىق ئەركىلەيدۇ ناز بىلەن ،
سىغىپ كېتەر تار ئۆيگە كەڭ قامىتىڭ .
تەرلىرىڭدىن كۆكلەتمىسەڭ بىر زېمىن ،
ئۆي كۆچەرسەن يەنە كەلسە ئامىتىڭ .

# رۇبائىيلار

**ئابلىمىت مۇھەممەت** (ئەمىن)

1

قاي كۈن كۆر خاھ شادلىق ئۆزۈڭنىڭ ئىشى ،
نەھاجەت رەنجىمەك تەقدىردىن كىشى .
ھۆكمىدىن تاشقىرى ئەمەس ھېچ نەرسە ،
ئۆزىگە تالىقتۇر ھەركىم كەچمىشى .

2

مەمەدان ئادەمنىڭ ئاققان قاي ئىشى ،
چۆگۈننىڭ بويىغا تاشار قاينىشى .
نىيىتى يامانىنىڭ ھامانە بىر كۈن ،
كۆزىدىن ئاقىدۇ قىيانىدەك يېشى .

3

ھەر كىمدە خىلمۇخىل نىيەت ۋە غەرەز ،
ئوخشىماس ھەر كىمدە خاراكتېر، مىجەز .
ھەر كۆڭۈل مىسالى بىر نازۇك چىنە ،
ياخشىسى قالدۇرما شۇ چىنىدە دەز .

4

ساڭا قۇت راھەتنى ھەسسىلەپ دۇنيا ،
بەرسىمۇ ئۆزىگە قىلىپ مەھلىيا .
رىزقىڭغا نىسبەتەن بۇ بارى چەكلىك ،
چەكلىك بىر رىزقىغا بارىڭنى ئاتا .

5

ئەي كۈيچى زامانغا سازىڭنى تەڭشە ،
سازىڭدىن كۈي تۆككىن ئەلگە يېڭىچە .
قالسەن بىر ئىزدا قىردىن ئاشالماي ،
گەر چالساڭ يەنىلا كونا پېتىچە .

6

نەپ دېسە گاھىدا جاندىنمۇ كەچتىڭ ،
شۇ سەۋەب زەيلەشكەن تامىنمۇ تەشتىڭ .
مۇز كەبى ئەپتىڭدىن قاقشىتىپ ئەلنى ،
ئېيتقىنا قايسى بىر تۈگۈننى يەشتىڭ .

7

دىھقىنىم ھەر قاچان بىغىڭنى ئەگەر ،
تۇرمىساڭ پەرۋىشلەپ نە مىۋە تىگەر .
كۆڭ ئۆتسە ئاي ساناپ ئولتۇرما ھەرگىز ،
يوقسۇزلۇق ئازابى ئۇرغىچە خەنجەر .

8

ياماندىن ئاغرىنما بەرمەيدۇ ئۇنۇم ،
مىڭ يامان بولسىمۇ تىلىمە ئۆلۈم .
سوغۇققان نەزەر سال دۇنيا ئىشىغا ،
شادلىققا يار بولسۇن دىسەڭ ھەر كۈنۈم .

9

ئىزدىسەڭ كىشىدىن بىر قۇسۇر نۇقسان ،
بۇ كەسىپ دىللارغا زوق بەرگەن قاچان .
ئىت قاۋاپ قالىدۇ ئىتلىقى بىلەن ،
يەنىلا مەنزىلگە يۈرىدۇ كارۋان .

10

سوئاللار قالمىسۇن سەندىن بى جاۋاب ،
ئەل ئۈچۈن تەر تۆكسەڭ بۇ كاتتا ساۋاب .
مۇبادا تەنلىرىڭ كەتسىمۇ سوۋۇپ ،
ئەل يوقلاپ قەبرەڭنى قىلىدۇ تاۋاپ .

11

بىر زاھىت ئۇرىدى بىشىغا سەللە ،
ئاغزىدا دۇرۇتى كۆڭلىدە زەللە .
مىسالى تۇماندەك تىز بولۇر غايىب ،
دۇئانى تۈگىتىپ توشقاندا غەللە .

12

ئۆتىدۇ گاھىدا ھەر قىسمەت باشتىن ،
گاھىدا جاق تويار ھەتتا ياشاشتىن .
ۋايىسما قىسمەتكە ھەر مەھەل ھەردەم ،
بۇ ھايات پۈتسىمۇ گەر قۇرام تاشتىن .

13

بەختىمۇ ھۆرۈننىڭ قىشىدىن يىراق ،
مىھرىبان ئانىدەك ئاچماس ھەم قۇچاق .
زەيلەشكەن كىسەكتەك بەزى ئادەملەر ،
پەللىگە يىتەلمەس مىنسىمۇ ئۇلاق .

14

كىشى گەر بولسا ئۇ ئىلىمدىن يىراق ،
مىڭ تەلىم بەرسىمۇ يۇقمايدۇ ساۋاق .
بولغۇسى زىرائەت كۆكىدىن مەلۇم ،
نەھاجەت ئەماغا بەرمەك شام ـ چىراغ .

15

ئاستىڭدا بولسىمۇ ئۇچقۇر ئاغىمىقىڭ ،
بى تەھقىق بار يەنە، ياياق ماڭمىقىڭ .
جاھاندا ھىچ جانلىق قىرىماس دىمە ،
تىنىڭدە ھەر قاچان تۇرماس ساقلىقىڭ .

16

يەتسىمۇ ھاتەمگە پۇل ھەم بايلىقىڭ ،
بولسىمۇ بىھىساب مۇنبەت يايلىقىڭ .
كىرىلمە مىلىڭدىن بەزىدە ھەتتا ،
بىر قوشۇق يىيەلمەي قالۇر قايمىقىڭ .

17

بۇ جاھان بەزىدە كۈلۈپ باقىدۇ ،
بەزىدە چۆللەرگە سۈرۈپ باقىدۇ .
ھىممەتنىڭ قىيانى ئاققاندا تەتۈر ،
ھەتتاكى شاھنىمۇ چەتكە قاقىدۇ .

18

قۇشنىڭمۇ نىشانە مۇددىئاسى بار ،
پەرۋانە ۋىسالى چىراغلارغا يار .
ئادەمگە ئۇلۇغلۇق تەپەككۇر دىمەك ،
نىمىشقا ياشىماس چىقىرىپ قارار .

19

بۇ جاھان رەستىدە بىھىساب ئادەم ،
كۆرمىگلەر ئىچىدە سەنمۇ بار مەن ھەم .
گەر بىر كۈن بولسىمۇ ياشايلى دۇرۇس ،
ئوغنى سۇنمايلى كۆرسىتىپ زەمزەم .

تەھرىرلىگۈچىلەر: **پولات ھىۋزۇللا، ئەركىن نۇر، ئەكبەر سالىھ**



# مائارىپ ھەققىدە پاراڭلار

ئوسمانجان زۇنۇن

## ئىمتىهان ، نېمە دەيسەن؟

سابا مائارىپى ئۈزلۈكسىز ئىلگىرى سۈرۈلۈپ ، يېڭى دەرس ئىسلاھاتى يولغا قويۇلۇۋاتقان مۇشۇ پەيتتە ، ئىمتىهان مەغرۇرانە قەددىنى كېرىپ يەنىلا بىزنى مەسخىرە قىلماقتا . ئىمتىهان ئۆتكىلى يەنىلا يولىمىزغا توسۇق بولماقتا.

بىز شۇنى تونۇپ يېتىشىمىز كېرەككى ، سابا مائارىپى بىلەن يېڭى دەرس ئارىسىنى ئىمتىهان مائارىپىنىڭ قويۇق تۇمانى يەنىلا توسۇپ تۇرۇۋاتىدۇ . بىز يېڭى دەرس زېمىنىدا تۇرۇپ ، سابا مائارىپى ئايروپىلانلىرىنىڭ ئاۋازىنى ئاڭلاپ ئاسمانغا قارىغىنىمىزدا كۆزىمىزگە كۆرۈنىدىغىنى ئىمتىهان مائارىپىنىڭ قاراڭغۇ بۇلۇتلىرى بولماقتا . مەن بىزنىڭ ھازىرقى مائارىپ ئەھۋالىمىزغا مۇناسىپ بۇنىڭدىنمۇ ياخشىراق ئوخشىتىشنى تاپالمىدىم.

سابا مائارىپىنى ئىزچىللاشتۇرۇش شوئارى ئەۋجىگە چىققانسېرى ، ئىمتىهان چىڭىسا چىڭىدىكى بوشاشمىدى . يېڭى دەرس لايىھىسى يولغا قويۇلغاندىن كېيىن ، ئىمتىهان شەكلىدە ئازراق ئۆزگىرىش بولغاننى ھېسابقا ئالمىغاندا ئىمتىهان ئۇسۇلىدا ئۆزگىرىش بولمىدى . بىزنىڭ دائىم كۆرىدىغىنىمىز ئىمتىهان ئىنتىزامىنى كۈچەيتىش ھەققىدىكى قىزىل باشلىق ھۆججەت ۋە ئەيىنەن تېلېگراممىلار بولدى . ھەر قېتىملىق ئىمتىهاندا ئىمتىهانغا سەل قارىغان بىرنەچچە كومىسسىينى جازالاش ئىمتىهاننىڭ ساغلاملىقىنى ئۆلچەيدىغان مىزانغا ئايلاندى . ئىمتىهان ئىشلىرى مەركىزى بارغانسېرى سوئالنى تېخىمۇ چىڭ چىقىرىدىغان ئىمتىهان مۇتەخەسسىسلىرىنى ئىزدىسە ، مەكتەپلەر ئىمتىهاننى تېخىمۇ چىڭ ئالىدىغان كومىسسىيەلەرنى تاللاشقا باش قاتۇردىغان بولدى . يېڭى دەرس لايىھىسىدە ، ئوقۇغۇچىلارنىڭ ئىجابىي جاۋابلىرىنى ئىنكار قىلىشقا بولمايدۇ دېيىلسە ، ئىمتىهان قەغىزى تەكشۈرۈشتە «ئۆلچەملىك جاۋاب» بىردىنبىر ئۆلچەم قىلىنماقتا . بەزى ئىمتىهان ئىشلىرى مەركىزى ياكى مەكتەپلەر بىرنەچچە ئوقۇتقۇچىنى يىغىپ ھەممە قەغەزنى ئۇلارغىلا تەكشۈرتىدىغان ، ئۇلارنىڭ شۇ پەننى بىلىش ـ بىلمەسلىكى بىلەن ھېسابلاشمايدىغان ئەھۋالغا بېرىپ يەتتى.

ئۇلارنىڭ قارىشىچە ، «بىر ـ ئىككى پەن ئوقۇتقۇچىلىرىنى يىغىسلا بارلىق پەنلەرنىڭ ئىمتىهان قەغىزىنى تەكشۈرۈش ، ئىمتىهاننىڭ مەخپىيەتلىكىنى ساقلاش ۋە ئادىللىقىغا كاپالەتلىك قىلغىلى ، «ئۆلچەملىك جاۋاب بولغاندىن كېيىن كىملا تەكشۈرسە ئوخشاش» بولارمىش.

دېمەك ، يۇقىرىدىن تۆۋەنگىچە ئىمتىهان خىزمىتىگە كۆڭۈل بۆلۈش ، مەسئۇلىيەتنى سۈرۈشتۈرۈش چىڭىسا چىڭىۋاتىدۇكى بوشىمىدى . ئەمما ، ئىش بۇنىڭ بىلەن تۈگىمەستىن ، ئۇنىڭدىن كېلىپ چىققان زەنجىرسىمان تەسىر كۈچلۈك بورانغا ئوخشاش توسۇۋېلىش مۇمكىنسىز ھالدا جەمئىيەت ، مائارىپ ۋە ئوقۇتۇشنىڭ ھەر بىر قاتلاملىرىغىچە تەسىر كۆرسەتمەكتە.

ئوقۇغۇچى ئىمتىهان نەتىجىسىگە ئاساسەن ئوقۇشقا ، خىزمەتكە ئورۇنلاشماقتا . ئوقۇتقۇچى ئوقۇغۇچىلارنى ئىمتىهان نەتىجىسى بىلەن دەرىجىگە تۇرغۇزماقتا (گەرچە ئوقۇتقۇچى ئوقۇغۇچىلارنى ئىمتىهان نەتىجىسى بويىچە دەرىجىگە تۇرغۇزۇشقا بولمايدۇ ، دەپ ئېنىق بەلگىلىمە چىقىرىلغان بولسىمۇ) ، ئاتا ـ ئانىلار ۋە ئوقۇغۇچىلار يۇقىرىلاپ ئوقۇش نىسبىتى يۇقىرى مەكتەپلەرگە يوپۇرۇلۇپ كەلمەكتە . ھەتتا بۇنداق مەكتەپلەرنى تاللاشتا قاتتىق سىياسەت ، يۇقىرى ئوقۇش ھەققىمۇ ئۇلارنى تو-

سالمايۋاتىدۇ . بۇ بىرقاتار ئامىللار بىرلىشىپ ساپا مائارىپى ۋە يېڭى دەرس لايىھىسىگە پۈتلىكاشاڭ پەيدا قىلغانلىقتىن ، مائارىپ ئوقۇغۇچىلارنى خاتا يېتەكلەشتىن قۇتۇلالمايۋاتىدۇ.

بەزىلەر ئىمتىھان بىلەن ساپا مائارىپىنى قارىمۇ قارشى ئورۇنغا قويىدى . لېكىن ، مائارىپنىڭ ئۇنۇمىنى سىناشتا دۇنيادا تېخىچە ئىمتىھاندىنمۇ ئۇنۇملۇك ئۇسۇل تېپىپ چىقىلمىدى . گەرچە ئوقۇغۇچىلارنىڭ بىلىم ، ئىقتىدار ، ئەقىل ـ پاراستىنى ئۇنىۋېرسال باھالاش بىرقەدەر ياخشى ئۇسۇل بولسىمۇ ، لېكىن بىر ـ ئىككى سائەت بەلگىلەنگەن ۋاقىت ئىچىدە تاماملاش مۇمكىن بولمىغاچقا ، ئۇنى نەچچە مىليون ئوقۇغۇچىغا بىرلا ۋاقىتتا قوللىنىش قىيىن بولغانلىقتىن كەڭ تۈردە ئومۇملاشتۇرۇشقا ئامال يوق.

گەپنىڭ گۇندىسىنى قىلغاندا ، ئەنئەنىۋى مائارىپ ياكى ساپا مائارىپى بولسۇن ، كونا دەرس ياكى يېڭى دەرس بولسۇن ، يەنىلا ئىمتىھان ئالماي بولمايدۇ . چۈنكى ، ئۇنىڭ ئاۋارىگەرچىلىكى ئاز ، قايىل قىلىش ئاسان ، ئىككى سائەت ئىمتىھان بەرسە ، يىرىم سائەتتىلا تەكشۈرۈپ، ئوقۇغۇچىلارنىڭ نەتىجىسىنى پېشانىسىگە چاپلاپ بولغىلى بولىدۇ . دۇنيادا بىر ئادەمگە باھا بېرىشتە بۇنىڭدىنمۇ تېز ، بۇنىڭدىنمۇ ئاسان ئۇسۇل نەدە بار؟

جەمئىيەتنىڭ ئىمتىھان نەتىجىسىگە قانچىلىك كۆڭۈل بۆلۈشىدىن قەتئىينەزەر ، بىز يەنىلا كاللىمىزنى سەگەك تۇتۇشىمىز كېرەك . ئامېرىكىلىق ئىنسانشۇناس تۆمان. ل . توۋېرى شۇنداق دەيدۇ: «ھەقىقەت كۆپ سانلىق كىشىلەرنىڭ ئېتىقاد قىلغان ياكى قىلمىغانلىقى بىلەن ئۆزگىرىپ كەتمەيدۇ» . بىز ھەقىقەتنى كىمنىڭ دېگەنلىكىگە ئەمەس ، ھەقىقەتنىڭ ئۆزىگە ھۆرمەت قىلىشىمىز كېرەك . چۈنكى ، ھەقىقەت ئەسلىدىنلا مەۋجۇت . ئۇ كىمنىڭ دېگەنلىكى بىلەن ئۇلۇغ بولماستىن ، ئەسلىدىنلا شۇنداق ئۇلۇغ.

ئۇنداقتا ئىمتىھاننىڭ رولىغا قانداق قارايمىز؟

بىرقەدەر توغرا جاۋاب شۇكى ، بىز ھەم ئىمتىھاننى پۈتۈنلەي ئىنكار قىلماسلىقىمىز ، ھەم ئىمتىھان نەتىجىسىگە ئارتۇقچە ئۈمىدۋارلىق بىلەن قارىماسلىقىمىز لازىم . بىرقىسىم ئوقۇتقۇچىلار ئادەتتە «پەقەت ئۆگىنىش نەتىجىسى ياخشى بولغان بالىلارنىڭلا كېيىنكى ئىستىقبالى ياخشى بولىدۇ» دەپ ئويلايدۇ . ئەمەلىيەتتە ئۇنداق بولۇشى ناتايىن ئىكەنلىكىنى ئىسپاتلايدىغان پاكىتلار كۆرۈنۈپ تۇرسىمۇ ، يەنىلا شۇنداق قارايدۇ . مەن ئىمتىھاننىڭ رولىنى ئىنكار قىلماقچى ئەمەسمەن ، بىراق ئىمتىھان نەتىجىسى بىلەن كېيىنكى ئىستىقبالنىڭ روشەن ئوڭ تاناسىپلىق مۇناسىۋىتى يوق . چۈنكى ، ئىمتىھان نەتىجىسىدىن بىر كىشىنىڭ ئىستىقبالىنى ئالدىن مۆلچەرلەش مۇمكىن بولىدىغان بولسا ، بۇ دۇنيا تولىمۇ ئاددىيلىشىپ كەتكەن بولىدۇ.

ئەگەر سىز 20 ـ 30 يىلدىن كېيىن ئالىي ، ئوتتۇرا مەكتەپتە بىللە ئوقۇغان ساۋاقداشلار بىلەن جەم بولۇپ قالسىڭىز ، ئۆگىنىش نەتىجىسى ئەڭ ياخشى بالىلارنىڭ كۆپىنچىسىنىڭ ئانچە قاملاشماي قالغانلىقىنى ھېس قىلىشىڭىز مۇمكىن . ئەگەر سىز پېشقەدەم ئوقۇتقۇچى بولسىڭىزمۇ ئوخشاش تەسىراتتا ، ئەينى ۋاقىتتا نەتىجىسى ئادەتتىكىچە بىرقىسىم ئوقۇغۇچىلارنىڭ نەتىجىسى يۇقىرى ئوقۇغۇچىلارغا قارىغاندا ئورۇن ۋە بايلىق جەھەتتە ياخشىراق ئىكەنلىكىنى ھېس قىلىشىڭىز مۇمكىن.

ئىمتىھاندا يۇقىرى نومۇر ئالغان ئوقۇغۇچىلار ئۆلچەم قىلىنىپ ، ئوقۇغۇچىلارنىڭ كەلگۈسى بېكىتىلسە ، ئاز دېگەندە مۇنداق ئىككى چوڭ مەسىلە كېلىپ چىقىدۇ:

بىرىنچى ، ئوقۇتقۇچىلارنىڭ كەلگۈسىدە كىمنىڭ مۇۋەپپەقىيەت قازىنىدىغانلىقىنى پەرەز قىلمىقى قىيىن.

ئىككىنچى ، ئوقۇتقۇچىلارنىڭ دائىم قوللىنىدىغان باھالاش ئۆلچىمى مۇۋاپىق ئەمەس ، يەنى ئىمتىھان نەتىجىسىنىڭ يۇقىرى بولۇشى ئۇلارنىڭ كەلگۈسىدىكى مۇۋەپپەقىيەتلىرىگە ۋەكىللىك قىلالىشى ناتايىن.

مەن 25 يىل بۇرۇن ئوقۇتقان ئوقۇغۇچىلىرىمنى كۆزەتكىنىمدە ، بۇ خىل خاتالىقنى ھەيرانلىق ئىچىدە تونۇپ يەتتىم . ئەينى ۋاقىتتىكى ئۆگىنىش نەتىجىسى ئەڭ ياخشى بەش نەپەر ئوقۇغۇچۇمنىڭ ھازىر ئىككىسى دوختۇر ، بىرسى سېستىرا ، ئىككىسى ئادەتتىكى كادىر . بىراق ، ئۆگىنىش نەتىجىسى ئادەتتىكىچە ئوقۇغۇچۇمدىن ئىككىسى يېزا دەرىجىلىك رەھبەر ، بىر نەپىرى مەكتەپ مۇدىرى ، ئالىي مەكتەپ ئىمتىھانىدىن ئۆتەلمىگەن بىر نەپەر ئوقۇغۇچۇم مىليونېر ، مۇستەقىل دۆلەتلەر بىرلەشمىسىدە تىجارەت قىلىدۇ . ھازىر ناھىيە بازىرىدا تۆت قەۋەتلىك ئىككى سودا بىناسى بار . ئوتتۇرا تېخنىكومدا

ئوقۇغان يەنە بىرسى بولسا قەشقەر شەھىرىدە شەخسىي دوختۇرخانا ئېچىپ 50 ـ 60 كارىۋات ، 20 ـ 30 دوختۇر ـ سېستراغا باشلىق بولۇپ ئىشلەۋاتىدۇ . مەن ئۇلارنىڭ قانچىلىك پۇلى بارلىقىنى بىلمەيمەن . بەلكىم ئۇلار پۇلنىڭ ئېنىق سانىنى ئۆزلىرىمۇ توپتوغرا ئېيتىپ بېرەلمەسلىكى مۇمكىن . لېكىن ، ھېلىقى سودىگەر ئوقۇغۇچۇمنىڭ ئاقتۇ ناھىيە بازىرىغا سالغان ئىككى سودا بىناسىنىڭ قىممىتىلا 3 ـ 4 مىليون يۈەنگە يارايدۇ . ھېلىقى شەخسىي دوختۇرخانا باشلىقىنىڭ ئايلىق ئوبوروتى 2 ـ 3 يۈز مىڭ يۈەن ئەتراپىدا.



ئەگەر سىزمۇ ئوقۇتقۇچى بولسىڭىز ، 20 ـ 30 يىلدىن بۇرۇنقى ئوقۇغۇچىلىرىڭىزنىڭ ئەھۋالىنى تەكشۈرۈپ بېقىڭ . ئەھۋال ئاساسەن ئوخشاش چىقىشى مۇمكىن.

ناۋادا سىز ياشىنىپ قالغان ئاتا ـ ئانا بولسىڭىز ، بالىلىرىڭىزنىڭ ئەھۋالىغا قاراپ بېقىڭ ، بەلكىم ئەينى ۋاقىتتىكى كەپسىز ، دائىم سىزنى رەنجىتىدىغان بالىڭىزنىڭ كۆنى قۇلىقى يۇمشاق بالىڭىزنىڭ كۆنىدىن ياخشى بولۇشى مۇمكىن . سىزنى كىچىكىدە دائىم رەنجىتىدىغان بالىڭىز ھازىر سىزنىڭ ھالىڭىزدىن ھەممىدىن بەكرەك خەۋەر ئېلىپ قاراۋاتقان بولۇشى مۇمكىن.

نۇرغۇن كىشىلەر «بولىدىغان زىرائەت كۆكىدىن مەلۇم» دېگەن «ھەقىقەت»كە ئىشىنىپ ئالدىنىپ يۈرۈشىدۇ . بىراق ، ئادەم دېگەن ھېسسىياتلىق مەخلۇق . ئۆسۈملۈككە ئوخشىمايدۇ . بەلكىم سىز ئەڭ زور ئۈمىد كۈتكەن ، ئەڭ ياخشى ئوقۇتۇپ ، ئەڭ ياخشى كىيىندۈرگەن بالىڭىز بەلكىم ئەڭ ۋاپاسىز بالا بولۇپ قېلىشى مۇمكىن . ئۇيغۇرلاردا يەنە مۇنداقمۇ ماقال بار: «ئالا كېپەز ئات مىندۈرەر» ، «كۈتكەن يەردە توشقان ياتماپتۇ».

ئەمەلىيەت ئىسپاتلىدىكى ، مۇۋەپپەقىيەت ۋە ئىستىقبال تۇغما تالانتتىن ئەمەس ، بەلكى ئۈزلۈكسىز تىرىشچانلىقتىن كېلىدۇ . شۇڭا ئىمتىھان نەتىجىسىگە قاراپ كەلگۈسىنى پەرەز قىلغىلى بولمايدۇ.

كۆپلىگەن كىشىلەر «بىلىم ـ كۈچ» دېگەننى خاتا چۈشىنىۋالىدۇ . بىلىم پەقەت يوشۇرۇن كۈچتىنلا ئىبارەت . ئۇ ئەقىل ـ پاراسەت بىلەن بىرلەشكەندىلا ئاندىن ھەقىقىي كۈچكە ئايلىنىدۇ . يەنە بىرى ، بىلىم بىلەن ئەقىل ـ پاراسەت بىرنەرسە ئەمەس . بىلىم قائىدە ـ قانۇنىيەتلەرنى بىلىشنى كۆرسەتسە ، ئەقىل ـ پاراسەت ئاشۇ قائىدە ـ پرىنسىپلاردىن قانداق پايدىلىنىشنى كۆرسىتىدۇ . ھازىر مەكتەپلەردە ئوقۇغۇچىلارغا پەقەت بىلىم بېرىشكىلا ئەھمىيەت بېرىپ ، ئۇنى قانداق ئىشلىتىشنى دېگەندەك ئۆگەتمەيدۇ . يەنى بىلىم ئۆگىنىشكىلا ئەھمىيەت بېرىپ ، ئەقىل ـ پاراسەتكە سەل قارايدۇ . مانا بۇ مائارىپىمىزدىكى ئۈزۈك ھالقىدۇر . شۇڭا ، مەكتەپ تەربىيىسىنىڭ مۇھىم ۋەزىپىسى ئوقۇغۇچىلارغا بىلىم بېرىش بولۇپلا قالماستىن ، ئۇنى قانداق قىلىپ ئەقىل ـ پاراسەتكە ئايلاندۇرۇش بولۇشى كېرەك . تۋدمان . ل . تووېرى يەنە مۇنداق دەيدۇ: «بىر ئادەمگە بېلىق بەرگىنىڭ بىر كۈنلۈك ئوزۇق بەرگىنىڭ ، بېلىقچىلىق كەسپىنى ئۆگىتىپ قويغىنىڭ ، ئۆمۈرلۈك ئوزۇق بەرگىنىڭ» . بالىلارنىڭ مۇۋەپپەقىيىتى نېمىلەرنى بىلىۋالغانلىقىغا ئەمەس ، نېمىلەرنى قىلالىشىغا باغلىق . شۇڭا دېيىمىزكى ، ئىمتىھان ئوقۇغۇچىلارنىڭ ئەقىل ـ پاراسىتى ، تەرەققىيات يۆزلىنىشىنى ئەمەس ، پەقەت ئادەتتىكى بىلىمىنىلا سىنايدۇ . ئەقىل ـ پاراسەتنى بولسا ھايات ۋە تۇرمۇش سىنايدۇ.

شۇڭا ، ئىمتىھان نەتىجىسىگە قارىغۇلارچە چوقۇنۇپ ، بالىلارنىڭ ھايات يولى خەرىتىسىنى خاتا سىزىپ قويمايلى . جەمئىيەتتە كۆپلىگەن كىشىلەر ئۆزىنىڭ قارىشىنىڭ توغرا ياكى خاتالىقىنى ئۆز ئەمەلىيىتىگە ئاساسەن ئەمەس ، بەلكى باشقىلارنىڭ قانداق قىلىۋاتقانلىقىغا قاراپ ھۆكۈم قىلىدۇ . شۇڭا ، كۆپ ساندىكى كىشىلەر قانداق ئويلىسا ، شۇنداق ئويلايدۇ . قانداق قىلسا ، شۇنداق قىلىدۇ . ئەمدى «ئىمتىھان ، نېمە دەيسەن؟»

دېگەن يەرگە كەلدۇق . ئۇ چوقۇم «هازىر مەندىن نوچىسى يوق» دەپ جاۋاب بېرىدۇ ھەم كۆپ سانلىق كىشىلەر بۇنىڭغا ئىشىنىدۇ ، سىزچۇ؟

## مائارىپ زىيالىيلارنىڭ سەرخىللىرىغا موھتاج

مائارىپ بىر مۇرەككەپ سىستېما قۇرۇلۇشى ، ئۇنى مۇكەممەل يولغا قويۇش ئانچە ئاسان ئىش ئەمەس . بىر جەمئىيەتنىڭ ھەرقايسى تەرەققىيات باسقۇچى ۋە بىر مىللەتنىڭ تارىخىي تەرەققىياتىدا مائارىپنىڭ تۇتقان ئورنى ئوخشاش بولمىغانلىقتىن ، زىيالىيلارغا بېرىلگەن تەبىرمۇ پەرقلىق بولىدۇ . مەدەنىيەتتە تەرەققىي قىلمىغان بىرمىللەت ئۈچۈن ئېلىپ ئېيتقاندا ، زىيالىي پەقەت ساۋاتلىق بولۇشتىن ئىبارەت بولسا ، بىرقەدەر تەرەققىي قىلغان مىللەت ئۈچۈن زىيالىي بىر پارچە دىپلومدىن دېرەك بېرىدۇ . تەرەققىي قىلغان مىللەت ئۈچۈن بولسىچۇ؟ ئەلۋەتتە زىيالىي يۇقىرى ساپالىق بولۇشنى تەلەپ قىلىدۇ.

بىر زىيالىينى يېتىشتۈرۈپ چىقىش ، بىر قىرائەتخانا سالغانغا قارىغاندا تېخىمۇ مۇشكۈل ھەم ئەھمىيەتلىك . بىر مۇنەۋۋەر ئوقۇتقۇچىنى يېتىشتۈرۈپ چىقىش بولسا ، تۈركۈم ـ تۈركۈملەپ زىيالىيلارنى ، ئالىم ، يازغۇچى ، ئىختىساس ئىگىلىرىنى يېتىشتۈرگەنگە باراۋەر.

ئەمما ، بىز كۆرۈپ تۇرۇۋاتقان رېئاللىق شۇكى ، كۆپ ساندىكى سەر خىل زىيالىيلار ئوقۇتقۇچى بولۇشنى خالىمايدۇ . چۈنكى ، ئوقۇتقۇچى بولسا مەنسەپ تۇتقىلى ، قوشۇمچە ھەققە ئېرىشكىلى بولمايدۇ . شۇڭا ، ئۇلارنىڭ كۆپ قىسمى ئالدى بىلەن مەمۇرىي ئورگانلارغا كىرىشنى ، ھېچبولمىغاندا باشقا كەسىپلەر بىلەن شۇغۇللىنىشنى ، پەقەت بولمىغاندىلا ئاندىن ئوقۇتقۇچى بولۇشنى ئويلايدۇ . ھەتتا داڭلىق ئالىي مەكتەپلەرنى پۈتتۈرۈپ كەلگەن بىرقىسىم زىيالىيلار مەمۇرىي تارماقلاردا خىزمەت ئىزدەپ كۆتۈپ ياتسا ياتىدۇكى ، مەكتەپلەرگە بېرىپ ئوقۇتقۇچى بولۇشنى راۋا كۆرمەيدۇ . شۇڭا ، ھازىر بىر تەرەپتىن ، ئوتتۇرا ـ باشلانغۇچ مەكتەپلەردە قوش تىللىق تەجرىبە سىنىپلىرىغا ئوقۇتقۇچى تېپىش قىيىن بولۇش ، يەنە بىر تەرەپتىن ، جەمئىيەتتە نۇرغۇن زىيالىيلار ئىش كۈتۈپ تۇرۇشتەك تەتۈر تاناسىپلىق ۋەزىيەت شەكىللەندى . ئەگەر سىز بىرقىسىم ياشلاردىن «ئوقۇتقۇچى بولۇشنى خالامسىز؟»

دەپ سورىسىڭىز ، ئۇلار خۇددى سىزنى يەۋېتىدىغاندەك ئەلپازدا «نېمە ، مەن پۇستانى ئالىي مەكتەپتە 6 ـ 7 يىل ئوقۇپ قوش دىپلوم ئالغان تۇرۇپ ، ئوقۇتقۇچى بولامدىمەن؟» دەپ ھۆرپىيىدۇ . ئەكسىچە قانچىلىغان جاپاكەش ئۇستازلارنىڭ مەمۇرىي ئورگانلاردا ئىشلەش ۋە ئەمەلدار بولۇش پۇرسەتلىرىدىن ۋاز كېچىپ ، ئۆزلىرىنى تەربىيىلەپ چىققانلىقىنى خىيالىغىمۇ كەلتۈرۈپ قويمايدۇ . پۇرسەت كۈتۈپ بىكار يۈرۈشكە رازىكى ، ئوقۇتقۇچى بولۇشنى خالىمايدۇ . ئىشەنمىسىڭىز دىسكوخانىلاردا ئويۇن ـ تاماشا پەيزىنى سۈرۈۋاتقان ، تورخانىلاردا مۆكۈدىشۋاتقانلاردىن سوراپ بېقىڭ . ئۇلارنىڭ ئىچىدە داڭلىق ئالىي مەكتەپلەرنى پۈتتۈرگەنلەرنى چوقۇم ئۇچرىتالايسىز . مال ساتقۇچى ، ئۆي ـ مۈلۈك دەلاللىرى ، رېستوران ـ مېھمانخانا كۈتكۈچىلىرى ، كوچىمۇ خەۋەرلىشىش خىزمەتچىلىرىدىنمۇ سوراپ بېقىڭ ، ئۇلارنىڭ ئىچىدىمۇ «سەرخىل زىيالىيلار» بار . بەزىلىرى ھەتتا ئاپتونوم رايون ۋە مەملىكەتتىكى داڭلىق پېداگوگىكا ئۇنىۋېرسىتېتلىرىنى پۈتتۈرگەن ، ئۇلار ئاتا ـ ئانىلىرىغا تۈرلۈك باھانىلەرنى كۆرسىتىپ ، ئوقۇتقۇچى قوبۇل قىلىش ئىمتىھانلىرىغىمۇ قاتناشمايدۇ.

يېقىندا ئۆي ـ مۈلۈك شىركىتىدە ۋاسىتىچىلىك قىلىدىغان بىر بالا بىلەن پاراڭلىشىپ قالدىم . ئۇنىڭ گەپ ـ سۆزلىرىدىن خېلى يۇقىرى مەلۇماتلىقلىقى چىقىپ تۇراتتى . «سىز قايسى مەكتەپتە ئوقۇغان؟» دېگەن سوئالىمغا ئىچكىرىدىكى مەلۇم بىر داڭلىق پېداگوگىكا ئۇنىۋېرسىتېتىدا ئوقۇغانلىقىنى ئېيتتى ، ئارقىدىن: «كەسپىڭىز ياخشى ئىكەن ، ئۆتكەندە نېمە ئۈچۈن ئوقۇتقۇچىلىق ئىمتىھانىغا قاتناشمىدىڭىز؟» دېۋىدىم ، «ئوقۇتقۇچىلىق بىلەن خوشۇم يوق ، ئۇنىڭ ئۈستىگە ھەممىسىنى ناھىيىلەرگە تەقسىم قىلىدىكەن ، شۇڭا ئۆيدىكىلەرگە ‹ بىزنىڭ ئارخىپىمىز تېخى كەلمەپتۇ› دەپ قويۇپ قاتناشمىدىم» دېدى . دېمەك ، ئۇ شەھەرلەردە ئۆي ـ مۈلۈك شىركىتىدە ۋاقىتلىق ۋاسىتىچى بولۇشقا رازىكى ، ئوقۇتقۇچى بولۇشنى خالىمايدىكەن.

بۇ خىل ئەھۋالنى تولۇق ئوتتۇرىنى پۈتتۈرۈپ ئالىي مەكتەپكە ئىمتىھان بەرگەن ئوقۇغۇچىلارنىڭ ئارزۇ تولدۇرۇش ۋاقتىدىمۇ روشەن ھېس قىلغىلى بولىدۇ . كۆپلىگەن ئوقۇغۇچىلار پېداگوگىكا مەكتەپلىرىنى ئەڭ ئاخىرقى ئارزۇسىغا يازىدۇ ، بىرقىسىم باللار ھەتتا ياز-

مايدۇ.

نېمە ئۈچۈن شۇنداق بولىدۇ؟ گەپنى ئۇدۇللا دېگەن تۈزۈك ، ئوقۇتقۇچى بېيىغىلى بولمايدىغان ، راھەت كۆرمەيدىغان ، «10 – سېنتەبىر»دىن باشقا چاغلاردا كىشىلەرنىڭ ئەسلىشىگە نائىل بولالمايدىغان كەسىپ.

هازىر ئوقۇتقۇچىلارنىڭ كۈنىمۇ خېلى يامان ئەمەس ، ھېچبولمىغاندا ئۇلارنىڭ ئۇنۋان ، ئىش ھەققى مەمۇرىيلاردىن يۇقىرى . بىراق ، ھەرقانچە ئالىي ئۇنۋان ئالسىمۇ يەنىلا «بۆلۈم دەرىجىلىك ، باشقارما دەرىجىلىك ، نازارەت دەرىجىلىك» ھېسابلىنىدۇ . ئەمما ، «بۆلۈم دەرىجىلىك ، باشقارما دەرىجىلىك ، نازارەت دەرىجىلىك» رەھبەرلەرگە ئوخشاش ئۇلارغا مەخسۇس ئىشخانا ، كاتىپ ، ماشىنا ، شوپۇر سەپلەپ بېرىلمەيدۇ . «ئالىي دەرىجىلىك ئوقۇتقۇچى»لارمۇ ۋېلىسىپىت بىلەن ئىشقا بارىدۇ . ئىشخانىسىنى ئۆزى تازىلايدۇ . «ئاش تەڭ ، نان تەڭ ، سول نېمىشقا كەڭ» دېگەندەك ، ئۇلار ھېچقانداق ئالاھىدە ئىمتىيازدىن بەھرىمەن بولالمايدۇ.

هازىر بازار ئىگىلىكى دەۋرى ، پۇرسەت دېگەن كۆپ ، ئۆزى خالىمايدىغان كىشىلەرنى ئوقۇتقۇچىلار سېپىگە ياقىسىدىن تارتىپ ئەكىرىشنىڭ ھېچقانداق ئورنى يوق . ئۇنىڭ ئۈستىگە ئوقۇتقۇچى بولمەن دەپلا بولغىلى بولمايدۇ . بۇنىڭ ئۈچۈن نەچچە ئەلگەكتىن ئۆتۈشكە توغرا كېلىدۇ.

كىشىلەرنىڭ قانداق قارىشى ۋە مۇئامىلە قىلىشىدىن قەتئىينەزەر ، ئەستايىدىللىق بىلەن مۇئامىلە قىلغاندا ئوقۇتقۇچىلىق يەنىلا شەرەپلىك ، مەسئۇلىيەتچانلىق بىلەن يۇغۇرۇلغان كەسىپ . جەمئىيىتىمىزدە ئىجادچانلىق ۋە مەسئۇلىيەتچانلىق روھىغا باي كۆپلىگەن كىشىلەر يەنىلا ئىجتىھات ۋە پەخىرلىنىش تۇيغۇسى بىلەن ئوقۇتقۇچىلىق كەسپى بىلەن شۇغۇللانماقتا.

نۆۋەتتە مىللىي مائارىپىنىڭ ئەھۋالىدىن قارىغاندا ، ئوقۇتقۇچىلارنىڭ ئومۇمىي گەۋدە ساپاسى تەكشى بولمىغانىنىڭ ئۈستىگە ، قوش تىللىق ئوقۇتقۇچىلارغا بولغان ئېھتىياجنى قاندۇرالمايۋاتىدۇ . يېزىلار ۋە چەت – ياقا جايلاردىكى مەكتەپلەردە ئوقۇتقۇچى كەمچىل ، شۇنى تونۇشىمىز كېرەككى ، بىزنىڭ ئاھالىمىزنىڭ مۇتلەق كۆپ قىسمى يېزىلاردا ، شۇنداقلا ئىختىساسلىقلارنىڭ ئاساسلىق كېلىش مەنبەسىمۇ يەنىلا يېزىلاردا ، بۇنى مىللىتىمىز ئىچىدىن چىققان دوكتور ۋە داڭلىق زىيالىيلارنىڭ تەرجىمىھالىنى كۆرۈپ باقسالا بىلەلەيمىز . ئۇنىڭ ئۈستىگە دېھقان باللىرىنىڭ ئۆگىنىش قىزغىنلىقى ناھايىتى يۇقىرى . ئۇلار نامرات ، ئاتا – ئانىسىنىڭ ھوقۇقى ۋە پۇلى يوق ، يورۇق ئازادە ئۆيلىرى ، چىرايلىق كىيىم – كېچەكلىرى يوق ، دەپتەر – قەلىمىنى ئاران سېتىۋالالايدۇ . ئۇلارنىڭ شەھەرلىكلەردەك يۇرۇشلەشكەن مەكتەپلىرى يوق ، ئۇلار دەرسلەرنى تەجرىبىخانا ، كومپيۇتېرخانىلاردا ئەمەس ، ئاشۇ بىردىنبىر «مۇقەددەس» ئورنى بولغان ئاددىي سىنىپ ۋە سۇنۇق پارتىلاردا ئولتۇرۇپ ئۆگىنىدۇ . ئەمما ، ئادەمنى ھەيرەتتە قالدۇرىدىغىنى شۇكى ، ئوتتۇرا مەكتەپ ۋە ئالىي مەكتەپلەردىكى ئۆگىنىشتە ئالدىنقى قاتاردا ماڭىدىغان ئوقۇغۇچىلارنىڭ كۆپىنچىسى ئاشۇ چەت – ياقىدىكى ، تۇرمۇش شارائىتى ناچار جايلاردىن كەلگەن ، ئوقۇش پۇلىنى قەرز ئېلىپ ئوقۇۋاتقان دېھقان باللىرى . ئۇلار پۈتۈن كۈچى بىلەن ئۆگىنىپ ياراملىق ئادەم بولۇپ ، ئۆزىنىڭ تەقدىرىنى ئۆزگەرتىشنىڭ كويىدا بولماقتا . بۇ ئاشۇ بالىلارنىڭ ئۆز تەقدىرىنى ئۆزگەرتىش يولىدىكى تىرىشچانلىقى بىلەن بىرگە ئاشۇ نامرات يېزا – قىشلاقلاردا ، ئاچچىق توپا ۋە بور توزانلىرى ئارىسىدا ياشاۋاتقان ، بىر سىنىپنىڭ بارلىق يۈكىنى تەنھا ئۈستىگە ئېلىپ ئۈن – تىنسىز تۆھپە قوشۇۋاتقان ئوقۇتقۇچىلارنىڭ جاپالىق ئەجرىدىن كەلگەن ، ئەلۋەتتە.

يېزا – كەنتلەردە ئىشلەۋاتقان ئوقۇتقۇچىلارنىڭ قۇربان بېرىش روھى قەدىرلەشكە ئەرزىيدۇ . ئۇلارنىڭ تۆھپىسى مۆلچەرلىگۈسىز ، ئەمما ئېرىشكىنى ھەقىقەتەن ئاز . بۇ بىر ئۇلۇغ روھ ، قەدىرلەشكە تېگىشلىك يۈكسەك پەزىلەت.

ئەگەر بىر مىللەتنىڭ سەر خىل زىيالىيلىرى (ئەگەر ئۇلار ئۆزىنى چىن مەنىسىدە شۇنداق دەپ تونۇسا) مائارىپ بىلەن شۇغۇللانمايدىكەن ، ئۇ چاغدا بۇ مىللەت ترېنېرى يوق پۇتبول ئەترىتىگە ئوخشاپ قالىدۇ . ئۇلار ھەرقانچە قىلسىمۇ پەقەت 3 – دەرىجىلىك ترېنېرغا تايىنىپ ، ئاران 2 – دەرىجىلىك ئەترەت بولالايدۇ . ھەرگىز 1 – بولالمايدۇ . بۇ ئەترەت 1 – بولۇشنى ئارزۇ قىلىپ قانچىلىك باتۇرلۇق كۆرسىتىشىدىن قەتئىينەزەر ، بىرىنچىلىك مەڭگۈ ئارزۇ بولۇپ قالىدۇ

تەھرىرلىگۈچى: **ئىمىرھەسەن مەخمۇت**



# تاڭ دەۋرى نەزمستانىدىن ئەقىل ـ پاراسەت دەستۇرىغىچە

## مۇسا ئەھەد

«باھار ئەيىامى كەلگەندە چېچەكلەر پۈركىنىپ نۇرغا،
سىرىق تۇرنا راۋاقىدىن ئۇ ماگدى شەھىرى ياگجۇغا.
يىراقلاشقانسىرى يەلكەن يوقالدى كۆككە سىڭگەندەك،
ئاقار چاگجياڭ ياساپ دولقۇن گويا كۆكنىڭ پايانىغا.»

لى بەينىڭ «ھەزرىتى مىڭ خاۋرەننى ئۇزىتىش» ناملىق بۇ مەشھۇر شېئىرىنى ئوتتۇرا مەكتەپتە ئوقۇغانىدىم ، ئارىدىن 24 يىل ئۆتكەن بولسىمۇ ئەينەن يادىمدا تۇرۇپتۇ . ئۇنى كىمنىڭ تەرجىمە قىلغىنى يادىمدا قالماپتۇ . لى بەينىڭ ئالامەت شېئىرىي كارامىتىمۇ ياكى تەرجىمان يۈكسەك تەرجىمە ماھارىتىمۇ ۋە ياكى شائىر بىلەن تەرجىماننىڭ تالانتىنىڭ تەبىئىي يۇغۇرۇلۇشىدىنمۇ ئەيتاۋۇر بۇ شېئىرنى ھەر قېتىم زىكىر قىلغان چاغلىرىمدا ، ئاجايىپ گۈزەل شېئىرىي مەنزىرىدىن ھاسىل بولغان يارقىن كۆرۈنۈشلەر كۆز ئالدىمغا كېلىدۇ . مەنمۇ يېقىن بىر دوستۇمنى ئۇزىتىۋاتقاندەك تۇيغۇغا كېلىمەن . مېنىڭمۇ تاڭ دەۋرى شېئىرلىرى ھەققىدىكى چۈشەنچەم مۇشۇ شېئىر بىلەن باشلانغانىدى . كېيىنچە ئاتاقلىق شائىر ، يېتۈك تەرجىمان ئابدۇكېرىم خوجىنىڭ كامالەتكە يەتكەن ماھارىتى بىلەن تەرجىمە قىلىنغان «دۇ فۇ شېئىرلىرى»نى ئوقۇپ تاڭ دەۋرىدىكى يەنە بىر مەشھۇر ئەدىب دۇ فۇنىڭ ھاياتى ، شېئىرلىرى بىلەن تونۇشۇشقا مۇۋەپپەق بولدۇم.

80 ـ يىللارنىڭ باشلىرىدا ياسىن ھاۋازى تەرجىمە قىلغان بىر تۈركۈم تاڭ دەۋرى شېئىرلىرى گېزىت ـ ژۇرناللاردا ئېلان قىلىنىشقا باشلىدى . خېلى يۇقىرى بەدىئىي ماھارەت بىلەن تەرجىمە قىلىنغان بۇ شېئىرلار ئىچىدىكى ليۇ زۇڭيۈەننىڭ «ليۇجۇ راۋىقىدا تۆت ئايماق بېگىگە يوللانغان سالام» ناملىق شېئىرى ئالاھىدە دىققىتىمنى تارتقان ، ھەتتا ئۇنى خاتىرەمگىمۇ ئالغانىدىم:

راۋاق ئۆزرە ئۇزاق باقتىم شۇ كەڭ دالا تامانىغا،
بېشىمنى باستى غەم ئوخشاپ گويا دەريا قىيانىغا.

نېلۇپەر تۇرمىدى ھېچ جىم شامالار ئەۋجىدىن بىردەم،
يېپىشقاق تامدا ئىگرايدۇ قېلىپ يامغۇر ئازابىغا.

داۋان ـ تاغ ، دەل ـ دەرەخ توستى كۆزۈمنى پەردە بوپ شۇ دەم،
ئېقىنلار زەپمۇ تولغاندى ئاقالماي ئۆز راۋانىغا.

بۇيان كەلگەن بىلەن بارچە سېلىپ بەلگە يۇرەر جايغا،
بەسى مۇشكۈل خەۋەرلەشمەك ، ئېرىشمەك ھەم ۋىسالىغا.

1983 ـ يىلى مىللەتلەر نەشرىياتى نەشر قىلغان ، يەنە شۇ ياسىن ھاۋازى تەرجىمىسىدىكى «تاڭ دەۋرى شېئىرلىرىدىن» ناملىق كىتاب قولۇمغا چۈشۈپ قالدى . ئۆزى ناتونۇش ، نامى ماڭا خېلىلا تونۇش بولۇپ قالغان بۇ كىشىنىڭ ئېلىمىزنىڭ كلاسسىك شېئىرىيەت تەرەققىياتىدىكى ئومۇمىي يۈزلىنىشى ۋە ئالتۇن دەۋرىگە ۋەكىللىك قىلالايدىغان ، ئېلىمىزنىڭلا ئەمەس ، ھەتتا جاھان ئەدەبىيات خەزىنىسىدىمۇ گۆھەر سانىلىدىغان تاڭ دەۋرى شېئىرلىرىنى ئايرىم كىتاب قىلىپ نەشر قىلىشى ھەققەتەن قەدىرلەشكە تېگىشلىك كاتتا مېھنەت ئىدى.

ئېلىمىز بويىچە «تاڭ دەۋرى شېئىرلىرىدىن 100» نىڭ تۇنجى ئۇيغۇرچە تەرجىمىسىگە ئۇزۇن يىللاردىن بۇيان كىشىلەرنىڭ ئېغىزىدىن چۈشمەي ، ئېغىزدىن ـ ئېغىزغا كۆچۈپ يادلىنىپ كەلگەن مۇنەۋۋەر شېئىرلاردىن 120 نەچچە پارچە شېئىر كىرگۈزۈلگەن . بۇ شېئىرلار گەرچە تاڭ دەۋرى شېئىرلىرىنىڭ پۈتكۈل جەۋھەرلىرىنى ئۆز ئىچىگە ئېلىپ كېتەلمىسىمۇ ، تاڭ دەۋرى شېئىرلىرىنىڭ ئالاھىدە مەنىۋى قىياپىتىنى ئاساسىي جەھەتتىن ئەكس ئەتتۈرۈپ بېرىدۇ . لى بەي ، دۇ فۇ ، بەي جۈيى قاتارلىق دۇنياغا مەشھۇر ئۇلۇغ شائىرلارنىڭ ئۆزىگە خاس شېئىرىي ئۇسلۇبى ۋە ئالاھىدە بەدىئىي ئىستېداتى ، ماھارىتى

شۇنىڭدەك ھەربىر شېئىرنىڭ ئىدىيىۋى مەزمۇنى ، ئىجادىيەت ئۇسۇلى ۋە بەدىئىي ئالاھىدىلىكىنى ئۇيغۇرچىدە توغرا ، راۋان ، مۇكەممەل ئىپادىلەش ئۈچۈن ، ياسىن ھاۋازى ھەقىقەتەن زور كۈچ چىقارغان.

ئەينى چاغدا «تاڭ دەۋرى شېئىرلىرىدىن» ناملىق كىتابنىڭ نەشر قىلىنىشى شېئىرخۇمار خەلقىمىزنىڭ تەشنالىقىنى قاندۇرۇپلا قالماي ، بەلكى باشقا مىللەت يازغۇچى ـ شائىرلىرى ئىچىدىمۇ خېلى زور زىلزىلە قوزغىغان . ما شۈجېن قاتارلىق يولداشلار «كىتاب گۈلشەنى» گېزىتى ۋە «خەلق گېزىتى»گە «مىللەتلەر ئارا مەدەنىيەت ئالماشتۇرۇشقا بېغىشلانغان قەلب» سەرلەۋھەلىك زىيارەت خاتىرىلىرى يېزىپ ، ياسىن ھاۋازى ۋە ئۇنىڭ بەدىئىي تەرجىمە ماھارىتىگە ناھايىتى يۇقىرى باھالارنى بەرگەنىدى.

## نەزىرىمدىكى شائىرلار

ھەر بىر دەۋرنىڭ قەدىرلىنىدىغان ، ئەتىۋارلىنىدىغان ، گۈللىنىدىغان پەن ۋە كەسىپلىرى بولىدۇ . شۇ دەۋردە گۈللەنگەن بۇ كەسىپلەر ئۆزىنىڭ يارقىن ئابىدىسىنى تىكلەپ ، كېيىنكىلەرنىڭ ئىپتىخارىغا ، ئۈلگىسىگە ئايلىنىپ قالىدۇ.

80 ـ يىللاردا ئۇيغۇر شېئىرىيىتى ئومۇميۈزلۈك گۈللىنىش باسقۇچىغا كىرگەن ئالتۇن پەسىل ئىدى . مەيلى بەدىئىي ئەدەبىيات بولسۇن ، مەيلى تەرجىمە ئەدەبىياتى بولسۇن ، بەيگىگە چۈشكەن تۇلپاردەك بىر ـ بىرىگە ياندىشىپ ، تەسىر كۆرسىتىپ ، ئۇزۇن يىللىق بىكىك ، بۇرۇقتۇرما ھالەتكە خاتىمە بېرىلگەنىدى . مەدەنىيەت ئىنقىلابىدىن كېيىن باشلانغان ھەر خىل سىياسىي كۈرەش ، سىياسىي قالپاقلارنىڭ تەسىرىدىن قەلبى جاراھەتلەنگەن ، روھىدىكى سىقىلىش تەلتۆكۈس يوقالمىغان كىشىلەر ئەدەبىياتتىن ئىبارەت بۇ ۋاستە ئارقىلىق ئۆزىگە مەنىۋى ئوزۇق ، مەنىۋى تەشنالىق تاپماقتا ئىدى . يازغۇچى ، شائىرلارمۇ كىشىلەر قەلبىدىكى سۆيۈملۈك ، ھۆرمەتكە سازاۋەر كىشىلەرگە ئايلانغان ، ئۇلارنىڭ جەمئىيەت ۋە خەلق ئىچىدىكى نوپۇزىمۇ ئالاھىدە ئىدى . كىشىلەر ئۇلارغا ھەۋەس قىلاتتى . ئۇلارنىڭ يازغان ئەسەرلىرىنى ئىپتىخار ، ھاياجان ئىچىدە تىلغا ئېلىشاتتى . ئۇلار ياراتقان غايىۋى ئوبرازلار بىلەن ئۆزلىرىنى سېلىشتۇراتتى . ئۇلارنى ئۆزىگە ئۈلگە قىلاتتى . ياخشى يېزىلغان شېئىرلارنى ئوقۇش ، يادلاش ، كىشىلەرگە سوۋغا قىلىش ، ھەتتا ئايرىم خاتىرە دەپتەرلەرگە كۆچۈرۈپ ساقلاش مودىغا ئايلانغانىدى.

ئۇلار مېنىڭ نەزىرىمدىمۇ جەمئىيەتتىكى ھەممە ئادەملەردىن ئۈستۈن تۇرىدىغان ، پەرىشتە سۈپەت ، توققۇزى تەل ، دانىشمەن كىشىلەر ھېسابلىناتتى . شۇنداق بولغاچقىمىكىن ، ئەڭ ۋاپادار ، ئەڭ ساھىبجامال خانىم ـ قىزلارنى ئۇلارغا مۇناسىپ دەپ قارايتتىم . مېنىڭ ساددا خىيالىمدىكى يازغۇچى ، شائىرلار دۇنيادىكى بارلىق ياخشىلىق ، ئىزگۈلۈك ، مول مەئىشەتلەردىن بەھرىلىنىشكە تامامەن ھەقلىق ئىدى . ئوتتۇرا مەكتەپتە ئوقۇۋاتقان چاغلىرىمدا شەھىرىمىزدە خېلىلا كۆزگە كۆرۈنگەن بىر شائىر بىلەن تونۇشۇش پۇرسىتىگە ئېرىشتىم . ئۇ تولىمۇ ئاق كۆڭۈل ، ساددا ، جىمغۇر ئادەم ئىدى . ھاراق ئىچىۋالغان چاغلاردىلا شائىرلىق تالانتى ئۇرغۇپ ، ھەممە ئادەمنى ئاغزىغا قارىتاتتى . بىر كۈنى يېڭىلا يازغان ئەسىرىمنى ئۇلارنىڭ ئۆيىگە ئاپىرىشقا توغرا كەلدى . شۇ چاغدىكى ھاياجىنىمنى تىل بىلەن تەسۋىرلەپ بېرىشكە ئاجىزلىق قىلىمەن . ئۇلارنىڭ ئۆيىگە كىرگەن چاغدىلا ھەيرانلىق ، تەئەججۈپ ئارىلاشقان مۇرەككەپ ھېسسىيات ۋۇجۇدۇمنى چىرمىۋالدى . مېنىڭ نەزىرىمدىكى تۇرمۇش ، رومانتىك ھايات ، ساھىبجامال خانىم بۇ يەردە كۆرۈنمەيتتى . نامراتچىلىق تۆكۈلۈپ تۇرىدىغان ئۆي ئىچى ، ئادەمنىڭ قۇلاق ـ مېڭىسىنى يېگۈدەك ۋاراڭ ـ چۇرۇڭ قىلىشىۋاتقان بىرقانچە بالا ، بىرنى دېگۈچە پىلىموتتەك سۆزلەپ تۇرىدىغان كۆرۈمسىز ئايال مېنىڭ شېرىن خىياللىرىمنى ئاستىن ـ ئۈستۈن قىلىۋەتكەنىدى.

ئارىدىن 30 يىلغا يېقىن ۋاقىت ئۆتكەن بۈگۈنكى كۈندە ، ئۇلار ھەققىدىكى خىياللىرىم ئورنىنى يېڭى ـ يېڭى تەسىراتلار ئىگىلىدى . جۇڭگو ۋە چەت ئەللەردىكى ئاتاقلىق ئەدىبلەرنىڭ تەرجىمىھالىنى ئوقۇش ، ئۇلار بېسىپ ئۆتكەن ئەگرى ـ توقاي ھايات مۇساپىسى ، خىزمەت ، نىكاھىدىكى ئوڭۇشسىزلىق ، كىشىلىك تۇرمۇشىدىكى ئاچچىق قىسمەتلىرى ئاۋۋالقى شېرىن خىياللىرىمنى بەربات قىلدى.

«تۈتۈننىڭ ئاچچىقىنى مورا بىلەر» دېگەندەك مەنمۇ شائىرلىق كوچىسىغا كىرگەن ، شائىرلىقنىڭ ئاچچىق ـ چۈچۈك ھەسرەتلىرىنى تېتىغان ، مەن ئارىلاشقان ، تونۇشقان ئاشۇ ئەدىبلەرنىڭ تۇرمۇشى ، خىزمىتى ، كىشىلىك ھاياتىدىكى كۆرۈنمەس ھاڭ ، جاراھەتلەرنى كۆرگەن چېغىمدىلا ئۇلارنىڭ چۈمۈلىدەك تىنىمسىز ، ئاق يېغىنىدەك سۈرەنسىز ئەمگىكى بەدىلىگە كەلگەن مەنىۋى مەھسۇلاتى بىلەن كىشىلەر قەلبىدىكى ھۆرمەت ساھىبىغا ئايلانغان ئاددىي كىشىلەر ئىكەنلىكىنى بارا ـ بارا ھېس قىلىشقا باشلىدىم.

پاكىز ، ئازادە سەرەمجانلاشتۇرۇلغان 70 نەچچە كۋادرات مېتىر كېلىدىغان ئۈچ ئېغىزلىق ئۆيىنىڭ ئىچىدىكى بىر ئېغىزلىق ئۆي قاچانلا قارىسا ئېتىلگەن ھالەتتە تۇرىدۇ . ئون نەچچە كۋادرات مېتىر كېلىدىغان ئۆي ،

ئۆيىنىڭ ئوڭ تەرىپىگە دەرھال ئارام ئالغىلى بولىدىغان بىر كارىۋات، كارىۋاتنىڭ ئۈيەر - بۇ يېرىگە بىر كىشىلىك يوتقان - كۆرپە قويۇلغان. چامادان ئۈستىگە بىر دۆۋە كىتاب - ژۇرنال، گېزىتلەر رەتسىز تىزىلغان. دېرىزە يېنىدىكى كونىراق بىر شىرەگە يېزىپ پۈتمىگەن ئورىگىناللار، ئەيتاۋۇر ئۈستىگە خەت يېزىلغان قەغەزلەر، ھەرخىل لۇغەتلەر، قورال كىتابلار قويۇلغان، پەقەت ئوتتۇرىسىدىلا خەت يېزىشقا بولىدىغان 50 سانتىمېتىر ئەتراپىدىكى بوشلۇق قالدۇرۇلغان. تام ياقىلاپ قويۇلغان 3 - 4 كىتاب جاۋىنىغا پەۋەس كىتاب - ژۇرناللار تىزىلغان. مانا بۇ ئۆي ئۇنىڭ ھازىرقى ئىجادىيەت ئۆيى، خىلۋەت ئارامگاھى، مۇقەددەس خانىدانلىقى. ئۇ بۇ يەردە ھاياتنىڭ ھۇزۇرىنى، سىر - ھېكمەتلىرىنى بەھۇزۇر سۈرەلەيدۇ. ھەممە ئۇيقۇغا كەتكەن جىمجىت ئۇزاق كېچىلەردە قەلبىنىڭ نازۇك، ئىلاھىي تىۋىشلىرىغا قۇلاق سېلىپ، تەنھالىقنىڭ پەيزىنى سۈرەلەيدۇ. بۇ يەر ئۇنىڭغا شۇنداق گۈزەل، ئارامبەخش، ھۇزۇرلۇق بىلىنىدۇ. ئۇ بۇ يەردە ئوقۇرمەنلەر ئىنتىزار بولغان «ئەقىل - پاراسەت دەستۇرى»نى، «ئۆمۈرلۈك دەسمايە»نى ۋە گېزىت - ژۇرناللاردا ئۇزمەي ئېلان قىلىۋاتقان ھېكايە، نەسرلەرنى تاڭ دەۋرىدىكى كلاسسىك شائىرلارنىڭ شاھانە ئەسەرلىرىگە سىر - ئەسرا بولۇپ، بۇلارنىڭ بۇلبۇلدەك ئاۋازىنى، پىنھان، نازۇك سىرلىرىنى، بەدىئىي كامالىتىنى كىشىلەرگە يەتكۈزگەن. ئۇ مۇشۇنداق جاپالىق مېھنىتىنىڭ مېۋىسى بولغان «بىر ئوۋچىنىڭ ئىنتىزارى»، «تۆرگېنېف نەسرلىرىدىن»، «بىر يوڭ ئەدىبالنىڭ كەچۈرمىشلىرى» ناملىق ئەسەرلەرنى يۇقىرى بەدىئىي ماھارەت بىلەن تەرجىمە قىلىپ، ئاپتونوم رايون بويىچە ھەر خىل مۇكاپاتلارغا نائىل بولغان. ئۇنىڭ ھايات مۇساپىسىدە تىنىمسىز ئىزلەنگەن ھاياتى، قازانغان شان - شەرەپلىرى «جۇڭگو مۇتەخەسسىسلەر» قامۇسىغا، «جۇڭگو ياشانغان تالانت ئىگىلىرى قامۇسى»غا، «زامانىمىزدىكى مۇنەۋۋەر جۇڭخۇا ئوغۇل - قىزلىرى» ناملىق يۇرۇشلۇك توپلاملارغا كىرگۈزۈلۈپ، ئاپتونوم رايونىمىزدىلا ئەمەس، پۈتۈن مەملىكەت ئىچىدىمۇ بەلگىلىك تەسىرگە ئىگە بولۇپ قالدى.

ھەربىر ئەدىب، شائىرنىڭ ئۆزىگە خاس ئىجادىيەت ئادىتى بولىدۇ. مەن كىتابلاردىن بىر قىسىم شائىر، يازغۇچىلارنىڭ ئەسەرلىرىنى ئۆرە تۇرۇپ يازىدىغانلىقىنى، بىر قىسىم يازغۇچىلارنىڭ دۈم يېتىپ، بىر قىسىم يازغۇچىلارنىڭ ۋاراڭ - چۇرۇڭ ئەۋجىگە چىققان پويىز ۋوگزاللىرىدا، قەھۋەخانىلاردا، يەنە بىر قىسىم يازغۇچىلارنىڭ ئەل ئۇيقۇغا كەتكەن جىمجىت كېچىلەردە، يەنە بىر قىسىم يازغۇچىلارنىڭ سەھەردە ئەسەر يازىدىغانلىقىغا ئائىت مىساللارنى كۆپ ئوقۇغانىدىم. ياسىن ھاۋازىنىڭ ئۆزىگە خاس ئىجادىيەت ئادىتى بار. مەيلى ئۇ سەپەر ياكى ساياھەتكە چىقسۇن، يېنىدىن بىر سومكىسى ئايرىلمايدۇ. بايرام، دەم ئېلىش كۈنلىرىدە بېيجىڭدىكى بارلىق باغچىلاردا، ئۇزاق سەپەرلەردە، ھەتتا بېيدەيخې، چېڭدې قاتارلىق ساياھەت ئورۇنلىرىدىمۇ ئۇ «تاڭ دەۋرى شېئىرلىرى»نى تەرجىمە قىلىشنى تاشلاپ قويمىغانىدى. مەن ئۇنىڭ ئاشۇ خاسىيەتلىك، مېھرى ئىسسىق ئۆيىدە ئۇنىڭ بىلەن ئۇنىڭ ئىجادىيىتى ۋە قىسمەتلىرى توغرىسىدا ئۇزاق - ئۇزاق پاراڭلاشقان... تاغدەك ئەلەملەر كەلسىمۇ پىسەنتىگە ئالمايدىغان، ھەممە ئىشقا ئاشۇ يېقىملىق كۈلكىسى، كەڭ قورساق، ئوچۇق - يورۇق خىسلىتى بىلەن جاۋاب بېرىدىغان، باشقىلارغا ياردەم بېرىشنى، چىن سەمىمىي دوست تۇتۇشنى ئەلا بىلىدىغان بۇ ئالىيجاناب قەلب ئىگىسى مەندە ئاجايىب ئىزگۈ ھېسلارنىڭ ئويغىنىشىغا سەۋەب بولغانىدى.

## تۇنجى ئوت

*«ئىنسان ئىگەلەپ يەرگە چۈشكەن ۋاقتىدىن باشلاپ، ئاياللار كۆكسىدىن ھاياتلىق تەمىنى تېتىيدۇ. بوۋاقلار گۇگراشىمۇ، ھەجىلەپ گەپ قىلىشىمۇ ئاياللاردىن ئۆگىنىدۇ. بىزنىڭ ئەڭ دەسلەپكى يىغىمىزنىمۇ ئاياللار پەسلىتىدۇ. بىزنىڭ ئاخىرقى نەپىسىمىزمۇ كۆپ ھاللاردا ئاياللارنىڭ يېنىدا توختايدۇ» دەيدۇ بايرون.*

ھاياتنى بىز سەلتەنەتلىك قەسىرگە ئوخشاتساق، ئىنسان ئۆمرى ئاشۇ قەسىردىكى رەڭدار نەقىشكە ئوخشايدۇ. تۇرمۇشنى بىر پۈتۈن گەۋدە دېسەك، ئۇنىڭ تەركىبىي قىسمى بىز قەلبىمىزگە سىزغان نەقىشلەردۇر.

ئۆمۈرنىڭ 65 - داۋىنىغا قەدەم قويغان، ئوتتۇرا بوي، قىزغۇچ چىرايىدىن كۈلكە ئۆكسىمەيدىغان، ئاق ئارىلىغان چېكە چاچلىرىنى ھېسابقا ئالمىغاندا، دەرھال قارىغان ئادەمدە ئۆز يېشىدىن ئون ياش كىچىك كۆرۈنىدىغان بۇ ئادەم يېقىنقى يىللاردىن بۇيان بالىلىق چاغلىرىنى كۆپرەك ئەسلەيدىغان بولۇپ قالغانىدى. 50 يىل مۇقەددەم ئۇنىڭ قەلبىدە ئويغانغان يوشۇرۇن، ئەمما شېرىن بىر ئىزتىراپ گىرەلىشىپ كەتكەن باللارچە مۇھەببەت تاتلىق چۈشلىرى بىلەن سىردىشىپ، يۇمران خىياللىرىغا تۇنجى مۇھەببەتنىڭ ئوتىنى ياققانىدى. ئارىدىن 50 يىل ئۆتۈپ كەتتى. ئۆتكەن يىللار نۇرغۇن نەرسىلەرنى يەپ يەنە نۇرغۇن نەرسىلەرنى ئۆتمۈشكە ئايلاندۇرغان، ئەمما ئۇنىڭ خىياللىرىنى ۋاراقلاپ بالىلىق مەۋسۇمى ئويغاتقان مۇھەببەت ۋە بۇ نازۇك ھېسلارنىڭ شاھىدى بولغان قوشاقلارنى ئۇنتۇپ كېتەلمىدى:

تۆت يانچۇقلۇق ئەسكەرگە،
كويچىنى بار دەپ تەگدىڭمۇ؟
ماڭا باقماي ، ئۆزگىگە
گۈل بويۇڭنى ئەگدىڭمۇ؟

لېنتا ئېسىپ چېچىغا،
ئۇسما قويۇپ قېشىغا،
توي قىلىشقا ئالدىرار
قارىماستىن يېشىغا .

زەرگەرچىنىڭ قىزى ئۇ،
يۇرتىمىزنىڭ گۈلى ئۇ،
يۈرەكلەرنى جىغ قىلار،
خۇددى ئاينىڭ ئۆزى ئۇ.

ئۇ تولۇقسىز ئوتتۇرا مەكتەپنىڭ 3 ــ يىلىلىقىدا ئوقۇۋاتقان چاغلىرىدا ئاھۇ كۆز ، ئىككى تال توم قارا ئۇزۇن چاچلىرىنى لېنتا بىلەن باغلىۋالىدىغان نازۇك بەدەن بىر قىز ساۋاقداشنىي ياخشى كۆرۈپ قالغان . ئۇنىڭ بىلەن كەلگۈسى ھاياتنى ئاجايىپ تەسەۋۋۇرلارغا تولدۇرۇۋەتكەنىدى . ھەربىر دەۋرنىڭ ئۆزىگە خاس مودىسى بولىدۇ ، ئەينى چاغدا ھەربىيلەرگە چوقۇنۇش ، ئۇلارنى ھۆرمەتلەش دەۋر مودىسىغا ئايلانغان، ھەتتائۇلارنى دوراپ كىيىم ــ كېچەك كىيىشمۇ بىر دەۋر ئېقىمىغا ئايلانغانىدى . قىزلارمۇ ھەربىيلەر بىلەن تونۇشۇشنى، مۇھەببەت باغلاشنى، توي قىلىشنى چىن ئارزۇ ، كاتتا ئابروي ھېسابلايتتى . ئۇنىڭ قەلبىدە گۈزەل ئارزۇلار ئويغاتقان ھېلىقى قىزمۇ بىر ھەربىينى ياخشى كۆرۈپ قېلىپ ، ئۇزۇن ئۆتمەي توي قىلدى . مۇھەببەتنىڭ تۇنجى قەدىمىدىلا ئېغىر زەربىگە ئۇچرىغان ، گۆدەك قەلبى جاراھەتلەنگەن ياش قەھرىمانىمىز شۇنىڭدىن تارتىپ تېخىمۇ جىمغۇرلىشىپ ، ئۇزۇن كېچىلەردە بارلىق ئازابىنى ئەنە شۇنداق مۇھەببەت قوشاقلىرىنى يېزىش بىلەن ئۆزىگە تەسەللىي بەردى:

شورۇلداپ تارتىسەن يۈرەك يىغىنى،
ئورنىغا قالدۇرۇپ كۆيەك دېغىنى.
بىلمىسەڭ ، ئاتايمۇ تۇتۇپ بېغىنى،
شۇنچىمۇ قىينامسەن مەندەك سېخىينى!

ئۇنىڭدىكى يوچۇن ھالەت چوڭلارنىڭ كۆزىدىن قېچىپ قۇتۇلالمىدى ، ئاخىر ئۇلارمۇ ئوغلىنى ئۆيلەپ قويۇپ ، ئۇنىڭ جاراھەتلەنگەن قەلبىگە مەلھەم بەرمەكچى بولۇشتى . بىراق ، ئۇنىڭ ئۆيلەنگۈسى يوق ئىدى ، شۇڭا ئۇ قەلبىدىكى غايىۋانە مەبۇتقا ئايلانغان ئاھۇ كۆزلۈك قىز كۆنلەرنىڭ بىر كۈنى قايتىپ كېلىدىغاندەك بىر تۇيغۇدا ياشايتتى . بەزىدە «ياخشى ئوقۇپ كاتتا ئادەم بولسام ، ئارزۇ قىلغان نەرسىلىرىم قولۇمغا كېلىدىكەنغۇ» دېگەن ئارزۇ كاللىسىدا پەيدا بولۇپ قالاتتى . شۇنداق بولسىمۇ ئۆيىدىكىلىرى ئۇنى ئۆيلەپ قويۇش پىكرىدە چىڭ تۇردى . ئاخىر مۇنداق بىر كومېدىيە چوڭلارنىڭ ئارزۇسىنى بەربات قىلىۋەتتى . ئۇ كەلگۈسى ھاياتىغا ناھايىتى چوڭ تەسىر كۆرسەتكەن بۇ ئىش توغرىسىدا توختىلىپ مۇنداق دەيدۇ:

«تولۇقسىز ئوتتۇرا مەكتەپنىڭ ئاخىرقى مەزگىللىرىدە ئانام بىلەن ئاكام مېنى ئۆيلەپ قويۇش توغرىسىدا مەسلىھەتلىشىپ تۇغقىنىمىزنىڭ قىزىنى مەن بىلەن بىللە يېزا ئىشخانىسىغا ئېلىپ باردى . توي خېتى بەرگۈچى كىشى ھېلىقى قىزدىن:

ــ قانچە ياشقا كىردىڭىز؟ ــ دەپ سورىغانىدى ، ئۇ قىز:

ــ 18 ياشقا كىردىم ، ــ دەپ جاۋاب بەردى . مەندىن ئۇ:

ــ نەچچە ياشقا كىردىڭ؟ ــ دەپ سورىۋىدى ، مەن:

ــ 15 ياشقا كىرىپتىمەن ــ



دېدىم . شۇنىڭ بىلەن توي خېتى بەرگۈچى كىشى:

ــ ئوغۇل كىچىك ، قىز چوڭ بولسا خەت بېرىشكە بولمايدۇ ، ئۇنىڭ ئۈستىگە ئوغۇلنىڭ يېشى توي قىلىش يېشىغا توشماپتۇ ، ــ دەپ خەت بەرگىلى ئۇنىمىدى.

ئەسلىدە مەن ئاكام بىلەن ئالدىن پۇتۇشۇپ خەت ئالماسلىق ، توي قىلماسلىق توغرىسىدا كېلىشىۋالغان ، توي خېتى بەرگۈچىنىڭ ئالدى بىلەن قىزدىن ، كېيىن مەندىن سوئال سورىشىمۇ ئاكامنىڭ ئالدىن ئورۇنلاشتۇرۇپ قويۇشى بىلەن بولغانىدى . مەن ئوقۇشۇمنىڭ توختاپ قېلىشىدىن ئەنسىرەپ تۇرمۇش قۇرماسلىق نىيىتىگە كەلگەنىدىم.»

ــ سىزدە تۇنجى رەت ئىجادىيەت ھەۋىسى ئويغاتقان ئادەم سىزنى داغدا قويغان ، ھېلىقى ئاھۇ كۆزلۈك قىز

بولسا كېرەك؟ ــ دېگەن سوئالىمغا ، ئۇ كۈلۈپ تۇرۇپ شۇنداق دېدى:

ــ تۇنجى قېتىم مۇھەببەت قوشاقلىرىنى يېزىشىمغا ئۇ قىز سەۋەب بولغان بولسىمۇ ، مېنىڭ يېزىقچىلىققا قىزىقىپ ئەسەر يېزىشىمغا ، ئايىغى چىقماس بۇ كېچىككە كىرىشىمگە باشلانغۇچ مەكتەپتىكى ئۆمەر ساكىن دېگەن ئوقۇتقۇچىمىز سەۋەب بولغانىدى . ئۇ ھەر خىل كىتابلارنى كۆپ ساقلايدىغان ، بولۇپمۇ قەدىمكى جەڭنامە كىتابلاردا تەسۋىرلەنگەن قەھرىمانلارنىڭ پائالىيەتلىرىنى سۆزلەپ بېرىشنى ياخشى كۆرىدىغان ، بىرمۇنچە مەسەل ۋە نەزمىلەرنى يادقا بىلىدىغان ، ئۆزىمۇ ئارىلاپ ـ ئارىلاپ خەۋەر ـ ماقالىلەرنى يازىدىغان ئادەم ئىدى . ئۇ ئۆزى ئوقۇغان كىتابلاردىن شۇنداق قىزىقارلىق ، شۇنداق تەسىرلىك ھېكايىلەرنى سۆزلەپ بېرەتتىكى ، مەنمۇ بەزىدە ئەسەرلەردە تەسۋىرلەنگەن ۋەقەلىكلەر دۇنياسىغا كىرىپ كېتەتتىم . بەزىدە چۈشلىرىمدىمۇ ئاشۇ قەھرىمانلار بىلەن دۇلدۇلغا مىنىپ ، شەمشەرلەرنى ئېسىپ ، غايىۋانە دۈشمەنلەر بىلەن جەڭ قىلاتتىم . ئوقۇتقۇچىمىز ئۆزى يازغان خەۋەر ـ ماقالىلىرى گېزىتكە چىققاندا ماڭا كۆرسىتىشكە ئامراق ئىدى . بولۇپمۇ قەلەم ھەققى كەلگەن چاغلاردا بۆلەكچە جانلىنىپ ، يۈزلىرىنى كۈلكە قاپلاپ تېتىكلىشىپ ، يېڭى ـ يېڭى پۇللارنى كۆتۈرۈپ كېلىپ «ماۋۇ ماقالەمگە ماۋۇ پۇل كەپتۇ ، ماۋۇ ماقالەمگە ماۋۇ پۇل كەپتۇ» دەپ شاراقلاپ تۇرغان پۇللارنى ماڭا كۆرسىتەتتى . مەندىمۇ شۇ چاغدا «ئوقۇتقۇچىمىزغا ئوخشاش ماقالىلەرنى يازسام ، ماڭىمۇ شاراقلاپ تۇرىدىغان يېڭى ـ يېڭى پۇللار كەلسە قانداق ياخشى بولاتتى؟» دەيدىغان ساددا خىيال پەيدا بولۇشقا باشلىدى . ئائىلىمىز ۋە ئۇرۇق ـ تۇغقانلار ئىچىدىمۇ خېلى ئوقۇمۇشلۇق كىشىلەر بار ئىدى . ئۇلار سۆزلىگەندە ماقال ـ تەمسىل ، ئىدىيوملارنى ئارىلاشتۇرۇپ سۆزلەشنى ياخشى كۆرەتتى . كلاسسىك ئەدەبىياتىمىزدىكى خېلى كۆپ شائىرلارنىڭ شېئىرلىرىنى ، بىرمۇنچە خەلق قوشاقلىرىنى يادقا بىلەتتى ، مەن ئەينى چاغدا خېلى كۆپ ماقال ـ تەمسىل ، قوشاقلارنى ئۇلاردىن ئۆگەنگەنىدىم . كىتاب ئوقۇشقا ئەڭ چوڭ خۇمارىم بار ئىدى . باشلانغۇچ ۋە تولۇقسىز ئوتتۇرا مەكتەپ كۇتۇپخانىسىدىكى بارلىق ئەدەبىي كىتابلارنى دېگۈدەك ئوقۇپ بولغانىدىم . ئەتىل چاغلىرىدا ئۆمەر ساكىن مۇئەللىمنى دوراپ خەۋەر ـ ماقالىلەرنى يازىدىغان ئادەتنىمۇ يېتىلدۈردۈم . بارا ـ بارا تىلىم گەپكە ، قولۇم قەلەمگە كۆنۈپ قالدى . ھېلىقى قىزغا كۆيۈپ ـ پىشىپ يۈرگەن چاغلاردىمۇ ، مەشۇقسىز ئاشىقلىق دەۋرىنى بېشىمدىن كەچۈرگەندىمۇ ئۆزۈم يازغان ئاشۇ ساددا ، ئاددىي قوشاقلىرىم ، شېئىرلىرىم بىلەن مىسكىن كۆڭلۈمگە تەسەللى بېرەتتىم .

## ئاقلانە تاللاش

*«مەن شۇنداق قارايمەنكى ، ئەگەر ئۆزىنىڭ نامى ھەممىشە گېزىت ـ ژۇرناللاردا چىقىپ تۇرۇش ، شائىرلىق نامىنى ساقلاپ قېلىش ، ئوقۇرمەنلەرنىڭ ئۆزىنى ئۇنتۇپ قالماسلىقى ئۈچۈنلا شېئىر يېزىش بولسا ، بۇ تازىمۇ ئەخلاقسىزلىق بولىدۇ . جەمئىيەتنىڭ ئېھتىياجى ھەر خىل بولىدۇ ، بىر كىشىنىڭ دۆلەتكە ۋە خەلققە قوشىدىغان تۆھپىسى شېئىر يېزىش بىلەنلا ئۆلچەنمەيدۇ» دەيدۇ داڭلىق شائىر خې چىفاڭ.*

شۇنداق بىر قىسىم كىشىلەر باركى ، قانداقتۇر بىر سەۋەب تۈپەيلى شېئىر يېزىشقا كىرىشىپ قالغان ، يازغانلىرى ئارىلاپ ـ ئارىلاپ ئېلان قىلىنىپمۇ تۇرغان ، يىللارنىڭ ئۆتۈشىگە ئەگىشىپ شائىر ئاتىلىپ ، شېئىر يېزىپ تۇرمىسا كىشىلەرگە يۈز كېلەلمەيدىغاندەك تۇيغۇدا ياشايدىغان ھالەتكە كېلىپ قالغان . شۇنىڭ بىلەن كىشىلەر ياقتۇرسۇن ، ياقتۇرمىسۇن شېئىر يېزىشنى ئۆزىگە ۋەزىپە قىلىۋالغان . تۈركىيىنىڭ داڭلىق ساتىرىك يازغۇچىسى ئەزىز نەسىننىڭ «مەن شېئىرغا بولغان زىيادە ھۆرمىتىم تۈپەيلى يازغۇچى بولغان» دەيدىغان مەشھۇر سۆزى بار . بىزنىڭ يازغۇچىلىرىمىز ئىچىدىمۇ ئاۋۋال ئىجادىيەتكە شېئىر بىلەن كىرىپ كېيىنچە پروزىغا ئۆتكەن ، شېئىرىدا كۆرسىتەلمىگەن تالانتىنى باشقا ژانىرلاردا كۆرسىتىپ ، يۈكسەك ھۆرمەتكە ئېرىشكەن ئەدىبلىرىمىز خېلى بار . مۇھەممەت پولات ئۇنىڭغا مىسال بولالايدۇ . قايسى ژانىرنىڭ بازىرى ئىتتىك بولسا شۇ ژانىر بىلەن شۇغۇللىنىپ ، يا ئۇنىڭدا ، يا بۇنىڭدا يوق ئوتتۇرىدا تەمتىرەپ ، تېڭىرقاپ يۈرگەن كىشىلىرىمىزمۇ ساماندەك . بىر ئادەمنىڭ قايسى ژانىر بىلەن ئىجادىيەت ئېلىپ بېرىشى ئۇ ئۆزىنىڭ ئەركىنلىكى ، شۇنداقتىمۇ ئۆزىمىزنى دەڭسەپ بېقىپ ئىش قىلىشىمىز ، ئۆزىمىزگە دىئاگنوز قويۇپ بېقىشىمىز كېرەك . قايسى ژانىردا كۆزلىگەن ئۇنۇمگە ئېرىشەلىسەك ، ئۆزىمىزنى نامايان قىلالىساق ، شۇ ئىش بىلەن شۇغۇللانساق بولىدۇ . بىرلا ئىشقا قارىغۇلارچە ئېسىلىۋېلىش ھاماقەتلىك ھېسابلىنىدۇ.

ياسىن ھاۋازى ئاكا بۇ ھەقتە خېلى سوغۇققانلىق بىلەن ئويلانغان ، ئاقىلانە يول تۇتقان ئەدەبىي تەرجىماندۇر ، ئۇ بۇ ھەقتە توختىلىپ مۇنداق دېدى: «تۇنجى شېئىرىم ئېلان قىلىنغان 58 ـ يىلىدىن ھېسابلىغاندىمۇ بىرقانچە ئون يىل شېئىر يېزىپتىمەن ، تېخى ئېلان قىلىنمىغان نۇرغۇن شېئىرلىرىم بار . بىر قىسىم شېئىرلىرىم بىرقانچە كوللېكتىپ توپلامغا كىرگۈزۈلدى . شۇغىنىسى شېئىرلىرىمدىن ئۆتە تەرجىمە ئەسەرلىرىم ئوقۇرمەنلەرنىڭ ياخشى باھاسىغا ، سۆيۈپ ئوقۇشىغا

ئېرىشتى . بولۇپمۇ تاڭ دەۋرى شېئىرلىرىنى ئۆزلۈكسىز تەرجىمە قىلىش جەريانىدا ئۆزۈمنى بۇ جەھەتتە مۇكەممەللەشتۈرۈش مۇساپىسى بولدى . ئاتاقلىق ئەدىبلەرنىڭ ، تەتقىقاتچىلارنىڭ ئەمگىكىگە بەرگەن خالىس باھاسى ئىشەنچىمنى ئاشۇردى . كۆڭلۈمدىكى گەپنى قىلسام، 80 - يىللارنىڭ ئوتتۇرىلىرىدىن تارتىپ شېئىر ئىلان قىلىشنى ئاساسىي جەھەتتىن توختاتتىم . ئېھتىمال بۇ مەن تەرجىمە قىلغان ۋە قىلىۋاتقان شېئىرلار بىلەن ئۆز شېئىرلىرىم ئوتتۇرىسىدىكى پەرقنىڭ چوڭلۇقىنى تەدرىجىي ھېس قىلالىغىنىمدىن بولسا كېرەك . بەزى چاغلاردا ئادەم ئەنە شۇنداق مەشھۇر شېئىرلار ئالدىدا يازغانلىرىڭنى نەرسىدەك كۆرۈنۈپ قالىدىغان ئەھۋاللارمۇ بولۇپ قالىدىكەن . بىراق نېمىلا دېگەنبىلەن خاتىرەمگە ئۇيغۇر شېئىرىيىتىنىڭ ھەرقايسى تۈر ۋە ۋەزىنلىرىدىكى شېئىرلارنى يېزىپ تۇرۇشنى ، شېئىرىي ماھارىتىمنى كۈچەيتىپ تۇرۇشنى توختاتمىدىم . شۇنىڭ بىلەن مەندە بەلگىلىك ماھارەت ، قابىلىيەت يېتىلدى . بۇ ھال «تاڭ دەۋرى شېئىرلىرى»نى مۇۋەپپەقىيەتلىك تەرجىمە قىلىشىمغا ئاساس بولدى.»

دەرھەقىقەت ئوتتۇق قازانغان بىر ئەدەبىي تەرجىماننىڭ




نىسبەتەن ئۆز ئەدەبىياتىنى بىلىش بىلەن ، باشقا مىللەتلەر ئەدەبىياتىنى پىششىق بىلىش كۆپايە قىلمىسا كېرەك . مۇھىمى ، ئۇنىڭدا ئۆزى تەرجىمە قىلىۋاتقان ئەسەرلەرنى ۋايىغا يەتكۈزۈپ تەرجىمە قىلالايدىغان بەدىئىي دىت ۋە ماھارەت بولۇش كېرەك . ياسىن ھاۋازى ئەنە شۇنداق ماھارەت يېتىلدۈرگەن تالانتلىق ئەدەبىي تەرجىمان . بۇنىڭغا ئۇ شائىر ، يېتۈك تەرجىمان رەخمىتۇللا جارىغا ئاتاپ يازغان تۆۋەندىكى مەرسىيە مىسال بولالايدۇ:

## گۈل ئارا قويدۇق سېنى

*— رەھمىتۇللا جارىغا مەرسىيە*

تۇتسا ئەزرائىل سېنى ماراپ تۇرۇپ،
كەتكۈزۈپ قويدۇققۇ تاڭ قاراپ تۇرۇپ!

يا ئۇ ئالەمگە ئەدەب كېرەكمىكىن؟
تاللىغانمۇ يا سېنى ساناپ تۇرۇپ!

يا چېقىپ قويغانمىدۇ بۇندا بىرى؟
كەپتىغۇ جان ئالغۇچى پايلاپ تۇرۇپ!

ياكى تۆھپەڭ كەلدىمۇ يەرگە ئېغىر،
قويىنغا تارتقانمىدۇ جىگلاپ تۇرۇپ.

ۋە لېكىن قويدۇق سېنى گۈللەر ئارا،
قۇيغىلى شۇ گۈلگە سۇ يىغلاپ تۇرۇپ!

## قانماس ئىستەك

شۇنداقمۇ ئىستەكلەر باركى ، ئۇ سىنىڭ روھىڭ ، قېنىڭ ، ۋۇجۇدۇڭغا سىڭىپ بىر ئۆمۈر ساڭا ھەمراھ بولغان بولىدۇ . ھاياتىڭدىكى ئېغىر قىسمەتلەردىن ، مۇشكۇلاتلار ئالدىدىن بەردەم ، غالىبانە قەدەملەر بىلەن ئۆتۈشىڭگە كۈچ ۋە جاسارەت بېغىشلايدۇ ھەمدە ئاخىرىدا سەن يەتمەكچى بولغان مەنزىلگە باشلاپ بارىدۇ.

ئۇ 1962 - يىلى بېيجىڭ پېداگوگىكا ئۇنىۋېرسىتېتى تىل - ئەدەبىيات فاكۇلتېتىدا ئوقۇۋاتقان چېغىدىلا ، خەنزۇ كلاسسىك ئەدەبىياتىغا قىزىقىپ قالغانىدى . بولۇپمۇ تاڭ دەۋرى شېئىرلىرىدىكى گۈزەل شېئىرىي تۇيغۇ ، شېئىرىي ئوبراز ، شېئىرىي مەنزىرىلەر ، ئەقلىنى لال قىلىدىغان كارامەت تىل ۋە بۇ شېئىرلاردىكى يۈكسەك ئىدىيىۋى مەزمۇن ، تىرەن مەنە ، ئاجايىپ شېئىرىي بالاغەت ئۇنى ئۆزىگە رام قىلىۋالدى . شۇڭا ، ئۇ بىر تەرەپتىن قەدىمكى زامان خەنزۇ تىلىنى تىرىشىپ ئۆگەنسە ، يەنە بىر تەرەپتىن رۇسچە ئاساسىدا تەرجىمە قىلىنغان ئۆزبېكچىدىن ئۇيغۇرچىلاشتۇرغان بىرقىسىم تاڭ دەۋرى شېئىرلىرىنى ئوقۇپ چىقتى ، بىرقانچە تىلدىن ئايلىنىپ ئۇيغۇرچىلاشتۇرۇلغان تاڭ دەۋرى شېئىرلىرى شەكىل جەھەتتىمۇ ، مەزمۇن جەھەتتىمۇ ئۆزىنىڭ ئەسلىدىكى سەلتەنىتىنى ئوخشاش بولمىغان دەرىجىدە يوقاتقانىدى . بۇ ھال ئۇنىڭدا كۆنلەرنىڭ بىرىدە تاڭ دەۋرى شېئىرلىرىنى

| سەھىپە نامى | سىز ياقتۇرغان سەھىپىلەر | سىز ياقتۇرمىغان سەھىپىلەر |
|---|---|---|
| 1 تۇرمۇش تەسۋىرلىرى | ☐ | ☐ |
| 2 ئەدەبىيات ھەققىدە پاراڭلار | ☐ | ☐ |
| 3 شېئىرلار | ☐ | ☐ |
| 4. «ئاقىيول» نامىدىكى مۇكاپاتلىق ئەسەرلەر | ☐ | ☐ |
| 5 نەزەر | ☐ | ☐ |
| 6. ئەدىبلەر مەخسۇس سەھىپىسى | ☐ | ☐ |
| 7. مەشھۇر شەخس ۋە مەشھۇر ئەسەر | ☐ | ☐ |
| 8. جۇڭگو ئەدەبىياتىدىكى نامايەندىلەر | ☐ | ☐ |
| 9. ئاپتور، ئوقۇرمەن، مۇھەررىر | ☐ | ☐ |

سىز بايقىغان يېتەرسىزلىكلەر

-----------------------------------------------

-----------------------------------------------

سىزچە يەنە قانداق يېڭى سەھىپىلەرنى ئۇيۇشتۇرساق بولىدۇ؟

-----------------------------------------------

-----------------------------------------------

-----------------------------------------------

سىزچە يەنە قايسى خىلدىكى ئەسەرلەرنى كۆپرەك ئۇيۇشتۇرساق بولىدۇ ؟

-----------------------------------------------

-----------------------------------------------

-----------------------------------------------

-----------------------------------------------

ژۇرنىلىمىز سىزنى قايسى جەھەتتىن بەكرەك قىزىقتۇرىدۇ؟

-----------------------------------------------

-----------------------------------------------

ژۇرنىلىمىزنىڭ مۇقاۋا ۋە ئىچ بەت لايىھىسىگە نىسبەتەن كۆزقارىشىڭىز؟

-----------------------------------------------

-----------------------------------------------

ئىزاھات : جەدۋەلنى تولدۇرغاندىن كېيىن ، ئۈرۈمچى شەھىرى شەرقىي شىخۇلۇ يولى 52 ـ نومۇر ، « تەڭرىتاغ » ژۇرنىلى نەشرىياتى دېگەن ئادرېس بويىچە ئەۋەتسىڭىز بولىدۇ، پوچتا نومۇرى :830063 سىز تولدۇرماقچى بولغان مەزمۇنلار جەدۋەلدە كۆرسىتىلگەن دائىرىگە پاتمىغان شارائىتتا شۇ تۈر بويىچە ئايرىم قەغەزگە يېزىپ ئەۋەتسىڭىزمۇ بولىدۇ. يېڭى بىر سان چىقىرىلىشتىن بۇرۇن ۋاقتىدا ئەۋەتىشىڭىزنى ئۈمىد قىلىمىز.

سەمىگىزگە : تەھرىر بۆلۈمىمىز باشقا ئورۇنغا كۆچتى، يېڭى ئادرېسىمىزنى ئىشلىتەرسىز!

# «مۇنەۋۋەر ئوقۇرمەن»لەر پائالىيىتىگە قاتنىشىڭ!

ئەسسالامۇ ئەلەيكۇم، مەتبۇئاتنىڭ ھەقىقىي خوجايىنى ئوقۇرمەن، سىزمۇ خوجايىنلىق ھوقۇقىڭىزنى جارى قىلدۇرۇپ ژۇرنىلىمىز-نىڭ تېخىمۇ ياخشى چىقىشىغا تىرىشچانلىق كۆرسىتىشنى خالامسىز؟

بىز رايى سىناش جەدۋىلىنى ئەستايىدىل تولدۇرۇپ بىزگە ئەۋەتىپ بەرگەنلەر ئىچىدىن يىل ئاخىرىسدا «مۇنەۋۋەر ئوقۇرمەن»لەرنى باھالاپ چىقماقچىمىز. باھالانغۇچىلار نەشرىياتىمىزنىڭ مۇكاپاتىغا ۋە ئاددىي كۆڭۈل سوۋغىسىغا ئېرىشىشتىن سىرت، يەنە نەشر-ياتىمىز تەرىپىدىن ئۇيۇشتۇرۇلغان ھەر خىل پائالىيەتلەرگە تەكلىپ قىلىنىدۇ.

ئىسىم فامىلىڭىز: ____________ جىنسى: ئەر ☐ ئايال ☐

يېشىڭىز: 20 ياشتىن تۆۋەن ☐ 21 - 30 ☐ 31 - 40 ☐ 40 ياشتىن يۇقىرى ☐

كەسپىڭىز: ____________ مەدەنىيەت سەۋىيىڭىز: ____________

ژۇرنالنى قايسى يول بىلەن ئوقۇيسىز؟ مۇشتىرى ☐ سېتىۋېلىپ ☐ ئارىيەتكە ئېلىپ ☐

سىز ژۇرنىلىمىزنىڭ: كونا ئوقۇرمەنى ☐ يېڭى ئوقۇرمەنى ☐

سىز بۇ يىلقى «تەڭرىتاغ ژۇرنىلى» نىڭ قايسى سانىنى بەكرەك ياقتۇردىڭىز؟ 1 - سان | 2 - سان | 3 - سان | 4 - سان | 5 - سان | 6 - سان

بىزگە دېمەكچى بولغان يۈرەك سۆزلىرىڭىز: ____________

____________

____________

تېلېفون ياكى چاقىرغۇ نومۇرىڭىز : ____________ پوچتا نومۇرى: ____________

ئالاقىلىشىش ئادرېسىڭىز: ____________

____________

| ئەسەر نامى | ياخشى | يامان ئەمەس | ياقتۇرمىدىم |
|---|---|---|---|
| 1. ئالۋۇن | ☐ 1 | ☐ 2 | ☐ 3 |
| 2. يازغۇچىنىڭ ۋاقتى | ☐ 1 | ☐ 2 | ☐ 3 |
| 3. دۇردانىلەر | ☐ 1 | ☐ 2 | ☐ 3 |
| 4. تاڭ دەۋرى نەزمىستانىدىن ئەقىل - پاراسەت دەستۇرىغىچە | ☐ 1 | ☐ 2 | ☐ 3 |
| 5. لىرىكىلار | ☐ 1 | ☐ 2 | ☐ 3 |
| 6. چىن دوستلۇق | ☐ 1 | ☐ 2 | ☐ 3 |
| 7. شېئىرلار | ☐ 1 | ☐ 2 | ☐ 3 |
| 8. قىش بىلەن يازنىڭ ئارىلىقىدا | ☐ 1 | ☐ 2 | ☐ 3 |
| 9. شېئىرلار | ☐ 1 | ☐ 2 | ☐ 3 |
| 10. يۈرەك يۈرەكنى تونۇيدۇ | ☐ 1 | ☐ 2 | ☐ 3 |
| 11. تۆيغۇ دۇنياسىغا سىغدالغان «تاش ياپراق» | ☐ 1 | ☐ 2 | ☐ 3 |
| 12. مائارىپ ھەققىدە پاراڭلار | ☐ 1 | ☐ 2 | ☐ 3 |
| 13. فىرانسىس ماكومبېرنىڭ قىسقىغىنە كۆڭۈللۈك تۇرمۇشى | ☐ 1 | ☐ 2 | ☐ 3 |
| 14. تاڭ دەۋرى شېئىرلىرى | ☐ 1 | ☐ 2 | ☐ 3 |
| 15. «ئاقيول» مۇكاپاتىغا ئېرىشكەن ئەسەرلەر | ☐ 1 | ☐ 2 | ☐ 3 |

تەرجىمە قىلىش ، ئۇيغۇر ئوقۇرمەنلەرگە سۇنۇش ئىستىكى بىخ سۈرۈشكە باشلىدى.

ئۇ يىقىندا مىللەتلەر نەشرىياتىدا نەشردىن چىقىش ئالدىدا تۇرغان «تاڭ دەۋرى شېئىرلىرىدىن 300»نىڭ كىرىش سۆزىنى مۇنداق جۈملىلەرگە يىغىنچاقلايدۇ: «تاڭ دەۋرى شېئىرلىرىدىن 300»نىڭ نەشردىن چىقىشى مېنىڭ 40 يىللىق ئارزۇيۇمنىڭ پورەكلىگەن غۇنچىسى ، 25 يىللىق ئەجرىمنىڭ مېۋىسى ، شۇنىڭ ئۈچۈن بۇ سۆزۈم مۇشۇ مۇۋەپپەقىيىتىمنىڭ دەسلەپكى تەنتەنىسى . مېنى تاڭ دەۋرى شېئىرلىرىنى تەرجىمە قىلىشقا ئۈندىگەن ۋە پاساھەتلىك تەرجىمىسى ئارقىلىق ئۈلگە كۆرسىتىپ بەرگەن ئۇستازىم ئابدۇكېرىم خوجىغا بولغان ئالىي ھۆرمىتىمنى بىلدۈرۈش ھەم ئۇنى ئەسلەش يۈزىسىدىن ، ئەسلىدە ئۆزۈم تەرجىمە قىلىپ مەزكۇر كىتابقا كىرگۈزۈش پىلانلانغان دۇ فۇنىڭ 20 پارچىدەك شېئىرى ئاساسەن ئابدۇكېرىم خوجىنىڭ تەرجىمىسى بويىچە ئېلىندى ، بۇنىڭ بىلەن بۇ توپلامغا تاڭ دەۋرىدىكى 62 شائىرنىڭ 310 پارچىدەك شېئىرى كىرگۈزۈلدى . داڭلىق شائىرلارنىڭ مەشھۇر شېئىرلىرىنى نۇقتىلىق تونۇشتۇرۇش گەۋدىلەندۈرۈلۈپ ، دۇ فۇنىڭ 55 شېئىرى ، لى بەيىنىڭ 38 شېئىرى ، بەي جۈيىنىڭ 23 شېئىرى ، ۋاڭ ۋېينىڭ 24 شېئىرى ، لىۋ يۈشىنىڭ 18 شېئىرى ۋە مېڭ خاۋرەننىڭ 15 شېئىرى كىرگۈزۈلدى . تاڭ دەۋرى شېئىرلىرىنىڭ تارىخى ئۇزۇن ، سىياسىي ئارقا كۆرۈنۈشى مۇرەككەپ بولغانلىقى ، ئۇنىڭ ئۈستىگە خىزمىتىمنىڭ ئالدىراش ، چۈشىنىش ۋە ئىپادىلەش ئىقتىدارىمنىڭ يېتەرلىك بولمىغانلىقى سەۋەبىدىن 25 يىل سەرپ قىلىپ ئاران مۇشۇنچىلىك سەۋىيىدە ئىشلىيەلىدىم . بۇنىڭدىن ھازىرچە ھەۋەسكارلار ئۆرنەك ، تەرجىمان ـ تەھرىرلەر قورال ، ئوقۇغۇچىلار دەرسلىك ، ئوقۇتقۇچىلار ماتېرىيال تەرىقىسىدە پايدىلىنىپ تۇرۇشقا بولىدۇ . شۇنداقتىمۇ بۇنى ئالا بولۇشقىمۇ ئۈلگۈرەلمىگەن غورا دېيىشكىلا بولىدۇكى ، مەي باغلاپ پىشقان مېۋە دېيىشكە بولمايدۇ»

شۇنداق ، «تاڭ دەۋرى شېئىرلىرىدىن 300»نى تەرجىمە قىلىش 25 يىللىق جەريانىنى بېسىپ ئۆتتى . ۋاقىت ئۆتكەنسېرى ، كۆپ ئىشلىگەنسېرى ، كۆپ ماتېرىيال كۆرگەنسېرى ئۇنىڭ نەزەر دائىرىسى كېڭىيىپ ، چۈشىنىش قابىلىيىتى ۋە ئىپادىلەش ماھارىتى بارغانسېرى ئېشىپ باردى . شۇنىڭ بىلەن ، بەزى شېئىرلارنى قاتتىق تەلەپ قويۇش يۈزىسىدىن ، بەزىلىرىنى دەسلەپكىسىنى يوقىتىۋەتكەنلىك سەۋەبىدىن ، ياكى چۈشەنچە يېڭىلانغانلىق سەۋەبىدىن قايتا ـ قايتا ئىشلەش ، قايتا ـ قايتا پىششىقلاش ، قايتا ـ قايتا تۈزىتىپ بېرىش نەتىجىسىدە ئەينى ۋاقىتتا كۆڭلى قانائەت تاپقۇدەك دەرىجىگە كەلتۈرۈش يولىدا كۆپ ئىزدەندى . لىۇ زۇڭيۈەن دېگەن شائىرنىڭ «قار ياغقاندا دەريادا» دېگەن شېئىرىنى:

جىلغا ـ تاغلاردىن كېتىپتۇ قۇش تېزىپ،
يولدىمۇ بولماس ئادەم ئىزىن سېزىپ.
يېپىنىپ قولۋاقتا يامغۇرلۇق ، بوۋاي
دەريادا بېلىق تۇتار تەنھا كېزىپ.

تاغ ئارا قاقماس قانات قۇش ـ جانىۋار،
يولدا چېلىقمايدۇ ھەم بىر يولباسار.
كىيىنىپ قارلىقنى قېيىقتا بوۋاي،
قاردا دەريادىن ئۆزى بېلىق تۇتار.

دەپ تەرجىمە قىلىپ بېقىپ ، بىر مەزگىلدىن كېيىن ئۇلاردىن كېيىنكىسىنى تاللىغان.

بەي جۈيىنىڭ «بەرباپ نەزمىسى»دىكى بىر كۇپلىتنى دەسلەپتە:

سايرىتىپ ئۇ مۇڭلۇق تار ، ئەتتى دىلىنى ئىزھار،
دېدى گويا ساز بىلەن: خورلۇق كۆرۈپ بولدۇم خار.

دەپ تەرجىمە قىلغان بولسا ، كېيىن يەنە تۈزىتىپ مۇنداق ھالغا كەلتۈرگەن:

مۇڭلۇق چېكىپ تارىنى ، ئىزھار ئەتتى ھالىنى،
دېدى گويا ساز بىلەن دەرد ـ ئەلىمى ، زارىنى.

شۇ شېئىردىكى:
ھەدەم كەتتى ئۆلۈمگە ، قېرىندىشىم ئەسكەرگە،
سەھەر كەتتى ، شام كەلدى ، نۇقسان يەتتى ھۆسنۈمگە.

دېگەنلەرنى تۈزىتىپ مۇنداق ھالغا كەلتۈرگەن:

ئىنىم كەتتى ئەسكەرگە ، هامام كەتتى ئۆلۈمگە،
سەھەر كەتتى ، شام كەلدى ، داغلار چۈشتى ھۆسنۈمگە.

بۇنداق مىساللار ناھايىتى جىق.

لى شاڭيىن دېگەن شائىرنىڭ «يامغۇرلۇق تۈندە شىمالدىكى يارغا جاۋاب» ناملىق شېئىرىنى ئون نەچچە قېتىم تۈزىتىپ ، ئاخىر مۇنۇ ھالەتكە كەلتۈرگەن:

سورىساڭ قايتار چېغىمنى ، دېمىكىم تەستۇر بۈگۈن،
لىقلىدى باشەندە يامغۇر تۈن بويى كۆلنى پۈتۈن.

كېسىشىپ شام پىلىكىنى يۆلىنىپ دېرىزىگە،
سۆز ئېچىپ باشەن تېغىدىن جەم بولارمىز قايسى كۈن؟

## ياسىن هاۋازى تەرجىمە ئەسەرلىرىدىكى ئۆزگىچىلىك

ئۇيغۇرلار ئەزەلدىن شېئىرخۇمار خەلق ، مەيلى قەدىمكى زاماندا بولسۇن ، ياكى هازىرقى زاماندا بولسۇن ، شېئىرىيەت ئەدەبىياتنىڭ ئاساسىي ئېقىمى بولۇپ كەلدى . شۇڭا ، بىزدە شائىرلار جىق ، شېئىرلار جىق بولسىمۇ شېئىرىيەت ئۇبزورچىلىقى ، شېئىرىيەت نەزەرىيىسى كەمچىلرەك بولۇپ كەلدى . ئەينى چاغدا خېلى كۆزگە كۆرۈنگەن شائىرلاردىن شېئىرىيەت نەزەرىيىسىگە ئائىت سوئاللار سورىغان بولسامىمۇ ، قانائەتلەنگۈدەك جاۋابقا ئېرىشەلمىدىم . بۇ خىل رېئال ئەهۋالنى نەزەردە تۇتۇپ ، خەنزۇ شائىرلىرى ئىچىدىكى بىرقىسىم داڭلىق شائىرلارنىڭ شېئىرىيەت نەزەرىيىسى ، شېئىرىيەت ئۇبزورچىلىقى ۋە ئۆزىنىڭ شېئىر يېزىش جەريانىدا توپلىغان تەجرىبە ـ ساۋاقلىرىدىن يېزىلغان ماقالە ـ ئەسەرلەرنى هەرقايسى گېزىت ـ ژۇرناللاردىن تاللاپ تەرجىمە قىلىپ ، «گۈل ۋە باغۋەن» ، «ئەي چىلىك شېئىرىيەت توغرىسىدا» ناملىق كىتابنى ، هېكايە يازغۇچىلارنىڭ نەزەرىيىۋى سەۋىيىسىنى چوڭقۇرلاشتۇرۇش ۋە تولۇقلاشنى كۆزدە تۇتۇپ «هېكايىچىلىق ساۋاتى»نى ، ۋاڭ مېڭنىڭ «پروزا ئىجادىيىتىدىن پاراڭ» ، «هېكايە ئىجادىيىتى توغرىسىدا» ، «ئۇسلۇب توغرىسىدا» قاتارلىق ماقالىلىرىنى ، ۋاڭ چاۋۋېينىڭ «هېكايىنىڭ بەدىئىي ئۇسلۇبى» ۋە باشقا نەزەرىيىۋى ماقالىلەرنى ، شۇنىڭدەك تۇرگېنيېفنىڭ «مۇهەببەت يولى» دېگەن نەسرىي شېئىرلار توپلىمىنى ئىشلىگەندىم . ئۇ تەرجىمىلەر جەمئىيەتتە خېلى ئۇبدان تەسىر قوزغىدى . ئاتاقلىق شائىر تېيىپجان ئېلىيوف «گۈل ۋە باغۋەن» ، «ئەي چىلىك شېئىرىيەت توغرىسىدا» ناملىق كىتابىمنى كۆرگەندىن كېيىن بىر قېتىملىق ئۇچرىشىشتا: «ئۇكام ، سەن ناهايىتى ئوبدان ئىش قىلىپسەن ، سەن تۈزگەن ‹گۈل ۋە باغۋەن› ، ‹ئەي چىلىك شېئىرىيەت توغرىسىدا› دېگەن كىتابىڭنى ئوقۇسام ، توققۇز قېتىم دوكلات بېرىشىمگە ئاساس بولدى . ئىلگىرى شېئىرىيەت نەزەرىيىسى ، شېئىرىيەت توغرىسىدا گەپ قىلىشقا توغرا كەلسە ، ئۆزۈمنىڭ شېئىرلىرى توغرىسىدا سۆزلەيتتىم . نەزەرىيە توغرىسىدا ئەتراپلىق گەپ قىلالمايتتىم . بۇ كىتابلىرىڭنى ئوقۇغاندىن كېيىن ئۆز تەجرىبىلىرىم بىلەن بۇ كىتابلاردىكى نەزەرىيىۋى كۆزقاراش ۋە تەجرىبە ـ ساۋاقلارنى بىرلەشتۈرۈپ سۆزلەيدىغان بولدۇم ، قىلغان سۆز ، بەرگەن دوكلاتلىرىم كىشىلەرنىڭ قىزغىن ئالقىشىغا ئېرىشتى» دېگەن بولسا ، شائىر ئابلىز نازىرى: «ئەگەر مۇشۇ كىتابلارنى بۇنىڭدىن 10 يىل بۇرۇن ئوقۇغان بولسام ، بىرمۇنچە ئىشلارنى قىلغان بولاتتىم» دېگەنىدى .

ياسىن هاۋازى تەرجىمە قىلغان ، بىر مەزگىل كىشىلەرنىڭ قولدىن ـ قولغا ئېلىپ سۆيۈپ ئوقۇشىغا ، ئەتىۋارلاپ ساقلىشىغا ئېرىشكەن 17 ـ ئەسىردە ئىسپانىيىدە ياشىغان بالتاسار گراسىئەننىڭ «ئەقىل ـ پاراسەت دەستۇرى» ناملىق كىتابىدۇر . گېرمانىيىلىك پەيلاسوپ شوپېنخوئېر ۋە نىتزېنىڭ يۈكسەك باهاسىغا ئېرىشكەن بۇ كىتاب ئۆز دەۋرى ئۈچۈنلا ئەمەس بىباها ئەگگۈشتەر بولۇپلا قالماستىن ، بۈگۈنكى دەۋرىمىز ئۈچۈنمۇ ئۆز قىممىتىنى تېخىمۇ نامايان قىلالايدىغان مەنىۋى دەستۇر هېسابلىنىدۇ . پەلسەپە ، ئەمەلىيەت ، ئەخلاق ۋە چارە ـ تەدبىرلەر يۈكسەك دەرىجىدە مۇجەسسەملەنگەن بۇ كىتابتا 300 پەندى ـ نەسىهەت سۆزلەنگەن بولۇپ ، كىشىلەرگە ناهايىتى دانا مەسلىهەت ، ئەقىل كۆرسىتىدۇ . تالاي ئىسسىق ـ سوغۇقلارنى بېشىدىن ئۆتكۈزۈش ئالدىدا تۇرغان ئادەملەر ئۈچۈن قوللانما ، ئەتراپلىق يېتىلىشنى ، روناق تېپىشنى ئىرادە قىلغان ياشلار ئۈچۈن يولچى بولالايدۇ . شۇڭا بىرقانچە قېتىم قايتا بېسىلىپ ، ئوقۇرمەنلەر ئىچىدە بىر مەهەل بۇ كىتابنى ئوقۇش قىزغىنلىقى كۆتۈرۈلگەن.



«ئاز بولۇش ، خىل بولۇش ، ساز بولۇش ، نەق پايدىلىنىش قىممىتى بولۇش» ياسىن هاۋازى ئەدەبىي تەرجىمە ئەسەرلىرىدىكى خۇسۇسىيەت ۋە ئۆزگىچىلىك بولسا كېرەك . يۇقىرىقى سۆزىمىزنى ئۇنىڭ تۆۋەندىكى سۆزلىرى ئىسپاتلاپ تۇرۇپتۇ:

«مەن ئىشتىن سىرتقى تەرجىمىدە ئاساسەن ئۆزۈم تېما تاللاپ تەرجىمە قىلىمەن . مەسىلەن ، «مۇهەببەت يولى» ، «تاڭ دەۋرى شېئىرلىرىدىن 100» ، «ئەي چىلىك شېئىرىيەت توغرىسىدا» ، ««مىسىر ، سۇدان چۆچەكلىرى» ، «گۈل ۋە باغۋەن» ، «چەت ئەل ئەقلىيە سۆزلىرى» ، «زامانىمىزدىكى ياڭ نەيۇۋ» ، «گۆش ۋە قېنىمىز بىلەن مەهكەم ئىستېهكام قۇرايلى» ، «سادا» (داستان) ، «قۇشلار» ، «ئەقىل ـ پاراسەت دەستۇرى» ، «ئەدەبىي ئىجادىيەت هەققىدە مۇلاهىزە» ، «مەشهۇر يازغۇچىلارنىڭ ئىش ـ ئىزلىرىدىن» ،

«ھېكايىچىلىق ساۋاتى» ، «تاڭ دەۋرى شېئىرلىرىدىن 300» دېگەنگە ئوخشاش ئەسەرلەر ۋە كىتابلارنى ئۆزۈم تېما تالLAP ئىشتىن سىرت تەرجىمە قىلغان . نەشرىيات ياكى مەتبۇئاتلار ئۇيۇشتۇرغان تەرجىمىلەرنىڭ مېنىڭ دىتىمغا ياققان بىرقىسمىنى قوبۇل قىلىپ ئىشلەيمەن . «تيەنئەنمىن شېئىرلىرى» نىڭ ۋاڭ مېڭنىڭ بىرقىسىم ھېكايە ـ پوۋېستلىرىنىڭ ، «ئۆمۈرلۈك دەسمايە» قاتارلىقلارنىڭ كىتاب تەرجىمىسىگە تەكلىپ بىلەن ياكى ئۇيۇشتۇرۇش بىلەن قاتناشقانىدىم . ئەمما دىتىمغا ياقمىغان خېلى بىرقىسىم نەرسىلەرنى قايتۇرۇۋەتكەن يەرلىرىممۇ بار.

ئىشتىن سىرتقى تەرجىمىلىرىمنىڭ كۆپىنچىسى دېگۈدەك ھەجمى چوڭ ئەمەس ، 200 بەت ئەتراپىدا ، يەنى 100 مىڭ خەت ھېسابىدا بولىدۇ . بۇنداق بولغاندا تەرجىمە قىلىشتا سوزۇلۇپ كەتمەيمەن . نەشرىياتلارنىڭ پىلانىغا كىرگۈزۈشمۇ ئاسان بولىدۇ . ئىجتىمائىي ئۈنۈمى ۋە ئىقتىسادىي ئۈنۈممۇ چاپسان بولىدۇ . ئىختىيارىي تەرجىمىلىرىمنىڭ ئىچىدە شېئىرمۇ ، ھېكايىمۇ ، نەسرمۇ ، چۆچەكمۇ ، داستانمۇ ، ئەدەبىي ئاخباراتمۇ ، شېئىر ئاردىلاشقان نەزەرىيىمۇ بار . تېما تاللاشتا نېمىنىڭ لازىملىقىنى بىۋاستە ھېس قىلىپ ، ئىزدىنىش ئاساسىدا تېما تاللاپ تەرجىمە قىلدىم.»

## ياسىن ھاۋازىنىڭ تەرجىمە تىلى

ياسىن ھاۋازىنىڭ ئەدەبىي تەرجىمە ئەسەرلىرىنى ئوقۇغان چېغىمىزدا ، «ئاممىباب ، يېنىك ، خەلق تىلىغا يېقىن بولۇش»تەك ئالاھىدىلىك كۆزگە تاشلىنىدۇ . ئەدەبىي تىل بىلەن خەلق تىلىنىڭ گارمونىيىسىدىن يارالغان ئۆزگىچە بىر بەدىئىي دۇنيا كۆز ئالدىمىزدا نامايان بولىدۇ . ئېقىن سۇدەك راۋان بىر ھالەت ئادەمگە ھۇزۇر بېغىشلايدۇ . ھەتتا بەزى تەرجىمە شېئىرلىرىنى ئوقۇغان ئادەم ئەسەر ئاپتورىنى كۆرمەي ، شېئىرنى ئوقۇغان چاغدا بۇ شېئىرنىڭ قايسى بىر ئۇيغۇر شائىرنىڭ شېئىرىنى ئوقۇۋاتقاندەك تۇيغۇغا كېلىپ قالىدۇ

پېشقەدەم شائىر مۇھەممەت رەھىم ياسىن ھاۋازىنىڭ ئەدەبىي تەرجىمىلىرى ھەققىدە مۇنداق دەيدۇ: «1979 ـ يىلى بېيجىڭ مىللەتلەر نەشرىياتىدا بىر گۇرۇپپا مۇھەررىر ۋە تەرجىمان بىلەن ‹ تيەنئەنمىن شېئىرلىرى› توپلىمىنى ئىشلىدۇق . شۇ جەرياندا ياسىن ھاۋازىنىڭ خەنزۇچە شېئىرلارنى تەرجىمە قىلىشتىكى ئىقتىدارىنى كۆرگەنىدىم . ‹ تاڭ دەۋرى شېئىرلىرىدىن› ناملىق توپلامنى ئوقۇپ ، ئۇنىڭغا بولغان قايىللىقىم تېخىمۇ ئاشتى . ئۇ تەرجىمە قىلىپ تەييارلىغان ‹ گۈل ۋە باغۋەن› ناملىق كىتابتىكى بەزى شېئىرلار خۇددى ئۇيغۇر شائىرى يازغاندەك تەرجىمە قىلىنغان . مەسىلەن ، ۋاڭ چاڭلىڭ قەدىناس دوستلىرىغا مۇنداق دەپ يازغان:

سورىسا ھالىمنى ئۇ لوياڭدىكى يارەنلىرىم،
خۇددى تاش چەينەكتىكى بىر پارچە مۇز كۆڭلۈم مېنىڭ.

بۇ توپلامدىكى ئۇبزورلار ئارىسىدا بارماق ، ئارزۇ ۋە زىندىكى يېزىلغان شېئىرلار ناھايىتى كۆپ ، ‹ تاڭ دەۋرى شېئىرلىرىدىن› ناملىق توپلامدىمۇ شېئىرىي تەرجىمىنىڭ بايراقدارى ئابدۇكېرىم خوجا تەرجىمە قىلغاندەك پاساھەتلىك تەرجىمە قىلىنغان شېئىرلاردىن بىرقانچىسى بار . مەسىلەن ، دو فۇنىڭ بىر غەزىلى ھېلىمۇ يادىمدا:

يانى تارتساڭ تارت ئۇنىڭ كۇچراغىنى ،
تاللا ھەم ئوقنىڭمۇ ئۇزۇنراقىنى .

ئادەم ئاتساڭ ، ئېتىنى چەنلە ئاۋۋال ،
ياۋنى تۇتساڭ ، تۇت ئاۋۋال سەردارىنى .

باركى ھەر ئەلنىڭ تېگىشلىك پاسىلى ،
قوغدىماق ھەقدۇر ئۇنىڭ گىردابىنى .

مەن بۇ توپلاملاردىكى شېئىرلارنى ئوقۇپ ، خۇددى ناۋائى ، پۇزۇلىلارنىڭ شېئىرلىرىنى ئوقۇغاندەك ھۇزۇرلانغانىدىم.»

# تاڭ دەۋرى شېئىرلىرىدىن

**ياسىن ھاۋازى** تەرجىمىسى

## مەيخۇمارلىق

هوشۇمدىن كەتكۈدەك مەي ئىچەرمەن ، بەس ،
بۇ مېنىڭ مەيخۇمار بولغىنىم ئەمەس .
جىمىكى ئالەمنى غەرق مەست كۆرۈپ ،
مەنغىنا هوشۇمدا يۈرسەم بولدى تەس .
ـــ ۋاڭ جى

## ھەپسىدە يېتىپ تومۇزغىنى كۈيلەش

پەسلى كۈز تىنماس تومۇزغا چىرقىراپ ،
سالدى مەھبۇسقا ھېسابسىز ئىزتىراپ .

نالىسى ئاقۋاش پېقىرنى قىلدى لال ،
قالمىدى تەندە چىدام باش پىرقىراپ .

ئۇچمىقى نەھەد ئۇنىڭ ، شەبنەم قىلىن ،
پۇتتى ئاۋازى بوراندا خىرقىراپ .

پاك دىسەم تومۇزغىدەك ، كىم چىنپۇتەر؟
كىم ئىچى ئاغرىدىركى مەنچۇن سىرقىراپ!
—— لۇ بىنۇاڭ

## چيۇ فۇ نەزمىسى

ئۇچ مىڭ گەز كەلگۇدەك بوپتۇ ئاق چىچىم ،
دەرد بىلەن تولغاچقا جىمى ئىچ - تىشىم .
قەيەردىن قونغانكى كۆزنىڭ قىروسى ،
ھەيرانمەن ئەينەككە قارىغان پىتىم .
—— لى بەي

## جاڭ خوجامغا مۇشائىرە

ياشنىپ جىملىققا باغلاپ ئىشتىياق ،
ھەنىۋا ئىشتىن كۆڭۈل ئۇزدۇم بىراق .

چىقمىدى دەردلىك خىياللارنىڭ ئۇچى ،
ۋاي ئىسىت ، بۇ تاغ تامان باستىم ئاياق .

يەشتى بەلباغىمنى سابا رىغبىتى ،
سازنى كۇيلەتسەم ، قەمەر ياقتى چىراغ .

كى گادايلىق سىرىنى سوراغلىساڭ ،
زوق بىلەن بېلىق كۇيىگە سال قۇلاق .
—— ۋاڭ ۋېي

## ياز ئاخشىمى دالاندا شىن زىنى ئەسلەش

بىردىنلا ئولتۇردى تاغقا زەر قۇياش ،
تولۇن ئاي مەشرىقتە كۆلدىن ئالدى باش .

زەپ ھۇزۇر چىچىمنى مۇرەمگە تاشلاپ ،
كۆزنەكنى كەڭ ئېچىپ بۇندا سالقىنلاش .

نىلۇپەر ھىدىنى يەتكۈزدى شامال ،
بامبۇكتىن مەلۇمدۇر شەبنەم تامچىلاش .

خۇش ناۋا قىلماققا خىيال ئەيلىدىم ،
ھەسرەتا بولمىدى يېنىمدا سىرداش .

ئاشۇ دەم دوستۇمنىڭ مېھرى ماڭا يار ،
دۇرۇسكەن تاڭغىچە چۈشۈمدە ئويلاش .
—— مېڭ خاۋرەن

## كەچ پەردىسى يېيىلغاندا نەنشەنگە قايتىش

شىمالدا ئۆتۈنۈش ، خەتنى توختاتتىم ،
جەنۇبىي تاغدىكى كەپەمگە قايتتىم .

ناقابىل ياقمىدىم ئاقىل خوجامغا ،
چەتلەشتى دوستلىرىم ، كۆپ كېسەل تارتتىم .

كونا يىل ئۇزىغاي باھار بىلەن تەڭ ،
ئاقچەچلە قىرىلىق سايانغا چاپتىم .

قارىغايلىق ، ئاي نۇرى كۆزنەكتە ئوينار ،
ھىسابسىز دەرد ئىلە تولغىنىپ ياتتىم .
—— مېڭ خاۋرەن

## ۋاڭ ۋېي بىلەن خوشلىشىش

ھەر كۈنى چىقسام يانارمەن قول قۇرۇق ،
نېمىگە ئەمدى يەنە ئولتۇرغۇلۇق .

خۇش پۇراق گۈللەر ئارا كېتەي دېسەم ،
ساڭا كۆزۈم قىيغۇدەك يوقتۇر يوچۇق .

سوزمىدى ھېچ يول توسار ھىممەتتە قول ،
سىردىشىم سەندەك جاھاندا ئۆزگە يوق .

مەنىسىز كۈن ئۆتكۈزۈشكەن قىسمىتىم ،
قالدى جايىمغا كېتىشكە يول ئوچۇق .
—— مېڭ خاۋرەن

## ئاينىغانلىق نەزمىسى

ئۇيۇق بويلاپ چىقسا بۇلۇت تۇمان قىلۇر ،
ئاي ۋە كۈننىڭ شولىسىنى سەرسان قىلۇر .

تار كوچىدا غۇيۇلدىغان كۈز شامىلى
باشتا خۇيلەن پۇرىقىنى ھەريان قىلۇر .

تىزىلىسمۇ دۇكانلارغا تۈمەن خىل مال ،
چاقنىغانىنى ھەركىم ئاۋۋال ئارمان قىلۇر .

پىتنىلەرگە بەس كەلمىكى تەس ئاقىلنىڭ ،
تۆھپىكارنى تۆھمەتخورلار ۋەيران قىلۇر .

ئۆزۈڭ داغدام يولدا يۈرۈپ دېمىگىلكى:
بىردەمدىلا تۈز يولۇمنى تەيخاڭ قىلۇر .

ئوقۇۋەرمە ئاينىغانلىق نەزمىسىنى ،
دەردۇ ـ ئەلەم يۈرىكىڭنى خۇن ـ قان قىلۇر!
—— ليۇ يۈشى

## مېھمان كەلگەندە

ئالدى ـ كەينىدە ئۆيۈمنىڭ ئاقىدۇ سۇلار تولۇپ ،
كېلىدۇ بېلىقچى قۇشلار ھەر كۈنى پەرۋاز ئۇرۇپ .

كۆرمىگەن سۈپۈرگىنى گۈلزار يولۇم مېھماننى دەپ ،
كەپىمىز ئىشىكى ئېچىلدى سىز ئۈچۈن تۇنجى بولۇپ .

يوق ئېسىل نېمەتلىرىم ، ئالماققا ھەم بازار يىراق ،
قول ئۈزۈك ، ئازراققىنا قاپتۇ شارابىم ئۆي قۇرۇپ .

قوشنا چال بىلەن ئىچىشنى قىلسىڭىز گەر ئىختىيار ،
چاقىراي ئۈلپەتلىشىڭ داسخاندا بىللە ئولتۇرۇپ .
—— دۇ فۇ

## ماكانلاشتىم دەريا بويىغا

كۆپ زامان ئۆتتۈم ئەمەلگە باغلىنىپ ،
بۈندا كەلدىم ئاقىۋەت نەس چاغلىنىپ .

مۇڭدىشارمەن قوشنا دېھقان چال بىلەن ،
گاھى تاغ ـ ئورماننى كەزدىم ئايلىنىپ .

تاڭدا شەبنەملىك گىياھنى ئاغدۇرۇپ ،
كەچتە ھەيدەيمەن قېيىق ھەم جانلىنىپ .

كېزىمەن ھەريان ئۆزۈم ، يوق ئۈلپىتىم ،
كەتتى كۈي ـ ناخشام يىراققا ئاڭلىنىپ .
—— ليۇ زۇڭيۈەن

## شاتۇتى

شاتۇتى
ياشايدۇ جەنۇبىي ئىقلىمدا خېلى ،
پەيلىرى قارامتۇل ، بوينىدا بار قىزىلى .
قۇلىقى ئۆتكۈر ، كۆڭلى نازۇك ، كارامەت تىلى ،
قۇش ، ئىنسان تىلىنى ئۇقار ئۇ ئەۋزىلى .

تۇنۇگۈن سار كەلدى چىرقىراپ ،
كور قىلدى مېكىياننى چوقلاپ ،
شۇم قاغا بۇگۈنمۇ چۈۋىدى
قارلىغاچ ئۇۋىسىنى مالتىلاپ .
ئۇركىتىپ قارلىغاچ ، توخۇنى ،
چۆجىنى ، تۇخۇمنى ئەپقاچتى قامالااپ .

بېلىق ئالغۇچ ، بۈركۈتمۇ يوق ئەمەس ،
لوق گۆشتە پوكىنى لىق ـ پەۋەس ،
ئۇلاردا ھەرىكەتكە يوق ھەۋەس ،
ئەنقا ، تۇرنا كۆكتە ئۇچار ، يا شاختا ئۇخلار ،
ئۇلارنىڭ ھېچبىرى يا گاس ، كور ئەمەس .

شاتۇتى ،
قۇشلارنىڭ تىلىغا زەپ ئۇستا ئىمىشسەن ،
قارلىغاچ ، توخۇنىڭ ئاھىنى بىلمەمسەن؟
سۇمۇرغنى قۇشلارنىڭ شاھى دەيدىكەن ،
نېچۈن سۇمۇرغقا قاغا بىلەن سارنىڭ زۇلمىنى دېمەيسەن؟
مەنىسىز ۋىچىرلاپ بىزنى بەزلەۋېرەمسەن!
—— بەي جۈيى

## تېمىسىز

چۈشۈم قاملاشمىدى ياستۇق تۈگەل ياشىمدا نەم بولغاچ ،
كېلىپ تۈندە سارايدىن بەزمە قەھقەھلەر ئەلەم بولغاچ .

يۆلەندىم مەشكە ئىسلاندىم تاڭ ئاتقۇنچە بىداردۇرمەن ،
ئانار ئەڭلىم سۇلاشمايلا غېرىبلىق باشقا جەم بولغاچ .
—— بەي جۈيى

## جۇجى نەزمىسى

چۈتاڭدا سۇ شارقىرار ، ئۇن ئىككى جاي نەس ئەجەب ،
دېيىلەركەن ئەزەلدىن ئۆتمەك بۈندىن تەس ئەجەب .
سۇچىلىكمۇ بولالماس چۈپرەندىلەر ، مىڭ لەنەت ،
تۈك ئۈندۈرەر تۇخۇمدىن ، قىلمىشلىرى پەس ئەجەب .
—— ليۇ يۈشى

## ھەسەل ھەرىسى

مەيلى تۈزلەڭ يا ئېدىر ـ ساي ، مەيلى ئېگىز تاغ ـ داۋان ،
قالمىدى چەكسىز گۈزەل جايلار تۈگەل سەن بارمىغان .
بال چىقارساڭ گۈل ـ چېچەكلەردىن ئېسىل شىرنە يىغىپ ،
كىم ئۈچۈن شېرىن ھەسەل ئۇ ، كىم ئۈچۈن ھەسرەت ـ پىغان!
—— لو يىن

تەھرىرلىگۈچى: **پولات ھېۋزۇللا**



# دۇردانىلەر

**ۋىليام گاردون**

**ىل كىتاب ۋە گېزىت ـ ژۇرناللىرىدىن**

## كىتابنىڭ تونۇشتۇرۇلۇشى

بۇ بىر ئۆزگىچە ئۆزۈندىلەر توپلىمى ، شۇنداقلا يازغۇچىلارنىڭ پايدىلىنىش قوللانمىسى . بۇ كىتاب يېزىقچىلىقتا ئەمدىلا كىرىشكەن ۋە كىتابى نەشر قىلىنغان يازغۇچىلارنى يېزىقچىلىق ماھارىتى ۋە نەشرىياتچىلىق سودىسى قاتارلىق جەھەتلەردىكى ئەمەلىي ئەھمىيىتى بولغان تەكلىپلەر بىلەن تەمىنلەش ئارقىلىق ئۇلارغا ياردەم بېرىش مەجبۇرىيىتىنىمۇ ئۆز ئۈستىگە ئالغان.

ئەمەلىيەتتە تەخمىنەن 25 يىللار ئىلگىرى مەن ئەمدىلا يېزىقچىلىققا كىرىشكەن ۋاقىتتا ، باشقىلارنىڭ ماڭا مۇشۇنداق بىرەر كىتابنى تەۋسىيە قىلىشىنى تولىمۇ ئارزۇ قىلاتتىم . ئەينى ۋاقىتتا مەنمۇ كۆپ سانلىق يازغۇچىلارغا ئوخشاش ئۆزۈمدىن: «كىم مېنىڭ كىتابىمنى سېتىۋالىدۇ ، نېمە ئۈچۈن سېتىۋالىدۇ؟» دەپ سوراپ باقمىغانىكەنمەن . ھەتتا بىر كىتابنىڭ بازار مەسىلىسىگە پەقەتلا دىققەت قىلمىغان ، شۇنداقلا نەشرىيات سودىسىنىڭ ئايلىنىش تەرتىپى ھەققىدىكى ئىشلار بىلەنمۇ كارىم بولمىغانىكەن.

شۇڭلاشقا ، مېنىڭ يېزىقچىلىققا كىرىشىپ 1 ـ كىتابىم نەشر قىلىنغىچە بولغان ئارىلىقتا نېمە ئۈچۈن 17 يىل ۋاقىت كەتكەنلىكىنى مۇشۇ سەۋەبلەردىن چۈشىنىۋېلىشقا بولاتتى . شۇندىن كېيىن ، مەن يەنە باشقا ئىككى كىتابىمنى نەشر قىلدۇردۇم . شۇنىڭ بىلەن ئامىتىم كېلىپ مەخسۇس يېزىقچىلىق بىلەن تۇرمۇشىنى قامدىيالايدىغان ئاز ساندىكى كەسپىي يازغۇچىنىڭ بىرىگە ئايلاندىم .

مۇشۇ يىللاردىن بۇيان مەن نۇرغۇنلىغان نەشر بۇيۇملىرىنى كۆرۈش بىلەن بىرگە ، ئۇلارنىڭ ئىچىدىكى ھەر خىل كىتاپ ـ ژۇرنال ۋە گېزىتلەردىن ئۆزۈندىلەرنى يىغىشقا كىرىشكەنىدىم. بۇ كىتابتىكى ئۆزۈندىلەر شۇلارنىڭ ئىچىدىن تاللانغانلىرى بولۇپ ، پەقەت مۇشۇ ئۆزۈندىلەرنىڭ ئىلھامى بولغاچقىلا شۇنچە يىللاردىن بۇيان مەن ئىزچىل ئوچۇق ئىدراكىمنى ، كەسپكە بولغان قىزغىنلىقىم ۋە بېغىشلاش روھىمنى ساقلاپ كەلدىم .

مەن تۇنجى كىتابىم نەشر قىلىنغاندىن باشلاپ ، سىجىل بۇ ئۆزۈندىلەرنى توپلاشقان باشلىغاچقا بۇ كىتاب ئاددىي ئۆزۈندىلەر دۆۋىسىگە ئايلىنىپ قېلىشتىن خالىي بولالىدى . كىتابقا كىرگۈزگەنلىرىم پەقەت يېزىقچىلىققا ۋە نەشرىياتچىلىققا ئائىت پايدىلىنىش قىممىتى بولغان ئۆزۈندىلەر. مەن ئۈچۈن بۇ ئۆزۈندىلەرنىڭ ھەممىسى ئۇنتۇلغۇسىز ، كىشىنى چوڭقۇر ئويلىنىشقا سالىدىغان ، يۇمۇرىستىك روھ پارلاپ تۇرىدىغان شۇنداقلا ئىنتايىن مۇھىم بولغان دۇردانىلەر سانىلىدۇ .

مېنىڭ ئۈمىدىممۇ بۇ ئۆزۈندىلەرنىڭ تارىخشۇناسلار ، مۇخبىرلار ، نۇتۇق ئورگىنالى يازغۇچىلىرى ، ئىنگلىز تىلى ئوقۇتقۇچىلىرى ،كىنو سېنارىستلىرى... قاتارلىق بارلىق قەلەم بىلەن مەشغۇل بولغۇچىلارغا ئاز ـ تولا يارىدىمى تەگسىكەن دېگەندىنلا ئىبارەت ، خالاس .

تەرجىمىھال ئەدەبىياتنىڭ ۋەزىپىسى بۈيۈك شەخسلەرنى ئوراپ تۇرغان جەزبىدار مەدھىيىلەرنى بۆسۈپ ئۆتۈپ ، كىشىلەرگە ئۇلارنىڭ ھەقىقىي قىياپىتىنى كۆرسىتىپ بېرىشتۇر.

*ـــ ئەنگلىيە دراماتورگى ئېلون بېنت*

تەرجىمىھال يازغۇچىلىرى ئۆز ئەسىرىنىڭ باش قەھرىمانى بىلەن يۇرۇش ـ تۇرۇشتا بىللە بولۇپ ، تۇرمۇشتا قويۇق ئالاقە ئورنىتالىغاندىلا ئۇنىڭ تەرجىمىھالىنى مۇۋەپپەقىيەتلىك يېزىپ چىقالايدۇ.

*ـــ ئەنگلىيىلىك يازغۇچى ، لۇغەت تۈزگۈچى ، ئوبزورچى فورس يوھانتون ، جامىس بورىسۋىل تۈزگەن «يوھانسوننىڭ تۇرمۇشى» ناملىق كىتابتىن ئېلىندى (1791 ـ يىل) .*

بىر ئادەمنىڭ سۆز ـ ھەرىكىتى پەقەت ئۆز تۇرمۇشىنىڭ ئىنتايىن كىچىك بىر قىسمىنىلا تەشكىل قىلىدۇ . ئۇنىڭ ھەقىقىي تۇرمۇشى بولسا قەلبىنىڭ چوڭقۇرلۇقىغا كۆمۈلگەن . ئۇنى ئۇنىڭ ئۆزىدىن باشقا ھېچكىم بىلمەيدۇ.

*ـــ مارك تۋېن «تەرجىمھالىم» ناملىق كىتابتىن ئېلىنغان (1924 ـ يىل).*

ئۆزىنىڭ تەرجىمھالى يېزىلغان ئەسەرلەر بەلكى ئەڭ ئالىيجاناب يالغانچىلىق بولۇشى مۇمكىن.

*ـــ ھانفىلىر كاپېنت ، «پاترىك فېۋارتىنىڭ ئۆزى ھەققىدىكى*

*دىئاگنوزى» «نيۇ ـ يورك ۋاقىتلىق گېزىتى كىتابلارغا باھا ئىستونى» . 1982 ـ يىل 2 ـ ئاينىڭ 7 ـ كۈنىدىكى سانى.*

تەرجىمىھال يازغۇچىلىرىنىڭ قورالى زادى نېمە؟ ئەمەلىيەتتە ئۇلارنىڭ قوراللىرى ئىچىدە مۇھىملىرىدىن ئاساسلىقى سەزگۈرلۈك ، ئاددىي تۇرمۇش ساۋاتلىرى ، ھېسداشلىق روھى ۋە ھەققانىيەتكە بولغان ئىنتىلىش قىزغىنلىقلىرىلا بولۇپ ، قالغان نەزەرىيە جەھەتتىكى مەسىلىلەرنى ئاسان ئىگىلىۋالغىلى بولىدۇ . مەن ھەتتا بەزى ئوبزورچىلارنىڭ مەن يازغان تەرجىمىھال ئەسەرلەرگە باھا بېرىپ ، پېرسوناژلارنىڭ روھىي دۇنياسىنى چوڭقۇر سۈرەتلەپ بېرەلىگەن دەپ قارىغانلىقىدىن تولىمۇ ھەيرانلىق ھېس قىلىمەن . پېرسوناژلارنىڭ روھىي دۇنياسىدىن باشقا يەنە نېمىنىمۇ يېزىشىم مۇمكىن؟ ئەگەر بىر تەرجىمىھال يازغۇچىسى كىشىلەرگە ئۆزى يېزىۋاتقان باش قەھرىماننىڭ ئىچكى دۇنياسىنى سۈرەتلەپ بېرەلمىسە ، ئۇنداقتا كىشىلەرنىڭ كۆز ئالدىدا گەۋدىلەنگىنى پەقەتلا خۇددى ھېسابات دەپتىرىدەك تاشقى شەكىل ئالغان ھايات خاتىرىسىلا بولۇپ قالىدۇ ، خالاس.

*— تەرجىمىھال يازغۇچىسى ئاگناد سىبورتىنىڭ ۋىلىيام گاردونغا توردا يوللىغان E—MAIL دىكى بىر بۆلۈك سۆزى . 1998 ـ يىلى 7 ـ ئاينىڭ 14 ـ كۈنى . ئۇ ئالفرىد شىۋىچ كوك ، تانزاس ۋىلىيامىس ، لوۋرىنس مارلىن ، مونرو جىس قاتارلىق كىشىلەرنىڭ تەرجىمىھالىنى يازغان .*

تەرجىمىھال ئەدەبىياتى ئالىيجانابلىق ، شۇنداقلا تەۋەككۇلچىلىك تۇسىگە ئىگە سەنئەت . ئۇ خۇددى سىدام پورترېت رەسسىمى ، شېئىر ، ھەيكەلتىراشلىق ئەسىرىگە ئوخشاشلا يۈكسەكلىككە ئىگە .

*— لىئون ئەردىئىل ، «يازغۇچىلىق ھاياتىم» (1984 ـ يىل).*

ھەممىلا سەنئەتكار ۋە تارىخشۇناس تەرجىمىھال ئەسەرلىرىگە يۇقىرى باھا بېرىپ كەتمەيدۇ . بەزىلىرى تەرجىمىھال ئەسىرىنىڭ ئىجادىيەت جەريانىنى ئوغرىلىقچە ئاڭلاش ، ماراش ، ھەتتا بۇلاڭ ـ تالاڭ قىلىش (شەخسىي مەخپىيەتلىكنى دېمەكچى) جەريانى دەپ قارىشىدۇ.

*— لىئون ئەردىئىل ، «يازغۇچىلىق ھاياتىم» (1984 ـ يىل).*

تەرجىمىھال يازغۇچىلىرى خۇددى بىر ئۆيگە باستۇرۇپ كىرىپ تارتمىلاردىكى بارلىق نەرسىلەرنى ئوغرىلاپ كېتىدىغان كەسپىي ئوغرىلارغا ئوخشايدۇ... باشقىلارنىڭ پىنھان سىرلىرىنى ماراشقا ئامراق ئاشۇ بىر بۆلۈك چاتاقچىلار ئىلمىي نام بىلەن ئۆزلىرىنىڭ ئىشلىرىنى پۇختا نىقابلاپ ھەم تەرجىمىھال يازغۇچىلىرى ، ھەم تەرجىمىھالنىڭ ئوقۇرمەنلىرىنى ئازدۇرىدۇ.

*— جىنت ماركوم ، «سۇكۇناتتىكى ئايال: سىرۋىيە پىلاس ۋە تېد شۇس» (1994 ـ يىل).*

مەن باشقىلارنىڭ ھەممىلا ئىشلىرىمنى بىلىپ كېتىشىنى خالىمايمەن . ئۆزۈمنىمۇ كەمكۈتىسىز دەپ قارىمايمەن . شۇڭلاشقىمۇ ھەممىلا ئىشلىرىمدىن خاتىرە قالدۇرۇپ ئولتۇرمايمەن.

*— تەرجىمىھال يازغۇچىسى ئانتونىيە فولىيزىر خانىم. «ۋ. تايمىس» ژۇرنىلى نىشانىنى ئۇنىڭ ئۆزىگە قارىتىپ ، ئۇنىڭدىن باشقىلارنىڭ ئۇنىڭمۇ ئۆز تەرجىمىھالىنى يېزىشنى خالايدىغان ـ خالىمايدىغانلىقىنى سورىغىنىدا ئۇنىڭ ئېيتقان سۆزى . «تايمىس» ژۇرنىلىنىڭ 1998 ـ يىلى 7 ـ ئاينىڭ 13 ـ كۈنىدىكى سانىدىن ئېلىندى.*

بىر كىشىنىڭ تۇرمۇش سەرگۈزەشتىسىنى سۈرەتلەش خۇددى ئاشكارىلىنىش ئالدىدا تۇرغان قاتىللىق دېلوسىدەك ھەقىقىي قىياپىتىنىڭ ئېچىلىش جەريانىدۇر.

*— «خەلقئارا ئاۋانگارتلار مۇنبىرى»دىن ئېلىندى . 1989 ـ يىلى 9 ـ ئاينىڭ 15 ـ كۈنىدىكى سانى.*

تەرجىمىھال يازغۇچىلىرى ساداقەتمەن سەنئەتكارلاردۇر . (تەرجىمىھال ئوبيېكتى بولغان باش قەھرىماننىڭ تۇرمۇش ئەمەلىيىتىنى سادىقلىق بىلەن تەسۋىرلەشنى كۆرسىتىدۇ) .

*تەرجىمىھال يازغۇچىسى دوستمونتى مارك ئارتور ، لىئان ئەيدىر تۈزگەن «يازغۇچىلىق ھاياتىم» ناملىق كىتابتىن ئېلىندى (1984 ـ يىل).*

## مۇقاۋا ئېلانى

بىر كىتابنىڭ مۇقاۋا ئېلانىنىڭ كۈچ ـ قۇدرىتىنى ھەرگىزمۇ سەل چاغلىماسلىق كېرەك ، چۈنكى ئۇنى كۆرىدىغان ئادەم ھامان كىتابنى ئوقۇيدىغان ئادەمدىن كۆپ بولىدۇ .

*— ئېرلىس كاھىن ، «قانداق قىلىپ بىر كىتابنىڭ مۇقاۋا ئېلانىغا ئاساسەن كىتابقا باھا بەرگىلى بولىدۇ» ناملىق ماقالىدىن ئېلىنغان . «لوس ـ ئانژېلىس ۋاقىت گېزىتى» 1991 ـ يىلى 2 ـ ئاينىڭ 13 ـ كۈنى.*

## كىتاب

بارلىق كىتابلارنى ئىككى خىلغا ئايرىشقا بولىدۇ . بىر خىلدىكىلىرى بىر مەزگىللىك كىتابلار (ياكى ۋاقىتلىق كىتابلار دەپ ئېيتىشقىمۇ بولىدۇ) ، يەنە بىر خىلدىكىلىرى بولسا مەڭگۈلۈك كىتابلار (ئۆلمەس كىتابلار).

*— جون لاسكىن ، «كۈنجۈت ۋە نىلۇپەر» دىن ئېلىنغان (1865 ـ يىل).*

كىتاب بىزنىڭ بىلىم بۇلىقىمىز ، ئۇ ئېتىقادىمىز ، ئەستىلىك خاتىرىلىرىمىز ، ئەقىل ـ پاراسىتىمىز ، ئەخلاق ـ پەزىلىتىمىز ، شېئىرىي تۇيغۇمىز ، شۇنداقلا پەلسەپە ، تارىخ ۋە پەن ـ تېخنىكا بىلىملىرىمىزنىڭ خەزىنىسىدۇر.

*— دۆلەت مەجلىسى كۇتۇپخانىسى باشقۇرغۇچى خادىمى دانىناس بورستون ، بۇ ئۇنىڭ «كىتابنىڭ كەلگۈسى» نامىدا بەرگەن دوكلاتىدىن ئېلىنغان سۆز (1984 ـ يىل).*

كىتاب مەدەنىيەتنىڭ تارقىتىش ۋاستىسى.

*— تارىخشۇناس باربارا ، تاسمان ، «كىتاب» نامىدىكى دۆلەت مەجلىسى كۇتۇپخانىسىدىكى نۇتقىدىن ئېلىندى. 1979 ـ يىلى 10 ـ ئاينىڭ 17 ـ كۈنى.*

دەرھەقىقەت مەدەنىيەتنىڭ نۇرى بەزىدە خىرەلىشىپ قېلىشىمۇ مۇمكىن ، ئەمما كىتاب بولسا گويا خاتىرە مۇنارىدەك مەڭگۈ يوقالمايدۇ.

*— ئەدەبىيات ۋاكالەتچىسى روس ئارلى شوك ، «نەشرىيات سودىگەرلىرى ھەپتىلىك ژۇرنىلى»دىن ئېلىندى . 1985 ـ يىلى 1 ـ ئاينىڭ 25 ـ كۈنى.*

ئەگەر كىتاب يوقىلىدىكەن ، ئىنسانلار تارىخىمۇ ، ئىنسانلارمۇ يوقىلىدۇ.

*— يازغۇچى چوتىن روس ، بورگىس ، ئالفرىد دانىناسنىڭ «كىتاب نەشرىياتچىلىقى»دىن ئېلىندى . (1997 ـ يىل).*

كىتاب ئىستراتېگىيىلىك قورالدۇر.

*— ئۇرۇش دەۋرىدىكى داھىيلارنىڭ كىتاب ھەققىدىكى قېلىنامىسى.*

خارىت بىچ ستو خانىمنىڭ «توماس تاغىنىڭ ھۇجرىسى»دىن ئىرپودىن سىنكىلىرنىڭ «ئورمان» ناملىق ئەسىرى ۋە لارق نادىنىڭ «كۆچىيىۋاتقان ئەنسىزلىك» قاتارلىق ئەسەرلىرى ، شۇنداقلا لېچىر كارسىن خانىمنىڭ ھازىرقى زامان پروزىسى «تېپتىنچ ياز كۈنلىرى» قاتارلىق ئەسەرلىرىگىچە كىتاب بىزنىڭ ئىجتىمائىي پائالىيەتلىرىمىزدىن تارتىپ شىركەتلەرنىڭ ئايلىنىشىغىچە ناھايىتى زور تەسىرلەرنى كۆرسىتىپ كەلدى . ھەتتا بۈگۈنكىدەك ئېلېكترون ئۇچۇر دەۋرى ۋە ژۇرناللار كەڭ تارقىتىلىۋاتقان دەۋرىمىزدىمۇ كىتاب يەنىلا يۈكسەك ئورۇندا تۇرماقتا .

*— جون بېرك «نەشرىيات سودىگەرلىرى ھەپتىلىك ژۇرنىلى» 1986 ـ يىلى 9 ـ ئاينىڭ 5 ـ كۈنى.*

تارىختىن بۇيان بەزى كىتابلار تارىخ ، مەدەنىيەت ، ئىلىم ـ پەن ۋە ئىدىيە سىستېمىسىغا غايەت زور تەسىرلەرنى كۆرسەتتى . ھەربىر تارىخىي دەۋرلەردە بىز ھامان كىتابنىڭ كۈچ ـ قۇدرىتىنى كۆرۈپ يەتتۇق . شۇنداق ئېيتىشقا بولىدۇكى ، كىتاب بولمايدىكەن ، بۈگۈنكى يۈكسەك تەرەققىياتلارغا ئېرىشكەن پەن ـ تېخنىكىمىز ۋە مۇنەۋۋەر مەدەنىيىتىمىزنىڭمۇ بولۇشى مۇمكىن ئەمەس .

*— روبېرت دانىناس «دۇنيانى ئۆزگەرتكەن كىتابلار»دىن (1956 ـ يىل).*

ناھايىتى ئېنىقكى ، كىشىلەر كىتابتىن پايدىلىنىپ ياخشى ئىشلارنى ھەم يامان ئىشلارنىمۇ قىلالايدۇ . كىتاب ھاياتىي كۈچكە تولۇپ تاشقان بولىدۇ . ئۇ ھەم كۈچلۈك ياردەمچى ، شۇنداقلا يەنە كۈچلۈك ئۇرۇش قورالىدۇر.

*— روبېرت دانىناس «دۇنيانى ئۆزگەرتكەن كىتابلار»دىن (1956 ـ يىل).*

## تەكشۈرۈش تۈزۈمى

قىرائەتخانا (كۇتۇپخانا) ، كىتابخانا ، يەنە تېلېۋىزور ، رادىئولارنىڭ ئەۋزەللىكى دەل كىشىلەرنىڭ ئۇلارنى قوبۇل قىلىشىدا ئەركىن تاللاش ھوقۇقىنىڭ بولغانلىقىدا . يەنى ھېچكىممۇ سىزنى كىتاب ئوقۇشقا ، مەلۇم كىنو ياكى تېلېۋىزور نومۇرىنى كۆرۈشكە مەجبۇر قىلمايدۇ ، شۇنداقلا رادىئو ئاڭلاشقا قىستىمايدۇ.

*— ئامېرىكا كۇتۇپخانىلار بىرلەشمىسى ئىدىيە ئەركىنلىكى ئىشخانىسى مۇدىرى جۇددىر كىروكنىڭ 1982 ـ يىلى ۋىلىيام گېبدىنىنىڭ زىيارىتىنى قوبۇل قىلغاندىكى سۆزى.*

## بەس ـ مۇنازىرە

ھەرقانداق بىر ھەقىقىي سەنئەت ئەسىرى ھامان يازغۇچى بىلەن ئۇنىڭ ئوقۇرمەنلىرى ئوتتۇرىسىدا بەس ـ مۇنازىرە قوزغىماي قالمايدۇ.

*— لامبېرىك لىست ، «سوت مەھكىمىسى ۋە قورغان» (1957 ـ يىل).*

ئەگەر بىر كىتاب كۈچلۈك قارشىلىققا ئۇچراش بىلەن بىر ۋاقىتتا ، يەنە ئوخشاش كۆلەمدىكى كۈچلۈك قوللاشقا ئېرىشەلىسە بۇ شۇ كىتابنىڭ ئاللىقاچان كىشىلەرنىڭ ئىدىيىسىگە چوڭقۇر تەسىر كۆرسەتكەنلىكىنى ئىسپاتلايدۇ.

*— روبېرت تانىناس «دۇنيانى خىرىس ئېلىپ كەلگەن كىتابلار» (1956 ـ يىل).*

بىر يازغۇچىغا نىسبەتەن ئۇنىڭ كىتابىنىڭ ھۇجۇمغا ئۇچرىشى بىلەن بىر ۋاقىتتا ، يەنە ئالقىش سادالىرىغا ئېرىشىشى ياخشى ئىش . شان ـ شۆھرەت خۇددى بىر پەي توپقا ئوخشايدۇ . ئۇ پەقەت بىر تەرەپتىنلا ئۇرۇلسا ئاسانلا يەرگە چۈشۈپ كېتىدۇ . ئەگەر بىز ئۇنى چۈشۈپ كەتمىسۇن دەيدىكەنمىز ، چوقۇم ئىككىلا تەرەپ توختىماي ئۇرۇشىمىز كېرەك.

*— ئەنگلىيىلىك يازغۇچى ، لۇغەت تۈزگۈچى ۋە ئوبزورچى سەيۇر يوھانسون ئېدۋارت مورفىنىڭ «نەقىل كەلتۈرۈلگەن سۆزلۈكلەر توپلىمى ھەققىدە» ناملىق كىتابىدىن ئېلىندى (1978 ـ يىل).*

**ئەركىن ئەمەت** تەرجىمىسى

تەھرىرلىگۈچى: **ئىمىرھەسەن مەخمۇت**



# فرانسىس ماكومبىنىڭ قىسقىغىنە كۆڭۈللۈك تۇرمۇشى

## (ھېكايە)

### ئېرنىست ھېمىڭۋاي (ئامېرىكا)

چۈشلۈك تاماق ۋاقتى ئىدى . ئۇلار تاماق چېدىرىدىكى قوش قەۋەتلىك يېشىل كاناپىنىڭ ئاستىدا ھېچ ئىش بولمىغاندەك ئولتۇرۇشتى.

— ئاپېلسىن سۈيى ئىچەمسەن ياكى گازلىق لىمون سۈيىمۇ؟ — سورىدى ماكومبى.

— ئاپېلسىن سۈيى قوشۇلغان گىملىت ھارىقى ئىچەي، — دېدى روبېرت ۋىلسون.

— مەنمۇ بىرئاز ئىچەي ، ماڭىمۇ ئاپېلسىن سۈيى قوشۇلغان گىملىت ھارىقىدىن بولسۇن، — دېدى ماكومبىنىڭ خوتۇنى.

— تازا مۇۋاپىق بولدى، — دېدى ماكومبى قوشۇلۇپ، — ئۇنىڭغا دېگىن، ئۈچ رومكا ئاپېلسىن سۈيى قوشۇلغان گىملىت ھارىقى كەلتۈرسۇن.

كۈتكۈچىلىك قىلىدىغان چاكار سوغۇق ساقلايدىغان كاناپ خالتىدىن ھاراق ئېلىپ تەڭشەشكە كىرىشتى . شامال چېدىر تىكىلگەن دەرەخلىقتىكى خالتىنى ئىرغاڭلىتاتتى ، بوتۇلكىلاردىن سۇ تامچىلايتتى.

— ئۇلارغا نەچچە پۇل بېرەي؟ — سورىدى ماكومبى.

— بىر فوندستېرلىڭ يېتەرلىك ، ئۇلارنى يامان ئۆگىتىپ قويما، — دېدى ۋىلسون.

— خوجايىنى ئۇلارغا ئۈلەشتۈرۈپ بېرەمدۇ؟

— ئەلۋەتتە.

يېرىم سائەت بۇرۇن ئاشپەزلەر ، چاكارلار ، ياۋايى ھايۋان تېرىسىنى سويغۇچىلار ۋە ھامماللار ماكومبىنى لاگېرنىڭ چەت ياقىسىدىن چېدىرغا كۆتۈرۈشۈپ كەلگەن . قورال كۆتۈرگۈچىلەر بۇ سەپكە قاتناشمىغان ، يەرلىك چاكارلار ئۇنى چېدىرنىڭ ئالدىدا يەرگە چۈشۈرگەن ، ئۇ ئۇلار بىلەن بىرمۇبىر قول ئېلىشىپ ، ئۇلارنىڭ تەبرىكىنى قوبۇل قىلغان ، ئاندىن كەيىگە كىرىپ كارىۋىتىدا تاكى خوتۇنى كىرگۈچە ئولتۇرغان . خوتۇنى كىرىپ ئۇنىڭغا گەپ - سۆز قىلمىغان؛ ئۇ سىرتقا چىقىپ يۈز - كۆزىنى يۇغان ، ئاندىن تاماق چېدىرىغا كىرىپ دەرەخ سايىسىدىكى كاناپ ئورۇندۇقتا ئولتۇرغانىدى.

— قالتىس بىر شىر ئۇۋلىدىڭ - دە، — دېدى روبېرت ۋىلسون.

ماكومبى خانىم ۋىلسونغا لاپپىدە قاراپ قويدى . ئۇ ناھايىتى چىرايلىق ، ئۆزىنى ئوبدان كۈتكەن بىر ساھىبجامال ئىدى . بەش يىل ئىلگىرى چىرايى ۋە ئىجتىمائىي ئورنىغا تايىنىپ ، ئۆزى ئەزەلدىن ئىشلىتىپ باقمىغان بىر گىرىم بۇيۇمىنىڭ ئېلان سۈرىتىگە چىقىپ 5000 دوللار ھەققە ئېرىشكەن . فىرانسىس ماكومبىغا ياتلىق بولغىنىغا ئون بىر يىل بولغانىدى.

— ئۇ بىر ئوبدان شىر ، توغرىمۇ؟ — دېدى ماكومبى . شۇ پەيتتە خوتۇنى ئۇنىڭغا قاراپ تۇراتتى . ئۇ بۇ ئىككى ئەرنى ئەزەلدىن كۆرۈپ باقمىغاندەك قارايتتى.

ۋىلسون ئاق تەنلىك ئوۋچى ئىدى ① ، ئۇلار ئىلگىرى تونۇشمايتتى . ئۇ ئوتتۇرا بوي ، چېچى قىزغۇچ سېرىق ، ساقال - بۇرۇتلىرى ئۆسۈپ كەتكەن ، يۈزى

① بۇ يەردە تىلغا ئېلىنغان ئوۋچى پۇلدارلارغا ھەمراھ بولۇپ ئوۋ ئوۋلايدىغان كەسپىي ئوۋچىلارنى كۆرسىتىدۇ . ئامېرىكا . ياۋروپادىكى پۇلدارلار ئافرىقىغا بېرىپ ئوۋ ئوۋلاشنى ياخشى كۆرىدۇ . ئوۋنىڭ خەتىرى بولغاچقا مەخسۇس كەسپىي ئوۋچىلارنى ياللاپ ئوۋغا چىقىدۇ . ئوۋچىلارنىڭ ئىش ھەققى ناھايىتى يۇقىرى بولىدۇ .

قىزىل ئىدى ، كۆك كۆزى تولىمۇ سوغۇق كۆرۈنەتتى . كۈلگەندە كۆز قۇيرۇقىدىكى ئىنچىكە قورۇقلار غەلىتىلا چوڭقۇرلىشاتتى . شۇ تاپتا ئۇ ماكومبى خانىمغا قاراپ كۈلۈمسىرىدى . ماكومبى خانىمنىڭ كۆزلىرى ئۇنىڭ يۈزىدىن كەڭ ، كالتە چاپىنى يېپىپ تۇرغان يانپاش ۋە مۈرىسىگە يۆتكەلدى . چاپاننىڭ سول مەيدە يانچۇقىنىڭ ئورنىغا بىر تال تاسما تىكىلگەن ، تاسما ئارىسىغا تۆت تال چوڭ ئوق قىستۇرۇلغانىدى . ئۇ يەنە ئۇنىڭ قارىداپ كەتكەن قوللىرىغا ، كونا شىمىغا ، پاسكىنا ئايىغىغا ، ئاندىن يەنە قىزىل يۈزىگە قارىدى . ئۇنىڭ كۈن كۆرۈپ قىزىرىپ كەتكەن يۈزىدىكى ئاق چەمبىرەك ئىزغا دىققەت قىلدى . بۇ ئۇنىڭ ستانسون قالپىقىدىن قالغان ئىز ئىدى ، بۇ قالپاق كەپىنىڭ تۈۋرۈكىدىكى ياغاچ مىخقا ئېسىقلىق ئىدى.

— قېنى ، شىر ئوۋلىغىنىمىز ئۈچۈن كۆتۈرەيلى،— دېدى روبېرت ۋىلسون . ئۇ ماكومبى خانىمغا قاراپ كۈلۈپ قويدى . ئەمما خانىمنىڭ ئازراقمۇ كۈلگۈسى يوق ، ئېرىگە غەلىتە قاراپ تۇراتتى.

فىرانسىس ماكومبىنىڭ بويى ناھايىتى ئېگىز ، ئۈستىخىنىنىڭ ئۇزۇن - قىسقىلىقىنى ھېسابلاپ ئولتۇرمىغىنىڭىزدا ئۇ قامەتلىك ، تېرىسى ساغلام ، چېچى كېمىچىلەرنىڭكىدەك قىسقا ، كالپۇكى ناھايىتى نېپىز ، كېلىشكەن ئادەم ئىدى . ئۇمۇ ۋىلسوننىڭكىدەك ئوۋچىلار كىيىمى كىيگەن ، ئەمما ئۇنىڭ يېڭى؛ ئۇ 35 ياشقا كىرگەن ، ناھايىتى ساغلام ، مەيداندا ئوينىلىدىغان توپ تۈرلىرىنىڭ ھەممىسىگە ماھىر ، نۇرغۇن چوڭ بېلىقلارنى تۇتقان ، شۇغۇنىسى بايا كىشىلەر ئالدىدا ئۆزىنىڭ بىر توخۇ يۈرەك ئىكەنلىكىنى ئاشكارىلاپ قويغانىدى.

— شىر ئوۋلىغىنىمىز ئۈچۈن كۆتۈرەيلى، — دېدى ئۇ، — بايا قىلىپ بەرگەن ئىشىڭ ئۈچۈن ساڭا مەڭگۈ رەھمەت ئېيتسام ئەرزىيدۇ.

— ئۇ شىر توغرىسىدا سۆزلەشمەيلى، — دېدى خوتۇنى نەزىرىنى ئۇنىڭدىن ۋىلسونغا يۆتكەپ.

ۋىلسون مارگارېتقا سەپسالدى ، ئۇنىڭ ئازراقمۇ كۈلگۈسى يوق ئىدى ، ئەكسىچە مارگارېت ئۇنىڭغا قاراپ كۈلۈمسىرىدى.

— بۈگۈن غەلىتە بىر كۈنمۇ قانداق، — دېدى مارگارېت، — چۈشتە كاناپ چېدىردا تۇرغاندىمۇ قالپاق كىيىۋېلىشىڭىز كېرەك ئىدىغۇ؟ سىز ماڭا شۇنداق دېگەن.

① ماگى — مارگارېتنىڭ ئەركىلەتمە ئىسمى.

— كىيىۋالسامۇ بولىدۇ.

— بىلىسىز ، سىزنىڭ قىپقىزىل يۈزىڭىز بار . ۋىلسون ئەپەندى، — دېدى مارگارېت يەنە كۈلۈمسىرەپ.

— بۇ ھاراقنىڭ تەسىرى، — دېدى ۋىلسون.

— فىرانسىس شۇنداق كۆپ ئىچىدۇ ، لېكىن يۈزى ھېچقاچان قىزىرىپ باقمىغان، — دېدى ئۇ.

— بۈگۈن قىزاردى، — دېدى ماكومبى قىزىقچىلىق قىلىشقا تىرىشىپ.

— ياق، — دېدى مارگارېت، — بۈگۈن مېنىڭكى قىزاردى . بىراق ، ۋىلسون ئەپەندىنىڭ ئەزەلدىن قىزىل.

— بۇ قانداشلىقتا مۇناسىۋەتلىك، — دېدى ۋىلسون، — ھەي ، مېنىڭ يۈزۈمنى پاراڭ تېمىسى قىلىۋالمىسىڭىز قانداق.

— بۇ گەپنى تېخى ئەمدىلا قىلىۋاتىمەنغۇ.

— بۇ توغرۇلۇق سۆزلەشمەيلى، — دېدى ۋىلسون.

— پاراڭلىشىشمۇ شۇنچە تەسلىشىپ كەتتى،— دېدى مارگارېت.

— ئەخمەقلىق قىلمىسىڭىزچۇ ، ماگى ① ، — دېدى ئۇنىڭ ئېرى.

— ھېچقانچە قىيىنچىلىق تارتمايلا قالتىس بىر شىر ئوۋلىدۇق ، — دېدى ۋىلسون .

ماگى ئۇ ئىككىسىگە قارىدى . ئىككىسى ئۇنى ھازىرلا يىغلىۋېتىدىغاندەك ھالەتتە كۆردى . ۋىلسوننىڭ بۇنى بايقىغىنىغا ناھايىتى ئۇزۇن بولغان ، بۇ ئىشنىڭ يۈز بېرىپ قېلىشىدىن قورقۇپ تۇراتتى . ماكومبى ئاللىقاچان قورقماس بولۇپ قالغانىدى.

— مەن بۇنداق ئىشنىڭ يۈز بېرىشىنى خالىمايمەن . ھەي ، بۇنداق ئىشنىڭ يۈز بېرىشىنى خالىمايمەن،— مارگارېت شۇنداق دېگىنىچە چېدىرغا قاراپ ماڭدى . يىغا ئاۋازى ئاڭلانمىدى ، لېكىن قىزىل ئەتىرگۈل رەڭلىك كۆڭلىكىنىڭ ئاستىدىكى مۈرىسى تىنماي تىترەيتتى.

— ئاياللار ئەرزىمەس ئىشلار ئۈچۈنمۇ ئوڭاي تېرىكىدۇ، — دېدى ۋىلسون، ئۇزۇنتۇراغا قاراپ، — بۇ ھېچقانچە ئىش ئەمەس . نېرۋىسى جىددىيلىشىپ ئىشنى چوڭايتىۋېلىۋاتىدۇ.

— ھېچقىسى يوق، — دېدى ماكومبى، — مەن بۇ ئىش ئۈچۈن بىر ئۆمۈر ئازابلىنىدىغان ئوخشايمەن.

— قۇرۇق گەپ قىلما ، كۈچلۈكرەك ھاراق كەلتۈرەيلى، — دېدى ۋىلسون، — ھەممىنى ئۇنتۇپ كېتەيلى ، ئەمەلىيەتتە ھېچ ئىش بولغىنى يوق.

— سىناپ باقساق بولىدۇ، — دېدى ماكومبى، — بىراق ماڭا قىلىپ بەرگەن ئىشىڭنى مەڭگۈ ئۇنتۇمايمەن.

— ھېچقىسى يوق، — دېدى ۋىلسون، — ئامال بار قۇرۇق گەپنى ئاز قىلايلى.

ئۇلار دەرەخ سايىسىدە ئولتۇراتتى . لاگېر ئۆيلىرى بىرنەچچە تۈپ باراقسان ئاكاتسىيە دەرىخىنىڭ ئاستىغا تىكىلگەن ، دەرەخلىكنىڭ كەينى يۇمىلاق تاشلار بىلەن تولغان يارلىق ئىدى . بىر پارچە ئوتلاق دەريا بويىغىچە سوزۇلغان ، دەريانىڭ ئاستى يۇمىلاق تاشلىق ، ئۇ يېقى ئورمانلىق ئىدى . ئۇلار سوغۇقلۇقىدىن تولىمۇ ئىچىشلىك بولۇپ كەتكەن ئاپېلسىن سۈيى قوشۇپ تەڭشەلگەن گىملىت ھارىقى ئىچىپ ئولتۇراتتى . چاكارلار تاماق شىرەسىنى ئورۇنلاشتۇرۇۋاتقاندا ، ئۇ ئىككىسى كۆزلىرىنىڭ ئۇچرىشىپ قېلىشىدىن ئامال بار ساقلاندى . ۋىلسون ئاشۇ چاكارلارنىڭ ھەممىنى تونۇپ كەتكەنلىكىنى ئوبدان بىلەتتى . ئۇ ماكومبىنى كۆتىدىغان خىزمەتكارنىڭ شىرەگە تەخسە قويۇۋېتىپ بىر خىل غەلىتە نەزەر بىلەن خوجايىنغا قاراۋاتقانلىقىنى كۆرۈپ سۋاھىر تىلى① دا غەزەپ بىلەن تىللىۋەتتى . خىزمەتكارنىڭ چىرايى ئۆڭۈپ بۇرۇلۇپ كېتىپ قالدى.

— ئۇنىڭغا نېمە دېدىڭ؟ — سورىدى ماكومبى.

— ھېچنېمە ، چەبدەسرەك بولمىساڭ 15 دەررە يەيسەن ، دېدىم.

— نېمە بىلەن ئۇرىسەن ، قامچا بىلەنمۇ؟

— بۇنداق قىلىش قانۇنغا خىلاپ، — دېدى ۋىلسون، — ئۇلارنىڭ ئىش ھەققىدىن تۇتۇپ قېلىشقا رۇخسەت قىلىنىدۇ.

— سەن يەنىلا ئۇرامسەن؟

— ھە ، ياق ، ئۇلار ئەرز قىلسا بىرمۇنچە ئاۋارىچىلىق كېلىپ چىقىدۇ . بىراق ، ئۇلار ئەزەلدىن ئۇنداق قىلمىدى ، ئۇلار تاياق يېيىشكە رازىكى ، ئىش ھەققىدىن تۇتۇپ قېلىشقا رازى ئەمەس.

— نېمانچە غەلىتە.

— راستىنى ئېيتقاندا ، بۇنىڭ ئازراقمۇ ھەيران قالغۇچىلىكى يوق، — دېدى ۋىلسون، — ئۇلارنىڭ ئورنىدا سەن بولغان بولساڭ تېرەك تېلى بىلەن قاتتىق ساۋىلىش ياكى ئىش ھەققى ئالالماسلىقنىڭ قايسىسىنى تاللىغان بولاتتىڭ؟

ئۇ گېپىنى دەپ بولۇپ بىردىنلا ئوڭايسىزلىنىپ قالدى . ماكومبىنىڭ جاۋابىنى كۈتمەيلا:

— ھەممىمىز ھەر كۈنى تاياق يەپ تۇرىمىز . ئۆزۈڭ بىلىسەن ، سەۋەب دېگەن تېپىلىپ تۇرىدۇ.

ئۇ سۆزلىگەنسېرى گېپى قاملاشماي قېلىۋاتاتتى . «ۋاي خۇدايىم، — دەپ ئويلىدى ئۇ، — مەن بىر دىپلومات بولۇپ قالدىممۇ نېمە؟»

— شۇنداق ، بىز تاياق يەپ تۇرىمىز، — دېدى ماكومبى ئۇنىڭغا يەنىلا قارىماي، — مەن شىرىنىڭ ئىشىدىن قاتتىق بىئارام بولۇۋاتىمەن . بۇ ئىش يۇر كەتمىسە بولاتتى . بۇ ئىشنى ھېچكىم بىلىپ قالمىسا بولاتتى دېمەكچىمەن ، بولامدۇ؟

— ماساكا كۇلۇبىدا بۇ ئىشنى تىلغا ئالماسلىقىمنى دېمەكچىمۇ سەن؟ — ۋىلسون ئۇنىڭغا سوغۇق نەزەردە قارىدى . ئۇ ماكومبىنىڭ بۇنداق دېيىشىنى ئويلىمىغانىدى . «ئۇ ئەسلىدە توخۇ يۈرەك بولۇپلا قالماي ، يەنە پەسكەش قۇرت ئىكەن ، دەپ ئويلىدى ۋىلسون، — مەن ئۇنى يەنىلا ياقتۇرىمەن ، لېكىن بىر ئامېرىكىلىقنى كىممۇ چۈشىنىپ يېتەلىسۇن؟»

— ئۇنداق بولمايدۇ، — دېدى ۋىلسون، — مەن بىر كەسپىي ئوۋچى ، بىز ئەزەلدىن خېرىدارلىرىمىزنى سۆھبەت تېمىسى قىلمايمىز . خاتىرجەم بول ، بىراق پاراڭلاشمايلى دېسەڭ بۇ بىر بولمىغۇر گەپ.

«ماي تارتىشىپ قالسا ئادەم كۆپ ئەركىن بولۇپ قالىدىكەن» دەپ ئويلىدى ئۇ . شۇنداق بولغاندا ئۇ يالغۇز تاماق يېيەلەيتتى ، تامىقىنى يېگەچ كىتاب ئوقۇيالايتتى . ئۇلار ئۆزلىرىنىڭكىنى يېيىشەتتى . ئوۋغا چىققاندىلا ئۇلارنى ئۇچرىتاتتى . بۇ بىر ناھايىتى رەسمىي يوسۇندىكى ئۇچرىشىش بولۇپ ، فرانسىيىلىكلەر بۇنى نېمە دەيتتى — يۈكسەك ئېھتىرام . بۇنداق قىلىش مەنىسىز ھېسسىيات ماجىراسىغا تاقابىل تۇرۇشتىن كۆپ ئەۋزەل ئىدى . ئۇ ئۇنى ھاقارەتلىسە ئۇلار دەرھال ماي تارتىشىدۇ ، شۇنداق بولغاندا ئۇ تامىقىنى يېگەچ كىتابنى ئوقۇيالايدۇ ھەم ئۇلارنىڭ ۋىسكىسىنى ئىچەلەيدۇ . بۇ خېرىدار بىلەن ياردەمچى ئوۋچىنىڭ مۇناسىۋىتىنىڭ ناچارلىقىنى بىلدۈرىدىغان ئادەت سۆزى ، سەن بىرەر ئاق تەنلىك ئوۋچىغا ئۇچراپ قېلىپ ئۇنىڭدىن «قانداق ئەھۋالىڭ؟» دەپ سورىساڭ ، ئۇ «ھەي ، مەن يەنىلا ئۇلارنىڭ ۋىسكىسىنى ئىچىۋاتىمەن» دەپ جاۋاب بەرسە ، سەن بۇنىڭدىن ئەھۋالنىڭ نەقەدەر يامانلىشىپ كەتكەنلىكىنى بىلىۋالالايسەن.

— كەچۈرگىن، — دېدى ماكومبى ئامېرىكىلىقلارغا

① ئافرىقىنىڭ زانزىبار ۋە شۇ ئەتراپتىكى دېڭىز ياقىسىدا ياشايدىغان ، ئىسلام دىنىغا ئىشىنىدىغان بانتۇ مىللىتىنىڭ تىلى .

خاس يۈزىنى كۆتۈرۈپ ۋىلسونغا قاراپ ، بۇ يۈز ئوتتۇرا ياشقا كەلگەندىمۇ يەنىلا باللارچە ھالەتتە تۇراتتى . ۋىلسون ئۇنىڭ ماتروسلارنىڭكىدەك قىسقا چېچىغا ، چىرايلىق كۆزىگە (بۇ كۆز ئۇنىڭدىن سەل ئۆزىنى قاچۇرۇپ تۇراتتى) ، قاملاشقان بۇرنىغا ، نېپىز كالپۇكى ۋە كۆركەم ئېڭىكىگە قارىدى، — كەچۈرگىن ، بىلمەي قاپتىمەن . مەن بىلمەيدىغان ئىشلار نۇرغۇن.

«ئۇنداقتا قانداق قىلىشىم كېرەك» دەپ ئويلىدى ۋىلسون . ئۇ ئۇنىڭ بىلەن تەتۈر قارىشىشقا تەييارلىنىپ بولغانىدى . بىراق ، بۇ بۇدۇشقاق ئەبلەخ ئۇنى ھاقارەتلەپ بولۇپ يەنە ئەپۇ سورىدى . ئۇ يەنە بىر ئۇرۇنۇپ كۆرمەكچى بولدى.

— باشقىلارغا دەپ قويامدىكىن دەپ غەم قىلما،— دېدى ئۇ، — مەن جان بېقىشىم كېرەك . ئۆزۈڭ بىلىسەن ، ئافرىقىدا شىر ئاتالمايدىغان بىرمۇ ئايال يوق ، تىكىۋەتكەن ئاق تەنلىكمۇ يوق.

— مەن بىر توشقاندەك تىكىۋەتتىم، — دېدى ماكومبى.

«ھەي ، مۇشۇنداق گەپ قىلىدىغان ئادەمگە ئۇچراپ قالغاندا يەنە نېمە چارە بولسۇن» ۋىلسون ئويلاپ تېگىگە يېتەلمىدى.

ۋىلسون ئاپتوماتچىلارغا خاس ئىپادىسىز بىر جۈپ كۆك كۆزى بىلەن ماكومبىغا تىكىلدى . ماكومبى جاۋابەن كۈلۈمسىرىدى ، ئەگەر ئۇنىڭ ئىززەت - ھۆرمىتى زەربىگە ئۇچرىغاندىن كېيىنكى كۆزىدىكى ئىپادىگە دىققەت قىلمىغىنىڭىزدا ، ئۇنىڭ بۇ تەبەسسۇمى ئەكسىچە يېقىملىق ئىدى.

— بەلكىم ئىناۋىتىمنى ياۋا كالا ئوۋلاپ ئەسلىگە كەلتۈرۈۋالارمەن، — دېدى ئۇ، — بۇ قېتىم ياۋا كالا ئوۋلىساق قانداق؟

— خالىساڭ ئەتە ئەتىگەندىلا بارايلى، — دېدى ۋىلسون . ئېھتىمال ئۇ بايا خاتالاشقاندۇ . بۇنداق ئويلاش ئەلۋەتتە ئىشنى ئەپلەپ - سەپلەپ ئۆتكۈزۈۋېتىشنىڭ ئېپچىل چارىسى . بىر ئامېرىكىلىقنى ئېلىپ ئېيتساق ، سەن ئۇنىڭ ھېچ ئىشىنىڭ تېگىگە يېتەلمەيسەن . ئۇ يەنە ماكومبىغا ھېسداشلىق قىلدى ، «ئەگەر سەن بۇ ئەتىگەننى ئۇنتۇپ كېتەلىگەن بولساڭ قانداق ياخشى بولاتتى - ھە ، بىراق بۇ ئەسلا مۇمكىن ئەمەس ، بۇ تولىمۇ ئوسال بىر ئەتىگەن بولدى».

— خانىمىڭ كەلدى، — دېدى ئۇ . ئۇنىڭ خوتۇنى كەيپسى تەرەپتىن كېلىۋاتاتتى . روھى كۆتۈرەڭگۈ ، قىزغىن ، تولىمۇ يېقىملىق كۆرۈنەتتى . ئۇنىڭ تېپىك ئاققۇ تۇخۇمىغا ئوخشايتتى . «ئۇنى سىز بىر قاپاقباش دەپ ئويلىشىڭىز مۇمكىن ، ئەمما ئۇنداق ئەمەس ، دەپ ئويلىدى ۋىلسون، — ياق ، ھەرگىز ئۇنداق ئەمەس».

— چىرايلىق قىزىل يۈز ۋىلسون ئەپەندىم ، ياخشىمۇ سىز ، فىرانسىس ، ئۆزىڭىزنى قانداق سېزىۋاتىسىز ، قەدىرلىكىم؟

— خېلى ياخشى، — دېدى ماكومبى.

— بۇ ئىشلارنى پۈتۈنلەي كاللامدىن چىقىرىۋەتتىم، — ئۇ شۇنداق دېگەچ شىرە يېنىدا ئولتۇردى،— فىرانسىسنىڭ شىر ئوۋلاشنى بىلىشىنىڭ نېمە ھاجىتى بار . بۇ ئۇنىڭ كەسپى ئەمەس . ئۇ دېگەن ۋىلسون ئەپەندىنىڭ كەسپى . ۋىلسون ئەپەندىنىڭ ئوۋچىلىق ماھارىتى قالتىسكەن . سىز نېمىلا بولسا ئوۋلىيالايسىز ، شۇنداقمۇ؟

— شۇنداق، — دېدى ۋىلسون، — نېمىلا بولسا ئوۋلاۋېرىمەن.

«ئۇلار دۇنيادا ھەممىدىن رەھىمسىز، — دەپ ئويلىدى ۋىلسون، — ئۇ ھەممىدىن رەھىمسىز ، ئەڭ تاش يۈرەك ، تالان - تاراج قىلىشقا ھېرىسمەن ھەم كىشىنى ئەڭ مەپتۇن قىلىدۇ . ئۇلار ۋەھشىيلەشكەندە ئەرلىرى مۇلايىملىشىشى كېرەك . ئۇنداق بولمىغاندا روھى بەربات بولىدۇ . ئۇلار تاللىغانىنىڭ ھەممىسى ئۇلار تىزگىنلەيدىغان كىشىلەرمۇ؟ ئۇلار توي قىلىش يېشىدا بۇنچە كۆپ ئىشلارنى بىلىپ كېتەلمەيدۇ» . ئۇ بۇرۇن ئامېرىكىلىق بىر ئايال بىلەن ئارىلاشقان كەچۈرمىشىنىڭ بولغىنىدىن مەمنۇن بولدى . چۈنكى ، بۇ ئىش كىشىنى تولىمۇ مەپتۇن قىلاتتى.

— ئەتە ئەتىگەندە ياۋا كالا ئوۋلاشقا بارىدىغان بولدۇق، — دېدى ۋىلسون.

— مەنمۇ باراي، — دېدى مارگارېت.

— بولدىلا ، سىز بارمايلا قويۇڭ.

— ياق ، بارىمەن ، فىرانسىس ، بارسام بولامدۇ؟

— نېمىشقا ئۆيدە تۇرۇپ تۇرمايسەن؟

— نېمىلا دېگەنىنىڭ پايدىسى يوق، — دېدى ئۇ، — بۈگۈنكى پۇرسەتنى ھەرگىز قولدىن بېرىپ قويۇشنى خالىمايمەن.

«مارگارېت بايا كېتىدىغان چاغدا، — دەپ ئويلىدى ۋىلسون، — ئۇ يىغلاشقا كېتىپ قالغاندا تۈزۈك ئايالدەك قىلاتتى . ئەقىللىق ، ئاق - قارىنى پەرق قىلىدىغان ، ئۆزلىرى ئۇچۇن قاتتىق ئازاب چەككەن ھەم بۇنىڭ زادى

قانداق ئىش ئىكەنلىكىنى بىلىدىغان هالدا ئىدى . ئۇ كىتىپ يىگىرمە مىنۇتتىن كېيىن قايتىپ كەلدى . ئۇ ئەسلىدە ئۆزىدە ئامېرىكا ئاياللىرىنىڭ ياۋۇزلۇقىنى ھازىرلاش ئۈچۈن كەتكەنىكەن . ئاياللارنىڭ بۇ ئۆلگۈرلىرى ، بۇلار نەقەدەر ئۆلگۈر - ھە!»

— ئەتە سەن ئۈچۈن يەنە بىر مەيدان ئويۇن قويىمىز، — دېدى فىرانسىس ماكومبى.

— سىز بارماڭ، — دېدى ۋىلسون.

— بۇ گېپىڭىز پەقەت قاملاشمىدى، — دېدى مارگارېت، — سىزنىڭ يەنە بىر مەيدان ئويۇنىڭىزنى كۆرۈشكە مەن بەكمۇ ئىنتىزار . بۈگۈن ئەتىگەن سىز نەقەدەر سۆيۈملۈك ، ئەگەر ياۋايى هايۋاننىڭ چۇۋۇلۇپ كەتكەن مېڭىسىنى سۆيۈملۈك دېگىلى بولسا.

— چۈشلۈك تامىقىڭىزنى يەڭ، — دېدى ۋىلسون، — سىز بەك خۇشال ، شۇنداقمۇ؟

— نېمىشقا خۇش بولمىغۇدەكمەن . مەن بۇ يەرگە خاپىلىق تېپىش ئۈچۈن كەلمىگەن.

— ئىشلار ئۇنچە كۆڭۈلسىز ئەمەسقۇ؟ — دېدى ۋىلسون . ئۇ دەريادىكى يۇمىلاق تاشلارنى ۋە دەريانىڭ قارشى تەرىپىدىكى دەرەخلەر باراقسان ئۆسۈپ كەتكەن ئېگىز قىرغاقنى كۆرەلەيتتى . ئۇ بۈگۈن ئەتىگەنكى ئىشنى ئويلىدى.

— ئازراقمۇ كۆڭۈلسىز ئەمەس، — دېدى مارگارېت، — نېمىدېگەن قىزىقارلىق . ئېخى ئەتىمۇ بار . ئەتىگە قانچىلىك ئىنتىزار ئىكەنلىكىمنى بىلمەيسىز.

— ئۇلارنىڭ ئېلىپ چىققىنى يۈگمەچ مۈڭگۈزلۈك بۆكەن گۆشى، — دېدى ۋىلسون . ئۇلار توشقاندەك يۈگۈرۈك ، تۆرقى ئىنەكنىڭ چوڭ بىرنېمىسىدەك ، شۇنداقمۇ؟

— مېنىڭچە دېگىنىڭىزدەك شۇ، — دېدى ۋىلسون.

— نېمانچە خۇش پۇراق، — دېدى ماكومبى.

— سىز ئاتقانمۇ ، فىرانسىس؟ — سورىدى خوتۇنى.

— ھەئە.

— ئۇلارنىڭ خەۋپى يوق ، شۇنداقمۇ؟

— ئېتىلىپ كەلمىگەندە، — دېدى ۋىلسون.

— مەن بەك خۇش.

— سەن نېمىشقا ئاشۇ هازازۇللۇقىڭنى يىغىشتۇرمايسەن ، ماگى، — دېدى ماكومبى ۋىلكىغا سانجىلغان بۆكەن گۆشى ئۈستىگە ماش قىيمىسى ، گۆش قىيامى ۋە سەۋزە قېتىپ.

— مېنىڭچە ، مەن بۇنى قىلالايمەن ، چۈنكى سىز گەپنى شۇنداق چىرايلىق قىلدىڭىز.

— بۈگۈن كەچتە شىر ئۆلتۈرگىنىمىزنى شامپان ئىچىپ تەبرىكلەيلى، — دېدى ۋىلسون، — چۈشتە تەبرىكلەشكە هاۋا بەك ئىسسىق.

— شىر، — دېدى ماگى، — مەن ئۇنى ئاللىقاچان ئۇنتۇپ كەتتىم.

«ئەسلىي ماگى ئۇنى ئەخمەق قىلىۋاتىدۇ» دەپ ئويلىغانىدى روبېرت ۋىلسون ، شۇنداق ئەمەسمۇ؟ ئۇنداق بولمىسا سەن ئۇنى نېمە بىلەن ئويۇن ئوينىماقچى دەپ قارايسەن؟ بىر ئايال ئېرىنىڭ توخۇ يۈرەك ئۆلگۈر ئىكەنلىكىنى بىلگەندە نېمە ئىش قىلىشى مۇمكىن؟ ئۇ نېمىدېگەن رەھىمسىز - ھە! ئەمما ، ئۇلارنىڭ ھەممىسى شۇنداق . ئۇلار ھەممىنى تىزگىنلەيدۇ . بۇنىڭغا گەپ كېتەمدۇ . ئەلۋەتتە ، تىزگىنلەش ئۈچۈن پەيتى كەلگەندە باغرى تاش بولمىسا بولمايدۇ . بىراق ، مەن ئۇلارنىڭ بۇ خىل زەھەرخەندە ۋاستىسىنى يەتكۈچە كۆردۈم.

— بۆكەن گۆشىدىن يەنە بىرئاز يەڭ، — دېدى ئۇ ماگىغا ئەدەپ بىلەن . ئۇ كۈنى چۈشتىن كېيىن ۋاقىت بىر يەرگە بېرىپ قالغانىدى . ۋىلسون بىلەن ماكومبى يەرلىك شوپۇر بىلەن قوراللىق ئىككى كىشىنى باشلاپ ماشىنا بىلەن چىقىپ كەتتى . ماكومبى خانىم «هازىر سىرتقا چىقاي دېسەم هاۋا بەك ئىسسىق ، ئەتە سەھەردە سىلەر بىلەن بىللە باراي» دەپ لاگېردا قېپقالغانىدى.

ماشىنا قوزغىلىش ئالدىدا ۋىلسون ئۇنىڭ چوڭ بىر دەرەخنىڭ ئاستىدا تۇرغانلىقىنى كۆردى . ئۇ سۇس قىزىل ئەترگۈل رەڭلىك كوپتا كىيگەن ، ئۇنىڭ بۇ تۇرقىنى چىرايلىق دېيىشكە بولاتتى . ئەمما ، بەك گۈزەل دەپ كەتكىلى بولمايتتى . ئۇنىڭ قارا چېچى ئارقىسىغا تارىلىپ بانتىلانغان بولۇپ گەدىنىگىچە ساڭگىلاپ تۇراتتى . ئۇنىڭ يۈزى نەمخۇش بولۇپ ئۇ خۇددى ئەنگلىيىدىكىدەكلا ئىدى . ئۇ ئۇلارغا قول پۇلاڭلاتتى . بۇ ۋاقىتتا ماشىنا ياۋا ئوت - چۆپلەر ئېگىز ئۆسكەن ئويمانلىقتىن ئۆتۈپ ، ئايلىنىپ ئورمانلىققا ، ئاندىن مېۋىلىك دەرەخ قاپلىغان بىر كىچىك تاغ ئارىسىغا كىرىپ كەتتى.

ئۇلار مېۋىزارلىق ئارىسىدىن بىر توپ بۆكەننى تاپتى . ماشىنىدىن چۈشۈپ ئەپچىللىك بىلەن بىر ئەركەك قېرى بۆكەنگە يېقىنلاشتى . ئۇنىڭ ئىككى مۈڭگۈزىنىڭ ئارىلىقى ئىنتايىن كەڭ بولۇپ ، توپتوغرا ئىككى يۈز يارد كېلەتتى . ماكومبى ناهايىتى ئۇستىلىق بىلەن بىر تال ئوق ئېتىپ قېرى بۆكەننى يىقىتتى . ئۈركۈپ كەتكەن بىر توپ بۆكەن جان - جەھلى بىلەن قېچىشقا باشلىدى .

ئۇلار پۇتلىرىنى پۇكلەپ تۇرۇپ ناھايىتى يىراققا سەكرەيتتى . خۇددى سۇ ئۈستىدە لەيلىگەندەك ، ئۇلارنىڭ بىر - بىرىنىڭ ئۈستىدىن سەكرەپ ئۆتۈشىگە ئادەمنىڭ راستىنلا ئىشەنگۈسى كەلمەيتتى ، ئادەم پەقەت چۈشىدىلا بەزىدە مۇشۇنداق سەكرىيەلەيتتى.

— ناھايىتى ياخشى ئاتتىڭ، — دېدى ۋىلسون،— ئۇلار بەكلا كىچىك نىشان ئىدى.

— بۆكەن بېشىنى ئېلىپ قىلىشقا ئەرزىمدۇ؟① — سورىدى ماكومبى.

— ئۇ ناھايىتى قىممەتلىك، — دېدى ۋىلسون،— سىزنىڭ ئوق ئېتىش ماھارىتىڭ شۇنداق ياخشى بولغاندىكىن ، ھەرقانداق ئاۋارىچىلىقتىن غەم قىلمىساڭمۇ بولىدۇ.

— سىزنىڭچە ، بىز ئەتە ياۋا كالا تاپالارمىزمۇ؟

— بۇنىڭ پۇرسىتى كۆپ . ئۇلار تاڭ سەھەردە ئوزۇق ئىزدەپ چىقىدۇ ، تەلىيىمىز ئوڭ كەلسە ئۇلارنى تۈزلەڭلىكتىن تېپىۋالىمىز.

— مەن ئاشۇ شىرنىڭ ئىشىدىن قۇتۇلۇپ كەتسەم دەيمەن، — دېدى ماكومبى، — شۇنداق ئىشنى خوتۇنۇڭ كۆرۈپ قالسا بۇ تازىمۇ بىر كۆڭۈلسىزلىكقۇ.

«مەن بۇنىڭ ئەكسىچە قارايمەن . ئىشنىڭ ئەڭ كۆڭۈلسىز يېرى خوتۇنۇڭنىڭ كۆرۈپ قالغىنى ئەمەس ، بەلكى شۇنداق ئىش قىلىپ قويۇپ يەنە شۇ ئىش توغرىسىدا سۆھبەتلىشىش» دەپ ئويلىدى ۋىلسون . بىراق ، ئۇ:

— مېنىڭ بۇ ئىشنى يەنە ئەسكە ئالغۇم يوق . كىم بولۇشىدىن قەتئىينەزەر ، تۇنجى قېتىم شىرنى كۆرگەندە قورقۇپ كېتىشى تەبىئىي . بۇ ئىش پۈتۈنلەي ئاخىرلاشتى، — دېدى.

بىراق ، شۇ كۈنى كەچتە فىرانسىس ماكومبى گۈلخان بېشىدا كەچلىك تامىقىنى يەپ بولۇپ ، كارىۋاتقا چىقىشتىن بۇرۇن سودا قوشۇلغان ۋىسكى ئىچتى ، پاشىلىق تارتىلغان كاناپ كارىۋاتتا كېچىدىكى ۋاراڭ - چۇرۇڭلارنى تىڭشاپ ياتقان ۋاقىتتا بۇ ئىش تېخى ئۆتۈپ كەتمىگەن . ھەقىقەتەنمۇ ئۆتۈپ كەتمىگەن ھەم تېخى باشلانمىغانىدى . ئۇ خۇددى يۈز بەرگەن ۋاقىتتىكىگە ئوخشاشلا مەۋجۇت بولۇپ ، ئۇ سۇسلاشمايلا قالماي ، بەلكى بەزى تەپسىلاتلىرى تېخىمۇ روشەنلىشىپ كەتكەنىدى . ئۇ ئۆلگۈدەك نومۇس قىلدى . بىراق ، ھەممىدىن ئېغىر كەلگىنى قەلبى مۇزلاپ كەتكەندەك مەنىسىز بىر ئالاقزادىلىككە تولدى . بۇ ئالاقزادىلىك يەنىلا مەۋجۇت بولۇپ ، خۇددى مۇزدەك ، يىپيىشقاق . بۇ مەنىسىزلىك بارلىق بوشلۇقلارنى ئىگىلەپ ، ئۇنىڭ ئىشەنچىنى ئۇنىڭ تېنىدىن سىقىپ چىقاردى . بۇ ھال ئۇنى ناھايىتى بىئارام قىلدى . بۇ ئىشلار ھازىر يەنىلا ئۇنىڭ بىلەن بىللە مەۋجۇت ئىدى.

بۇ ئەھۋال تۈنۈگۈن كېچىدىن باشلانغانىدى . ئۇ ۋاقىتتا ئۇ ئويغىنىپ دەريانىڭ يۇقىرى ئېقىنىدىكى بىر يەردە شىرنىڭ ھۆركىرىگەن ئاۋازىنى ئاڭلىدى . بۇ ئاۋاز تولىمۇ پەس بولۇپ ، ئاخىرلىشىشى يۆتەلگەن ئاۋازغا ئوخشاپ كېتەتتى . ئۇ خۇددى چېدىرىنىڭ سىرتىدىكىدەكلا ئاڭلىناتتى ، فىرانسىس ماكومبى تۈن تەڭدە ئويغىنىپ كېتىپ ، بۇ ئاۋازنى ئاڭلاپ قورقۇنچلۇق ھېس قىلدى . ئۇ ئايالىنىڭ تەكشى نەپەس ئالغىنىنى ئاڭلىدى . ئۇ ئۇخلاپ قالغانىدى . ئۇ قورقۇنچىنى ھېچكىمگە دېيەلمەيتتى ھەم ھېچكىممۇ ئۇنىڭ قورقۇنچىنى تەڭ تارتىشىپ بېرەلمەيتتى . ئۇ يالغۇز ياتاتتى . سومالىدا «باتۇر ئادەم شىردىن ئۈچ قېتىم قورقىدۇ: تۇنجى قېتىم ئۇنىڭ ئىزىنى كۆرگەندە ، تۇنجى قېتىم ئۇنىڭ ئاۋازىنى ئاڭلىغاندا ھەم تۇنجى قېتىم ئۇنىڭغا يولۇققاندا» دېگەن تەمسىلنىڭ بارلىقىنى بىلمەيتتى . كېيىن ئۇ كۈن چىقىشتىن بۇرۇن تاماق چېدىرىدا پەنەر يورۇقىدا غىزالىنىپ ئولتۇرۇپ ئۇ شىرنىڭ ھۆركىرىگىنىنى يەنە ئاڭلىدى . فىرانسىس ئۇنى لاگېرغا يېقىنلا يەردىكىدەك ھېس قىلدى.

— قېرى شىردەك قىلىدۇ، — دېدى روبېرت ۋىلسون بېلىق ۋە قەھۋەدىن كۆزىنى ئېلىپ، — ئۇنىڭ يۆتەلگەندەك چىققان ئاۋازىغا دىققەت قىلىڭ.

— ئۇ يېقىن يەردىمۇ؟

— دەريانىڭ يۇقىرى ئېقىنىغا بىر ئىنگلىز مىلى كېلىدىغان جايدا.

— بىز ئۇنى كۆرەلەمدۇق؟

— بېرىپ كۆرۈپ باقساق بولىدۇ.

— ئۇنىڭ ھۆركىرىگەن ئاۋازى شۇنچە يىراققا ئاڭلىنامدۇ؟ ئاۋازىدىن ئۇ خۇددى چېدىرىنىڭ ئىچىدىكىدەكلا قىلىدۇ.

— ئاۋازى شۇنداق يىراققا ئاڭلىنىدۇ، — دېدى روبېرت ۋىلسون، — ئۇنىڭ ئاۋازىنىڭ شۇنداق يىراققا ئاڭلىنىشى راستىنلا ھەيران قالارلىق . ئۇنىڭ ئۆۋلاشقا مۇۋاپىق جانىۋار بولۇشىنى ئۈمىد قىلىمەن . قول ئاستىمدىكىلەر «يېقىن ئەتراپتا ناھايىتى چوڭ بىر مەخلۇق

---

① ئۆۋچىلار شىر قاتارلىق ياۋايى ھايۋانلارنى ئۆۋلىغاندىن كېيىن ، تېرىسىنى سويۇۋېلىپ ساقلاپ قويۇشنى ياخشى كۆرىدۇ . ئەگەر بۆكەن ، ياۋا كالا قاتارلىقلارنى ئۆۋلىسا خاتىرە ئۈچۈن بېشىنىڭ تېرىسىنى سويۇۋالىدۇ.

بار» دەيدۇ.

— ئەگەر ئۇنى مەن ئېتىپ قالسام ئۇنىڭ نەرىگە ئاتسام بولىدۇ، — دەپ سورىدى ماكومبى، — قانداق بولغاندا ئۇنى ئۇجۇقتۇرۇۋېتەلەيمەن.

— ئىككى مۈرىسىنىڭ ئوتتۇرىسىغا، — دېدى ۋىلسون، — ئۇنىڭ بوينىغا ئات . ئەگەر دەل تەگكۈزەلىسەڭ ئۇنىڭ ئۈستىخىنىغا ئات . شۇندىلا ئۇنى يىقىتالايسەن.

— مەن دەل قارىغا ئالالىسام دەيمەن، — دېدى ماكومبى.

— پەيتنى چىڭ تۇتۇشۇڭ ، دەل نىشانغا ئېلىشىڭ كېرەك . تۇنجى ئاتقان ئوقۇڭ ھەممىدىن مۇھىم.

— ئارىلىق قانچىلىك بولسا بولىدۇ؟

— بىرنېمە دېمەك تەس . ئارىلىقنىڭ قانچىلىك بولۇشىنى شىر بەلگىلەيدۇ . ئۇ يېقىنلاشمىغۇچە ھەرگىز ئوق چىقارما . يېقىنلاشقاندىلا ئاندىن قارىغا ئالالايسەن.

— يۈز ياردقا يەتمىگەن ئارىلىقتىمۇ؟ — سورىدى ماكومبى.

ۋىلسۈن ئۇنىڭغا لەپپىدە قاراپ قويدى.

— يۈز يارد يېتەرلىك ، بۇنىڭدىنمۇ يېقىن ئارىلىقتا ئۇنىڭغا تاقابىل تۇرۇشقا توغرا كېلىشىمۇ مۇمكىن . بىراق ، بۇنىڭدىن يىراق ئارىلىقتا ھەرگىز ئېتىپ سالما . يۈز يارد مۇۋاپىق ئارىلىق . شۇنداق بولغاندا نەرىگە ئاتىمەن دېسەڭ شۇ يەرگە ئاتالايسەن ، خانىمىڭ كەلدى.

— ياخشىمۇ سىلەر، — دېدى مارگارىت، — بىز بېرىپ ھېلىقى شىرنى ئىزدەمدۇق؟

— ئەتىگەنلىك تامىقىڭىزدىن كېيىن، — دېدى ۋىلسون، — ئۆزىڭىز قانداقراق؟

— ناھايىتى ئوبدان، — دېدى ئۇ، — مەن بەك خۇشال.

— بېرىپ قاراپ باقاي ، نەرسە ـ كېرەكلەرنى تەييارلاپ بولۇشتىمىكىن.

ۋىلسون مېڭىشىغا شىر يەنە ھۆركىرىدى.

— غەلۋىخور مەخلۇق، — دېدى ۋىلسون، — بىز ئۇنى جىمىقتۇرۇۋېتىمىز.

— نېمە بولدى فىرانسىس؟ — سورىدى ماكومبىنىڭ خوتۇنى.

— ھېچنېمە، — دېدى ماكومبى.

— بولدىلا ، مەندىن يوشۇرماڭ، — دېدى ئۇ، — نېمىگە پەرىشان بولىسىز؟

— ھېچنېمىگە، — دېدى ئۇ.

— ماڭا دەڭ، — ئايالى ئۇنىڭغا قارىدى، — بىئارام بولۇۋاتامسىز؟

— ئاشۇ ئۆلگۈر ھۆركىرىگەن ئاۋاز، — دېدى ئۇ، — ئۇ بىر كېچە غەلۋە قىلىپ چىقتى . سىز بىلىسىز.

— نېمىشقا مېنى ئويغاتمىدىڭىز، — دېدى ئۇ، — ئەكسىچە مەن بۇ ئاۋازنى ئاڭلاشنى ياخشى كۆرىمەن.

— ئۇ مەخلۇقنى بېرىپ جايلىۋەتسەم دەيمەن، — دېدى ماكومبى بىچارىلارچە دۇدۇقلاپ.

— ھەي ، سىزنىڭ بۇ يەرگە كېلىشىڭىز مۇشۇ ئىش ئۈچۈن ، شۇنداق ئەمەسمۇ؟

— شۇنداق ، بىراق مەن جىددىيلىشىپ كېتىۋاتىمەن . ئاشۇ مەخلۇقنىڭ ھۆركىرىگەن ئاۋازىنى ئاڭلىسامىلا نېرۋام جىددىيلىشىپ كېتىدۇ.

— ئۇنداقتا ۋىلسوننىڭ دېگىنىدەك قىلايلى . ئۇنى جايلىۋېتىپ ھۆركىريەلمەس قىلىۋېتەيلى.

— دېگىنىڭ توغرا ، سۆيۈملۈكۈم، — دېدى فىرانسىس ماكومبى، — ئاڭلىماققا ئوڭاي ، توغرىمۇ؟

— سىز قورقمايدىغانسىز.

— ئەلۋەتتە ، بىراق ئۇنىڭ ھۆركىرىگىنىنى بىر كېچە ئاڭلاپ چىقتىم . نېرۋام جىددىيلىشىپ كەتكەندەك قىلىدۇ.

— ئۇنى بىمالال ئۇجۇقتۇرۇۋېتەلەيسىز، — دېدى خوتۇنى، — سىز قىلالايسىز . مەن ئۇنى كۆرۈشكە تەقەززا بولۇپ كېتىۋاتىمەن.

— ئەتىگەنلىك تامىقىڭىزنى يەپ بولۇشىڭىزغا يولغا چىقىمىز.

— تېخى تاڭ يورۇمىدى، — دېدى خوتۇنى، — بۇ مۇۋاپىق پەيت ئەمەس.

دەل شۇ ۋاقىتتا ھېلىقى شىر ھۆركىرەپ ، كۆكرەك بوشلۇقىنىڭ چوڭقۇر تەكتىدىن چىقارغان ئۆكسىگەن ئاۋاز بىردىنلا خىرقىرىغان ئاۋازغا ئۆزگىرىپ بارا ـ بارا كۈچىيىپ ھاۋانىمۇ تىترىتىۋەتكەندەك بولدى . ئاخىرىدا ئاھ ئۇرغاندەك ۋە كۆكرەك بوشلۇقىنىڭ تەكتىدىن ئېغىر خورۇلدىغاندەك ئاۋاز چىقاردى.

— ئۇ مۇشۇ يەردىكىدەكلا ئاڭلىنىۋاتىدۇ، — دېدى ماكومبىنىڭ خوتۇنى.

— ۋاي خۇدايىم، — دېدى ماكومبى، — مەن بۇ ئاۋازدىن بەك بىزار بولدۇم.

— ئادەمگە قاتتىق تەسىر قىلىدىكەن.

— ناھايىتى قاتتىق ، شۇنداق قورقۇنچلۇق.

بۇ چاغدا روبېرت ۋىلسون ئۆزىنىڭ ئاشۇ قىسقا ، كۆرۈمسىز ، ئوق ئېغىزىنىڭ چوڭلۇقى كىشىنى ۋەھىمىگە

سالىدىغان 505 كالىبىرلىق جىس ماركىلىق مىلتىقىنى كۆتۈرۈپ كەلدى . كۆلگىنىدىن ئۇنىڭ ئېغىزى قۇلىقىغا يەتكەندى.

— كېلە، — دېدى ئۇ، — قورال كۆتۈرگۈچىلىرىڭ سېنىڭ قوراللىرىڭنى ئېلىپ كەلدى . نەرسە - كېرەكلەرنىڭ ھەممىسى ماشىنىدا ، سەندە پۇتەي ئوق بارمۇ؟

— بار.

— مەن تەييارلىنىپ بولدۇم، — دېدى ماكومبى خانىم.

— ئۇنى قالايمىقان ھۆركىرىيەلمەس قىلىۋېتىشىمىز كېرەك، — دېدى ۋىلسون، — سەن ئالدىدا ئولتۇر ، خانىم مەن بىلەن ئارقىدا ئولتۇرسۇن.

ئۇلار ماشىنىغا چىقتى . ماشىنا ئەمدىلا يورۇشقا باشلىغان تاڭنىڭ خىرە يورۇقىدا ئورمانلىقنى كېسىپ ئۆتۈپ دەريانىڭ يۇقىرى ئېقىنىغا قاراپ يۈرۈپ كەتتى . ماكومبى مىلتىق زاتورىنى ئېچىپ مېتال قاپلانغان ئوققا قارىدى . ئاندىن زاتورىنى ئىتتىرىپ مىلتىقنى ئېتىپ قويدى . ئۇ قولىنىڭ تىترەۋاتقانلىقىنى كۆردى . ئۇ قولىنى يانچۇقىغا سېلىپ يانچۇقىدىكى ئوقلارنى سىلىدى . ئاندىن بارماقلىرى بىلەن كالتە كۆڭلىكىنىڭ كۆكرىكىدىكى تاسما ھالقىغا سېلىپ قويۇلغان ئوقلارنى سىلىدى . ئۇ قۇتىغا ئوخشاپ كېتىدىغان ، ئىشىكى يوق ماشىنىنىڭ ئارقا ئورۇندۇقىغا بۇرۇلۇپ قارىدى . ۋىلسون ماكومبى خانىم بىلەن ئۇ ئورۇندا ئولتۇراتتى . ھاياجاندىن ئۇلارنىڭ ئېغىزلىرى ئېچىلىپ قالغانىدى . ۋىلسون ئالدىغا سەل ئېڭىشىپ پەس ئاۋازدا:

— قارا ، قۇشلارنىڭ ھەممىسى ئۇچۇپ چۇشۇپ كەتتى . بۇ ھېلىقى قېرى جانىۋارنىڭ چىشلەپ ئۆلتۈرگەن ياۋايى ھايۋانىنى تاشلاپ كەتكەنلىكىنى بىلدۈرىدۇ.

ماكومبى كىچىك دەريانىڭ قارشى قىرغىقىدىكى دەرەخلەرنىڭ ئۈستىدە تازقارنىڭ ئەگىپ يۈرگەنلىكىنى ، بەزىلىرىنىڭ تۆۋەنگە ئۇدۇل شۇڭغۇپ چۈشۈۋاتقانلىقىنى كۆردى.

— ئۇ بۇياققا سۇ ئىچكىلى كېلىپ قېلىشى مۇمكىن، — دېدى ۋىلسون پەس ئاۋازدا، — ئۇ ئۇخلاشتىن بۇرۇن ئەتراپىنى كۆزگۈل قويۇپ كۆزىتىدۇ.

ئۇلار ماشىنىنى ھەيدەپ ئېقىننىڭ ئېگىز قىرغىقىنى ياقىلاپ ئاستا ئالغا يۈرۈپ كەتتى . ئېقىننىڭ بۇ بۆلىكىدىكى دەريا قىنى يۇمىلاق تاشلىق بولۇپ ، ناھايىتى چوڭقۇر ئىدى . ماشىنا بىردە ئۇدۇل ، بىردە ئايلىنىپ مېڭىپ ئورمانلىققا گاھ كىرىپ ، گاھ چىقاتتى . ماكومبى قارشى قىرغاقتىن كۆز ئۈزمەيتتى، ئۇ تۇيۇقسىز ۋىلسوننىڭ ئۇنىڭ بىلىكىنى تۇتقانلىقىنى سەزدى . ماشىنا توختىدى.

— ئۇ ئەنە، — ماكومبى پەس ئېيتىلغان بۇ سۆزنى ئاڭلىدى، — ئالدى ئوڭ تەرەپتە . ماشىنىدىن چۈشۈپ ئۇنى ئات ، ئۇ بىر قالتىس شىر ئىكەن.

ماكومبى شۇندىلا ئۇ شىرنى كۆردى . ئۇ يېنىچە تۇراتتى . ئۇ زور بېشىنى ئۇلار تەرەپكە بۇرىدى . ئۇلارنىڭ ئۇدۇل تەرىپىدىن سوقۇپ تۇرغان سەھەرنىڭ سەلكىن شامىلى ئۇنىڭ قېنىق بويۇن تۈكلىرىنى يەلپۈيتتى . بۇ شىر ناھايىتى چوڭ كۆرۈنەتتى . ئۇ كۈلرەڭ تاڭ نۇرىدا يان سايىسىنى چۈشۈرۈپ قىرغاقتىكى ئېگىزلىكتە تۇراتتى . يەلكىلىرى كۈچلۈك بولۇپ ، سىلىندىرسىمان زور تېنى پارقىراق كۆرۈنەتتى.

— ئارىلىق قانچىلىك كېلەر؟ — ماكومبى سورىغاچ مىلتىقنى كۆتۈردى.

— تەخمىنەن 75 يارد . ماشىنىدىن چۈشۈپ ئات.

— نېمىشقا بۇ يەردە ئاتقىلى قويمايسەن؟

— ماشىنىدا تۇرۇپ ئاتساڭ بولمايدۇ، — ئۇ ۋىلسوننىڭ قۇلىقىغا دېگەن گېپىنى ئاڭلىدى، — ماشىنىدىن چۈش . ئۇ كەچكىچە بىر جايدا تۇرۇۋەرمەيدۇ.

ماكومبى ئالدى ئورۇندۇقنىڭ يېنىدىكى يېرىم چەمبەرسىمان چۈشۈش ئېغىزىدىن ئارتىلىپ يەرگە چۈشتى . شىر يەنىلا شۇنداق تۇراتتى . شىر ھەيۋەتلىك ھەم سوغۇققان ھالدا يېنىچە قارىسا كۆرۈنىدىغان ئۇ نەرسىگە قارىدى . ئۇ نەرسە غايەت زور كەركىدانغا ئوخشايتتى . ئۇنىڭ دىمىغىغا ئادەمنىڭ ھىدى ئۇرۇلمىدى . ئۇ بېشىنى ئۇيان - بۇيان قىلىپ بۇ نەرسىنى كۆزەتتى . ئۇ بۇ نەرسىدىن قورقۇنچ ھېس قىلمىدى . بىراق ، بۇ نەرسىنىڭ ئالدىدا قىرغاققا بېرىپ سۇ ئىچىشتىن ئىككىلەندى . ئۇ بىر ئادەمنىڭ ئۇ نەرسىدىن چىققانلىقىنى كۆرۈپ ئېغىر بېشىنى بۇراپ ئىرغاڭلىغان ھالدا ئورمانلىققا قاراپ ماڭدى . شۇ چاغدا «پاڭ» قىلغان ئاۋازنى ئاڭلىدى . ئۇ بىر تال 220 ـ 06 ـ 30 تېپلىق پۇتەي ئوقنىڭ بىقىنىغا تېگىپ ئاشقازىنىنى تېشىپ ئۆتكەنلىكىنى ، كۆيدۈرگەندەك قاتتىق ئاغرىقتىن كۆڭلىنىڭ ئېلىشىۋاتقانلىقىنى سەزدى . ئۇ چوڭ قەدەم تاشلاپ ئىرغاڭلىغان ھالدا دەرەخلىقنى كېسىپ ئۆتۈپ ئېگىز ئۆسكەن ئوت - چۆپلەر ئارىسىدىكى خىلۋەت جايغا قاراپ يۈگۈردى . شۇ چاغدا يەنە «پاڭ» قىلغان بىر ئاۋاز ئۇنىڭ يېنىنى سىياپ ھاۋانى يېرىپ ئۆتتى . ئاندىن يەنە «پاڭ» قىلغان ئاۋاز ئاڭلاندى . ئۇ

ئوقنىڭ تۆۋەندىكى قوۋۇرغىسىغا تېگىپ بەدىنىگە ئىچـ
كىرىلەپ كىرگەنلىكىنى سەزدى ، ئېغىزىدىن تويۇقسىز
ئىسسىق ، كۆپۈكتەك قان ئېتىلىپ چىقتى . ئۇ ئېگىز
ئۆسكەن ئوتلاقتا قاراپ ئۇچقاندەك يۇگۇردى . ئۇ ، ئۇ
يەردە زوڭزىيىپ ئولتۇرالايتتى . ئۆزىنى يوشۇرالايتتى .
ئاندىن پاك ـ پاك ئاۋاز چىقىرالايدىغان نەرسىنى كۆتۈرۈپ
كەلگەنلەر يېقىنلاشقان هامان ئۇلارغا تاشلىنىپ ئۇلارنى
ئۆلتۈرەلەيتتى.

ماكومبى ماشىنىدىن چۈشكەندە شىرنىڭ نېمە ئويـ
لىغىنىنى بىلگەنلىكىنى بولغانلىقىنى ئويلاپ باقمىغانىدى . پەقەت قولىنىڭ
تىترەۋاتقانلىقىنىلا بىلەتتى . ئۇ ماشىنىدىن چۈشىدىغان
چاغدا پۇتلىرىنى يۆتكىيەلمەي قالدى . ئۇنىڭ پاچاقلىرى
قېتىپ قالغانىدى . لېكىن ، ئۇ مۇسكۇللىرىنىڭ تىترە۔
ۋاتقانلىقىنى سېزەلەيتتى . ئۇ مىلتىقنى كۆتۈرۈپ شىر۔
نىڭ بېشى بىلەن بويىنى تۇتاشقان جايىنى نىشانلاپ بەتـ
لىدى . گەرچە تەپكىنى قوللىرى سۇنۇپ كەتكۈدەك دەـ
رىجىدە باسقان بولسىمۇ ، بىراق مىلتىقتىن هېچقانداق
ئاۋاز چىقمىدى . شۇندىلا ئۇ مىلتىق قۇلۇپىنىڭ ئېتىكـ
لىكىنى بىلدى ھەم مىلتىقنى چۈشۈرۈپ ، قۇلۇپىنى ئېـ
چىپ ، پۇتلىرى قاتقان هالدا ئالدىغا بىر قەدەم تاشلىدى . بۇ
چاغدا شىر ئۇنىڭ سايىسىنىڭ ماشىنىنىڭ سايىسىدىن
ئايرىلغانلىقىنى كۆرۈپ ، بۇرۇلۇپ چوڭ قەدەملەر بىلەن
قاچتى . ماكومبى ئوق ئۈزگەندە «پاڭ» قىلغان ئاۋازنى
ئاڭلىدى . بۇ ئوقنىڭ تەگكەنلىكىنى بىلدۈرەتتى . بىراق ،
شىر كېتىۋەردى . ماكومبى يەنە بىرنى ئاتتى . ھەممەيلەن
بۇ ئوقنىڭ قېچىپ كېتىپ بارغان شىرنىڭ ئالدىدا توپا
ئۆرلەتكەنلىكىنى كۆردى . ئۇ مىلتىق ستۋولىنى تۆۋەنـ
لىتىپ نىشانلاپ يەنە ئاتتى . ئۇلار ئوقنىڭ تەگكەنلـ
كىنى ئاڭلىدى . شىر ئۇچقاندەك قېچىپ ، ئۇ قورالنىڭ
زاتورىنى ئىتتىرىشتىن بۇرۇن ئېگىز ئۆسكەن ئوتلاقـقا
كىرىپ كەتتى.

ماكومبى ئۇ يەردە تۇراتتى . قورسىقى بىئارام بولاتتى .
ئۇنىڭ «سپىرىنگفىلد» ماركىلىق مىلتىقنى تۇتقان
قولى يەنىلا ئېتىشقا تەييار هالەتتە بولۇپ تىنماي تىتـ
رەيتتى . ئۇنىڭ ئايالى بىلەن روبېرت ۋىلسون ئۇنىڭ
يېنىدا ئىدى . ئۇنىڭ يېنىدا يەنە قورال كۆتۈرۈۋالغان
ئىككىيلەن بولۇپ ، ئۇلار ۋاكامبا تىلى① دا بىرنەرسىـ
لەرنى دېيىشىۋاتاتتى.

— مەن ئۇنىڭغا تەگكۈزدۈم، — دېدى ماكومبى،—
مەن ئۇنىڭغا ئىككىنى تەگكۈزدۈم.

— سەن ئۇنىڭ ئاشقازىنىغا تەگكۈزدۈڭ ، يەنە ئالدى
تەرىپىنىڭ قانداقتۇر بىر يېرىگە تەگكۈزدۈڭ، — دېدى
ۋىلسون ئېغىر ـ بېسىق هالدا . مىلتىق كۆتۈرۈۋالغان
ئىككى كىشىنىڭ چىرايى ئىنتايىن تۇتۇق ئىدى . ئۇلار
هېچنېمە دېمىدى.

— سەن ئەسلىدە ئۇنى ئۆلتۈرەلىگەن بولاتتىڭ،—
دېدى ۋىلسون گېپىنى داۋام قىلىپ، — بىز بىردەم ساقـ
لاپ تۇرۇپ ، ئاندىن ئۇنى ئىزدەيلى.

— بۇ نېمە دېگىنىڭ؟

— بىز ئۇنى ئۇ بولالمىغۇچە ساقلاپ ، ئاندىن قان
ئىزى بويىچە ئىزدەپ تېپىۋالىمىز.

— ئوھ، — دېدى ماكومبى.

— ئۇ بىر قالتىس شىر ئىكەن، — دېدى ۋىلسون
خۇشال هالدا، — بىراق ئۇ تولىمۇ ئوسال بىر يەرگە قېـ
چىپ كىرىۋالدى.

— قانداق ئوسال؟

— سەن ئۇنىڭ يېنىغا بارغاندىلا ئاندىن ئۇنى كۆـ
رەلەيسەن.

— ئاھ، — دېدى ماكومبى.

— يۈر، — دېدى ۋىلسون، — خانىمىڭ ماشىنىدا
قالسۇن . بىز بېرىپ قان ئىزىنى كۆرۈپ باقايلى.

— تۇرۇپ تۇرۇڭ ، ماگى، — دېدى ماكومبى ئايالىغا ،
ئۇنىڭ ئېغىزى قۇرۇپ كەتكەن بولۇپ ، تەستە سۆزلەيتـ
تى.

— نېمىشقا؟

— ۋىلسون شۇنداق دەيدۇ.

— بىز بېرىپ كۆرۈپ باقايلى، — دېدى ۋىلسون، —
سىز قېپقىلىڭ . بۇ يەردە تېخىمۇ ئېنىق كۆرەلەيسىز.

— بولىدۇ.

ۋىلسون سۇۋاھىلى تىلىدا شوپۇرغا بىرنەرسىلەرنى
دېدى . شوپۇر بېشىنى لىڭشىتىپ:

—. بولىدۇ ، ئەپەندىم، — دېدى.

ئۇلار تىك قىرغاقتىن چۈشۈپ كىچىك دەريادىن
ئۆتتى . يۇمىلاق تاشلىقتا يۇقىرىغا مېڭىپ دەرەخ يىلـ
تىزلىرىغا ئېسىلىپ يامىشىپ ، قارشى قىرغاقتا ماكومبى
تۇنجى ئوقنى ئاتقاندا شىر قېچىپ كەتكەن يەرگە كەلدى .
مىلتىق كۆتۈرگۈچى بىر تال ئوتنىڭ غولى بىلەن پاكار
ئوت ـ چۆپ ئۈسۈپ كەتكەن يەردىكى قان دېغىنى كۆرـ
سەتتى . قان ئىزى دەريا ياقىسىدىكى ئورمانلىققىچە داـ
ۋاملاشقانىدى.

— بىز قانداق قىلىمىز، — دېدى ماكومبى.

① ۋاكامبا تىلى — شەرقىي ئافرىقا جانتۇ مىللىتىنىڭ تىلى .

— باشقا ئامال يوق، — دېدى ۋىلسون، — بىز مائشىنىنى ئەكېلەلمەيمىز . قىرغاق تىك ، بىز ئۇ ئۆلگۈچە ساقلاپ تۇرۇپ ، ئاندىن كىرىپ كۆرۈپ باقايلى.

— ئوت ـ چۆپلەرنى كۆيدۈرۈۋەتسەك بولمامدۇ؟ — دېدى ماكومبېي.

— ئوت ـ چۆپ بەك يېشىل.

— بىز ياۋايى هايۋان قوغلىغۇچىلارنى ئەۋەتسەك بولماسمۇ؟

ۋىلسون ئۇنىڭغا دەگسەش نەزىرى بىلەن قارىدى:

— بىز ئەلۋەتتە شۇنداق قىلالايمىز، — دېدى ئۇ، — بىراق بۇ باشقىلارنى بىلىپ تۇرۇپ ئۆلۈمگە تۇتۇپ بەرگەنلىك بولىدۇ . قارا ، بىز شىرنىڭ يارىلانغانلىقىنى بىلىمىز . سەن يارىلانمىغان بىر شىرنى قوغلىيالىشىڭ مۇمكىن . ئۇ ئاۋاز ئاڭلىسىلا قاچىدۇ . بىراق ، يارىلانغان شىر ئادەمگە ئېتىلىدۇ . سەن ئۇنى يېنىغا بارمىغۇچە كۆرەلمەيسەن . ئۇ ئۆزىنى يەرگە چاپلاپ يېتىۋالىدۇ . سەن توشقانمۇ يوشۇرۇنالمايدۇ دەپ قارىغان يەرگە ئۇ يوشۇرۇۋالالايدۇ . سەن قانداقچە قول ئاستىڭدىكىلەرنى بۇنداق خەتەرگە تەۋەككۇل قىلدۇرالايسەن . باشقىلارنىڭ يارىلىنىشى تۇرغانلا گەپ.

— ئۇنداقتا مىلتىق كۆتۈرگۈچىلەرچۇ؟

— ئۇ ، ئۇلار بىز بىلەن بىللە بارىدۇ . بۇ ئۇلارنىڭ ۋەزىپىسى . قارا ، ئۇلار بىلەن تۈزگەن توختامدا بۇ ئىشنى قىلىشى بەلگىلەنگەن . بىراق ، ئۇلار خۇشال كۆرۈنمەيدۇ ، شۇنداقمۇ؟

— بىراق ، مەن ئۇ يەرگە بېرىشنى خالىمايمەن، — دېدى ماكومبېي . ئۇ هېس قىلغۇچە گېپى ئېغىزىدىن چىقىپ بولدى.

— مېنىڭمۇ بارغۇم يوق، — دېدى ۋىلسون دەرهاللا، — بىراق راستىنلا باشقا ئامال يوقمۇ؟ — ئارقىدىن ئۇ بىر چارىنى ئويلىدى . ئۇ ماكومبېغا قاراپ تۇيۇقسىز ئۇنىڭ لاغىلداپ تىترەۋاتقانلىقىنى ، يۈزىدىكى بىچارىلىكنى بايقىدى.

— ئەلۋەتتە ، سېنىڭ بېرىشىڭ زۆرۈر ئەمەس، — دېدى ئۇ، — ساڭا ئايان ، مەن مۇشۇ ئىش ئۈچۈن ياللانغان . شۇڭا مېنىڭ هەققىم يۇقىرى.

— ئۆزۈڭ يالغۇز كىرەي دەمسەن ، ئۇنىڭ بىلەن كارىمىز بولمىسىلا بولمىدىمۇ؟

روبېرت ۋىلسوننىڭ بارلىق خىزمىتى شىرنى ۋە شىرغا مۇناسىۋەتلىك مەسىلىلەرنى ئويلاش ئىدى . ئۇ ئەزەلدىن ماكومبېدا بىرەر نورمالسىزلىق بار دەپ ئويلاپ باقمىغان . پەقەتلا ئۇنىڭ قورقۇنچاقلىقىغا دىققەت قىلغانىدى . ئۇ تۇيۇقسىز مېهمانخانىدا خۇددى بىر ئىشكىنى خاتا ئېچىپ سېلىپ بىر رەسۋاچىلىقنى كۆرۈپ قالغاندەك هېسسىياتقا كېلىپ قالدى.

— بۇ نېمە دېگىنىڭ؟

— ئۇنىڭ بىلەن كارىمىز بولمىسىلا بولمىدىمۇ؟

— بىز ئۇنى ئاتمىغاندەكلا دېمەكچىمۇ سەن؟

— ياق ، ئۇنى تاشلىۋەتسەك دەيمەن.

— بولمايدۇ.

— نېمىشقا بولمايدۇ؟

— بىر جەهەتتىن قىينىلىۋاتىدۇ . يەنە بىر جەهەتتىن باشقىلار ئۇنى ئۇچرىتىپ قېلىشى مۇمكىن.

— چۈشەندىم.

— بىراق ، سېنىڭ ئۇنىڭ بىلەن هەپىلىشىشىڭ هاجەتسىز.

— ئەكسىچە مەن ئۇنىڭ بىلەن هەپىلىشىشنى ياخشى كۆرىمەن، — دېدى ماكومبېي، — مەن پەقەتلا بىرئاز قورقۇپ تۇرىمەن . بۇ ساڭا ئايان.

— بىللە كىرەيلى ، مەن ئالدىدا ماڭاي، — دېدى ۋىلسون، — كونگولۇق ئەگەشسۇن . سەن كەينىمدىن چەتنەپىرەك ماڭ . كۆتمگەندە ئۇنىڭ هۆركىرىگەن ئاۋازىنى ئاڭلىشىمىز مۇمكىن . ئۇنى كۆرسەك تەڭلا ئوق چىقىرايلى . هېچنېمىدىن ئەنسىرىمە . مەن ياردەملىشىمەن . ئەمەلىيەتتە سەن بارمىساڭ ياخشى بولاتتى . ساڭا ئايان ، بارمىغىنىڭنىڭ پايدىسى كۆپ بولۇشى مۇمكىن . سەن نېمىشقا ئاياللىڭنىڭ يېنىغا قايتىپ كېتىپ بۇ ئىشنى مېنىڭ بىرتەرەپ قىلىشىمغا قويۇپ بەرمەيسەن؟

— ياق ، مەن بارىمەن.

— بولىدۇ، — دېدى ۋىلسون، — بىراق ، بېرىشنى خالىمىساڭ بارما ، بۇ مېنىڭ خىزمىتىمنىڭ بىر قىسمى . بۇ ساڭا ئايان.

— بارىمەن، — دېدى ماكومبېي.

ئۇلار بىر دەرەخنىڭ تۈۋىدە ئولتۇرۇپ تاماكا چېكىشتى.

— بېرىپ ئاياللىڭغا بىرنەرسە دەپ قويامسەن ، بىز بەرىبىر بىردەم ساقلايمىز، — دېدى ۋىلسون.

— هاجىتى يوق.

— ئۇنداقتا مەن بېرىپ بىردەم تەخىر قىلىپ تۇرۇشنى ئېيتىپ قوياي.

— بولىدۇ، — دېدى ماكومبېي . ئۇ ، ئۇ يەردە ئولتۇ-

راتتى . ئۇنىڭ قولتۇقى تەرلەپ ، ئىغىزى قۇرۇپ كەتكەن بولۇپ ، ئىچىنى كاۋاك بولۇپ قالغاندەك ھېس قىلدى . ئۇ ئۆزىنىڭ مەن بارماي دېيەلىگۈدەك غەيرەتكە كېلىشىنى ئۈمىد قىلاتتى . ئەگەر ئۇ شۇنداق دېسە ، ۋىلسون ئانچىلا ئاچچىقلاپ كەتمەسلىكى مۇمكىن . چۈنكى ، ۋىلسون ئۇنىڭ ئەھۋالىغا بۇرۇنراق دىققەت قىلماي ئەمدىلىكتە ئۇنى ئايالىنىڭ يېنىغا قايتۇرۇۋەتمەكچى بولغانىدى . ئۇ ئۇ يەردە ئولتۇرغاندا ۋىلسون قايتىپ كەلدى.

— مىلتىقىڭنى ئالغاچ كەلدىم، — دېدى ئۇ، — ئالغىن ، بىز ئۇنى خېلى يەتكۈچە ساقلىدۇق ، يۈر.

ماكومبى مىلتىقنى ئالدى ، ۋىلسون:

— كەينىمدىن بەش يارد ئارىلىق ساقلاپ ماڭ ، نېمە دېسەم شۇنى قىل، — دېدى . ئاندىن سىۋاھىر تىلىدا قوراللىق ئىككى كىشىگە بىرنېمىلەرنى دېدى.

—ماگايلى، — دېدى ئۇ.

— ئازراق سۇ ئىچىۋالسام بولامدۇ؟ — سورىدى ماكومبى.

ۋىلسون تاسمىسىغا سۇدان ئېسىۋالغان يېشى چوڭراق قورال كۆتۈرگۈچىگە بىرنەچچە جۈملە گەپ قىلدى . ئۇ سۇدانىنى يېشىپ ، ئاغزىنى ئېچىپ ماكومبىغا سۇندى . ماكومبى سۇدانىنى ئېغىردەك ھېس قىلدى . سۇدانىنىڭ پالاستىن ئىشلەنگەن قېپى ئۇنىڭغا يۇڭلۇق ھەم قوپال تۇيۇلدى. ئۇ سۇدانىنى كۆتۈرۈپ سۇ ئىچكەچ ئالدىدىكى ئېگىز ياۋا ئوت - چۆپلەرگە ۋە ئوتلاقنىڭ كەينىدىكى ئۈستى تەكشى ئۆسكەن دەرەخلەرگە قارىدى . بىر پەس سوققان سەلكىن شامال ئۇلار تەرەپكە ئۇچۇپ كەلدى . ياۋا ئوت - چۆپلەر شامالدا يەڭگىل يەلپۈندى . ئۇ ئاشۇ قوراللىق كىشىگە قاراپ ، ئۇنىڭمۇ قورقۇنچ ئازابىنى تارتىۋاتقانلىقىنى بايقىدى.

ياۋا ئوت - چۆپلۈكنىڭ ئوتتۇز بەش يارد ئىچكىرىسىدە ئاشۇ زور شىر يەرگە چاپلىشىپ ياتاتتى . ئۇنىڭ قۇلىقى ئارقىغا بۇرۇلغان بولۇپ ، ئۇنىڭ بىردىنبىر ھەرىكىتى قارا تۈكلۈك ئۇزۇن قۇيرۇقىنى سەل لىڭشىتىپ قويۇشلا ئىدى . ئۇ بۇ خىلۋەتكە يېتىپ كېلىپلا ھايات - ماماتلىق ئېلىشىشقا تەييارلانغانىدى . ئۇنىڭ يۇمىلاق قورسىقىنى تېشىپ ئۆتكەن ئوق يارىسى ئۇنى قىينايتتى . ئۇنىڭ ئۆپكىسىنى تېشىپ ئۆتكەن ئوق يارىسى تۈپەيلىدىن ئۇ ھەربىر نەپەسلەنگەندە ئېغىزىدىن سۇس كۆپۈك ئارىلاش قان كېلىپ بارا - بارا ئاجىزلاشتۇرماقتا ئىدى . ئۇنىڭ ئىككى بېقىنى ھۆل ھەم قىزىق ئىدى . قوڭۇر رەڭلىك تېرىسىدىكى پوتەي ئوق ھاسىل قىلغان تۆشۈك ئۈستىگە چىۋىن قونۇۋالغانىدى . ئۇنىڭ بىر جۈپ سېرىق چوڭ كۆزلىرى ئۆچمەنلىكتىن تارىيىپ كەتكەن بولۇپ ، ئالدىغا قاراپ تۇراتتى . پەقەت نەپەسلەنگەندىلا ئاغرىقتىن كۆزلىرىنى قىساتتى . ئۇنىڭ تىرناقلىرى يۇمشاق ، قۇرۇق توپىغا پېتىپ كەتكەنىدى . ئۇ پۈتۈن بەدىنىدىكى ئاغرىق ئازابى ، بىئاراملىقى ، ئۆچمەنلىكى ۋە بارلىق قالدۇق كۈچىنى يىغىپ تۇيۇقسىز ھۇجۇمغا تەييارلاندى . ئۇ كىشىلەرنىڭ ئاۋازىنى ئاڭلىيالايتتى.

ئۇ پۈتۈن كۈچىنى يىغىپ ئادەملەرنىڭ ئوتلاققا كىرىشىنى كۈتتى . ئۇ ئۇلارنىڭ ئاۋازىنى ئاڭلىدى . قۇيرۇقى چىڭىپ مىدىرلىدى . ئۇلار ئوتلاققا كىرىشكە ئۇ يۆتەلگەندەك خىرقىراپ شىددەت بىلەن ئېتىلدى.

ياشىنىپ قالغان كونگولۇق قورال كۆتۈرگۈچى ئالدىدا مېڭىپ قان ئىزىنى تەكشۈردى . ۋىلسون ئوتلاقتىكى ھەربىر تىۋىشقا دىققەت قىلدى. مىلتىقى تەق ئىدى ، يەنە بىر قورال كۆتۈرگۈچى ئالدىغا قاراپ دىققەت بىلەن تىڭشاۋاتاتتى . ماكومبى ۋىلسونغا يېقىن بولۇپ ، ئۇنىڭ مىلتىقى ئېتىشقا تەييار تۇراتتى . ئۇلار ياۋا ئوت - چۆپلۈككە كىرىشىگە ماكومبى قان كەپلىشىۋالغان كانايدىن چىققان يۆتەلگەندەك خىرىلدىغان ئاۋازنى ئاڭلىدى ھەم چۆپلۈكتىن بىرنەرسىنىڭ ئېتىلىپ چىققانلىقىنى كۆردى . ئارقىدىن ئۆزىنىڭ قورقۇپ كېتىپ ، ئوچۇقچىلىقتا دەريا تەرەپكە قاراپ جېنىنىڭ بارىچە قېچىۋاتقانلىقىنى بىلدى.

ئۇ ۋىلسوننىڭ مىلتىقىنىڭ «پاڭ» قىلغان ئاۋازىنى ، ئارقىدىن يەنە بىر قېتىم قۇلاقنى يارغۇدەك «پاڭ» قىلغان ئاۋازنى ئاڭلىدى . ئۇ بۇرۇلۇپ شىرنى كۆردى . شىرنىڭ تۇرقى ناھايىتى قورقۇنچلۇق بولۇپ ، مېڭىسىنىڭ بىرىمى يوق دېگۈدەك ھالدا ئېگىز ئۆسكەن ئوتلاقنىڭ يېقىنىدا تۇرغان ۋىلسونغا قاراپ ئاستا كېتىپ باراتتى . شۇ پەيتتە ئۇ قىزىل يۈز ئادەم كۆرۈمسىز يان قورالنىڭ زاتورىنى ئىتتىرىپ پۇختا نىشانلىدى ، يان قورال ئېغىزىدىن يەنە بىر قېتىم قۇلاقنى يارغۇدەك «پاڭ» قىلغان ئاۋاز ياڭرىدى . ئېغىر ، زور سېرىق بەدىنىنى سۆرەپ ئاستا ئىلگىرىلەۋاتقان شىر قېتىپ قالدى . ئۇنىڭ غايەت زور ، كەمتۈك بېشى ئالدىغا دۈم چۈشتى . ماكومبى يالغۇز ھالدا ئۆزى قېچىپ كەلگەن بوشلۇقتا تۇراتتى . قولىدا لىق ئوق قاچىلانغاق مىلتىق بار ئىدى . ئىككى قارا تەنلىك ، بىر ئاق تەنلىك بۇرۇلۇپ مەنسىتمەسلىك بىلەن ئۇنىڭغا قاراپ تۇراتتى . ئۇ شىرنىڭ ئۆلگەنلىكىنى بىلەتتى . ئۇ ۋىلسونغا قاراپ ماڭدى . ئۇنىڭ ئېگىز بويىمۇ ئۇنىڭ

ئۇچۇن چوڭ بىر ئەيىبتەك تۇيۇلدى . ۋىلسون ئۇنىڭغا قاراپ:

— رەسىمگە چۈشۈۋالامسەن؟ — دەپ سورىدى.

— هاجىتى يوق، — دېدى ئۇ.

ئۇلار ماشىنا يېنىغا بارغۇچە شۇ ئىككى ئېغىزلا سۆزلەشتى . ئاندىن ۋىلسون:

— قالتىس شىر ئىكەن ، قول ئاستىمىزدىكىلەر ئۇنىڭ تېرىسىنى سويۇۋالىدۇ . بىز يەنىلا بۇ سالقىن جايدا ساقلاپ تۇرايلى، — دېدى.

ماكومبېنىڭ ئايالى ئۇنىڭغا قارىمىدى . ئۇمۇ ئايالىغا قارىمىدى . ئۇ ئارقا ئورۇندۇقتا ئايالىنىڭ يېنىدا ئولتۇردى . ۋىلسون ئالدىدىكى ئورۇندۇقتا ئولتۇراتتى . ئۇ بىر قېتىم قولىنى ئۇزىتىپ ئايالىنىڭ قولىنى تۇتتى . ئەمما ئايالىغا قارىمىدى . ئايالى قولىنى ئۇنىڭ ئالقىنىدىن تارتىۋالدى . ماكومبى دەريانىڭ ئۇ تەرىپىدىكى مىلتىق كۆتۈرگۈچىلەر شىر تېرىسىنى سويۇۋاتقان يەرگە قاراپ ، ئايالىنىڭ ئىشنىڭ پۈتۈن جەريانىنى ئېنىق كۆرگەنلىكىنى بىلدى . ئۇلار ئولتۇراتتى . ئايالى ئالدىغا سىلجىپ قولىنى ۋىلسوننىڭ مۈرىسىگە قويدى . ۋىلسون ئارقىسىغا بۇرۇلدى . مارگارىت پاكار ئورۇندۇقتىن ئالدىغا سوزۇلۇپ ئۇنىڭ ئاغزىغا سۆيدى.

— ئوههوي ، — دېدى ۋىلسون ، ئۇنىڭ تەبىئىي قىزىل يۈزى تېخىمۇ قىزىرىپ كەتتى .

— روبېرت ۋىلسون ئەپەندى ، — دېدى ئۇ ، — چىرايلىق قىزىل يۈزلۈك روبېرت ۋىلسون ئەپەندى.

ئۇ ماكومبېنىڭ يېنىدا قايتا ئولتۇرۇپ بۇرۇلۇپ قارشى قىرغاقتىكى شىر ياتقان جايغا قارىدى . شىرنىڭ ئالدى ئىككى پۇتى ئۇستىگە قارىغان تېرىسى سويۇۋېلىنغانىدى . قاردەك ئاپئاق مۇسكۇللىرى ۋە پەيلىرى ، يەنە تومپىيىپ تۇرغان ئاپئاق قورسىقى چىقىپ قالغان . نېگىرلار تېرىدىكى گۆشلەرنى قىرىۋاتاتتى . قورال كۆتۈرگۈچى ئاخىر نەم هەم ئېغىر شىر تېرىسىنى ئېلىپ كەلدى . تېرىنى يۆگەپ ماشىنىغا تارتىپ چىقاردى . ماشىنا قوزغالدى . هېچكىم هېچنېمە دېمىدى . ئۇلار كەيىگە قايتتى.

بۇ شىرنىڭ هېكايىسى . ماكومبى شىرنىڭ تۇيۇقسىز ئېتىلىپ كېلىشتىن بۇرۇن نېمە خىيالدا بولغانلىقىنى بىلمەيتتى . ئۇ هۇجۇم قىلىشتىن بۇرۇن سائەتلىك تېزلىكى ئىككى يۈز ئىنگلىز مىلى كېلىدىغان 505 تېپلىق ئوقنىڭ ئىشەنگۈسىز دەرىجىدە شىددەت بىلەن ئاغزىغا تەگكەندە قانداق تۇيغۇدا بولغانلىقىنىمۇ بىلمەيتتى . ئاخىرىدا ئىككىنچى قېتىملىق شىددەتلىك زەربە بىلەن ئارقا بەدىنى كېرەكتىن چىققان چاغدىمۇ يەنىلا ئۆزىنى خاراب قىلغان ئاشۇ «پاك ـ پاك» قىلىپ ئاۋاز چىقارغان نەرسىگە قاراپ ئىلگىرىلىگەنلىكىنى ، قانداق بىر كۈچنىڭ ئۇنىڭ مۇشۇنداق قىلىشىغا سەۋەبچى بولغانلىقىنى بىلمەيتتى . ئەكسىچە ۋىلسون ئازراق بىلەتتى . ئۇ پەقەت بىر جۈملە سۆز بىلەن «قالتىس شىر ئىكەن» دەپ قويدى . بىراق ، ماكومبى ۋىلسوننىڭ بۇ ئىشلارغا قارىتا نېمە تۇيغۇدا ئىكەنلىكىنى بىلمەيتتى . ئۇ ئۆزىنىڭ ئايالى بىلەن تەتۈر قارىشىپ قالغىنىدىن باشقا ، ئايالىنىڭ قانداق هېسسىياتتا ئىكەنلىكىنى بىلمەيتتى.

ئۇ بۇرۇنمۇ ئايالى بىلەن يامانلىشىپ قالغان ، بىراق ، يىغىشتۇرغىلى بولمىغۇدەك دەرىجىگە يەتمىگەنىدى . ماكومبى ناهايىتى باي ئىدى هەم تېخىمۇ باي بولۇپ كېتىشى مۇمكىن ئىدى . ئۇ ئايالىنىڭ ئۆزىدىن ئايرىلىپ كەتمەيدىغانلىقىنى بىلەتتى . بۇ ئۇ بىلىدىغان بىرقانچە ھەقىقىي ئىشلارنىڭ بىرى . ئۇ بۇ ئىشنى بىلەتتى . ئۇ موتسىكلىت — بۇ ئەڭ بۇرۇنقى ئىش — ماشىنا ، ياۋا غاز ئوۋلاش ، بېلىق تۇتۇش ، سالمون بېلىقى ، دېڭىز ، كىتابلاردىكى جىنسىي مۇھەببەت هېكايىلىرى ، نۇرغۇن كىتابلار ، ئىنتايىن نۇرغۇن كىتابلار ، مەيداندا ئوينىلىدىغان بارلىق توپ تۈرلىرى ، ئىتلار توغرۇلۇق بىلىدىغانلىرى كۆپ ئىدى . ئاتنى ئانچە بىلىپ كەتمەيتتى . پۇللىرىنى قانداق چىڭ تۇتۇشنى ، ئۆز دائىرىسىدىكى كىشىلەرنىڭ خېلى كۆپ ئىشلىرىنى بىلەتتى . يەنە ئايالىنىڭ ئۆزىدىن ئايرىلىپ كەتمەيدىغانلىقىنىمۇ بىلەتتى . ئۇنىڭ ئايالى ئەزەلدىن ناهايىتى گۈزەل بولۇپ ، ئافرىقىدىمۇ هەم شۇنداق ئىدى . بىراق ، ئامېرىكىدا ئۇ ئېرىنى تاشلاپ كەتكۈدەك هەم تېخىمۇ ياخشى كۈن كەچۈرگۈدەك دەرىجىدە گۈزەل ئەمەس ئىدى . ئايالى بۇ ئەهۋالنى بىلەتتى . ئۇمۇ بىلەتتى . ئايالى ئۇنى تاشلاپ كەتكۈدەك پۇرسەتنى قولدىن بېرىپ قويغانىدى ، بۇنى هەم ئۇ بىلەتتى . ئەگەر ئۇ ئاياللار بىلەن مۇئامىلە قىلىشتا تەدبىرلىكرەك بولغان بولسا ، ئايالى ئۇنىڭ يەنە بىر چىرايلىق ئايال تېپىۋېلىشىدىن ئەنسىرىگەن بولاتتى . بىراق ، ئايالىنىڭ ئېرى توغرۇلۇق بىلىدىغانلىرى ناهايىتى كۆپ بولغاچقا ، بۇ ئىش توغرۇلۇق غەم يېيىش پۈتۈنلەي هاجەتسىز ئىدى . يەنە بىر جەهەتتىن ، ماكومبى ناهايىتى كەڭ قورساق بولۇپ ، بۇنى ئۇنىڭدىكى ئەجەللىك ئاجىزلىق دېمىگەندە بۇ ئۇنىڭ چوڭ ئالاهىدىلىكى ئىدى.

نېملا دەيلى ، ئۇلار خېلىلا بەختلىك ئەر ـ خوتۇنلار-

دىن سانىلاتتى . ئۇلار دائىم ئايرىلىپ كېتىدىغانلىقىغا دائىر گەپ تارقىلىدىغان ، بىراق ئەزەلدىن ئايرىلىپ كەتمەيدىغان ئەر ـ خوتۇنلار تىپىغا كىرەتتى . بىر ئىجتىمائىي سەھىپە يازغۇچىسىنىڭ يازغىنىدەك: ئۇلار پەقەتلا كىشىلەرنىڭ ئىنتايىن ھەۋىسىنى كەلتۈرگەن ۋە باشتىن ـ ئاخىر سىناقتىن ئۆتكەن مۇھەببەتكە خەتەردىن بىر قەۋەت ھەل بېرىش ئۈچۈن ئەڭ زۇلمەتلىك ئافرىقا دەپ قارالغان ئاشۇ جايلارغا ئىچكىرىلەپ كىرىپ ئوۋ ئوۋلىغان ، بۇ بىر پارچە زۇلمەتلىك چوڭ قۇرۇقلۇق ، مارتىن جونسون ① ئەر ـ ئايالنىڭ نۇرغۇن فىلىملىرى ئارقىلىق نامايان قىلىنغان . ئۇلار ئۇ يەردە شىر ، ياۋا كالا ، پىل قاتارلىقلارنى ئوۋلىغان ۋە تەبىئەت تارىخى مۇزېيى



ئۈچۈن ئەۋرىشكە توپلىغان . ئىجتىمائىي سەھىپە يازغۇچىسى بۇرۇن ئۈچ قېتىم ئۇلارنى «ئاجرىشىش گىردابىغا بېرىپ قالدى» دەپ خەۋەر قىلغان . ئەھۋالمۇ ھەقىقەتەن شۇنداق ئىدى . بىراق ، ئۇلار دائىم يەنىلا يارىشىپ قالغان . ئۇلارنىڭ بىرلىشىشى ئۈچۈن پۇختا ئاساس بار ئىدى . مارگارىت ناھايىتى چىرايلىق بولغاچقا ماكومبېرنىڭ ئاجرىشىپ كېتىشكە كۆڭلى قىيمايتتى . ماكومبېرنىڭ پۇلى ناھايىتى كۆپ بولغاچقا مارگارىتمۇ ئايرىلىشقا چىدىمايتتى.

فىرانسىس ماكومبېر شىرنى ئويلىمىغاندىن كېيىن ، بىر پەس ئۇخلىۋېلىپ ئويغىنىپ كەتتى ، ئاندىن يەنە ئۇخلاپ قالدى . شۇ پەيتتە ئەتىگەن سائەت ئۈچ بولغان بولۇپ ، ئۇ چۈشىدە بېشى قانغا مىلەنگەن شىرنىڭ ئالدىدا تۇرغانلىقىنى كۆرۈپ قورقۇپ ئويغىنىپ كەتتى . ئۇ يۈرىكىنىڭ گۈپۈلدەپ قالايمىقان سوققىنىنى ئاڭلاپ يېتىپ ، ئايالىنىڭ كەپىدىكى يەنە بىر كاناپ كارىۋاتتا يوقلۇقىنى بايقىدى . ئۇ ئىككى سائەت ئويغاق يېتىپ ، بۇ ئىشنى كاللىسىدىن چىقىرىۋېتەلمىدى.

ئىككى سائەتتىن كېيىن ئۇنىڭ ئايالى كەپىگە كىرىپ كەلدى . پاشىلىقنى قايرىپ بىمالال كارىۋاتقا چىقىپ ياتتى.

— نەگە باردىڭ؟ — دەپ سورىدى ماكومبېر قاراڭغۇلۇقتا.

— ھە ، — دېدى ئۇ ، — سىز ئويغاندىڭىزمۇ؟

— نەگە باردىڭ؟

— ساپ ھاۋادىن نەپەسلىنىش ئۈچۈن بايىلا چىققانىدىم.

— بەلەن ئىش قىلدىڭ ، ئۆلگۈر.

— سىز مېنىڭ نېمە دېيىشىمنى تەلەپ قىلىسىز ، قەدىرلىكىم؟

— نەگە باردىڭ؟

— ساپ ھاۋادىن نەپەسلەنگىلى چىققان.

— بۇ ئەكسىچە ئۇ ئىشنىڭ يېڭىچە نامى ، پەسكەش قانجۇق.

— ھە ، سىز دېگەن بىر توخۇ يۈرەك.

— شۇنداق بولسا نېمە بوپتۇ؟ — دېدى ئۇ.

— مېنىڭچە ، ھېچنېمە . بىراق ، ماڭا گەپ قىلمىسىڭىز ، سۈيۈملۈكۈم . مەن بەك چارچاپ كەتتىم.

— سەن مېنى ھەممىگە چىدايدۇ دەپ ئويلامسەن؟

— بىلىمەن ، سىز چىدايسىز ، قەدىرلىكىم.

— ھەي ، مەن چىدىيالمايمەن.

— قەدىرلىكىم ، ماڭا گەپ قىلمىسىڭىزچۇ ، مەن بەك چارچاپ كەتتىم.

— بۇنداق ئىشنى يەنە قىلغۇچى بولما ، سەن قىلماسلىقىقا ماقۇل بولغان.

— ھىم ، ھازىر يەنە قىلدىم ، — دېدى ئۇ مۇلايىملىق بىلەن.

— بۇ قېتىم ساياھەتكە چىقساق بۇنداق ئىش ھەرگىز سادىر بولمايدۇ دېگەنىدىڭ ، سەن ماقۇل بولغان.

---

① مارتىن جونسون (1884 ـ 1937) ئامېرىكا كىنو ئىشلىگۈچىسى . ئۇ ئامېرىكىنىڭ تەبىئەت تارىخى مۇزېيى ئۈچۈن ئافرىقىنىڭ يوقلىلىش گىردابىدىكى نۇرغۇن ئېپتىدائىي تۇرمۇشلىرىنى فىلىمگە ئالغان . ئۇ ئۆلگەندىن كېيىن ، ئۇنىڭ ئىشلىرىنى ئايالى داۋاملاشتۇرغان.

— شۇنداق ، سۆيۈملۈكۈم ، مەن شۇنداق دېگەنىدىم . بىراق ، بۇ قېتىمقى ساياھىتىمىز تۈنۈگۈن تۈگەشتى . بىز ئۇ توغرىدا سۆزلەشمىسەك قانداق ، بولامدۇ؟

— پۇرسەت بولسىلا قولدىن بەرمەيدىكەنسەن ، توغرىمۇ؟

— ماڭا گەپ قىلماڭ ، مەن ناھايىتى چارچاپ كەتتىم ، سۆيۈملۈكۈم.

— گەپ قىلمەن.

— ئۇنداقتا مېنى ئاۋارە قىلماڭ ، مەن ئۇخلاپ قالغىلىۋاتىمەن، — ئارقىدىن ئۇ ھەقىقەتەن ئۇخلاپ قالدى.

تاڭ تېخى يورۇمىغانىدى . ئۇلار ئۈچى ئۈستەل ئەتراپىدا ئولتۇرۇپ ئەتىگەنلىك تامقىنى يەۋاتاتتى . فىرانسىس ماكومبى ئۆزى نەپرەتلىنىدىغان نۇرغۇن ئادەملەر ئىچىدە ھەممىدىن بەك نەپرەتلىنىدىغىنى روبېرت . ۋىلسون ئىكەنلىكىنى ھېس قىلدى.

— ياخشى ئۇخلىدىڭمۇ؟ — ۋىلسون تۇرۇپكىسىغا تاماكا قاچىلىغاچ دىمىغىدا سورىدى.

— ئۆزۈڭ ياخشى ئۇخلىغانسەن؟

— قالتىس، — دېدى بۇ ئاق تەنلىك ئوۋچى.

«ھۇ ھايۋان» دەپ ئويلىدى ماكومبى «سەن بىر مەنمەنچى ھايۋان».

«ئۇ كەپىسىگە قايتقاندا ئۇنى ئويغىتىۋېتىپتۇ ـ دە» دەپ ئويلىدى ۋىلسون ھېسسىياتسىز ، سوغۇق نەزىرى بىلەن ئۇ ئىككىسىگە قاراپ . «ھوي ، ئۇ نېمىشقا ئايالىنى تۇرۇشقا تېگىشلىك جايدا تۇرغۇزمايدۇ . ئۇ مېنى قانداق نەرسە دەپ ئويلاپ قالغاندۇ . بىر ئۆلگۈر مۇردىنىڭ گەج ھەيكىلى دەپ قالغانمىدۇ . كىم ئۇنى ئايالىنى تۇرۇشقا تېگىشلىك جايىدا تۇرغۇزمىسۇن دەپتۇ . بۇ ئۇنىڭ ئۆزىنىڭ سەۋەنلىكى.»

— سىزنىڭچە ، بىز ياۋا كالا تاپالارمىزمۇ؟ — مارگارىت شۇنداق دېگەچ قولى بىلەن بىر داس ئۆرۈكنى ئىتتىرىپ قويدى.

— ئېھتىمال تاپالارمىز، — دېدى ۋىلسون ئۇنىڭغا تەبەسسۇم قىلىپ، — سىز نېمىشقا لاگېردا قېپقالمايسىز.

— قېپقالمايمەن — دېدى ئۇ ئۇنىڭغا.

— نېمىشقا ئۇنىڭغا لاگېردا قېلىپقال دېمەيسەن؟ — دېدى ۋىلسون ماكومبىغا.

— سەن دە ، — دېدى ماكومبى سوغۇق ھالدا.

— بىزگە ھېچقانداق تاپلاش كەتمەيدۇ، — دېدى مارگارىت يۈزىنى بۇراپ ئىنتايىن خۇشاللىق بىلەن ماكومبىغا، — ئەخمەقلىق قىلماڭ ، فىرانسىس.

— سەن يولغا چىقىش تەييارلىقىنى قىلىپ بولدۇڭمۇ؟ — سورىدى ماكومبى.

— قاچاندا يولغا چىقساق بولۇۋېرىدۇ ، — دېدى ۋىلسون، — سەن ئايالىڭنىڭ بىرىشىغا قوشۇلامسەن؟

— قوشۇلاي ياكى قوشۇلماي بۇنىڭ نېمە پەرقى بار؟

«تازىمۇ چاتاق بولدى» دەپ ئويلىدى ۋىلسون . نېمىدېگەن رەسۋاچىلىق . بۇ ئىشتىن ھامان مۇشۇنداق غوۋغا چىقاتتى . باشتىن قارىغاندىمۇ ھەم شۇنداق.

— ھېچقانداق پەرق يوق — دېدى ئۇ.

— سەن مېنى ياۋا كالا ئوۋلاشقا ئەۋەتىۋېتىپ ، ئۆزۈڭ ئۇنىڭ بىلەن لاگېردا قېلىشنى خالىمامسەن؟

— بولمايدۇ، — دېدى ۋىلسون، — مەن سېنىڭ ئورنۇڭدا بولسام بۇنداق يالغان ـ ياۋىداق گەپنى قىلمىغان بولاتتىم.

— مەن يالغان گەپ قىلمىدىم . مەن بىزارلىق ھېس قىلىۋاتىمەن.

— فىرانسىس ، ئورۇنلۇقراق گەپ قىلسىڭىز قانداق؟ — دېدى ئۇنىڭ ئايالى.

— مېنىڭ گەپلىرىم ، ئاناڭنى ، بەك ئورۇنلۇق بولۇپ كەتتى، — دېدى ماكومبى، — سەن مۇشۇنداق پاسكىنا نەرسىنى يەپ باققانمۇ؟

— تاماقتا بىرەر چاتاق بارمىكەن؟

— چاتىقى باشقا ئىشلاردىكى چاتاقتا يەتمەيدۇ.

— مەن ساڭا «ئۆزۈڭنى بېسىۋال» دېيەلەيمەن يىگىت ، — دېدى ۋىلسون ئىنتايىن ئېغىر ـ بېسىقلىق بىلەن، — ئۈستەل يېنىدا كۈتكۈچىلىك قىلىدىغان مالايلارنىڭ بىرى ئازراق ئىنگلىزچە بىلىدۇ.

— ئۇ كۆزۈمدىن يوقالسۇن.

ۋىلسون ئورنىدىن تۇردى . تاماكا چەككەچ ئۇنى ساقلاپ تۇرغان مىلتىق كۆتۈرگۈچىنىڭ يېنىغا بېرىپ ئۇنىڭغا سىۋاھىر تىلىدا بىرنەرسە دېدى . ماكومبى بىلەن ئۇنىڭ ئايالى ئۈستەل يېنىدا ئولتۇراتتى . ماكومبى ئۆزىنىڭ قەھۋە ئىستاكانىغا تىكىلگەنىدى.

— سىز بۇنداق جېدەل قىلسىڭىز ، مەن سىزدىن ئايرىلىپ كېتىمەن سۆيۈملۈكۈم ، — دېدى مارگارىت سالماقلىق بىلەن.

— ياق ، سەن ئۇنداق قىلمايسەن.

— سىناپ باقسىڭىز بىلىسىز.

— سەن مەندىن ئايرىلىپ كەتمەيسەن.

— توغرا، — دېدى ئۇ، — مەن سىزدىن ئايرىلىپ كەتمەيمەن . بىراق ، سىز ئەدەپلىكرەك بولۇڭ.

— ئەدەپلىكرەك بولىمەن؟ قالتىس گەپ قىلدىڭ . مەن ئەدەپلىكرەك بولىمەن.

— ئۇنداق ئەمەس ، ئەدەپلىكرەك بولۇڭ.

— سەن نېمىشقا ئۆزۈڭ ئەدەپلىك بولۇشنى سىناپ باقمايسەن؟

— سىنىغىنىمغا ئۇزۇن بولدى. ناھايىتى ئۇزۇن

بولدى.

— مەن ئاشۇ قىزىل يۈز مەخلۇقتىن بىزار، — دېدى ماكومبى، — مەن ئۇنىڭ سايىسىنى كۆرسەممۇ سەپرايىم ئۆرلەيدۇ.

— ئۇ ھەقىقەتەنمۇ ناھايىتى سۆيۈملۈك.

— ئاھ ، دېمەيلا قوي، — ماكومبى ھەتتا ۋارقىرىۋەتتى . بۇ چاغدا ماشىنا كېلىپ تاماق كەپىسىنىڭ ئالدىدا توختىدى . شوپۇر بىلەن ئىككى نەپەر مىلتىق كۆتۈرگۈچى ماشىنىدىن چۈشتى . ۋىلسون كېلىپ ، ئۈستەل يېنىدىكى بىر جۈپ ئەر ـ خوتۇنغا قارىدى.

— ئوۋغا بارامدۇق؟ — سورىدى ئۇ.

— بارىمىز، — ماكومبى شۇنداق دېگەچ ئورنىدىن تۇردى، — بارىمىز.

— بىر پوپايكا ئېلىۋالغىنىڭىز ياخشى . ماشىنا ماڭغاندا توڭۇپ قالىسىز، — دېدى ۋىلسون.

— مەن خۇرۇم چاپان كىيىۋالاي، — دېدى ماگى.

— مالاي ئېلىپ كەلدى، — دېدى ۋىلسون ئۇنىڭغا ، ئۇ ماشىنىغا چىقىپ شوپۇرنىڭ يېنىدا ئولتۇردى . فىرانسىس ماكومبى بىلەن ئايالى ھېچنېمە دېمەي ئارقا ئورۇنغا جايلاشتى.

«بۇ قاپاقباش دىققەت قىلماي ئارقامدىن مېڭەمنى چۇۋۇۋەتمىسە بولاتتىغۇ» دەپ ئويلىدى ۋىلسون . ئاياللار ئوۋ ئوۋلاش ئەترىتى ئۈچۈن راستىنلا بىر ئاۋارىچىلىق.

ماشىنا كۆلرەڭ تاڭ نۇرى ئاستىدا جالاق ـ جۇلۇق ئاۋاز چىقىرىپ تۆۋەنگە قاراپ مېڭىپ پۈتۈنلەي يۇمىلاق تاشلار بىلەن تولغان دەريانىڭ تېيىز قىنىدىن ئۆتۈپ قىرغاققا قاراپ ئىلگىرىلىدى . ۋىلسون ئالدىنقى كۈنى باشقىلارغا تاپىلاپ ئۇ يەرگە يول ئاچقۇزۇپ قويغانىدى . شۇڭا ، ئۇلار قىرغاقتىكى باغچىغا ئوخشايدىغان باراقسان ئورمانلىققا ، يەر شەكلى ئېگىز ـ پەس يەرگە يېتىپ بارالايتتى.

«نېمىدېگەن چىرايلىق سەھەر» دەپ ئويلىدى ۋىلسون . ئەتراپنى شەبنەم قاپلىغان ، ماشىنا چاقى ئوت ـ چۆپلەر بىلەن پاكار دەرەخلەرنىڭ ئۈستىدىن دەسسەپ ئۆتكەندە ئۇ يەنچىلگەن سۇتلۇك ئوت ھىدىنى پۇرىيالايتتى . بۇ قامچا ئوتنىڭ پۇرىقىغا ئوخشاپ كېتەتتى . ماشىنا بۇ ئادەم ئايىغى تەگمىگەن ، باغچىغا ئوخشايدىغان جايدىن ئۆتتى . ئۇ مۇشۇ خىل تاڭ شەبنىمىنىڭ ھىدىنى ، چەيلەنگەن سۇتلۇك ئوت ھىدىنى ۋە سەھەردىكى تۇماندا قارا كۆرۈنىدىغان دەرەخ غولىنى ياخشى كۆرەتتى . ئۇ ھازىر ئارقا ئورۇندۇقتا ئولتۇرغان ئىككىيلەننى خىيالىغا كەلتۈرمەي ياۋا كالىنى ئويلىدى . ئۇ ئىزدىگەن ياۋا كالىلار كۆندۈزدە لاي ـ پاتقاققا تولغان سازلىقتا تۇراتتى . ئۇ يەردە ئۇلارنى ئېتىش مۇمكىن ئەمەس ئىدى . بىراق ، كەچتە بۇ ئەتراپتىكى ئوچۇقچىلىقتا ئوزۇق ئىزدەيتتى ، ئەگەر ئۇ ماشىنا بىلەن ئۇلارنى سازلىقتىن ئايرىۋېتەلىسە ماكومبىغا ئۇلارنى ئېتىشنىڭ ياخشى پۇرسىتى چىققان بولاتتى . ئۇنىڭ ماكومبى بىلەن قويۇق ئورمانلىقتىكى خىلۋەت جايدا ياۋا كالا ياكى ھەرقانداق ياۋايى ھايۋان ئوۋلىغۇسى يوق ئىدى . لېكىن ، ئۇ بىر كەسپىي ئوۋچى . ئۇ بۇ ئۆمرىدە كەم ئۇچرايدىغان ئادەملەر بىلەن بىللە ئوۋ ئوۋلىغانىدى . ئەگەر بۈگۈن ياۋا كالا ئوۋلىيالىسا ئوۋلىمىغان پەقەت كەركىدان قالىدۇ . شۇنداق بولغاندا ، بۇ بىچارە ئەبلەخ ئۆزىنىڭ خەتەرلىك ئويۇننى ئاخىرلاشتۇرىدۇ . ئاندىن ئىشلار ياخشىلىنىپ كېتىدۇ . ئۇ قايتا ئۇ ئايال بىلەن ھېچقانداق مۇئامىلە قىلىشمايدۇ . ماكومبىمۇ بۇ ئىشلارنى ئۇنتۇپ كېتەر . قارىغاندا ئۇ بۇنداق ئىشلارنى بېشىدىن كۆپ ئۆتكۈزگەندەك قىلىدۇ ، بىچارە بايقۇش . ئۇنىڭ بۇ ئىشنى ئۇنتۇپ كېتىشكە چوقۇم چارىسى بار . ھەي ، بۇ ئاشۇ بىچارە يۇمشاق باشنىڭ ئۆزىنىڭ ئۆلگۈر سەۋەنلىكى.

ئۇ روبېرت ۋىلسون ، ئوۋ ئوۋلاش ئەترىتىگە قوش كىشىلىك كاناپ كارىۋات ئېلىپ كەلگەن . ئۇ بۇنى دۇچ كېلىش ئېھتىمالى بولغان ئىشقى ـ مۇھەببەتنىڭ ھۆددىسىدىن چىقىش ئۈچۈن تەييارلىغانىدى . ئۇ بۇرۇن بەزى خېرىدارلارغا ھەمراھ بولۇپ ئوۋ ئوۋلىغان . ئۇلار تۇرمۇشتا شاللاق ، بۇزۇقچىلىقتا چېكىگە يەتكەن ، ئوخشاش بولمىغان دۆلەت تەۋەلىكىدىكى ئادەملەر بولۇپ ، ئۇلارنىڭ ئىچىدىكى ئاياللار ئەگەر بۇ ئاق تەنلىك ئوۋچى بىلەن بىر كارىۋاتقا چىقالمىسا ئۆزلىرىنىڭ خەجلىگەن پۇلىنى بىكارغا كەتتى دەپ قارىشاتتى . ئۇ ئۇلاردىن ئايرىلغاندا ئۇلارنى مەنسىتمىگەن ، گەرچە ئۇلارنىڭ ئارىسىدا ئۆز ۋاقتىدا ئۇ ياخشى كۆرگەن بىرنەچچىسى بولسىمۇ ، بىراق ئۇ مۇشۇ خىل ئادەملەرگە تايىنىپ تىرىكچىلىك قىلاتتى . پەقەت ئۇلار ياللىسىلا ئۇلارنىڭ ئۆلچىمى ئۇنىڭمۇ ئۆلچىمى بولۇپ قالاتتى.

ئوق ئېتىش ماھارىتىنى دېمىگەندە ھەممە جەھەتتە ئۇلار ئۇنىڭ ئۆلچىمى ئىدى . ئوۋچىلىقتا ئۇنىڭ ئۆزىنىڭ ئۆلچىمى بار ئىدى . ئۇلار ئۇنىڭ بۇ ئۆلچىمىگە ھۆرمەت قىلمىسا ، باشقىلارنى ياللاپ ئوۋغا چىقىسىمۇ ئىختىيارى ئىدى . ئۇلار ئۇنىڭ مۇشۇ پوزىتسىيىسى سەۋەبلىك ئۇنى ھۆرمەتلەيتتى . بىراق ، بۇ ماكومبى شەك ـ شۈبھىسىز بىر غەلىتە نېمە ئىدى . يەنە دېسەك ئۇنىڭ ئايالى . ھە بۇ ئايال ، شۇنداق بۇ ئايال . ھىم بۇ ئايال . بولدىلا ، ئۇ ھەممىنى بولدى قىلدى . ئۇ ئۇلارغا بىر قاراپ قويدى . ماكومبى قاتتىق غەزەپتىن چىرايى پۈرۈلگەن ھالدا ئولتۇراتتى . مارگارىت ۋىلسونغا قاراپ كۈلۈمسىرىدى . ئۇ بۈگۈن قارىماققا تېخىمۇ ياش ، تېخىمۇ

سەبى ، تېخىمۇ نازىنىن بولۇپ ، ئادەتتىكى ۋاقىتلاردىكىدەك ياسالما گۈزەل كۆرۈنمەيتتى . «ئۇنىڭ نېمە ئويلاۋاتقانلىقىنى پەقەت خۇدا بىلىدۇ» دەپ ئويلىدى ۋىلسون . تۇنۇگۈن كەچتە مارگارىت كۆپ سۆزلىمىگەنىدى . بۇ ئىشنى ئويلاپ ئۇنى كۆرۈش بىر خۇشاللىق ئىدى.

ماشىنا بىر دۆڭگە ياماشتى . يول بويى ئورمانلىقنى كېسىپ ئۆتۈپ ، ئاندىن ياۋا ئوت - چۆپ باسقان يايلاقتا ئوخشايدىغان ئوچۇقچىلىقتا چىقتى . ئوچۇقچىلىقنى ياقىلاپ ، دەرەخلەرنىڭ دالدىسىدا كېتىۋېتىپ شوپۇر سۈرئەتنى ئاستىلاتتى . ۋىلسون بۇ ئوتلاقنى ۋە ئۇنىڭ چەت - ياقىلىرىنى كۆڭۈل قويۇپ كۆزەتتى . ماشىنىنى توختاشقا بۇيرۇپ ، دۈربۈن بىلەن ئوچۇقچىلىقتا قاراپ چىقتى. ئاندىن شوپۇرغا داۋاملىق مېڭىشنى ئىشارەت قىلدى . شوپۇر ماشىنىنى ئاستا قوزغاپ چوشقا ئۇۋۇلىرى ۋە چۇمۇلە دۆڭلىرىنى ئايلىنىپ ئۆتۈپ يۈرۈپ كەتتى . ئارقىدىن ۋىلسون ئوچۇقچىلىقنىڭ نېرىسىغا قاراپ ، تويۇقسىز يۈزىنى بۇراپ:

— ۋاي خۇدا ، ئۇلار ئۇ يەردىكەن ، — دېدى.

ماشىنا تېز ئىلگىرىلىدى . ۋىلسون سۋاھىلىر تىلىدا شوپۇرغا ناھايىتى تېز سۆزلەپ بىرنەرسىلەرنى دېدى . ماكومبېر ئۇ قولى بىلەن كۆرسەتكەن تەرەپكە قاراپ ھەم ئۇزۇن ، ھەم كالامپاي ، يۇملاق تۆۋرۈك سىياقىدىكى يوغان ماي ماشىنىسىغا ئوخشايدىغان قارا ئۈچ ياۋايى ھايۋاننىڭ ئۇچقاندەك چېپىپ كەڭ ئوتلاقنىڭ بىر تەرىپىنى كېسىپ ئۆتكەنلىكىنى كۆردى . ئۇلار شۇنچە تېز يۈگۈرەيتتى . بويىنى ۋە بەدىنى قاتتىق ئىدى . ئۇلار بېشىنى چىقىرىپ چېپىپ كېتىپ بارغاندا ، ئۇلارنىڭ ئۈستىگە قاراپ ئۆسكەن كەڭ قارا مۈڭگۈزى كۆزگە تاشلىناتتى . بېشى مىدىرلىمايتتى.

— ئۈچ قېرى بۇقا ئىكەن، — دېدى ۋىلسون،— بىز ئۇلارنىڭ سازلىققا بېرىش يولىنى ئۈزۈۋېتەيلى.

ماشىنا شىددەت بىلەن سائىتىگە قىرىق بەش ئىنگلىز مىللىق سۈرئەتتە ئوچۇقچىلىقنى كېسىپ ئۆتتى . ماشىنا يېقىنلاشقانسېرى ياۋا كالىلار ماكومبېرغا تېخىمۇ يوغان كۆرۈندى . ئۇ ئاخىر بىر زور كەلگەن ، كۈلرەڭ ، تۈكسىز ، قوتۇر باسقان ياۋا كالىنى ئېنىق كۆردى . ئۇنىڭ بوينى مۈرىسىنىڭ بىر قىسمى بولۇپ ، مۈڭگۈزى پارقىراق ھەم قارا ئىدى . ئۇ باشقا ئىككى ياۋا كالىنىڭ ئارقىسىدا بولۇپ ، ئۇلار رەتلىك ھالدا پۇختا قەدەملەر بىلەن قېچىپ كېتىپ باراتتى . ماشىنا يولدىن چىقىپ كەتكەندەك قاتتىق بىر سىلكىندى . ئۇلار يېتىشۋالغىلى ئازلا قالدى . ماكومبېر ئالدىغا چاپچىپ كېتىپ بارغان بۇقىنىڭ غايەت زور تېنىنى ، شالاڭ تۈكلەر ئۆسكەن تېرىسىدىكى توپا - چاڭنى، مۈڭگۈزى ئۆسۈپ چىققان جاينى ۋە تۆشۈكى يوغان بۇرنىنى كۆردى . ئۇ مىلتىقنى كۆتۈرۈشىگە ، ۋىلسون:

— ماشىنىنىڭ ئۈستىدە ئەمەس ، قاپاقباش، — دەپ ۋارقىرىدى.

ئۇ ۋىلسوندىن قورقمايتتى . پەقەتلا ئۇنىڭدىن نەپرەتلىنەتتى . بۇ پەيتتە ماشىنا تورمۇزلاندى . لېكىن ، ماشىنا سىيرىلىپ بىر تەرەپكە قىيسىيىپ قالدى . ماشىنا يەنىلا مۇقىم توختىمىغانىدى . ۋىلسون بىر تەرەپتىن ، ماكومبېر بىر تەرەپتىن ماشىنىدىن چۈشتى . يەر ھەرىكەتلىنىۋاتقاندەك ئۇ دەلدۈگۈنۈپ كەتتى . ئارقىدىن قېچىپ كېتىپ بارغان ياۋا كالىغا قارىتىپ ئوق ئاتتى . بىردىن - بىردىن پاڭىلداپ ئېتىلغان ئوقنىڭ كالىنىڭ تېنىگە كىرىپ كېتىۋاتقانلىقىنى ئاڭلىدى . بىر خىل قىياپەتتە قېچىپ كېتىپ بارغان ياۋا كالىغا قارىتىلغان قورالدىكى ئوقلار پۈتۈنلەي ئېتىلىپ بولدى . ئاخىر ئۇ ياۋا كالىنىڭ ئالدىغا ئۆتۈپ بويىنىنىڭ ئوتتۇرىسىغا ئېتىشنى ئېسىگە ئالدى . ئۇ قولاشمىغان ھالدا قورالغا ئوق سېلىۋېتىپ ياۋا كالىنىڭ يىقىلغانلىقىنى كۆردى . ياۋا كالا يەرگە تىزلىنىپ يوغان بېشىنى ئارقىسىغا كۆتۈرەتتى . باشقا ئىككى ياۋا كالا يەنىلا ئۇچقاندەك چېپىپ كېتىپ باراتتى . ئۇ ئالدىدا باشلاپ كېتىۋاتقانىغا قارىتىپ ئوق ئېتىپ تەگكۈزدى . ئۇ يەنە بىرنى ئاتتى . ئوق تەگمەي قاراسلىغان ئاۋاز چىقاردى . ۋىلسونمۇ ئوق ئاتتى . ئاندىن باشلاپ كېتىۋاتقان ياۋا كالىنىڭ ئالدىغا يىقىلىپ ، بۇرنىنىڭ يەرگە سوقۇلغانلىقىنى كۆردى.

— يەنە بىرسىنى يىقىت ، — دەپ ۋارقىرىدى ۋىلسون ، — ھەي ، دەرھال ئات.

بىراق ، ئۇ ياۋا كالا بىر خىل ھالەتتە ئۇچقاندەك قېچىپ كېتىپ باراتتى . ئۇ ئوق ئېتىپ تەگكۈزەلمىدى . ئوق يەردىن توپا توزۇتتى . ۋىلسونىڭمۇ ئوقى تەگمەي يەردىن بۇلۇتتەك توپا ئۆرلەتتى ، ئارقىدىن ۋىلسون:

— ماڭ ، ئۇ يىراقلاپ كەتتى ، — دېدى ئۇنىڭ بىلىكىنى تۇتۇپ ، ئۇلار ماشىنىغا چىقىپ ماشىنىنىڭ ئىككى تەرىپىدىكى باسقۇچىغا دەسسەپ تۇردى . ماشىنا ئېگىز - پەس يولدا سىلكىنىپ تېز ئىلگىرىلەپ ، بويىنى قاتتىق تۇتۇپ ، پۇختا قەدەملەر بىلەن قېچىپ كېتىپ بارغان ياۋا كالىنى قىستاپ كەلدى.

ئۇلار ئۇنىڭغا يېقىنلاشتى . ماكومبېر قورالىنى ئوقلاۋاتقاندا ئوقدان يەرگە چۈشۈپ كەتتى . كۈتمىگەندە قورالدىن كاشىلا چىقتى . ئۇ كاشىلىنى ئوڭشاپ بولغان شۇ پەيتتە ئۇلار ياۋا كالىغا يېتىشۋالغانلىقىنى كۆردى . ۋىلسون:

— ماشىنىنى توختات ، — دەپ ۋارقىرىدى . ماشىنا توختىدى ، لېكىن سىيرىلىپ ئۆرۈلۈپ كەتكىلى تاسلا

قالدى . ماكومبى ماشىنىدىن سەكرەپ چۈشۈپ ئۆزىنى ئوڭشىۋېلىپ ، تېزلىكتە مىلتىق زاتۋورىنى ئىتتىرىپ قېچىپ كېتىپ بارغان بەدىنى يۇمىلاق كەلگەن ياۋا كالىنىڭ قارا دۈمبىسىنى نىشانلاپ ئاتتى . يەنە نىشانلاپ ئاتتى . يەنە بىرنى ، يەنە بىرنى ئاتتى . ئوقلارنىڭ ھەممىسى تەگدى . بىراق ، ئۇ ياۋا كالىدا ئۇنىڭ ھېچقانداق ئىنكاسىنى كۆرمىدى . ئارقىدىن ۋىلسون ئاتتى . ئاۋازى ئۇنىڭ قۇلاق پەردىسىنى يىرتىۋېتىدىغاندەك ئاڭلاندى . ئۇ ياۋا كالىنىڭ دەلدەڭشىگەنلىكىنى كۆردى . ماكومبى ئەستايىدىل قارىغا ئېلىپ يەنە بىر ئاتتى . شۇندىلا ياۋا كالا يىقىلىپ يەرگە تىزلىنىپ قالدى.

— بەلەن بولدى، — دېدى ۋىلسون، — ئۇلار جەمئىي ئۈچ.

ماكومبى خۇددى مەست بولۇپ قالغاندەك ھاياجانلانغانىدى.

— سەن نەچچە پاي ئاتتىڭ؟ — سورىدى ئۇ.

— ئۈچلا پاي، — دېدى ۋىلسون، — سەن بىرىنچى بۇقىنى ئۆلتۈردۈڭ ، ئەڭ چوڭىنى ، قالغان ئىككىسىدە مەن ساڭا ياردەملەشتىم . ئۇلارنىڭ خىلۋەت جايغا قېچىپ بېرىۋېلىشىدىن ئەنسىرىگەنىدىم . ئۇلارنى سەن ئۆلتۈردۈڭ . مەن پەقەت ئازراق ياردەملەشتىم . سەن ناھايىتى قالتىس ئاتتىڭ.

— بىز ماشىنىغا چىقايلى، — دېدى ماكومبى،— مەن بىر ئاز ھاراق ئىچەي.

— ئاۋۋال ئۇ بۇقىنى جايلىۋېتەيلى ، — دېدى ۋىلسون.

ياۋا كالا يەرگە تىزلىنىپ بېشىنى غەزەپ بىلەن تولغايتتى. ئۇلار ئۇنىڭغا يېقىنلاشقاندا ئۇ ئولتۇرۇشۇپ كەتكەن بىر جۈپ كىچىك كۆزى بىلەن ئۇلارغا چەكچىيىپ ئەسەبىيلەرچە ھۆركىرىدى.

— پەخەس بول ، ئۇنى ئورنىدىن تۇرغىلى قويما ،— دېدى ۋىلسون . ئارقىدىن يەنە، — يان تەرىپىدە تۇرۇپ ئۇنىڭ بوينىغا ئات . قۇلىقىنىڭ ئارقىسىدىكى جايغا،— دېدى.

ماكومبى ئەستايىدىل قارىغا ئېلىپ ئۇنىڭ زور ، ھۆركىرەشتىن تولغانغان بوينىنىڭ ئوتتۇرىسىغا ئاتتى . ئوق ئاۋازى ياڭراش بىلەن تەڭ ئۇنىڭ بېشى چۈشۈپ كەتتى.

— بەلەن ئاتتىڭ، — دېدى ۋىلسون، — ئومۇرتقىسىغا تەگدى . ئۇلارنىڭ تۇرقى تولىمۇ كۆركەم ، شۇنداقمۇ؟

— بېرىپ ئازراق ھاراق ئىچەيلى، — دېدى ماكومبى ، ئۇ ئۆمرىدە ئەزەلدىن بۇنچە خۇشال بولۇپ باقمىغانىدى.

ماكومبىنىڭ ئايالى ماشىنىدا چىرايى تاتارغان ھالدا ئولتۇراتتى.

— سىزنىڭ قىلغانلىرىڭىز ھەقىقەتەن قالتىس بولدى ، قەدىرلىكىم، — دېدى ئۇ ماكومبىغا، — ماشىنىنى شۇنچە خەتەرلىك ھەيدىگەن بارمۇ؟

— بەك سىلكىنىپ كەتتىڭىزمۇ؟ — سورىدى ۋىلسون.

— ھەقىقەتەن قورقۇنچلۇق . ئۆمرۈمدە ئەزەلدىن بۇنداق قورقۇپ باقمىغانىدىم.

— بىر ئاز ھاراق ئىچەيلى، — دېدى ماكومبى.

— ئەلۋەتتە بولىدۇ، — دېدى ۋىلسون، — ئالدى بىلەن ئايالىڭغا بەر.

مارگارېت ياپىلاق ھاراق بوتۇلكىسىنى ئېلىپ بىر يۇتۇم ۋىسكى ئىچتى . ھاراقنى يۇتقاندا ئازراق تىترەپ كەتتى . ئۇ بوتۇلكىنى ماكومبىغا بەردى . ماكومبى ۋىلسونغا ئۇزاتتى.

— ماڭا قاتتىق تەسىر قىلدى، — دېدى مارگارېت، — ئۇنىڭ دەستىدىن مېڭەم ئاجراپ كېتىدىغاندەك ئاغرىۋاتىدۇ . بىراق ، مەن ماشىنىدا تۇرۇپ ئوق چىقارساڭلارمۇ بولىدىغانلىقىنى بىلمەيدىكەنمەن.

— ھېچكىم ماشىنىدا تۇرۇپ ئوق چىقارمىدى،— دېدى ۋىلسون ئېغىر ـ بېسىقلىق بىلەن.

— ئۇلارنى ماشىنا بىلەن قوغلاشنى دېمەكچىمەن.

— بۇ قائىدىگە توغرا كەلمەيدۇ، — دېدى ۋىلسون، — بىراق بىز مۇشۇنداق قوغلاۋاتقاندا مەن ئەكسىچە ھەرىكەت ئەخلاقىغا ئۇيغۇن دەپ قارايمەن . ماشىنىدا ئولتۇرۇپ دالىدىكى بارلىق كامار ۋە پۈتلىكاشاڭلاردىن ئۆتۈپ ئوۋچىلىق قىلىش پىيادە ئوۋچىلىق قىلغاندىن كۆپ خەتەرلىك . ھەر قېتىم ئوق ئاتقاندا ئۇلار خالىسىلا بىزگە ئېتىلالايتتى . بىز ئۇنىڭغا ھەممە قېتىم پۇرسەت بەردۇق . بىراق ، باشقىلارغا دەپ سالماڭ ، بۇ قانۇنسىزلىق . سىزنىڭ ئايدىڭلاشتۇرۇۋالماقچى بولغىنىڭىز مۇشۇمۇ.

— قېيىن ئەھۋالدا قالغان ھايۋانلارنى ماشىنا بىلەن قوغلاش مېنىڭچە ئىنتايىن ئادىل بولمىغانلىق، — دېدى مارگارېت.

— شۇنداقمۇ؟ — دېدى ۋىلسون.

— ئەگەر ئۇلار بۇنداق ئىشنى نايروبى ① دا ئاڭلىسا نېمە ئىش يۈز بېرەتتى؟

— بىرىنچىدىن مەن پراۋامدىن ئايرىلىپ قالاتتىم . يەنە بىر جەھەتتىن كۆڭۈلسىزلىك يۈز بېرەتتى، — دېدى ۋىلسون ياپىلاق بوتۇلكىدىن بىر يۇتۇم ھاراق ئىچىپ ،— مەن ئىشسىز قالاتتىم.

① نايروبى — بۇرۇن ئەنگلىيە مۇستەملىكىسىدە بولغان ، ھازىر كېنىيىنىڭ پايتەختى.

— شۇنداقمۇ؟

— شۇنداق.

— ھەم، — دېدى ماكومبى، — ئەتىگەندىن بېرى تۈنجى قېتىم كۈلۈمسىرەپ، — ئەمدى ئۇ يامان يېرىگىدىن تۈنۈۋالدى.

— سىزنىڭ سۆز قابىلىيىتىڭىز نېمىدېگەن قالتىس فىرانسىس، — دېدى مارگارىت ماكومبېغا.

ۋىلسون ئۇلارغا قارىدى . «ئەگەر بىر چۈپرەندە قانچۇقتەك بىر بۆزۈق ئايالغا ئۆيلەنسە، — دەپ ئويلىدى ئۇ، — ئۇلاردىن تۇغۇلغان بالا قانچىلىك ئىپلاس چىقار» . ئەمما ئۇ ئاغزىدا:

— بىز بىر قورال كۆتۈرگۈچىدىن ئايرىلدۇق . دىققەت قىلدىڭلارمۇ؟ — دېدى.

— ۋاي خۇدايىم ، ياق، — دېدى ماكومبى.

— ئۇ كېلىۋاتىدۇ، — دېدى ۋىلسون، — ھېچنېمە بولماپتۇ . ئۇ بىز بىرىنچى كالىنى ئاتقان جايدىن ئايرىلغاندا يىقىلىپ چۈشكەن.

ئۇ ئوتتۇرا ياشلىق قورال كۆتۈرگۈچى ئاقساپ يېتىپ كەلدى . ئۇ توقۇلما دوپپا ، كاجى كۆڭلەك ، كالتە ئىشتان ۋە تاسمىلىق رېزىنكە ئاياغ كىيىۋالغان بولۇپ ، چىرايى تۈتۈق ، روھىي ھالىتى قورقۇنچلۇق ئىدى . ئۇ كېلىپلا سىۋاھىر تىلىدا ۋارقىراپ بىرنەرسە دېدى . ئۇلار ئاشۇ ئاق تەنلىك ئوۋچىنىڭ چىرايىنىڭ بىراقلا ئۆزگەرگەنلىكىنى كۆردى.

— ئۇ نېمە دەيدۇ؟ — دېدى مارگارىت.

— ئۇنىڭ دېيىشىچە بىرىنچى قېتىمقى ياۋا كالا قوپۇپ چاتقاللىققا كىرىپ كېتىپتۇ، — دېدى ۋىلسون ئىپادىسىز بىر ئاھاڭدا.

— ئاھ، — دېدى ماكومبى يەڭگىللىك بىلەن.

— قارىغاندا بۇ ئاشۇ شىرنىڭكىدەك ئىش بوپتۇ ـ دە! — دېدى مارگارىت ئۈمىدكە تولغان ھالدا.

— شىرنىڭ ئىشىغا ئازراقمۇ ئوخشىمايدۇ، — دېدى ۋىلسون ئۇنىڭغا، — يەنە ئازراق ئىچەمسەن ، ماكومبى؟

— بولىدۇ ، رەھمەت، — دېدى ماكومبى . ئۇ ئۆزىدە شىرغا مۇناسىۋەتلىك ئاشۇ تۇيغۇلارنىڭ يەنە كۆرۈلىدىغانلىقىنى مۆلچەرلىگەنىدى . لېكىن ئۇنداق بولمىدى ، ئۇ ئۆمرىدە تۇنجى قېتىم قورقۇنچتىن تامامەن خالىي ھېسسىياتتا بولدى . ئۇ قورقمايلا قالماي ئەكسىچە ئۆزىنى ناھايىتى روھلۇق ھېس قىلدى.

— بىز بېرىپ ئىككىنچى قېتىمقى بۇققىغا قاراپ باقايلى، — دېدى ۋىلسون، — مەن شوپۇرغا ماشىنىنى سايىغا توختىتىشنى ئۇقتۇرۇپ قوياي.

— سىلەر نېمىش قىلغىلى بارىسىلەر؟ — دەپ سورىدى مارگارىت ماكومبىدىن.

— ياۋا كالىنى كۆرگىلى.

— مەنمۇ بارىمەن.

— يۈرۈڭ.

ئۇلار ئۇچى ئىككىنچى ياۋا كالا ياتقان بوشلۇققا كەلدى . ياۋا كالا قاپقارا ، غايەت زور بېشى ئوتلاققا ساڭگىلىغان ، بىر جۈپ مۈڭگۈزى تېخىمۇ كېرىلگەن ھالەتتە ئىدى.

— ئۇنىڭ بېشى ناھايىتى ياخشىكەن، — دېدى ۋىلسون، — ئۇنىڭ ئىككى مۈڭگۈزىنىڭ ئەڭ چوڭ ئارىلىقى ئەللىك ئىنگلىز سۈيى كەلگۈدەك.

ماكومبى خۇشال ھالدا ئۇنىڭغا قاراۋاتاتتى.

— ئۇ نېمىدېگەن كۆرۈمسىز، — دېدى مارگارىت، — بىز سايىغا كەتسەك بولمامدۇ؟

— ئەلۋەتتە بولىدۇ، — دېدى ۋىلسون ، ئاندىن ماكومبېغا قولى بىلەن كۆرسىتىپ، — قارا ئۇ چاتقاللىقنى كۆردۈڭمۇ؟ — دېدى.

— كۆردۈم.

— بۇ دەل بىرىنچى ياۋا كالا كىرىپ كەتكەن جاي . قورال كۆتۈرگۈچىنىڭ دېيىشىچە ، ئۇ يىقىلىپ چۈشكەندە ياۋا كالا يەردە ياتقانىكەن . ئۇ بىزنىڭ قوغلاۋاتقىنىمىزنى ، ئاشۇ ئىككى كالىنىڭ ئۇچقاندەك قېچىۋاتقانلىقىنى كۆرگەن . ئۇ بېشىنى كۆتۈرۈپ ياۋا كالىنىڭ ئورنىدىن تۇرۇپ ئۇنىڭغا قاراۋاتقانلىقىنى بايقاپ ، جان ـ جەھلى بىلەن قاچقان . ئۇ كالا ئاستا مېڭىپ چاتقاللىققا كىرىپ كەتكەن.

— بىز كىرىپ قوغلامدۇق؟ — دېدى ماكومبى قىزغىنلىق بىلەن.

ۋىلسون ئۇنىڭغا دەگسەش نەزىرى بىلەن قارىدى ، «بۇ شەك ـ شۈبھىسىز بىر غەلىتە نەرسە، — دەپ ئويلىدى ۋىلسون، — تۈنۈگۈن ئۇنىڭ قورقۇنچتىن يۈرىكى قېپىدىن چىقىپ كەتكەن . بۈگۈن ئۇ قاپ يۈرەك بولۇپ قاپتۇ».

— بولمايدۇ . بىز ئۇنىڭغا ئازراق ۋاقىت بېرەيلى.

— سايىغا بېرىۋالساق بولمامدۇ؟ — دېدى مارگارىت چىرايى تاتىراڭغۇ ۋە بىتاب كۆرۈنەتتى.

ئۇلار باراقسان بىر تۈپ دەرەخنىڭ تۈۋىگە كەلدى . ماشىنا مۇشۇ يەرگە توختىتىلغان بولۇپ ، ئۇلار ماشىنىغا چىقتى.

— ئۇ ئۆلۈپ قالغان بولۇشى مۇمكىن، — دېدى ۋىلسون، — بىردەمدىن كېيىن بېرىپ قاراپ باقايلى.

ماكومبى ئۆزىنى ئەزەلدىن بولۇپ باقمىغان ، تىزگىنلىگىلى بولمايدىغان ۋە غەلىتە ھاياجاندا سەزدى.

— ۋاي خۇدا ، بۇ بىر مەيدان قوغلاپ ئوۋلاشقۇ،— دېدى ئۇ، — مەن ھېچقاچان بۇنداق تۇيغۇدا بولۇپ

باقمىغان . بۇ ناھايىتى قالتىس بولدى . شۇنداقمۇ مارگارىت؟

— مەن بۇ ئۇۋدىن بىزار.

— نېمىشقا؟

— مەن ئۇنىڭغا ئۆچ، — دېدى ئۇ چىشلىرىنى كىرىشتۇرۇپ، — مەن ئۇنىڭدىن يىرگىنىمەن.

— سەن بىلىسەن ، نېمىش بولۇشىدىن قەتئىينەزەر مەن ئەمدى قورقمايمەن، — دېدى ماكومبى ۋىلسونغا،— بىز ياۋا كالىنى قوغلاشقا باشلىغاندىن تارتىپ مەندە زور ئۆزگىرىش بولدى . خۇددى توسما يار ئالغاندەك . نېمىدېگەن كۆڭۈللۈك.

— يۈرىكىڭمۇ يوغىنىدى، —دېدى ۋىلسون،— ئادەم دېگەندە ھەرقانداق غەلىتە ئۆزگىرىش بولۇپ تۇرىدۇ.

ماكومبىنىڭ چىرايى نۇرلىنىپ كەتكەنىدى.

— سەن بىلىسەن ، مەن ئۆزگىرىپ كەتتىم،— دېدى ئۇ، —مەن پۈتۈنلەي باشقىچە بولۇپ قالدىم.

ئۇنىڭ ئايالى ھېچنېمە دېمەستىن غەلىتە بىر قىياپەتتە ئۇنىڭغا تىكىلىپ قارايتتى . ئۇ ئارقا ئورۇندا ئولتۇراتتى . ماكومبى بولسا ئالدىغا ئېگىشىپ ، ئورۇندۇقنىڭ يۆلەنچۈكىگە يېنىچە يۆلەنگەن ھالدا ئارقىسىغا قاراپ تۇرغان ۋىلسون بىلەن پاراڭلىشىۋاتاتتى.

— ساڭا ئايان . يەنە بىر قېتىم شىر ئوۋلاپ باقساقمىكىن دەيمەن، — دېدى ماكومبى، — مەن ئەمدى ئۇلاردىن ھەرگىز قورقمايمەن . ئەمەلىيەتتە ئۇلار سېنى نېمە قىلالايتتى.

— دېگىنىڭ توغرا، — دېدى ۋىلسون، — ئەڭ ئۇسال ئەھۋال ئۆلۈمدىن ئارتۇق بولمايدۇ . شېكىسپىر بۇنى قانداق دېگەن؟ ناھايىتى بەلەن ئېيتقان ، قېنى ئەسلىيەلەمدىمەن يوق . ئاھ ، ناھايىتى بەلەن ئېيتقان . بىر مەزگىل بۇ سۆزنى ئۆزۈمگە ئۈلگە قىلىپ كەلگەن . ئاڭلاپ باقساق زەرەرى بولماس ، «راستىنى دېگەندە مەن ئازراقمۇ پىسەنت قىلىپ قويمايمەن . ئادەم پەقەت بىر قېتىم ئۆلىدۇ . بىزنىڭ خۇداغا بىر قېتىملىق جان قەرزىمىز بار . نېمىلا دېگەنبىلەن بۇ يىل ئۆلگەن ئادەم كېلەر يىلى يەنە ئۆلمەيدۇ» نېمىدېگەن بەلەن ئېيتقان ، ھەي!

ئۇ ئۆز ھاياتىنى ئالقىنىدا تۇتۇپ تۇرغان بۇ كۆزقاراشنى دەپ سالغانلىقىدىن ناھايىتى ئوڭايسىزلىق ھېس قىلدى . بىراق ، ئۇ بۇرۇنمۇ ئەرلەرنىڭ پىشىپ يېتىلگەنلىكىنى كۆرگەن ، بۇ ھامان ئۇنى ھاياجانلاندۇراتتى . بۇ ئۇلارنىڭ يىگىرمە بىر ياشقا كىرگەن توغۇلغان كۈنى بىلەن قىلچە مۇناسىۋەتسىز.

ماكومبى بىر قېتىملىق تاسادىپىي غەلىتە ئوۋغا ، ئىشتىن ئەنسىرەش پۇرسىتى بولمىغان ، ئالدىراش ئېلىپ بېرىلغان تۇيۇقسىز ھەرىكەتكە تايىنىپ ئۆسۈپ يېتىلدى . بىراق ، نېمە ئۆزگىرىش بولۇشىدىن قەتئىينەزەر شەك ـ شۈبھىسىزكى ئۆزگىرىش ئالللىقاچان يۈز بەردى . «بۇ ئەبلەخكە قارا، — دەپ ئويلىدى ۋىلسون، — ئەمەلىيەتتە ئۇلارنىڭ بەزىلىرى نۇرغۇن ۋاقىت ئۆتسىمۇ بالا پېتى تۇرۇۋېرىدۇ . بەزىدە بىر ئۆمۈر شۇنداق . ئۇلار ئەللىككە كىرسىمۇ بالا پېتى تۇرۇۋېرىدۇ . تىپىك بالا مىجەزلىك ئامېرىكىلىقلار . ھەقىقەتەن غەلىتىلىكتە چېكىگە يەتكەن» . بىراق ، ھازىر ئۇ ماكومبىنى ياقتۇرۇپ قالدى . غەلىتىلىكتە چېكىگە يەتكەن ئەبلەخ . ئېھتىمال ئۇ ئەمدى يۇمشاق باش بولماس . ھەي ، بىراق بۇ ئىنتايىن قالتىس ئىش بولدى . نېمىدېگەن قالتىس . بۇ ئەبلەخ ئېھتىمال بىر ئۆمۈر يۈرەكزادە بولۇپ ئۆتكەن ، بۇنىڭ نېمىدىن كېلىپ چىققانلىقىنى بىلەلمەي كەلگەن . بىراق ، ھازىر ھەممە ئۆتۈپ كەتتى . بايا ئۇنىڭ ياۋا كالىدىن قورقۇشقا ۋاقتى چىقمىغانىدى . بۇ مۇشۇنداق ئىش . ئۇنىڭ ئۇستىگە ئاچچىقلىنىشمۇ بار . ماشىنىنىڭمۇ رولى چوڭ بولدى . ماشىنا قورۇنۇش كەيپىياتىنى تۈگەتتى . ئاخىر ئۇ بىر قاپ يۈرەككە ئايلاندى . ئۇ ئۇرۇشتىمۇ مۇشۇنداق ئەھۋالنى كۆرگەن . بۇ سەبىيلىكتىن ئايرىلغاندىنمۇ چوڭ ئۆزگىرىش ئىدى . قورقۇنچ خۇددى ئوپېراتسىيە قىلىپ ئېلىۋەتكەندەكلا يوقىلىپ ، باشقا بىرنەرسە ئۇنىڭ ئورنىنى ئالدى . بۇ ئەركەك بولۇشتىكى مۇھىم نەرسە ، مۇشۇ نەرسە بولغاچقىلا ئۇ بىر ئەركەككە ئايلىنالىدى . ئاياللارمۇ بۇنىڭ نېمە ئىشلىقىنى بىلىدۇ . ئەركەك بولۇش ئۈچۈن پەقەتلا قورقماسلىق كېرەك.

مارگارىت ئارقا ئورۇندۇقنىڭ بۇلۇڭىدا تۈگۈلۈپ ئولتۇرۇپ ئۇ ئىككىسىگە قارىدى . ۋىلسوندا ھېچقانداق ئۆزگىرىش بولمىغانىدى . ئۇ تۈنۈگۈنكىگە تامامەن ئوخشاش بولۇپ ، تۈنۈگۈن ئۇ ئۇنىڭ قانچىلىك قابىلىيىتى بارلىقىنى بىلگەنىدى . بىراق ئۇ ھازىر فرانسىس ماكومبىدا زور ئۆزگىرىش بولغانلىقىنى كۆردى.

— قىلماقچى بولغان ئىشىمىزدىن خۇشالمۇ سەن؟ — دەپ سورىدى ماكومبى يەنىلا ئۆزىنىڭ قىممەتلىك بايقىشىنى ھاياجان بىلەن تىلغا ئېلىپ.

— سەن بۇنى تىلغا ئالماسلىقىڭ كېرەك ئىدى،— دېدى ۋىلسون يەنە بىرسىنىڭ يۈزىگە قاراپ، — سېنى ئالاقزادە بولۇپ كەتتى دېگەن ئەڭ مۇۋاپىق ، دىققەت قىل . يەنە ئالاقزادە بولۇشۇڭ ، نۇرغۇن قېتىم ئالاقزادە بولۇشۇڭ مۇمكىن.

— بىراق سەن قىلماقچى بولغان ئىشىمىزدىن خۇشاللىق ھېس قىلامسەن؟

— ھەئە، — دېدى ۋىلسون، — دېگىنىڭ توغرا ، بىراق بۇ توغرىدا ئۇنچىلا جىق سۆزلەپ كەتمە . تولا سۆزلەۋەرسەڭ ھەرقانداق ئىشنىڭ قىزىقى قالمايدۇ.

— دىگەنلىرىڭلارنىڭ ھەممىسى قۇرۇق گەپ، — دېدى مارگارىت، — سىلەر پەقەت ماشىنىدا ئولتۇرۇپ پاناھسىز بىرقانچە ھايۋاننى قوغلىغان تۇرۇپ خۇددى باتۇر ئەزىمەتلەردەك سۆزلىشىۋاتىسىلەر.

— كەچۈرۈڭ، — دېدى ۋىلسون، — مەن قۇرۇق گەپنى تولا قىلىپ كەتتىم.

«ئۇ چوقۇم بۇ ئىشتىن ئەنسىرەپ قالدى» دەپ ئويلىدى ئۇ.

— نېمە دېيىشىۋاتقانلىقىمىزنى بىلمەي تۇرۇپ گەپكە نېمىشقا ئارىلىشىسەن؟ — دېدى ماكومبى ئايالىدىن.

— سەن باتۇرلىشىپ كەتتىڭ. شۇنداق تويۇقسىزلا، — دېدى ئايالى مەنسىتمەسلىك بىلەن. ئۇنىڭ مەنسىتمەسلىكى ئانچە پۇختا ئاساسقا ئىگە ئەمەس ئىدى. ئۇ بىر ئىشتىن ئىنتايىن قورقۇۋاتاتتى.

ماكومبى قاقاقلاپ كۈلدى. ئۇنىڭ كۈلكىسى ناھايىتى تەبىئىي بولۇپ، ئىچ ـ ئىچىدىن چىققانىدى.

— ساڭا ئايان، مەن ئۆزگەردىم، — دېدى ئۇ، — مەن راستتىنلا ئۆزگەردىم.

— سەل كېچىكىپ ئۆزگەردىڭىزمۇ قانداق؟ — دېدى مارگارىت ئازابلىق ھالدا. چۈنكى ئۇ ئۇزۇندىن بۇيان ئەڭ زور تىرىشچانلىق كۆرسەتكەنىدى. ھازىر ئۇلارنىڭ مۇناسىۋىتىنىڭ بۇ ھالغا كېلىپ قېلىشىدىكى سەۋەنلىكنى بىرلا ئادەمگە ئىتتىرىپ قويغىلى بولمايتتى.

— مېنىڭچە بولغاندا ئازراقمۇ كېچىكمىدى، — دېدى ماكومبى.

مارگارىت زۇۋان سۈرمەي ئورۇندۇقنىڭ بۇلۇڭىغا يۆلەندى.

— سېنىڭچە بىز ئۇنى يېتەرلىك ساقلىغاندۇق؟ — ماكومبى خۇشاللىق بىلەن ۋىلسوندىن سورىدى.

— بېرىپ قاراپ باقايلى، — دېدى ۋىلسون، — سەندە ئېشىپ قالغان پوتەي ئوق بارمۇ؟

— قورال كۆتۈرگۈچىدە ئازراق بار.

ۋىلسون سىۋاھىر تىلىدا بىرنى ۋارقىرىشىغا، ياۋا كالىنىڭ باش تېرىسىنى سويۇۋاتقان ياشىنىپ قالغان قورال كۆتۈرگۈچى ئورنىدىن تۇردى. يانچۇقىدىن بىر قۇتا ئوق ئېلىپ، ماكومبىغا ئەكېلىپ بەردى. ئۇ قورالىنى ئوقلاپ، ئېشىپ قالغىنىنى يانچۇقىغا سالدى.

— سەن يەنىلا سپرىڭفىلىد ماركىلىق قورالنى ئىشلەتسەڭ ياخشى بولغۇدەك، — دېدى ۋىلسون، — سەن ئۇنىڭغا كۆنۈپ قالدىڭ. مانلىچېر ماركىلىقنى ماشىنىدا ئايالىڭغا قويۇپ كېتەيلى. قورال كۆتۈرگۈچىڭ مىلتىقىڭنى كۆتۈرسۇن. مەن بۇ ئۆلگۈر توپنى ئىشلىتەي. ئەمدى ساڭا ياۋا كالا توغرىسىدا سۆزلەپ بېرەي، — ئۇنىڭ بۇ گەپنى ئاخىرىغا قالدۇرۇشى ماكومبىنى ئەنسىرەتمەسلىك ئۈچۈن ئىدى، — ياۋا كالا ئادەتتە بېشىنى ئېگىز كۆتۈرۈپ تىك ھالەتتە ئېتىلىپ كېلىدۇ. ئۇنىڭ مۈڭگۈزىنىڭ بۆسۈپ چىققان قىسمى ئۇنىڭ مېڭىسىنى قوغدايدۇ. ئۇ يەرگە ئوق ئېتىپ كىرگۈزگىلى بولمايدۇ. ئوقنى پەقەت ئۇدۇل بۇرنىغا قارىتىپ ئېتىش كېرەك. ئۇنىڭدىن باشقا ئوقنى كۆكرىكىگە، ياكى سەن يان تەرىپىدە بولساڭ ئۇنىڭ بويىنىغا، ياكى مۈرىسىنىڭ ئوتتۇرىسىغا ئاتساڭ بولىدۇ. ئۇلارنى بىر قېتىم ئېتىش بىلەن جىمىقتۇرۇش بەك تەس. ھەرگىز قۇرۇق خىيالدا بولما. ئەڭ مۇۋاپىق يېرىگە ئات. ئۇلار ياۋا كالىنىڭ باش تېرىسىنى سويۇپ بولۇپتۇ. بىز يولغا چىقايلى، بولامدۇ؟

ئۇ قورال كۆتۈرگۈچىلەرگە ۋارقىرىدى. ئۇلار قوللىرىنى سۈرتكىنىچە يېتىپ كەلدى. ياشانغىنى ماشىنىغا چىقتى.

— مەن كونگولۇقنى ئېلىۋالاي، — دېدى ۋىلسون، — يەنە بىرى قېلىپ قۇشلارنى ھەيدىسۇن.

ماشىنا ئاستا سۈرئەتتە ئوچۇقچىلىقنى كېسىپ ئۆتۈپ، كىچىك ئارالغا ئوخشايدىغان چاتقاللىققا قاراپ ماڭدى. ئۇ بىر پارچە باراقسان تار بەلباغ بولۇپ، ماشىنا ئويمانلىقنى كېسىپ ئۆتكەن قۇرغاق دەريانى ياقىلاپ داۋاملىق ئىلگىرىلىدى. ماكومبى يول بويى يۈرىكىنىڭ قاتتىق سوقۇۋاتقانلىقىنى، ئاغزىنىڭ قۇرۇپ كېتىۋاتقانلىقىنى سەزدى. بىراق، بۇ ھاياجاندىن بولۇپ، قورقۇنچتىن ئەمەس ئىدى.

— ئۇ مانا بۇ يەردىن كىرىپ كەتكەن، — دېدى ۋىلسون، ئارقىدىن قورال كۆتۈرگۈچىگە سىۋاھىر تىلىدا، — قان ئىزىنى تاپ، — دېدى.

ماشىنا ئاشۇ چاتقاللىق بىلەن تەكشى ھالەتتە ئىدى. ماكومبى، ۋىلسون ھەم قورال كۆتۈرگۈچى ماشىنىدىن چۈشتى. ماكومبى ئۆرۈلۈپ قاراپ، ئايالىنىڭ يېنىدا بىر قورال تۇرغانلىقىنى، ئايالىنىڭ ئۇنىڭغا قاراۋاتقانلىقىنى كۆردى. ئۇ ئايالىغا قول پۇلاڭلاتتى. لېكىن، ئايالى ئىنكاس قايتۇرمىدى.

ئالدىغا ماڭغاندا چاتقاللىق بۆك ـ باراقسان بولۇپ، يەر يۈزى قۇرغاق ئىدى. ئوتتۇرا ياشلىق قورال كۆتۈرگۈچىنىڭ پۈتۈن بەدىنى ئىسسىقتىن تەرلەپ كەتكەن، ۋىلسون دوپپىسىنى كۆزىگە چۈشۈرۈۋالغان، ئۇنىڭ قىزىل بويىنى ماكومبىنىڭ ئالدىدا ئىدى. قورال كۆتۈرگۈچى تۇيۇقسىز سىۋاھىر تىلىدا ۋىلسونغا بىر نەرسە دەپ ئالدىغا يۈگۈردى.

— ئۇ ئاللىقاچان ئۇ يەردە ئۆلۈپ قاپتۇ، — دېدى ۋىلسون، — ياخشى بولدى.

ئارقىدىن ئۆرۈلۈپ ماكومبىنىڭ قولىنى تۇتتى. ئۇلار

قول تۇتۇشۇپ بىر ـ بىرىگە قاراشقىنىچە كۈلۈشتى . شۇ پەيتتە ھېلىقى قورال كۆتۈرگۈچى ئەسەبىيلەرچە ۋارقىراپ تاشلىدى . ئۇلار ئۇنىڭ چاتقاللىقتىن قىسقۇچ پاقىدەك تېزلىكتە يېنىچە قېچىپ چىققانلىقىنى كۆردى . ئارقىدىن ھېلىقى بۇقا چىقتى . ئۇ بۇرنى ئالدىغا سوزۇلغان ، ئاغزى يۇمۇلغان ، قان تامچىلاپ تۇرغان غايەت زور بېشى تىك ھالدا بىراقلا ئېتىلىپ كەلدى . ئۇنىڭ ئولتۇرۇشۇپ ، قانغا تولغان كىچىك كۆزلىرى ئۇلارغا تىكىلگەنىدى . ۋىلسون ئالدىدا بولۇپ ، تىزلىنىپ تۇرۇپ ئوق چىقاردى . ماكومبېرچۇ ، ئۇ ئۆزىنىڭ ئاتقان ئوقىنىڭ ئاۋازىنى ئاڭلىيالمىدى . چۈنكى ۋىلسوننىڭ قورالىنىڭ ئاۋازى بەك يۇقىرى ئىدى . پەقەتلا مۈڭگۈز ئۆسۈپ چىققان جايدىن كاھىش پارچىلىرىدەك پارچىلار چۇۋۇلۇپ چىقتى . ياۋا كالا بېشىنى ئارقىسىغا بۇرىشىغا ئۇ ئۇنىڭ يوغان بۇرۇن تۆشۈكىگە قارىتىپ بىرنى ئاتتى . بىر جۈپ مۈڭگۈزنىڭ قاتتىق سىلكىنگەنلىكىنى ، پارچىلارنىڭ ئۇچۇپ چىققانلىقىنى كۆردى . ئۇ ۋىلسوننى كۆرمىدى . ئاشۇ ياۋا كالىنىڭ غايەت زور تېنى ئۇنىڭ ئۈستىگە ئېتىلىپ چۈشەيلا دەپ قالغانىدى . ئۇ ئېھتىيات بىلەن نىشانلاپ يەنە بىرنى ئاتتى . ئۇنىڭ مىلتىقى بىلەن ئېتىلىپ كەلگەن ياۋا كالىنىڭ بېشى بىر تەكشىلىكتە ئىدى . ئۇ ۋەھشىلىككە تولغان بىر جۈپ كىچىك كۆزنى كۆردى . ئارقىدىن ئاشۇ باش ساڭگىلاشقا باشلىدى . تۇيۇقسىز قىزىق ، ئىنتايىن نۇرلۇق چاقماقنىڭ ئۆز مېڭىسىدە چېقىلغانلىقىنى سەزدى . بۇ ئۇنىڭ بارلىق ھېس قىلغانلىرى ئىدى.

بايا ۋىلسون ئېڭىشىپ ياۋا كالىنىڭ مۈرىسىنى نىشانلاپ ئاتقان ، ماكومبى تىك ھالەتتە تۇرۇپ ئۇنىڭ بۇرنىغا قارىتىپ ئاتقانىدى . ئوق ھەر قېتىم سەل ئۈستىگە كېتىپ ، ئېغىر مۈڭگۈزگە تېگىپ ، كاھىشلىق ئۆينىڭ ئۆگزىسىگە تەگكەندەك سۇنۇق پارچىلىرى ئۇچۇپ چىققانىدى . ماشىنىدىكى ماكومبى خانىمچۇ؟ ياۋا كالىنىڭ مۈڭگۈزى ماكومبىنى ئۈسەيلا دەپ قالغانلىقىنى كۆرۈپ 6.5 كالىبىرلىق مانلىچېر مىلتىق بىلەن ياۋا كالىنى نىشانلاپ ئاتقان . ئوقىنىڭ ئېرىنىڭ ئارقا مېڭىسىگە بېرىپ تېگىشىنى كىم بىلسۇن.

شۇ تاپتا فىرانسىس ماكومبى يېنىچە ياتقان ياۋا كالىدىن ئىككى يارت يىراقلىقتا دۈم ياتاتتى . ئۇنىڭ ئايالى ئۇنىڭ يېنىدا تىزلانغان ، ۋىلسون ئۇنىڭ يېنىدا ئىدى.

— مەن ئۇنى ئۆرۈپ قويمايمەن، — دېدى ۋىلسون.

بۇ ئايال ئۆزىنى تۇتالماي يىغلاۋاتاتتى.

— مەن ماشىنىغا قايتاي، — دېدى ۋىلسون،— ھېلىقى مىلتىق قېنى؟

مارگارىت بېشىنى لىڭشىتتى . ئۇنىڭ چىرايى ئۆزگىرىپ كەتكەنىدى . قورال كۆتۈرگۈچى مىلتىقنى ئالدى.

— جايىغا قويۇپ قوي، — دېدى ۋىلسون ، ئارقىدىن يەنە، — ئابدۇللانى چاقىرىپ كەل . ئۇ ھادىسە يۈز بەرگەن نەق مەيدانىنى كۆرسۇن، — دېدى.

ئۇ تىزلىنىپ ، يانچۇقىدىن قول ياغلىق ئېلىپ فىرانسىس ماكومبىنىڭ ماتروسلارنىڭكىدەك قىسقا چاچ قويۇلغان بېشىنى يېپىپ قويدى . قان قۇرغاق ، بوش تۇپراققا سىڭىپ كەتكەنىدى.

ۋىلسون ئورنىدىن تۇرۇپ يېنىچە ياتقان ياۋا كالىغا قارىدى : ياۋا كالىنىڭ تۆت پۇتى تۈپتۈز سوزۇلغان بولۇپ ، شالاڭ تۈكلۈك قورسىقىغا كانىلار ئۇلىشىۋالغانىدى.

— بۇ ياۋا كالا نېمىدېگەن قالتىس، — ئۇ ئىختىيارسىز دەڭسەپ كۆردى، — ئىككى مۈڭگۈزىنىڭ ئارىلىقى ئەللىك ئىنگىلىز سۈڭى كېلەر ياكى ئۇنىڭدىنمۇ كەڭرەكتۇ ، تېخىمۇ كەڭرەكتۇ.

ئۇ شوپۇرنى چاقىرىپ ئۇنىڭغا جەسەتنىڭ ئۈستىگە بىر پارچە پالاس يېپىپ قويۇپ ساقلاشنى تاپىلىدى . ئاندىن ماشىنىنىڭ ئالدىغا كەلدى . ئۇ ئايال ماشىنىنىڭ بۇلۇڭىدا ئولتۇرۇپ يىغلاۋاتاتتى.

— قالتىس ئىش قىلدىڭىز، — دېدى ۋىلسون ئاددىيلا، — ئۇ ھامان سىزنى تاشلىۋېتەتتى.

— بولدى قىلىڭ، — دېدى ئۇ.

— ئەنسىرەپ كەتمەڭ، — دېدى ۋىلسون، — بىر قاتار كۆڭۈلسىزلىكلەر بولۇشى مۇمكىن ، بىراق مەن بىر قانچە پارچە رەسىمگە تارتقۇزۇۋالىمەن ، جەسەت تەكشۈرگەندە بۇ سۈرەتلەر بەك لازىم بولىدۇ . ئىككى نەپەر قورال كۆتۈرگۈچى ۋە شوپۇرنىڭمۇ ئىسپاتى بار . سىزگە ھېچ ئىش بولمايدۇ.

— بولدى قىلىڭ، — دېدى ئۇ.

— قىلىشقا تېگىشلىك نۇرغۇن ئىش بار، — دېدى ئۇ، — كۆل بويىغا ماشىنا بىلەن ئادەم ئەۋەتىشىم كېرەك . ئۇ تېلېگرامما سېلىشى ، ئۈچىمىزنى نايروبىغا ئېلىپ بېرىشقا ئايروپىلان ئۇقتۇرۇشى كېرەك . سىز نېمىشقا ئۇنى زەھەرلەپ ئۆلتۈرمەيسىز؟ ئەنگلىيىدە ئاياللار مۇشۇنداق قىلىشىدۇ.

— بولدى قىلىڭ ، بولدى قىلىڭ ، بولدى قىلىڭ، — ئۇ ۋارقىراپ كەتتى.

ۋىلسون ئىپادىسىز كۆك كۆزلىرىنى ئايالغا تىكتى.

— مېنىڭ ئىشىممۇ تۈگەپ قالدى، — دېدى ئۇ،— مەن بايا بىر ئاز تېرىككەن . مەن ئەسلى ئېرىڭىزنى ياخشى كۆرۈشكە باشلىغانىدىم.

— ئۇ ، بولدى قىلىسىڭىزچۇ، — دېدى ئۇ، — بولدى قىلىسىڭىزچۇ.

— بۇ ياخشىراق بولدى، — دېدى ۋىلسون،— بولدى قىلىسىڭىزچۇ دېگىنىڭىز ياخشى بولدى . مەن ئەمدى بولدى قىلىمەن.

(خەنزۇچە «**ھېمىڭۋاي ھېكايىلىرى**» توپلىمىنىڭ 1 ـ قىسمىدىن ئېلىندى. **ئەسئەت ئەمەت** تەرجىمىسى)

تەھرىرلىگۈچى: **ئەركىن نۇر**

# «فىرانسىس ماكومبىنىڭ قىسقىغىنە كۆڭۈللۈك تۇرمۇشى»غا كىرىش

**ئەسئەت ئەمەت**

ئېرنىست ھېمىڭۋاي دۇنيا ئەدەبىياتىدا ئىنتايىن يۇقىرى شۆھرەتكە ئىگە يازغۇچى بولۇپ ، ئەسەرلىرى بىر دەۋر دۇنيا ئەدەبىياتىنىڭ ئەڭ يۇقىرى سەۋىيىسىگە ۋەكىللىك قىلىدۇ . ھېمىڭۋاي ئۆزىنىڭ يۇقىرى بەدىئىي تالانتى بىلەن كېيىنكى نۇرغۇن مەشھۇر يازغۇچىلارنىڭ ئۇستازى بولۇپ قالغان . ئۇنىڭ دۇنيا ئەدەبىياتىغا كۆرسەتكەن تەسىرىنى كەمدىن ـ كەم يازغۇچىلارغا سېلىشتۇرۇش مۇمكىن . ھېمىڭۋاي ئەسەرلىرى جۇڭگو كىتابخانلىرى بىلەن ناھايىتى بۇرۇن يۈز كۆرۈشۈشكە باشلىغان بولۇپ ، «ئەلۋىدا قورال» ، «قۇياش يەنىلا كۆتۈرۈلىدۇ» قاتارلىق رومانلىرى خەنزۇ يېزىقىدا ئىنگلىزچە نەشرىدىن بىرقانچە يىللار كېيىنلا نەشر قىلىنغان ، ھېمىڭۋاي ئەسەرلىرىنى تونۇشتۇرۇش دۇنيادىكى نۇرغۇن دۆلەتلەردە ئۆز دۆلىتى ئەدەبىيات ـ سەنئىتىنى ئىلگىرى سۈرۈش ۋە خەلقنىڭ مەدەنىيەت سەۋىيىسىنى يۇقىرى كۆتۈرۈشنىڭ مۇھىم ئېھتىياجى بولۇپ قالغان . ھېمىڭۋاي ئەسەرلىرىنى ئۇيغۇر ئەدەبىياتىغا تونۇشتۇرۇش ئەدەبىيات ئەتىجىلىرىگە قارىتا ئىلمىي تەھلىل ۋە يېتەكلەش تەجرىبىسى يېتەرسىز ئۇيغۇر ئەدەبىيات ـ سەنئىتى ئۈچۈن تېخىمۇ زور ئەھمىيەتكە ئىگە ، شۇنداقلا غەرب ئەدەبىياتى ۋە ئۇلارنىڭ ئىلغار يېزىقچىلىق ئىستىلىغا بولغان چۈشىنىشىمىزنى ئىلگىرى سۈرۈشىمىزگىمۇ زور ياردەم بېرىدۇ.

ھېمىڭۋاينىڭ «فىرانسىس ماكومبىنىڭ قىسقىغىنە كۆڭۈللۈك تۇرمۇشى» ناملىق بۇ ھېكايىسى ئەڭ مۇنەۋۋەر ھېكايىلىرىنىڭ بىرى دەپ ئورتاق مۇئەييەنلەشتۈرۈلگەن ، يازغۇچى گارسىيە ماركىز بۇ ھېكايىنى «دۇنيا ئەدەبىيات خەزىنىسىدىكى بىر تال گۆھەر» دەپ تەرىپلىگەن ھەم ھېمىڭۋاينىڭ ئۇسلۇبى ، ئىقتىدارى بۇ ئەسەردە ئەڭ ياخشى جارى قىلدۇرۇلغان ، دەپ باھا بەرگەن.

ئېرنىست ھېمىڭۋاي ئاخبارات مۇخبىرلىقى بىلەن شۇغۇللانغان يىللاردىلا ، خەۋەر يېزىقچىلىقى تىلىنىڭ ئەدەبىي ئەسەرلەرگە تېخىمۇ ماس كېلىدىغانلىقىنى ھېس قىلغان ھەم خەۋەر يېزىقچىلىقىغا قويۇلىدىغان نۇرغۇن تەلەپلەرنىڭ ئەدەبىي ئىجادىيەتكە ئېلىپ كىرىلسە ئەسەردىكى قۇرۇق دەبدەبە ، گەپدانلىق ، رەڭدار سۆزلەر ، گەپ يورغىلىتىش ، چۈشىنىكسىز مۇرەككەپ جۈملىلەر ، قۇرۇق تەھلىل ، بىھۇدە ئىستىلىستىكا قاتارلىقلاردىن خالىي بولغىلى ۋە ئەدەبىي ئەسەرنىڭ سۈپىتىنى زور دەرىجىدە يۇقىرى كۆتۈرگىلى ، شۇنداقلا تېخىمۇ يۇقىرى ئەستايىدىللىقتا ئېرىشتۈرگىلى بولىدىغانلىقىنى تونۇپ يەتكەن . ھېمىڭۋاينىڭ بۇ بايقىشى ۋە مۇشۇ خىل يېزىقچىلىقى ھەم ئۇنىڭ كېيىنكى كۆپلىگەن يېزىقچىلىق ئىسلاھاتى ئىجادىيىتىگە زور ئۈتۈق ، دۇنيا ئەدەبىياتىغا زور بۇرۇلۇش ئېلىپ كەلگەن.

بۇ ئەسەردە ئاپتور سالماق ، ئېغىر ـ بېسىق ، ئەستايىدىل پوزىتسىيە بىلەن پېرسوناژلارنىڭ ئىش ـ ھەرىكىتى ، گەپ ـ سۆزلىرى ، ئۇلار تۇرۇۋاتقان مۇھىت قاتارلىقلارنى بىرمۇ بىر بايان قىلىپ بېرىدۇ . ئەسەردە يازغۇچىنىڭ بىرەر ئوبيېكتىنى ھاياجان بىلەن ياكى نەپرەت بىلەن تەسۋىرلىگەنلىكىنى بىلەلمەيمىز . ئەسەرنىڭ بارلىق جەريانى ئىنتايىن تەكشى بايان قىلىنغان بولۇپ ، يازغۇچىنىڭ كەيپىيات جەھەتتىن گاھ ئۆرلەپ ، گاھ تۆۋەنلىگەنلىكىنى بايقىيالمايمىز . پېرسوناژلارغا ئاپتورنىڭ ھېچقانداق ئېنىق پوزىتسىيىسى سىڭدۈرۈلمىگەن . ئۇلارنىڭ خاراكتېرى ، پەزىلىتى ئۆزلىرى قىلىۋاتقان ئىشلارغا ، ئۇلارنىڭ تىلىغا يۈكلەنگەن . ئەسەر قارىماققا ئىنتايىن راۋان ، ئاددىي بولۇپ ، ئوقۇرمەن ھېچقانداق زورۇقۇش ھېس قىلمايدۇ . ھېمىڭۋاي كىتابخانلارنى مانا شۇنداق ئەپچىللىك بىلەن ئۆزىنىڭ مۇرەككەپ دۇنيا ھەققىدىكى ئەسەرلىرى قوينىغا باشلاپ كىرەلەيدۇ.

ئەسەردە پېرسوناژلار ئۆزىگە مۇناسىپ ئاددىي گەپلەرنى قىلىدۇ . ئۇلار تۇرغان لاگېر ۋە ئوۋ ئوۋلىغان جايلار دەريا ، ئورمانلىق ، چاتقاللىق ، شىر ، پېرسوناژلارنىڭ ھەربىر ئىنچىكە ھەرىكەتلىرى خۇددى سۈرەتكە تارتقاندەك ئېنىق ، رەتلىك ، ئەترايلىق تەسۋىرلەنگەن.

ئەسەردە ئاساسلىق ئۈچ پېرسوناژ بار.

فىرانسىس ماكومبى «ناھايىتى باي ھەم تېخىمۇ باي بولۇپ كېتىشى مۇمكىن ئىدى» . ئۇ ئايالى مارگارىتنى ئېلىپ ئافرىقىغا ساياھەتكە ، ئوۋ ئوۋلاشقا كەلگەن . مارگارىت «ئەزەلدىن ناھايىتى گۈزەل بولۇپ ، ئافرىقىدىمۇ ھەم شۇنداق ئىدى . بىراق ، ئامېرىكىدا ئۇ ئېرىنى تاشلاپ كېتەلىگۈدەك ، تېخىمۇ ياخشى كۈن كەچۈرەلىگۈدەك دەرىجىدە گۈزەل

ئەمەس ئىدى» . «مارگارېت ناھايىتى چىرايلىق بولغاچقا، ماكومبىنىڭ ئۇنىڭدىن ئايرىلىپ كېتىشكە كۆڭلى قىيمايتتى. ماكومبىنىڭ پۇلى ناھايىتى كۆپ بولغاچقا، مارگارېتمۇ ئايرىلىشقا چىدىمايتتى».

پېرسوناژلارنىڭ يەنە بىرى ئاق تەنلىك ياللانما ئوۋچى ۋىلسون . ئۇ ، بۇ ئەر - خوتۇننىڭ ئوۋچىلىقىغا ياردەملەشەتتى ھەم ئۇلارنىڭ بىخەتەرلىكىگە مەسئۇل ئىدى.

ماكومبى ئەر - ئايال قارىماققا تولىمۇ بەختلىك ئىدى . ئەمما ، شىر ئوۋلاش جەريانىدا مەسىلە كۆرۈلۈشكە باشلايدۇ . يەنى ماكومبى شىردىن قورقۇپ قېچىپ كېتىدۇ . ئايالى مارگارېت بۇنىڭدىن قاتتىق نومۇس قىلىدۇ ھەم ئۇنىڭ ئالدىدىلا ياللانما ئوۋچىنىڭ ئاغزىغا سۆيىدۇ . ئۇنىڭ بۇ ھەرىكىتى ناھايىتى ئوسال ئەھۋالدا قالغان ئېرىگە قاتتىق زەربە بولىدۇ . مارگارېت ئۆز نەزىرىدىكى ئەزىمەت ۋىلسونغا ناھايىتى يېقىنچىلىق قىلىدۇ ھەم كېچىسى ئېرىنىڭ يېنىدىن ئوغرىلىقچە چىقىپ ۋىلسوننىڭ چېدىرىغا كىرىپ كېتىدۇ . ماكومبى سېزىپ قالغاندىن كېيىنمۇ يوشۇرۇپ ئولتۇرمايدۇ . ماكومبىنى ئىنتايىن خورلايدۇ . ئۇنىڭ ۋىلسونغا قىلغان يېقىنچىلىقى ماكومبىغا ئازار بېرىشنى مەقسەت قىلغان بولۇپ ، ئۇنىڭ بارلىق ئىش - ھەرىكىتى ، تىلى ماكومبىنى قاتتىق ئازابلايدۇ . ماكومبى ئايالى ۋە باشقا كىشىلەر ئالدىدا تۆكۈلگەن ئابرۇيىنى ئەتىسى ياۋا كالا ئوۋلاش ئارقىلىق قايتا ئەسلىگە كەلتۈرمەكچى بولىدۇ . ئەتىسى راستىنلا باتۇرلۇق بىلەن ئۈچ ياۋا كالىنى ئوۋلاپ ئەتراپىدىكىلەرنىڭ ئالاھىدە ھۆرمىتىگە ئېرىشىدۇ . ئەمما ، بۇ ئىش ئۇنىڭ ئايالىنى بىئارام قىلىپ قويىدۇ . تۈنجى ئوۋلانغان كالىنىڭ ياۋا چاتقاللىق ئىچىگە كىرىپ كەتكىنىنى ئاڭلاپ ، ئايالى ئېرىنىڭ يەنە بىر ئوسال بولۇشىغا ئازراق ئۈمىد باغلايدۇ . باشتا ماكومبىنى ئازراقمۇ مەنسىتمىگەن ياللانما ئوۋچى ئۇنىڭ كېيىنكى باتۇرلۇقىنى كۆرۈپ ئۇنى ھۆرمەتلەشكە باشلايدۇ . بۇنىڭ بىلەن ئايالى ئۆزىنى قاتتىق ئوسال بولغان ھالدا سېزىدۇ . كۈتمىگەندە چاتقاللىقتىكى كالا بىلەن ئېلىشىشتا ئېرى تېخىمۇ باتۇرلۇق كۆرسىتىدۇ . بۇ چاغدا مۆرەككەپ ھېس - تۇيغۇ ئىچىدە قالغان ئايالى ئېرىنىڭ مېڭىسىگە ئوق ئېتىپ ئۆلتۈرۈۋېتىدۇ . ئاپتور ئايالنىڭ ياۋا كالىنى ئاتقاندا ئېرىگە تاسادىپىي تېگىپ كەتكەنلىكىگە مايىل بىرئاز بايان بېرىدۇ . ماكومبى ئەر - ئايالنىڭ ھېسسىيات ماجىراسىدىن باشتىن - ئاخىر خەۋەردار ۋىلسون بولسا ، مارگارېتنىڭ مەلۇم قەستەنلىكىنى نەزەردىن ساقىت قىلمايدۇ ھەم: «ئۇنى نېمىشقا زەھەرلەپ ئۆلتۈرمەيسىز ، ئەنگلىيىدە ئاياللار مۇشۇنداق قىلىشىدۇ» ، «قالتىس ئىش قىلدىڭىز ، ئۇ ھامان سىزنى تاشلىۋېتەتتى» دەيدۇ . يەنە: «بۇ قەستەنلىك ئەمەس... سىزگە ھېچ ئىش بولمايدۇ» دەيدۇ . فىرانسىس ماكومبىنىڭ ئوۋ جەريانىدىكى قىسقىغىنە كۆڭۈللۈك تۇرمۇشى مانا شۇنداق ئاخىرلىشىدۇ.

بارلىق مۇنەۋۋەر يازغۇچىلار ئەمەلىيەتتە ئەڭ كۆپ زېھنىنى ئىجتىمائىي ئەخلاق تېمىلىرىغا سەرپ قىلغان بولۇپ ، ھېمىڭۋاينىڭ بۇ ئەسىرىمۇ دەل شۇ ساھەدىكى مۇھىم بىر ئىزدىنىش . ماكومبى خانىم ئۆز ئېرىنىڭ باتۇر ، ئەزىمەت بولۇشىنى شۇقەدەر ئارزۇ قىلاتتى . ئۇنىڭ ئېرى ھەقىقەتەن بىر ئەزىمەتكە ئايلىنىپ ئۆزىنىڭمۇ ، ئايالىنىڭمۇ يۈزىنى كۆتۈرگەندە بولسا ، ئۇ ئۆزىنىڭ ئىچى تارلىقى ، شەپقەتسىزلىكى ، ۋاقتىنچە ھاياجىنىنى بېرتەرەپ قىلالمايدىغان ئەقىلسىزلىقى سەۋەبىدىن ئېرىدىن ئايرىلىپ قالدى . ئۇ بەلكىم ئۆزىنىڭ ئەمدى تاشلىنىپ كېتىدىغانلىقىدىن ئەنسىرەپ ، ئېرىنى ئۇجۇقتۇرۇش ئارقىلىق (دەل مۇشۇنداق جىددىي ئوۋ مەيدانىدا ، ئېرى بىلەن يىرتقۇچ ھايۋان ئېلىشىۋاتقاندا ئېرىنى كۆزدىن يوقىتىش ئېرىنىڭ بايلىقى ، شۇنداقلا ئۆزىنىمۇ بىخەتەر ساقلاپ قېلىشنىڭ ياخشى چارىسى بولۇشى مۇمكىن) ئۆزىگە يېڭى چىقىش يولى ھازىرلاش نىيىتىدە بولغان بولۇشى مۇمكىن . رېئاللىقتا ئادەملەر ئىنتايىن مۇرەككەپ ھېس - تۇيغۇدا ياشايدىغانلىقى ، ئۇنىڭغا ماتېماتىكىدەك ئېنىق تەبىر بەرگىلى بولمىغىنىدەك ، يازغۇچىمۇ بۇ ئەسەردە مارگارېتنىڭ ئېنىق مەقسىتى ھەققىدە ھېچنېمە دېمەيدۇ . پەقەتلا مەسىلىنى ئوتتۇرىغا قويۇپ بىزنىڭ چوڭقۇرلاپ چۈشىنىشىمىز ۋە تەھلىلىمىزگە كەڭ بوشلۇق ھەم ئىمكانىيەت قالدۇرىدۇ . مانا بۇ ئىلغار ئەدەبىياتنىڭ مۇھىم بىر ئالاھىدىلىكى بولۇپ ، مەلۇم جەھەتتە ئەسەر ئوقۇغۇچىلارنىمۇ ئۆزى بىلەن تەڭ جانلىق تەپەككۇر قىلىشقا يېتەكلەشتۇر . ئوقۇرمەنلەرگە ھەممىنى دەپ بېرىپ ئوقۇرمەنلەرنىڭ تەپەككۇرىنى تار دائىرىگە سىغداپ قويۇش ، ھەتتا ئەمەلىيەتتىن ئايرىلغان قۇرۇق ھاياجانغا ئېرىشتۈرۈش ئەستايىدىل يېزىقچىلىققا پۈتۈنلەي يات بولۇپ ، ھېمىڭۋاي قاتارلىق مۇنەۋۋەر يازغۇچىلار ئەسەرنىڭ داۋرىڭىدىن كۆرە ئۇنىڭ ئۈنۈمى ، ئەستايىدىللىقىغا ئالاھىدە ئەھمىيەت بەرگەن . ئۇلارنىڭ ئىجادىيەت ئىستىلىنى بىز چوڭقۇر ئۆگەنگەندىلا ئىجادىيەتتە سەممىي مۇئامىلە قىلالايمىز.

تەھرىرلىگۈچى: **ئىمىرھەسەن مەخمۇت**

# 2004 ـ يىللىق «ئاقيول» مۇكاپاتىغا ئېرىشكەن ئەسەرلەر

2004 ـ يىلدىن باشلاپ «تەڭرىتاغ» ژۇرناللار نەشرىياتىمىز بىلەن «ئاقيول» رېستورانى بىرلىشىپ «ئاقيول» نامىدا مۇكاپاتلىق شېئىر ۋە شېئىرىيەتكە ئائىت ماقالىلەر مەخسۇس سەھىپىسىنى ئاچقاندۇق. بۇ جەرياندا نۇرغۇنلىغان ئاپتورلار ئۆزلىرىنىڭ ئەڭ نادىر ئەسەرلىرى بىلەن يېقىندىن ماسلاشتى. ئوقۇرمەنلەر پائالىيىتىمىزگە قاتناشتۇرۇلغان ئەسەرلەرگە راي سىناش جەدۋىلى ئارقىلىق باھا بېرىپ كەلدى. قىسقىسى، «ئاقيول» رېستورانىنىڭ دىرېكتورى، مەرىپەتپەرۋەر ئامىنە خانىمنىڭ پائال قوللىشى، ئاپتورلارنىڭ قىزغىنلىق بىلەن پائالىيەتكە قاتنىششى، كىتابخانلارنىڭ سەممىي باھالىشى نەتىجىسىدە، ئۆتكەن بىر يىللىق پائالىيىتىمىز غەلىبىلىك تاماملاندى.

2004 ـ يىللىق «ئاقيول» مۇكاپاتىنىڭ باھالاش ھەيئىتى: ئىمىن ئەھمىدى، مۇھەممەت پولات، مۇختار مەخسۇت، ئابدۇقادىر جالالىدىن، مجىت تاشتىن ئىبارەت بەش نەپەر ئەدىبتىن تەركىب تاپقان بولۇپ، ئۇلارنىڭ ئايرىم ـ ئايرىم ھالدا ئادىللىق بىلەن ئاۋاز بېرىشى ۋە ئوقۇرمەنلەرنىڭ راي ئەھۋالىدىن پايدىلىنىش ئاساسىدا، 2004 ـ يىللىق «ئاقيول» مۇكاپاتىغا ئېرىشكەن ئەسەرلەر تۆۋەندىكىدەك بېكىتىلدى:

**مۇكاپاتقا ئېرىشكەن شېئىري ئەسەرلەر:**

1. مۇختار بۇغرانىڭ «سۆيگۈسىز كوچا»ناملىق شېئىرى (2004 ـ يىل 2 ـ سان).
2. غوجىمۇھەممەت مۇھەممەتنىڭ «دۇتارچى ئايال» ناملىق شېئىرى (2004 ـ يىل 4 ـ سان).
3. ئاسىمجان ئوبۇلقاسىمنىڭ «سۇ تالىشىش» ناملىق شېئىرى (2004 ـ يىل 3 ـ سان).
4. ئەكبەر نىياز پەتتارنىڭ «نورۇزدىكى ئەستىلىكلەر» ناملىق شېئىرى (2004 ـ يىل 2 ـ سان).

**شېئىرىيەتكە ئائىت ماقالىلەر (ئوبزور ۋە نەزەرىيىۋى ماقالىلەر):**

1. غەيرەت ئابدۇراخمان ئۇزغارنىڭ «ئوسمانجان ساۋۇت شېئىرلىرىنىڭ تىل ئالاھىدىلىكى» ناملىق ماقالىسى (2004 ـ يىل 2 ـ سان).
2. ھاياتنوپۇس مۇھەممەتنىڭ «شېئىردىكى گۈڭگا گۈزەللىك» ناملىق ماقالىسى (2004 ـ يىل 6 ـ سان).

ئاپتورلارنىڭ «ئاقيول» نامىدىكى مۇكاپاتلىق سەھىپىسگە داۋاملىق ئەسەر ئەۋەتىشىنى ئۈمىد قىلىمىز، شۇنداقلا بۇ يىلقى پائالىيەتنىڭ تېخىمۇ غەلىبىلىك بولۇشىغا تىلەكداشمىز ۋە بۇ پائالىيەتنىڭ ھامىيسى ئامىنە خانىمغا تەشەككۈر ئېيتىمىز.




ياش يازغۇچى ئابدۇكېرىم قادىرنىڭ «دولقۇنلۇق تارىم» ناملىق ھېكايىلەر توپلىمى يېقىندا شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى تەرىپىدىن نەشر قىلىنىپ، جايلاردىكى شىنخۇا كىتابخانىلىرىدا تارقىتىلدى.

«دولقۇنلۇق تارىم» ناملىق بۇ كىتابقا يازغۇچىنىڭ يېقىندىن بۇيان يازغان شەھەر كەمبەغەللىرى ۋە جەنۇبىي شىنجاڭ دېھقانلىرىنىڭ تۇرمۇشى ئاساسىي تېما قىلىنغان 20 پارچە ھېكايىسى كىرگۈزۈلگەن بولۇپ، بۇ ئەسەرلەر قۇرۇلمىسىنىڭ پۇختىلىقى، خەلق تىلىغا يېقىنلىقى، بەدىئىيلىكىنىڭ يۇقىرىلىقى بىلەن كىتابخانلارغا ياخشى بەدىئىي ئوزۇق بەرگۈسى.

ئابدۇكېرىم قادىر 1969 ـ يىلى يەكەندە تۇغۇلغان بولۇپ، ھازىر يەكەن ناھىيىلىك ئامانەت ـ قەرز ھەمكارلىق بىرلەشمە كوپېراتىپىدا كاتىباتلىق، تەشۋىقات خىزمىتى بىلەن شۇغۇللىنىۋاتىدۇ. ئۇ ئىلگىرى ئەدەبىي ئىجادىيەتتىن بىر مەزگىل توختاپ قالغان بولۇپ، يېقىندا قايتا قولىغا قەلەم ئالغان ۋە يازغان ئەسەرلىرى ھەرقايسى مەتبۇئاتلاردا ئارقا ـ ئارقىدىن ئېلان قىلىنغان، ئەسەرلىرىمۇ كىتابخانلارنىڭ ياقتۇرۇپ ئوقۇشىغا ئېرىشكەنىدى.



首信
capitel
TRUE COLOR
capitel
شىنجاڭنىڭ مەھسۇلاتى
ئۇيغۇرچە يانفونىمىز
ئۇيغۇرچە يانفون دۇنياغا كەلدى، ئۇ شىنجاڭ كۆچمە خەۋەرلىشىش شىركىتىنىڭ سوۋغىسى.
شىنجاڭ كۆچمە خەۋەرلىشىش شىركىتى كۆپ يىل ئىزدىنىپ تەتقىق قىلىپ، مەخسۇس ئاز سانلىق مىللەتلەر ئۈچۈن ئىشلىگەن.
ئۇيغۇرچە يانفوننىڭ ئۇيغۇرچە ئىقتىدار كۆزنىكى، ئۇيغۇرچە كىرگۈزۈش-يوللاش، ئۇيغۇرچە قىسقا ئۇچۇر يوللاش ئىقتىدارلىرى سىزگە شاتلىق ئاتا قىلغ
www.xj.chinamobile.com
来智广告全面代理 2840226 2841226



سىياسىي كېڭەش ئۈرۈمچى شەھەرلىك 10 - نۆۋەتلىك كومىتېتىنىڭ ئەزاسى، شىنجاڭ مېيىپلار جەمئىيىتىنىڭ سابىق مۇئاۋىن رەئىسى، شىنجاڭ يازغۇچىلار جەمئىيىتى بىلەن ئۈرۈمچى شەھەرلىك يازغۇچىلار جەمئىيىتىنىڭ ئەزاسى، ژۇرنىلىمىزنىڭ تەھرىر ھەيئەت ئەزاسى ۋە قىزغىن قوللىغۇچىسى، ئاتاقلىق مائارىپچى غوپۇر نۇر ئەپەندى (1945 - 2005)